
ھاياتنوپۇس مۇھەممەت

# قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانىلىق سەپىرىگىچە



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانىلىق سەپىرىگىچە

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئەسىن كىتابچىلىقى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: روزى مۇھەممەت



ISBN 7-5372-4064-7

ISBN 7-5372-4064-7
9 787537 240642



ھاياتنوپۇس مۇھەممەت

ھاياتنوپۇس مۇھەممەت

# قىزلىق دوقمۇشىدىن

# ئانالىق سەپىرىگىچە

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

从姑娘到做母亲/阿牙提努福斯著.—乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2006.3
ISBN 7-5372-4064-7

Ⅰ.从… Ⅱ.阿… Ⅲ.女性—青春期—健康教育—文集—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.G479

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 017549 号

# 从姑娘到做母亲

作　　者:阿牙提努福斯·买买提
策 划 者:艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任编辑:帕塔尔·马合木提·土尔根
责任校对:阿曼古丽·吐尔迪

出版:新疆人民卫生出版社出版　电话:(0991) 2832440
社址:乌鲁木齐市龙泉街 66 号　邮政编码 830004
印刷:新疆九泉印刷发展有限公司印刷
发行:新疆新华书店发行
版次:2006 年 3 月第 1 版 2006 年 3 月第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米　32/1
印张:13.5 印张
印数:0001—3000
定价:19.00 元

# نەشرىياتتىن

ھاياتنۇپۇس مۇھەممەت 1976 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۇۋەت يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1991 ـ يىلىغىچە تۇۋەت يېزا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ-لەردە ئوقۇغان. 1991 ـ يىلىدىن 1994 ـ يىلىغىچە خوتەن دارىلمۇ-ئەللىمىن مەكتىپىدە، 1997 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1994 ـ يىلىدىن 2003 ـ يىلىغى-چە قاراقاش ناھىيە تۇۋەت يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ۋە قاراقاش ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

ھاياتنۇپۇس مۇھەممەتنىڭ ئەسەرلىرى 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 100 پارچىغا يېقىن شېئىرى، 100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ۋە نەسرى ئەسىرى ئېلان قىلىندى. ئىككى پارچە ماقالىسى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇر-نىلى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، ئىككى پارچە ماقالىسى «خوتەن گېزىتى» ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلىق ئەسەر مۇسابىقىسىدە 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىگە ئېرىشتى. بىر پارچە ماقالىسى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئاقىيول نامىدىكى شېئىر ۋە شېئىرىيەت ھەققى-دىكى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىككى پارچە شېئىرى «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق خەنزۇچە ـ

ئۇيغۇرچە شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى.

1997 - يىلى ئۇنىڭ «قىز - ئاياللارغا مەسلىھەت» ناملىق ماقالىلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. 2004 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «رەڭدار كۆلەڭگە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىدى. بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ 1999 - يىلىغىچە يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا قىز - ئاياللارنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرى نازۇك، تەبىئىي تەسۋىرلەنگەچكە، خانىم - قىزلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى.

«قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانىلىق سەپىرىگىچە» ناملىق ماقالىلار توپلىمى ئاپتورنىڭ 3 - توپلىمى بولۇپ، بۇ توپلامغا ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ روھىي ھالەتلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىلىپ، قەلب سادالىرى دادىللىق بىلەن يەتكۈزۈلگەن بىر قىسىم ماقالىلىرى ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە دائىر بىر قىسىم ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

ئاپتورنىڭ قايناق ئىنچىكە نەزەرى بىلەن كۆزىتىلىپ، مەردانە ئاۋاز بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىرەن پىكىرلىرى بىزنى سۆيۈندۈرىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

# مۇندەرىجە


ئانىلىق سەپىرىمدىن كەيىنمگە باقسام (مۇقەددىمە ئورنىدا) ............ 1
چۈنكى مەن ئانا ............ 11
ئوغلۇمغا يېزىلغان خەتلەر ............ 15
بىر ئايالنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ............ 53
ئانا، مېنى باغرىڭغا باس ............ 60
ئۆزۈمنى تونۇۋالدىم ............ 66
ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ............ 73
ئايال شۇنداق دەيدۇ ............ 82
يۈرىكىم يىغلايدۇ ............ 95
ئايال بولماق تەس ............ 104
«قىز ـ ئاياللارغا مەسلىھەت» كە بۇگۈندىن نەزەر ............ 118
قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانىلىق سەپىرىگىچە ............ 125
قىز قەلبىدىكى غايىۋى مونولوگلار ............ 135
قىز قەلبى ............ 149
سىز بۇگۈن ئىچىدە ............ 153
قاچانغىچە يىغلايمىز؟ ............ 159
بەخت ئۆز قولىمىزدىمۇ؟ ............ 164
مەسئۇلىيەت زادى كىمدە ............ 168
ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلەيلى ............ 172
ۋېچىركىلاردىن مۇراجىئەت ............ 178
توختاڭ، نىشانىڭىز قاياقتا ............ 181
ئۇرۇمچىلىك ئەرلەر سايىماخۇنمۇ؟ ............ 184
ئائىلىڭىز نەزىرىڭىزدىن چەتتە قالمىسۇن ............ 191

www.uyghurkitap.com


ئايالنى خوتۇن قىلىپ تۇرالايدىغىنىمۇ ئەر ............ 195
بۈگۈنكى ئايالدىن قورقىدىغان ئەرلەر قارىشى توغرىسىدا ............ 200
ئۇلار مېھرىگە موھتاج ............ 204
دوستلۇق سادالىرى ............ 210
ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويماڭ ............ 229
بىز يەنە شېئىرسىراۋاتىمىز ............ 231
گۈڭگا گۈزەللىك شېئىردىكى پەزىلەتلەرنىڭ بىرى ............ 237
كىتابخانىلار ھەرگىز ئالدانمايدۇ! ............ 254
مۇنازىرىمۇ، تىللىشىشمۇ؟ ............ 263
ماركوسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىن نەزەر ............ 272
«گىدونى كۈتۈش» درامىسىدىن ئۆزلۈككىچە ............ 278
«داغ» رومانىدا ئېچىپ بېرىلگەن خاراكتېرىمىزدىن نەزەر ............ 289
سەنئەتكار تەزكىرىسى ............ 294
بىمارنىڭ تەلىپى ............ 297
كۈچۈكلەر كۆز يېشى ............ 300
مائارىپ، زامان ۋە بىز ............ 310
ئوقۇتقۇچى بولۇش راستىنلا تەس بولۇپ قالدىمۇ؟ ............ 334
بۇ مەدەنىيەت تارقىتىشمۇ ياكى زەھەرلەشمۇ؟ ............ 338
مەدەنىيلىكنى چۈشىنەيلى ............ 343
مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش - ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش
ئۇچۇندۇر ............ 346
ئەدەبىياتىمىز دۇچ كەلگەن خىرىس ............ 351
ئاياللار ئەڭ ماھىر دىپلومات بولۇشى كېرەك ............ 354
بىزگىمۇ ئاسان ئەمەس ............ 359
بىز دۇنيانى قانداق تەۋرەتتۇق؟ ............ 364
ئايالمۇ نازۇك بىر سەنئەت ............ 377
گادايلىقتا تۇتقۇن قىلىنغان مۇئەللىم ............ 386
كەچكۈز ھاسىلاتلىرى ............ 395
كەل «ئىلاھە چوققىسى» دا ئۆزىمىزنى تىڭشايلى ............ 416

# ئانىلىق سەپىرىمدىن كەينىمگە باقسام. . .

## مۇقەددىمە ئورنىدا

مەن تۇيغۇلىرى ئاجايىپ قايناق، ئاجايىپ رومانتىك بىر قىزدىن، تۇرمۇش رېئاللىقى ئىچىگە تاشلانغان ئانىغا ئايلاندىم. پەرزەنتىم ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىستىقبالى ھەققىدىكى ئۇرۇنۇش ۋە تەسەۋۋۇرلار مېنى، دۇنيادىكى ھەربىر تور، سىناق، تەبىئەتتىكى ھەربىر مەۋجۇداتقا ئىنچىكىلىك بىلەن تەلەپچان نەزەردە تىكىلىدىغان قىلدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى زەنجىرلەر پەرۋىش قىلىنغۇچى بىلەن پەرۋىش قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ۋارىيانتلىرى ئىدى. مەن دۇنيانى، ئەتراپنى بىر ئانىنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزەتكەنسېرى، ھەممە نەرسىنىڭ شۇنچىلىك گۈزەل، سەبى ۋە پەرۋىشكە، كۆيۈنۈشكە، قېزىشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇھتاجلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇستۇمدىكى، ئۇستىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى، ۋەزنىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

ئانىنىڭ نەزىرىدىن ئەرلەرگە باقتىم، ئۇلار مېھىرسىرىغان، ئەڭ مىننەتسىز، ساپ مۇھەببەتسىرىغان. ئانىنىڭ نەزىرىدىن پەرزەنتلەرگە باقتىم، ئۇلار مېھىرسىرىغان، تەربىيەسىراپ، نىشان، يېتەكلەشكە، تەلەپچانلىققا مۇھتاج بولغان. ئانىنىڭ نەزىرىدىن تەبىئەتكە باقتىم، تەبىئەت تالان - تاراجقا ئۇچرىغان، بۇلغىنىۋاتقان.ئانىنىڭ نەزىرىدىن دۇنياغا باقتىم، دۇنيا ئۇچۇرلىشىپ، ئاپتوماتلىشىپ، مېخانىكىلىشىۋاتقان، ئانىنىڭ تۈگىمەس مېھىر - ۋاپا بولىقى بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، دۇنيانىڭ ئېتىبارسىز بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئىپتىدائىي، يىغلاڭغۇ ھېسسىيات ئاملى سۈپىتىدە تاشلىنىپ قالغان. شۇڭا

ئىنسانلار روھى مايسىرىغان ماشىنا غىچىرلاپ ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، ئۆزىدىن زېرىككەن، كۆڭۈلسىزلەشكەن كەبى مېھىرسىراپ، مۇھەببەتسىراپ چارچىغان، بېسىم ھېس قىلغان. دۇنيا ئىجتىمائىيەتلىشىپ، مەنپەئەتلىشىپ كەتكەنلىكتىن، بىراۋنىڭ غالىبىيىتى، يەنە بىراۋلارنىڭ ھالاكەتلىك مەغلۇبىيىتىنىڭ قەبرە تېشىغا ئايلىنىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يۇتۇۋېلىشىنىڭ شەرتىگە ئايلانغان.

مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە، ئانىنىڭ يېتىمسىرىغان ئاھلىرىنىڭ، ئاللاھ تەرىپىدىن بىزلەرگە قامچا بولۇپ تېگىشى ئىدى. ئانىنىڭ پۈتۈن جاھاننى سىغدۇرالايدىغان، ئاڭا ئىللىقلىق ئاتا قىلالايدىغان قەلبىنىڭ ئېتىبارسىزلىنىشىنىڭ، بىزگە بېرىلگەن جازاسى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىنىڭ پەرۋىشىگە، ئانىنىڭ ھېچقانداق بىر بەخش ئېتىش ئورنىنى تولدۇرالمايدىغان، تەماسىز، ئۈن-تىنسىز، مىننەتسىز بەدەل تۆلىشىگە تەشنا ئىدى.

ھېلىمۇ ئىنسانلار تولىمۇ ئاددىي مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىنسانى سۈپىتىدىن تامامەن ئايرىلىپ، يىرتقۇچلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى، قەدىر - قىممىتىنى تۆكۈۋاتقان، يۇتۇۋاتقان، چۈشۈرۈۋاتقان، مۇشۇ يەر شارى مۇھىتىدا ئىنسانلار قىرغىنچىلىقى، سەممىي ساداقەتسىزلىكى، ئېتىقادسىزلىقى، يۈزسىزلىكى، تەبىئەتنىڭ ۋەيرانچىلىقى، زېمىننىڭ پەرۋىشسىزلىكى پاجىئەلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن مەۋجۇدىيىتىمىزنىڭ چىركىنلىكى سەۋەبىدىن ھېلىمۇ يەرنىڭ يېرىلىپ بىزنى يۇتۇپ كەتمەي، يەر شارىنىڭ چۆكۈپ كەتمەي تۇرۇشىنى، ئانىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن پاكلىق، ئۇلۇغلۇق نۇرى تۆكۈپ، مۇھەببەت - سۆيگۈ تامدۇرۇپ، يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ، ئىنساب، ديانەت ئىزدەپ ئاق رومالغا پۈركۈنۈپ ئولتۇرۇپ، زېمىن بالىلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئا تىلاۋەتلىرىنىڭ خاسىيىتىدىن بىپايان يېزا - قىشلاقلاردىكى پۈتۈن تەقدىرى يەر بىلەن باغلانغان ئالتۇندەك ساپ ئېتىقادمەن، ساداقەتمەن خەلقلەرنىڭ زېمىنغا ئاسايىشلىق، بەخت، قۇت، ئىنساب، خاتىرجەملىك تىلەپ ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ،

خىزىر سۈپەت بىلەن گۇناھلىرىمىزنى تىلەشنىڭ خاسىيىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئاشۇلارنىڭ ئادەم ئاشىق بىقارار بولۇپ، مەۋجۇتلۇقىمۇ ئېرىپ كەتكۈدەك كىرسىز ئۇلۇغ قەلبىنىڭ، ئىنسانلىق سۈپىتىنىڭ، تەقۋادار ساداقىتىنىڭ، مېھىر ـ ۋاپا ئېتىقادىنىڭ خۇدا ئالدىدىكى ئىززەت ـ ئابرۇيى بىلەن بەلكىم، قۇم باسقان شەھەرنىڭ بىغەم، ھەييار، نادان كىشىلىرى بولۇپ مۇشۇ مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىۋاتقاندىمىز.

«جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا»، دۇرۇس. بىزنىڭ جەننىتىمىز ئانىلارنىڭ ئاسايىشلىق كۆز ياشلىرىنىڭ ئاستىدا بولۇۋاتىدۇ! ئانىدىن ئىبارەت بۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن ئۆمرى، پۈتۈن ئارزۇ ـ ئۈمىدى، پۈتۈن ئەقىل ـ ئىدراك، زېھنى ـ قۇۋۋىتى، پۈتۈن ئەقىدە ـ ئىخلاسى پەرزەنت ئۈچۈن، قۇربان بېرىشنىڭ، ئېرىپ تۈگەشنىڭ، ئۆزى يوقىلىش بەدىلىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ ئاجايىپ، شەكسىز، چەكسىز مەۋجۇتلۇقنىڭ، ھاياتلىق مۇھىتىمىزدا بارلىقىنى ئېسىمىزگە سالغىنىدا، پۈتكۈل ـ بارلىقىمىزنىڭ، ئىنسانلىقىمىزنىڭ قەددى بىلەن ئېگىلىپ، يەر بىلەن تۈپ ـ تۈز بولۇپ، ئۇلارغا ئون مىڭلارچە سەجدە قىلىشقا، باش قويۇشقا، ئۇنىڭ روھىنى بىر ئۆمۈر تاۋاپ قىلىشقا قەرزدارمىز!

تولىمۇ ئەپسۇس، بىز ئۆز ھەلەكچىلىكىمىز بىلەن سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈك كەبى ئالدىراشمىز. پارچە ـ پۇرات ئەرزىمەسلىكلەر ئۈچۈن پالاقشىپ يۈرگىنىمىزدە ئانىمىزنىڭ بىزدىن ئەنسىرەپ، بىز ئۈچۈن ئۇخلىماي، دەم ئالماي، يېمەي ـ ئىچمەي، كېچە ـ كۈندۈز دۇئا تىلاۋەتتە ئولتۇرغانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ بىر تامچە ـ بىر تامچىدىن، بىز ئۈچۈن سىرغىپ تۈگەۋاتقانلىقى ئېسىمىزنىڭ بىر يەرلىرىدىكى سېزىمىمىزدا بارمۇ ـ زادى؟

ئانا — پەرزەنت ئۈچۈن ياشاپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭغا قانماي، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەنە قانائەتسىزلىك بىلەن تەلمۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تامچە ـ بىر تامچىدىن ئېرىپ

تۈگەپ كېتىدىغان ئاشىق! . ئۇنىڭ ئاشىقلىقى ئانا بولغان دەقىقىدىن باشلانغان. ئۇنىڭ بىر يۈرىكى مىڭلارچە يۈرەك شەكىللىرى بىلەن پەرزەنت ئېھتىياجىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇقتا ۋە ئوخشاش بولمىغان ھالقىلىرى ئۈچۈن سۇنۇلۇشقا تەييار تۇرغان ئاجايىپ يۈكسەكلىكتىكى، دۇنيادىكى ئەڭ ساپ مەۋجۇتلۇق!

ئانا ۋە ئايالدىن ئىبارەت نام بىلەن ئىنسانىيەت ئالىمىدە مەۋجۇت بولغان بۇ خىل يارىلىش، ئۇنىڭغا ئەڭ تەخىرسىز، ھايالسىز، قۇربان بېرىشلەرنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك تۇيغۇلارغىچە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇ مەڭگۇ مۇشۇ ئىمكانلارنىڭ ھەرقايسى دوقاللىرىدا پەرزەنت ۋە ئەر ئۈچۈن قاراڭغۇ كېچىلەردە دانكو كەبى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ يول باشلىغىلى، مېھىر بولۇپ جەڭگاھلاردا يېقىلسا پەرىشتە كەبى ھاياتى كۈچ بېغىشلىغىلى مەدەت بولۇپ كېلىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ مېھىر ۋاپا مەنبەسىگە ئايلانغان قەلبى دۇنياسى، ئىنسانلارنى ئىللىقلىققا پۈركەپ، ياشاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ھاياتقا باغلاپ تۇرىدۇ. ئەمما دەۋر ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ بۇ خىل بەخش ئېتىشلىرىنى يەنىلا دەۋر پۇرىقىغا، زامان روھىغا ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك ئايالىلار، ئانىلار ئۆزىدىكى ئاجايىپ ساپ ۋە يۈكسەك بۇ خىل تۇيغۇنى، روھىنى پەرزەنت ۋە ئەرنىڭ شۇ دەۋر جەمئىيىتىدىكى ئورنى ۋە يۇقىرى ئۆرلەش ئېھتىياجىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشى زۆرۈر. ئۆزىنىڭ ئەر ۋە پەرزەنتكە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئىپتىدائىي شەكىلدىكى مېھىر بىلەن، كۆز يېشى تۆكۈپ تۇرۇپ، تەرلىرىنى سۈرتۈپ قويۇش، تامىقىنى پۈۋلەپ يېگۈزۈپ قويۇش ۋە پۇت ـ قولىنى تۇتۇپ قويۇش بىلەن ئەمەس، ئۇنى جانلىق، ئورغۇتقۇ، ئىستراتېگىيە خاراكتېرىنى، دىپلومات، پسىخىك دوختۇر شەكلىنى ئالغان پەرۋىش ۋە نىشانلار بىلەن ئىپادىلىشى كېرەك. چۈنكى ئائىلىنى، ئائىلىدىكى پەرۋىش ۋە مېھرىنى بىرلىك قىلغان جەمئىيەتتىكى شەخسنىڭ بارلىق پائالىيىتى ئانىدىن باشلىنىدۇ، ئانىغا باغلانغان تەربىيە مېھىر، ئېتىقاد، ساداقەت ۋە بارلىق مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ باشلانمىسى، راۋاجى، تۈگۈنى

ۋە يېشىمى بولىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئېتىقادىنى، ئادەمىي پەزىلەت، سۈپەتلىرىنى، مەنىۋى تۈۋرۈكىنىڭ مەھسۇلى بولغان تەپەككۇرىنى، ئۇنىڭ پەرۋىشچىسى، ئۇرۇق چېچىپ بىخ سۇرگۈچىسى بولغان ئانىنىڭ ساپاسى، ئېتىقادىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دۇنيانى ئېتىقادلار بۆلۈشۈۋېلىشقا، سىياسىي ئىقتىسادىي كۈچلۈكلەر يۇتۇۋېلىشقا تەييار تۇرغان تۇرلۇك خىرىسلار ئىچىدە تەبىئىيلىك يېتىشمىسىراپ ۋە ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ، ئىجتىمائىيلىشىش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلىنىۋاتقان بۈگۈندە، ئانىلارنىڭ چەكسىز قۇربان بېرىش روھىنىڭ تەبىئىي ئىپتىدائىي، ساپ ھالەتلىرىمۇ دەۋرنىڭ تۇرلۇك خىرىسلىرىغا دۇچ كەلدى. تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ كېتىشى، تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پايدا مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىيەتنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئانىلارنىڭ پەشلىرىدىن تارتىپ ئارامچىلىق بەرمەسلىكى، خىزمەت، تۇرمۇش، مۇناسىۋەت ئېھتىياجلىرىدا يېتىشىپ بولالمايۋاتقان ئانىنىڭ روھىنى تالان - تاراج قىلماقتا.

ئۆي بىلەن خىزمەت ۋە تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ تەلەپ ئېھتىياجى، مەسئۇلىيەت مەجبۇرىيەتلىرى ئارىسىدا يېتىشىپ بولالمايۋاتقان ئايال ھارغىنلىق ھېس قىلماقتا، گاڭگىرىماقتا.

ئەرنىڭ مېھىر - مۇھەببەت ئېھتىياجى، فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ئېھتىياجلىرىغا نىسبەتەن ۋاپادار ئايال، سېھرىي كۈچكە ئايالىلىق سەنئىتىگە باي مەھبۇب، ئەرگە ماسلاشقان يولداش، دىلداش، سىرداش ھەم قابىل يېتەكچى، ئۇنى نوقۇپ، چوقۇپ ئويغاتقۇچى، ئاڭغا ئىلھام ۋە تەپەككۇرىدا يېڭىلىق ئاتا قىلغۇچى ماھىر پسىخىك دوختۇر ۋە ساداقەتمەن مەسلەكداش بولۇش ھازىرقى ئاياللارنىڭ دۇچ كەلگەن مەسىلىسى.

پەرزەنتكە ئالدى بىلەن باققۇچى، ئاخىرىدا تەربىيىلىگۈچى، پەرزەنتكە ئەدەپ - ئەخلاق، ئىنسانلىق سۈپەت بېغىشلىغۇچى، ئىنسانلىق رەڭ تۇيغۇسى ئاتا قىلغۇچى، ئۇنىڭ قەلب ئېتىزىنى سۇغارغۇچى، ئۇرۇق سالغۇچى، ئاندىن ئۇنىڭغا ھاياتلىق قەدەملىرىنى ئېلىشنى ئۆگەتكۈچى، بەلگىلىك ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەتكۈ-

چى، پەرزەنتىنى ئادەمىيلىك ساپ تۇيغۇ بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ، مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىنىڭ ئەڭ نازۇك ھالقىلىرىغىچە ئەستايىدىل تەربىيىلىگۈچى، يېتەكلىگۈچى مەنىۋى ئۇستاز، زامانىۋى ئوقۇتقۇچى، ئۈن - تىنسىز قۇربان بەرگۈچى ئانا، تەلەپچان يول باشچى، ئۇرغۇتقۇچى مەدەتكار بولۇشى كېرەك بۈگۈنكى ئانا.

پۈتۈن ئائىلە كەيپىياتىنى تەڭشىشى، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا ماس ھالدا كۆيۈنۈش، تەربىيە، يېتەكلەش ئېلىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىگە ياخشى سورۇن، تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك بۈگۈنكى ئانىلىق سالاھىيەتتىكى ئايال.

بەلگىلىك پەن - مەدەنىيەت بىلىمى بىلەن ئېرى ۋە پەرزەنتىگە ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلىشى، خىزمەت ئورنىدا شالغۇتماي ئىشلىنىپ قالماي، دەۋر تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان خىزمەتچى بولۇشى كېرەك بۈگۈنكى ئايال.

ئەر ۋە پەرزەنت، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن خىزمەتداشلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن قولۇم - قوشنىلار، ئاتا - ئانىلار ئارا مۇۋاپىق ئارىلىق ۋە مۇئامىلە بىلەن نورماللىقنى ساقلاپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسى بىلەن چېتىشلىق دائىرىلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي، ئۆيىنىڭ بېزىلىشىدىن، مېھمان كۈتۈشكىچە ياخشى تەڭشىشى كېرەك بۈگۈنكى ئايال.

مەنىۋى كۈچ ۋە پسىخىك دىئاگنوز بىلەن ئېرىنى چۈشىنىپ، سېھرىي كۈچى ئاياللىق جەزبە، لاتاپەت ۋە چەكسىز مېھىر بىلەن ئېرىنى ئائىلىگە، ئۆزىگە باغلاپ تۇرۇشى، سىرتتىكى ئېزىقتۇلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقى كېرەك بۈگۈنكى ئايال.

مۇشۇلارنىڭ جىددىيلەشتۈرۈشى، ئۆزىنى تىڭلاشقا، ھېس قىلىشقا، تولۇقلاشقا ئارامچىلىق بەرمەيۋاتقان ئايالنى ھارغۇزۇپ، چېچىلاڭغۇ تۇراقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئائىلىدىكى بۇ خىل تەكرار كەيپىياتتىن كېلىپ چىققان مېھىرسىزلىك، چۈشىنىشمەسلىكمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەرلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ئېرەڭسىزلەندۈرۈپ قويماقتا. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر ئېڭىدىكى بۈگۈنكى تەرەققىيات

ئاياللارنى بىشەملەشتۈرۈپ، ئەرلەرنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يوقالسۇن ئاياللار ئازادلىقى، ئەرلەرنى قۇتقۇزايلى! دېگەندەك چولتا چۇقاننى كۆتۈرۈپ چىقىشقا تەييار تۇرۇۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى سەپرا مىجەزلىكى ياكى بىشەملىكى ئائىلىدىكى ئاياللىق، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىقى، ئاياللار ئازادلىقى، ئەر ـ ئايال باراۋەرلىكىگە ياكى ئاياللار ئۈستۈنلۈكىگە شەرت قىلىۋېلىش تولىمۇ يولسىز، پۇچەك، نادان قاراش.

ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرۇلۇشى، ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىشلىشى، ئۇلار بىلەن ئوخشاش نەتىجە يارىتىشى، ئەر ـ ئايال باراۋەرلىكى ۋە ئاياللار ئازادلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئاياللىنىمۇ ئەرگە ئوخشاشلا ئىنسان قاتارىدا كۆرۈشتۇر. بىراق ئايال بولغۇچى، دۇنياغا ئايال بولۇپ يارىتىلغانىكەن ئۆزىنىڭ ئاياللىق سۈپىتى باغلانغان ئاياللىق مەسئۇلىيەت بۇرچىنى، ئاياللىق نازۇك، ئۇياتلىق تۇيغۇسىنى، ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى يوقاتماسلىق كېرەك. ئانا بولۇش، ئايال بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەنىكەن، ئۆزىنىڭ خاس قەلب دۇنياسىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ ئىللىق ئائىلىسى، مېھىر تامچىلاپ تۇرىدىغان گۈزەل تۇرمۇشىنى ئۆزى يارىتىشى، ھەرگىزمۇ ئارىدا ئېسىلىپ ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا، ئۆزىنىمۇ ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ بىزار قىلىپ، مېھىرسىزلىتىپ، پەرۋىشسىزلىتىپ، مۇھەببەتسىزلىتىپ، نىمجان ياشىماسلىقى كېرەك. بۇ خىل ياشاش ئاياللىق ياشاش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدىن بېشارەت بېرىپ، بۇ ئايال يارىلىپ قېلىپ، ئايال بولۇشنى بىلمەي ئامالسىز يا ئۆلەلمەي، يا تىرىلەلمەي ياشىغان بىلەن باراۋەر. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق بىچارىلىك بارمۇ؟

ھاياتتا، تۇرمۇشتا، ئائىلىدە، چوقۇم ئايال ئايالغا ئوخشىشى، ئەر ئەرگە ئوخشىشى، ھەر ئىككىلىسى ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئۆزى قىلىشى، مەسئۇلىيەت بۇرچىنى توغرا تونۇپ، ھېس قىلىپ چۈشىنىشى كېرەك.

ئاياللارنىڭ تولىمۇ نادانلارچە، ئەرلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ تۇرۇپ،

ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىدىن قېچىپ، ئەرلەر بىلەن تاكاللىشىش، قارامالارچە ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ باراۋەرلىك ھەتتا ئۈستۈنلۈك تالىشىشى تولىمۇ كۈلكىلىك، ئاياللىق ساۋاتسىزلىقى خالاس. سىز قابىل ئايال بولسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ چەكسىز ئىللىقلىقى، ئەقلى، قەيسەرلىكى، تىرىشچانلىقى، مېھىر - مۇھەببىتى، تېرەن ساداقىتى بىلەن ئېرىڭىزنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوبرازىڭىزنى تىكلىسىڭىز، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسىڭىز، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئېتىراپ قىلىنىش بولامدۇ؟ شۇ ئارقىلىق ئائىلىگە، ئۆزىڭىزگە ئاندىن جەمئىيەتكە يۈزلەنسىڭىز، ئاياللىق تەبىئىتىڭىزدىكى مېھىر - مۇھەببەت، ئىنچىكىلىك، سەزگۈر بايقاش ۋە ئەستايىدىللىقتىن چىقىپ قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشسىڭىز ئاندىن ھەممە تەرەپتىن ئېتىراپ قىلىنالايسىز.

ئەر - ئايال باراۋەرلىكىنى، ئاياللار ئازادلىقىنى شوئار تەرىقىسىدە، كۆرەڭ، چاكىنا ئىدىيە بىلەن قوبۇل قىلماي، ئۇنى ئاياللىق تەبىئىتىڭىزگە، ئاياللىق مەسئۇلىيەت بۇرچىڭىزغا، ئۆز ئەمەلىيىتىڭىزگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۇنى چۈشىنىڭ، ئۆزىڭىزگە پەرۋىش، ئېتىقاد بىلەن ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئاياللىق سېھرىي كۈچ، سەنئەت ۋە قەيسەرلىك بىلەن تىرىشىپ تەتبىقلاڭ. شۇندىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۇنۇمىنى كۆرەلەيسىز. بۇرنىڭىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەي يىراقنى كۆرىسىز. ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ئازادلىقنىڭ نېمىلىكىنى ئاندىن چۈشىنىسىز. چۈنكى ھەربىر ئىنسان ئۆز ئېتىقادى، ئۆز تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئاندىن قەدىرلىك بولالىغان، ئاندىن تاۋلىنالىغان، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان. سىز ئالدى بىلەن بىر ئايال زاتىغا تەۋە، ئاياللىق، ئانىلىق نۇقتىسىدىن چىقىڭ، ئۆزىڭىزنى شۇ پەرۋىشچانلىق، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ مەنبەسىدىن، جەزبە ۋە لاتاپەتنىڭ قەۋھەرىدىن چىقىپ تۇرۇپ، قەيسەر، تىرىشچان، مەردانە قىلىپ تەربىيىلەڭ، بېيىتىڭ. ئالدى بىلەن مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزىڭىزگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، بىر ئۇيغۇر ئايالىنىڭ كۆزى، ھازىرقى دەۋردىكى بىر پەرۋىشچىنىڭ نەزىرى بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئېتىراپ قىلالىغۇدەك بولۇڭ، ئاندىن سىزنى باشقىلار



www.uyghurkitap.com

ئېتىراپ قىلىدۇ.

دۇرۇس، مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ ھەم ئائىلىگە ھەم ئۆزىگە ھەم دەۋرگە بايراقدار بولالايدىغان ئايالنىڭ مۇساپىسى، تىرىشچانلىقى ھەقىقەتەن زور، بەك مۇشكۈل ۋە ئىنچىكە. ئەمما سىز دۇچ كەلگەن رېئاللىق مۇشۇ، سىز مۇشۇ رېئاللىقتا ياشاش ئۈچۈن، يەنە ئۆزىڭىزگە خاس ئوبراز بىلەن ياشىشىڭىز ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشىشىڭىز كېرەك. مانا بۇ مۇشۇ دەۋردىكى بىر ئانا ۋە ئايال بولغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك ياشاش ئىقتىدارى.

ياشاش ئىقتىدارى يوق دېگەنلىك، باشقىلارغا يۈك بولدى، تىلەمچىلەر كەبى بىچارە، روھى ئۆلگەن، خىجىل بولۇش تۇيغۇسىنى يوقاتقان ھالدا ياشىشى كېرەك دېگەنلىك.

مۇشۇ خىل سىناقلارغا، يۈزلىنىشلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان ئاياللار، ئانىلار ھەقىقەتەن ئۆزىنى تاۋلىشى، چېنىقتۇرۇشى زۆرۈر. بۇ كۆپ كۈچ، كۆپ بەدەل ۋە كۆپ تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى ئانىلار، ئاياللار ئالدىدىكى بۇ خىل سىناق، يېتىشىپ بولالمايۋاتقان ئاياللارنى راستىنلا جىددىيلەشتۈرۈپ، كەيپىياتىنى بىنورماللاشتۇرۇپ ھارغىن، چېچىلغاق قىلىپ قويماقتا.

شۇڭا نۆۋەتتىكى مەسىلە ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى، ئاندىن ئەرلەرنى، بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى ئاياللار ئاجايىپ بىر دەۋر بۆلگۈچ روھىي كەيپىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشاۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ روھىي تىندۇرمىلارغا تولۇپ كەتتى.

مەن ئالدى بىلەن بىر ئايال، ئاندىن ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارنى چۈشىنىمەن، ئۇلارنىڭ ئۆز قەلبىمگە رەڭداش قەلبىنى تىڭشايمەن، ئۆز كەچۈرمىشلىرىمگە شەكىلداش دۇچ كېلىشلىرىگە تىكىلىمەن. ئاياللارنىڭ دۇنياسى ئۆزى ھېس قىلغان ۋە ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان ھاسىلاتلاردا تىلسىملارغا تولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاياللارمۇ مۇشۇ بىر تارىخىي دەۋرنىڭ گۇۋاھچىلىرى، قاتناشچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلاردىكى بۇ خىل ھالەت چوقۇم قېزىپ چىقىلىشى، خاتىرىلىنىشى كېرەك. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىم پەقەت

ئۆزۈمنىڭ تۇيغۇ، تەپەككۇر ۋە كۆزىتىشلىرىمگە ئاساسلانغان ، باشقىچە تەسىرلەرنىڭ بۇ خىل ساپ تۇيغۇمغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، ئاياللار تېمىسىدىكى ماقالىلىرىمنى يېزىشتىن ئىلگىرى ھېچقانداق بىر ماتېرىيال، پەلسەپۋى ئىلىم سىستېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىدىم. ئەل-ۋەتتە مەنمۇ مۇشۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مۇشۇ جەمئىيەت ۋە دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىي ھاسىلات ۋە دۇنيا قاراش، ئېتىقاد ئاساسلىرى مەندىمۇ زاھىر، پەقەت قانداق ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە پەرق بولۇشى مۇمكىن. ھەممىمىز ئىنچىكە مۇكەممەللىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان-لارمىز.

مېنىڭ نەزىرىمدە مۇكەممەل ئايال بولۇش دۇنيادىكى ھەرنېمە بولۇشتىن قىيىن. بىر ئايال دۇنياغا مەشھۇر شەخس بولۇپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشسۇن، ئەگەر ئۇ ئايالىق تەبىئىتىدىن، ئايالىق تۇرمۇشىدىن مەغلۇپ بولغان، ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئايال-لىق نامى بىلەن ئەمەس بىر ئادەملىك نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك. ئۇ ئىقتىدارسىز ئايال سانىلىپ بىر ئايال بولۇش ئۈچۈن يەنە تىرى-شىشقا توغرا كېلىدۇ. ئايال دېمەك پۈتكۈل دۇنيادىكى جانلىقلارغا قۇياشتىنمۇ بەكرەك كۈچلۈك ھارارەت بىلەن ئىللىقلىق بېرىپ، ئاتا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى دۇنيانى مېھىر بىلەن قايتا قۇرۇپ چىققۇچى دېگەنلىك بولىدۇ.

دۇنيا ئۇنىڭغا موھتاج، ھەربىر بوشلۇق، ھەربىر بۇلۇڭ — پۇچقاق، ھەربىر يوچۇق ئۇنىڭ ئىنچىكە نەزەرلىرىدىن، پەرۋىشىدىن سىرتتا قالسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ مېھرىدىن، ھارارىتىدىن ئۆزگەرمەي-دىغان، تەسىرلەنمەيدىغان، پەرۋىشلەنمەيدىغان ھېچنەرسە يوق. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ئەرنى، بالىنى، ئاندىن دۇنيانى قازغۇچى.

2005 ـ يىل ئاپرىل. ئۈرۈمچى

# چۈنكى مەن ئانا

مەن ئانا بولدۇم. كۆز قارچۇقۇمدا ئوماق ئوغلۇمنىڭ ماڭا شوخ-لۇق، ئامراقلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان بۇدرۇق چىرايى، قۇلاق تۈۋىمدە ماڭا ئەركىلىگەن چۈچۈك تىللىرى، يۈرىكىمدە ئۇنىڭغا بولغان تەگسىز، تەخىرسىز، توختاۋسىز سېغىنىش! ئۇنىڭدىن بىر سائەت ئايرىلىشقىمۇ كۆزۈم قىيمايدۇ، ئۇنى مىنۇت - سېكونت كۆرگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ، ئۇنى باغرىمغا تېڭىپ، ۋۇجۇدۇمغا سىڭدۈرۈۋېتىپ ھەرۋاقىت بىرگە ئېلىپ يۈرسەملا دەيمەن. مەن ئانا بولدۇم. پۈتكۈل خىيالىمنى، ۋۇجۇدۇمنى، قەلبىمنى ئانىلىق تۇيغۇ، ئانىلىق مەسئۇلىيەت ئىگىلىگەن ئەسنالىرىمنىڭ ھەربىر دەقىقىسى، ماڭا بېغىشلاش ۋە بېغىشلىنىشنىڭ تەسىرلىك قىسسىلىرىنى سۆزلەيدۇ. ماڭا تەلپۈنۈپ، تېپىچەكلەپ، يۈگرەپ ئالدىمغا چىقىدىغان، كۈندە ئىشتىن يېنىپ كەلگەن چۈش ۋە كەچتە ئاجايىپ كۈچلۈك تەشنالىق بىلەن ئۆزىنى ماڭا ئېتىپ، مېنى ئۇزاق - ئۇزاق قۇچاقلاپ، ئۈنسىز ھالدا ھىدىمنى ھىدلايدىغان ئوغلۇمنىڭ ۋۇجۇدى، مېھرى مېنى شامدەك ئېرىتىپ تاشلايدۇ. بىر ئۆيدە تۇرۇۋېمۇ بىر - بىرىمىزگە قانمىغانلىرىمىزغا قاراپ، بەزىدە خىزمەت قىلغىنىمغىمۇ ئاچچىقىم كېلىدۇ. بالامغا ئاجايىپ تەقەززالىق، تەشنالىقتا، مېنى مىنۇت ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كۈتىدىغان ئوماق قوزامغا، ئىچىم ئاغرىپ ئاچچىق يۈتىمەن، يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشىپ كېتىدۇ.

مەن ئانا، ئەتىگەن ئىشقا ماڭغىنىمدا ئوغلۇم ئۇخلاپ قالغانىدى. ئويغىنىپ ئىسمىمنى چاقىرىپ قانچىلىك يىغلىغاندۇ. كۆينەكلىرىمنى قانچىلىك ھىدلاپ، رەسىمىمنى يۈرىكىگە تېڭىۋېلىپ، يۇمران لەۋلىرىدىن ئاجراتقىلى ئۇنىماي قانچىلىك سۆيگەندۇ! ئالدىغا تىزىپ بەر-

گەن مېغىز، بادام، پېچىنە، كەمپۈت، ئالمىلىرىنى ئانام يەيدۇ، ئانام يىگۈزۈپ قويىدۇ دەپ، قوللىرىغا لىق چاڭگاللىۋېلىپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ، ئىسمىمنى چاقىرىپ ئولتۇرغاندۇ... ئوماق ئوغلۇم، مۇشۇ قىياپەتلىرىڭنى ئويلىسام، كۆزلىرىمنىمۇ باشقۇرالماي قالىمەن! ئەتىگەن ھاۋا سەل سوغۇق ئىدى. بالامغا قېلىنراق كىيىم كىيدۈرگەن بولىمىدىم... تېزرەك ئىشىمنى تۈگىتەي... تېخى ئىشتىن چۈشىدىغانغا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن. ئوغلۇم كارىۋاتتىن يىقىلىپ چۈشىدىغانغا خېلى ۋاقىت بار ئىكەن. ئوغلۇم كارىۋاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنمىدۇ، قولىنى ئىشىك قىسىۋالغانمىدۇ، مېنى ئىزدەپ يولغا چىقىپ كەتكەنمىدۇ... بولدى، دىققىتىمنى يىغاي، تەپەككۇرۇمنى چاچماي، ئىشىمنى پۇختا، ئەستايىدىل ئورۇنداپ، تېزرەك ئۆيگە بېرىپ، قوزامنى باغرىمغا باساي، تامىقىنى يىگۈزۈپ، بەش مىنۇت بولسىمۇ بىرگە ئوينىشىپ بېرەي. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بەك قىسقا، تولىمۇ قىسقا، بالام ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قانماي ئايرىلىمىز. ئۇ يەنە يىغلاپ، ئىسمىمنى يادلاپ، ئىشىككە قاراپ ئولتۇرۇپ كەچتە ئىشتىن تېز كېلىشىمنى كۈتىدۇ! تۈرلۈك خىيال، ئەنسىرەش، توسالغۇسىز تەشنالىق بىلەن ۋاقىتنى تەستە توشقۇزۇپ ئۆيگە يۈگۈرەيمەن. ئىشىك تۈۋىدە مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئوغلۇم يىقىلىپ قوپۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەنچە، ئۆزىنى باغرىمغا ئاتىدۇ. يۈز - كۆزلىرىمگە، قۇلاق، بۇرنۇمغا، بويۇن - مۈرىلىرىمگە ئەسەبىيلەرچە، ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە سۆيۈپ، ھىدىمنى قانماي ھىدلايدۇ. يۈرىكىمگە بېشىنى قويۇپ يۈرەك تېۋىشىمدىن ئاراملىق ئىزدەيدۇ. ئىككىمىز بىر پەس، ئەتراپىمىكى مۇھىتنى، دۇنيانى ئۇنتۇيمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز... ئوماق قوزام، ماڭغان ھەربىر قەدىمىم، قىلغان ھەربىر سۆزۈم، يۈرىكىمنىڭ ھەربىر سوقۇشى سەن ئۈچۈن، خۇشاللىقلىرىم، ئىزدىنىشلىرىم ساڭا تەئەللۇق. سەن ماڭا تەسەللى، رىغبەت ۋە ئۆزۈمگە ئىشەنچ، ھاياتقا يېڭى باشتىن مۇھەببەت باغلاشنى ئۆگەتتىڭ، كۈچ - جاسارەت ئاتا قىلدىڭ! ماڭا ئانىلىق سۈپەت، ئانىلىق ۋەزىن ئاتا قىلىپلا قالماي، ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ مەنىسىنى قايتىدىن تونۇتتۇڭ. ماڭا ئۆزىنى بېغىشلاشنىڭ ۋە ھاياتنىڭ مەنىسى-

نىڭ قانداقلىقىنى ھېس قىلدۇردۇڭ! چېچەنلىكىڭ ماڭا، ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئۇنىڭ ۋەزىنىنىڭ قانچىلىكلىكىنى تونۇتسا، ئەقىللىقىڭ، سەزگۈرلۈكىڭ مەجبۇرىيىتىمنىڭ قانچىلىك ئېغىر ۋە يۈكسەكلىكىنى، چوڭقۇرلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

مەن ئانا بولدۇم، مېنىڭ ھايات شامىمنى ياندۇرۇپ، ھايات يولۇمنى داۋاملاشتۇرغۇچىغا، ئارزۇلىرىمنى روياپقا چىقارغۇچىغا، ئەۋلادىمنى ئەۋلادقا ئۇلىغۇچىغا ئىگە بولدۇم، ئۆز قوۋمىمغا، خەلقىمگە بىر ئوغۇل، بىر تۈۋرۈك تۇغۇپ بەردىم، ئەمدى ئۇنى يۈرەك قېنىمنى، ھاياتىمنى بېغىشلاپ ياخشى پەرۋىش قىلىشىم كېرەك. ئۇنى كەلگۈسىگە مۇناسىپ ياراملىق ساپاغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىشىم كېرەك. ئۇنى كۈچلۈك ئېتىقادقا، تەۋرەنمەس ئادەمىيلىك قەد ۋە غۇرۇرغا، يۇقىرى ساپاغا ۋە ئادىمىي ساداقەت، مېھىر - ۋاپا بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئۆزىنى توختاتقان ۋەزىنلىك، سەۋىيىلىك، ئەڭ مەلۇماتلىق، ياراملىق ئەر قىلىپ خەلقىمگە سۇنۇش ئۈچۈن، مەن ئالدى بىلەن شۇنداق بىر ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا مۇناسىپ ساپا، سالاھىيەت ھازىرلىشىم، ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشىم، ئىزدىنىشىم، ئانىلىق سالاھىيىتىمگە، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزۈمگە دادىل تىكلىشىم، ئۆزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھازىرلىنىشىم كېرەك، ئوغلۇمنىڭ كەلگۈسى بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ماڭا قاراپ ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشى ماڭا چەكسىز خورلۇق، ھاقارەت! ئوغلۇم ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر ئانىنىڭ بارلىقىدىن ئۇنىڭغا گاھ مېھرىبان ئانا، گاھ تەلەپچان ئۇستاز، گاھ سىرداش دوست، گاھ قاتتىق قول يېتەكچى بولۇپ ئۆزىنى يېتىلەپ گۈزەل مەنزىلگە يەتكۈزگەنلىكىدىن سۆيۈنسۇنكى، پەقەت مېنىڭ كېچىلىرى ئاق سۈت بېرىپ باققىنىمغا، جەمئىيەتكە، ئوقۇتۇپ، كىيىم - كېچەك، خەج - خىراجەت بېرىپ چىقىرىپ قويغىنىمغىلا، ئانىلىق يىغلاڭغۇ مېھرىمگىلا قاراپ، ئانىسى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا مېنى ھۆرمەتلەپ، مېنى ياخشى كۆرۈشى كېرەك دەپلا چۈشەنمىسۇن! مەن ئۇنىڭ دەۋرگە مۇناسىپ ئانىلا ئەمەس، يولباشچىسى، ئۈلگىسى، ئۇستازى بولۇش ئۈچۈن، ئوغلۇمنىڭ نەزىرىدىكى، زامانغا مۇناسىپ مۇكەممەل ئوبرازغا ئىگە ئانا بولۇش ئۈچۈن

تىرىشاي… چۈنكى مېنىڭ تىرىشىشىم ئۆزۈم ئۈچۈنلا، ئوغلۇم ئۈچۈنلا ئەمەس، ئورتاق بىر قوۋمنىڭ، مىللەت ۋە خەلقنىڭ گەۋدىسىگە قوشۇلىدىغان بىر ئەزا، بىر تەركىبى ئۈچۈن! كەلگۈسىدە يەنە بىر ئائىلىگە باش، ئائىلىنىڭ بىر قانچە ئادىمىگە يېتەكچى، تەربىيىچىسىنىڭ يېتىلىشى، مۇكەممەل بالاغىتى ئۈچۈن!

مەن ئانا بولدۇم، بىر ئائىلىنى پەرۋىش قىلىپ، يېتەكلەيدىغانلا ئەمەس، بىر قوۋمگە مېھىر - مۇھەببەت ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچىغا ۋە ئۇنى ئاپىرىدە قىلغۇچىغا ئايلاندىم!

دوستلار كەچۈرۈڭلار، مېنى ئويۇن تاماشا تۈزۈشكەن سورۇنۇڭلارغا چىللىماڭلار، ئوغلۇمنى ئانغا زورلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ مېھرىگە تەشنا قەلبىنى بوش، يېتىم قالدۇرۇپ قويۇپ مېھماندارچىلىقىڭلارغا بارالمايمەن، كەچۈر دوستۇم، ھەپتىدە بىر ئالمىشىپ مودا قوغلىشىش سەھنىسىگە مېنى چىللىما، مەن ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولمىسام، ئۆزۈمنىڭ تېشىنى ئەمەس، ئوغلۇمنىڭ ئىدىيىسىنى بېزەش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلمىسام بولمايدۇ، مەن بەك ئالدىراش، ۋاقتىم بەك قىس، ئوغلۇمنىڭ ھەممە نەرسىگە نىمە ئۈچۈن نەزىرىدە تىكىلىپ مۆلدۈرلەپ تۇرغان سەبى كۆزلىرى، ماڭا ھەرقاچان ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىشىمنىڭ، تەبىئەتتىكى ھەربىر گىياھ، ھەربىر جانلىقلار ھەققىدە، تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار، يېڭىلىقلار، مۆجىزىلەر ھەققىدە ئەستايىدىل چۈشەنچە بېرىپ، ھاياتلىق مۇھەببىتىنى قەلبىدە ئاستا - ئاستا بىخ سۈردۈرۈش تەشنالىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەن ئۇنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن كائىناتنىڭ ئانىسى، ئۇستازى، ھەممىگە مېھرىبان پەرۋىشچى.

مەن پۈتكۈل كائىناتقا سۆيۈنۈشلۈك، پەرۋىشچان قۇچاق ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمگە ئىشەنچ ۋە قەدىر تىكلەپ، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق مېھىر - ۋاپادا كائىناتقا، ئادەملەر ئارىسىغا تارقىتىشىم، ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلىشىم، گويا شامدەك، يىلتىزدەك سۈپەتكە ئىگە بولۇشۇم، ئۆزۈمگە شۇنداق تەلەپ قويۇشۇم كېرەك، چۈنكى مەن ئانا!…

**2003 - يىل. خوتەن**

# ئوغلۇمغا يېزىلغان خەتلەر

(ئەدەبىي خاتىرە)

## مۇقەددىمە ئورنىدا

پەرزەنت ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز بەدەل تۆلىگۈچى، ئۆمۈر بويى پەر-
زەنتى ئۈچۈن، بارلىقىنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتكۈچى ئانىمۇ، ئۆزىگە خاس
ئارزۇ - ئۈمىد، تەلەپ - ئېھتىياجلارغا ئىگە بىر ئادەم. ئۇنىڭ
ئانىلىق سۆيگىتىنى قايرىپ، ئانىلىق تۇسالغۇلىرىدىن ھالقىپ، قەلبى
قايناق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەن، ئاجايىپ سەزگۈر مەۋجۇتلۇق
ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىزدا، ئاندىن ئۇنى چۈشىنىشنىڭ،
قەلبىنى، نۇرغۇن پەرەنجىلەر ئىسكەنجىسىدىن تىڭلاشنىڭ مۇقەددىمى-
سىگە يول ئالغان بولىمىز. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولمىغان
جىنىس تېپىغا ئايرىلىش گۇناھى ئۈستىگە ئالغان، قەرزدارلىق مەج-
بۇرىيەتلىكلىرى ئىچىدىكى ھارغىن مەۋجۇتلۇقىغا تۇنجى قېتىم تە-
كىلگەن بولىمىز.

شۇندىلا چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ھېس قىلغان، ئانىغا
تېڭىپ قويغان، ئانىغا يۈكلەپ قويۇلغان بوپلىرىمىزنىڭ شۇنچە كۆپ-
لۈكىنى، ئۇنىڭغا شۇ قەدەر رەھىمسىزلىك قىلغىنىمىزنى ھېس قىلى-
مىز. بۇ خىل پەرۋاسىز پوزىتسىيىمىزدە ئىپادىلەنگىنى، ئانىنى زىيا-
دە ئىنچىل بەدەل تۆلەشنىڭ ئىلاھى سىماسى ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى،
ئانىغا بولغان يۆلۈنۈپلىش ۋە ئۇنىڭمۇ، ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئىنسان
ۋە بالا ئىكەنلىكىنى ئونتۇش پاجىئەسى يوشۇرۇنغان، ئۇمۇ تەسەللى-
گە، رىغبەتكە، پەپىلەشكە، بالىلارغا خاس تۇيغۇلارغا ئىگە. ئۇ،
غايىپتىكى پەرىشتە ئەمەس. رېئاللىقىمىزدىكى كونكرېت ئادەم بول-
غاچقا، ئۇنىڭغا روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن ھارىدىغانلىقىنى، ئاچچ-

دىغانلىقىنى، ئاغرىپ قالىدىغانلىقىنى، نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا رىغبەت ئاتا قىلىش، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشىمىز يوق دېيەرلىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ «ئانا» بولۇپقالغان گۇناھىغا يۈكلىگەنلىرىمىز تولىمۇ كۆپ ۋە ئېغىر! بىچارە ئانىنىڭ ۋىجىككىنە گەۋدىسى، ئاجىز تېنى ۋە تولىمۇ نازۇك روھىغا ئارتىپ قويغانلىرىمىز ئازمۇ؟ مۇدۇرۇپ - چۇقۇرۇپ، ئۇھسىراپ، ھالسىراپ، پەرزەنتلىرىنىڭ يىغا ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراۋاتقان تۇيغۇدىن ئۆزىگە كۈچ - مادار يىغىپ، ئاخىرقى نۇقتىغىچە تىرىشىۋاتقان، سەنتۈرۈلەي - سەنتۈرۈلەي دەپ ئاران قەدەم ئېلىۋاتقىنى بىزنىڭ ئانىمىز ئەمەسمۇ؟! بۇ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك ۋە رەھىمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى. ئانىمىزنىڭ، ئانا ئۇقۇمىدىن تاشقىرى بارلىق ياشاش، بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقلىرىدىكى، تېگىشلىك نېسىۋىلىرىگە نىسبەتەن پەرۋاسىز مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ ئانىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ سوقىدىغان ئوتلۇق يۈرىكى، قايناق تۇيغۇلىرى يوقمۇ؟ ئانىنىڭمۇ ئىزدىنىش، ئىجادىيەت، ئۆگىنىش تەشنالىقى، ئىنتىلىشى يوقمۇ؟ ئانىنىڭمۇ ئەر ۋە پەرزەنتى مونوپول قىلىۋالمىغان ۋاقتى ۋە شۇ ۋاقتىتىكى ئۆزىگە خاس پائالىيەت ۋاقتى يوقمۇ؟ . شۇلارنىڭ قايسىبىرىدە ئانا، ئۆزىنىڭ ئانىلىق مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى، ئانىلىق گۇناھىنىڭ بوغۇشىدىن، مەھبۇسلىقتىن ئازاد بولالىدى؟! ئاشۇنداق زەنجىرسىمانلىقنىڭ ھەممىسىدە پەقەتلا «ئانا» سۈپىتى بىلەن ئىزچىل بەدەل تۆلەشنىڭ سىنىقىدا، ھەرقاچان تەييار تۇرغان ھېرىپ - چارچىغىلىمۇ پۇرسەت، ۋاقىت يوق ئانىنىڭ تەربىيىلىگەن پەرزەنتلىرى، ئانىمىز ياشىنىپ قالدى. بىز ئانا بولدۇق. ئانىمىزنى ئىشلىتىپ بولدۇق. بىز ئەمدى قۇچىقىمىزدىكى بالىمىز ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشىنىڭ، ھارغىلى رۇخسەت يوق تەييارلىق باسقۇچىدا.

ئانىمىز مومايغا ئايلىنىۋاتىدۇ. . . بەللىرى مۈكچەيگەن، كۆزلىرى خىرەلەشكەن، پۇت - قوللىرى تىترەپ ئاران تۇرۇۋاتقان، كۆزلىرىدىن تولىمۇ بىچارىلەرچە ئىلتىجا ۋە مۇھتاجلىق چىقىپ تۇرىدىغان، ھەربىر ئۇھسىنىشلىرى نەچچە مىڭلىغان ئارزۇ - ئۈمىد-

لەرنىڭ ئارمانلىق جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان موماي - بىز-
نىڭ، بىزدەك تۇيغۇلارغا شاھىد بولۇپ، پەرۋىشسىز، تاماسىز بەدەل
تۆلەشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ھەسرەتلىك ئانىمىز. ھېسسى-
يات ۋە ئەقلىنىڭ ئاجايىپ زور ۋە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بوشلۇقلىرىدا
تىڭىرقاپ، يېتىم قىلىپ، يەنە بىز ئۈچۈن ئۆمىدلىنىپ ياشاپ،
تىرىشىپ - تىرمىشىپ كەلگەن ئانىمىزنىڭ تىراگېدىيە ئىچىدىكى
ئوبرازى! .

بىز شۇنداق ئويلايمىز، ئانا بولغاندىكىن پەرزەنت ئۈچۈن ياشىشى
كېرەك. بارلىق ئانىلار شۇنداق قىلىدۇ، شۇنداق ياشاپ كەلگەن. ئانا
ئۈچۈن پەرزەنتىنىڭ بەختىدىن، خۇشاللىقىدىن ئارتۇق خۇشاللىق
بولمايدۇ. پەرزەنتىنى تەربىيىلەپ، قاتارغا قوشسىلا، ئۇنىڭدىن ئار-
تۇق بەخت ۋە مۇكاپات بولمايدۇ. دۇرۇس، بۇلارنى بىز ئانىمىزنىڭ
ئاغزىدىن ئاڭلىغان، ھەرىكىتىدىن كۆرگەن، ئانىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن
بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا شۇلار تارىغان. چۈنكى بىزنىڭ مەۋجۇتلىقى-
مىز، ئانىنىڭ ئاستا - ئاستا ۋە ئۈزلۈكسىز تۈردە تۈگىمەس بەدىلى
ۋە پەرزەنتى ئۈچۈن ھەممە نېمىسىنى يوقىتىشى! . ئەجەبا ئىچىمىز
ئاچچىق بولمايدىكەن - ھە! ئانىمىزمۇ نورمالىنى تۇيغۇغا ئىگە. روھى
ۋە جىسمى چەكسىز تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى ئەمەس،
بىزدەكلا ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ بىز ئىنتىلگەن نەرسىلەرگە
ئىنتىلىپ، بىز بەھرىلەنگەن تەرەپلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىش تەقەززا-
سى ۋە تەلىپىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ
كۈچ ۋە مادارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ماد-
دىي ۋە مەنىۋى مەبلەغ سېلىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشى-
مىز كېرەك ئىدى.

بىز ئۇنىڭ جىمى تەئەللۇقاتىنى، جىمى ۋاقتىنى، زېھنى -
كۈچىنى، ئەقىل - ئىدرىكىنى، ياشلىقىنى، ئۆمرىنى، ئارزۇ -
ئۈمىد، تىلەكلىرىنى، ھەممە - ھەممىنى ئىگىلىۋالدۇق. چۈنكى ئۇ
«ئانا» بولغانىكەن چوقۇم شۇنداق قىلىشى كېرەك! ئۆزىنىڭ «ئانا»
بولغانلىقىنى ھەققىي ھېس قىلغان ئانا، شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۆزد-

ىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، ھەربىر ھەرىكەت، گەپ-سۆز، ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن قۇربانلىق بولىدىغانلىقىنى، ھاياتلىقىدىكى بىردىنبىر ياشىشى، ئارزۇ - ئۈمىد، ئىنتىلىشلىرىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت بىر مەركەزگىلا - بالىغا مەركەزلىشىپ، پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلىپ، تېتىپ باققان. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا، ئىجتىمائىي ھاياتىدا بالا مەركەز قارىشى گەۋدىلىنىپ، دۇنيادا بالا بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇناسىۋىتىلا، ئۇنىڭ ھاياتىغا تەبىر بەرگەن، بىزگە بارلىقىنى ئاتاپ، ھەممە نەرسىنى يوقىتىپ، پەقەت ۋە پەقەت كۆزلىرىلا مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئانىغا پەرۋىشىمىز نىمە؟ خالىغان تاماقنى يېيەلمەيدىغان، بىر پىيالە سىڭىشلىك تاماقنى ناھايىتى قىيىنىدا ئاران - ئاران يېيەلەيدىغان ھالى قالغان ئانىمىزغا، بىرەر يېرىم قاچا تامىقىمىزنى مەھبۇسقا، قولغا، تىلەمچىگە سۇنۇپ بەرگەندەك، ئاچ قالغان ئادەمگە خەيرىخاھلىق قىلىپ سۇنۇپ بەرگەندەكلا سۇنۇپ بېرىپلا، بالىلىرىمىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىمۇ بىرگە سۇنۇپ بېرىش بولدى! ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسىمۇ خاتىرجەم كۈتۈلۈشكە، كۆڭلى قايسى ئىشنى تارتىپ، نىمىدە خوش بولسا شۇنى قىلىش ھوقۇقىغا، شارائىت، پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئانىلىرىمىز، ئۆز ئۆيىدە بولسىمۇ، جېدەل - ماجىرا، غەۋغاسىز، يەنە مېھمان كۈتۈش، بالا بېقىش ئالۋىڭىدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ھالدا ياشاشقا ئېرىشەلمىدى!. بالىلىرىمىزنىڭ قىيا - چىيالىرىنى بىزمۇ ئاڭلاپ زېرىكىپ، تىرىكىپ، بىراقلا قۇتۇلۇشنىڭ يولى بولغان - چوڭ ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ، يەنىلا ئانىلىرىمىزنىڭ روھىنى، تۇرمۇشىنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتتۇق!. بۇنىڭدىن قىلچە خىجىلچىلىق ھېس قىلىش يوق، ئەكسىچە ئانىمىزنىڭ بالىلىرىمىزنى بىزدىن ياخشى باقىدىغانلىقىنى ئويلاپ ناھايىتى خۇشال، غەلۋىرىدىن ئاجرىغىنىمىزدىن سۆيۈنۈپ، خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىمىز بىلەن مەشغۇل!.
ئانىمىزنىڭ نىمىگە موھتاجلىقى، رايى، ئانىلىق گۇناھى باسۇرۇپ قويغان تۇيغۇلىرى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى تىڭلاپ بېقىش، چۈشىنىش

ئىستىكى بىزدە يوق. قېرىغاندا نېمە ئىش قىلالتى، ئاغرىپ قالمىسا، نەۋرىلىرىنى بېقىپ ئولتۇرۇشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولامدۇ ئۇلارغا! ؟ دەيمىز، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ، قەلبىمىزگە ئورناپ كەتكەن چۈشەنچىمىز، قاتماللىقىمىز، پەرۋاسىزلىقىمىز بويىچە. شۇڭىمۇ ئانىلىرىمىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن «رەھمەتلىك» بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ھەققىدە باشقىدىن ئويلىنىپ ئاچچىق يۇتىمىز، بىر ئۆمۈر پۇشايماندا ئۆتىمىز.

ئانىلاردا پەقەت پەرزەنتلىرىدىن، نەۋرىلىرىدىنلا تەسەللى تاپىدىغان روھلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن ئارزۇ ـ تەلەپ، ئىنتىلىش روھىنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى، ھەممىنى پەرزەنتى ئۈچۈن دەپنە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، ئەڭ ئېچىنارلىقى بىزدە ئانىمىز چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك دەيدىغان، قاشاقلىشىپ كەتكەن، شەخسىيەتچىل تۇيغۇ تۈپەيلىدىن ئانىمىزغا مەنىۋى ياقتىن، روھى جەريانلىرىنىڭ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك تۈگۈنلىرىدىن پەرۋاسىزلىق بىلەن يانداپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىشتۇر.

ئەمەلىيەتتە ئانىنىڭ قەلبىنى بىر ئىنسانلىق ۋە ئاندىن ئانىلىق نۇقتىسىدىن چۈشەنسەك، ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا، روھىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن تىلسىملارنى تىڭلىيالساق، قازالساق، دۇنيانى تىترەتكۈدەك كەچۈرگۈسىزلىك ئىچىدە، پەرۋاسىزلىقىمىزنى كاچاتلاپ، ھوشىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز! . ئەڭ ئاخىرقى ئەقىل ـ ھوش، ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئاۋازىنى يىغىپ، ئاپپاق لىباسقا ئورۇنۇپ، جەينىماز ئۈستىدە ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ، يەنە بىز ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىپ ئولتۇرغان، بۇ ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇقنىڭ، رېئاللىقتىكى سىماسى ئالدىدا، ياپراقتەك تىترەپ، سىمابتەك ئېرىپ، بىر تامچە ـ تامچىدىن لىغىرلاپ تۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى سەجدە قىلساقمۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ مىننەتسىز ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئازىراق بولسىمۇ رەڭ، ئۇن ـ سىن ئالساق، تىلىسەك، قالغان ئۆمرىمىزنى مۇشۇنىڭغىلا سەرپ قىلساقمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ يوقاتقانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيمىز. دۇئاغا كۆتۈرگەن ئىككى ئاجىز قوللارنىڭ تىترىشىدىكى

www.uyghurkitap.com



ئۇلۇغلۇقىنى، پاسسىپ روھىمىز بايقىيالمايدۇ. چۈنكى بىزدە يەنىلا «ئانا بولغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ ـ دە» دەيدىغان قاراش، ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدلىرىمىزنىڭ مۇتەئەسسىپ، ئاسارە ـ ئەتىقىلىرىدە غالىبلىق ئورۇنغا ئۆتكەن!!

تۇرمۇشتىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلار تۆپەيلى، پەرزەنتىنى بىر ئۆمۈر ئۆزى ھەم ئانا ھەم دادا بولۇپ بېقىپ، تەربىيە-لەپ قاتارغا قوشقان ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ كەچمىشلىرىگە، قەلبىگە قانداق ئاچچىق قىسمەتلەر جاراھەت سالغاندۇ تېخى؟!. «تول خوتۇن» لۇق ئاتىغىغا يۈكلەنگەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ماددىي ۋە مەنىۋى بې-سىملار قانچىلىك زور بولغاندۇ؟ ئېرى يوق ئايالنى داۋاملىق گۇناھ-لىق، يامان ئىشلارنى قىلىپلا يۈرۈيدىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىدىغان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان نومۇسسىز گۇمانخورلۇق ۋە شەپقەتسىزلىكى-مىز بىلەن ئاشۇ قەلبى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن قەيسەر ئىچكۈ-يەرلىرىمىزنى قانچىلىك چەتكە قاققاندىمىز؟ ھەم ئانا ھەم دادا، ھەم ئەر ھەم ئايالنىڭ رولىنى ئۆتەپ، يەككە ئاجىز گەۋدىسىگە ئاجايىپ ـ ئاجايىپ ئېغىر يۈكنى يۈكلەپ، يۆلىگىلى، ياردەم بەرگى-لى، رىغبەت بەرگىلى، ئۇسسىغىنىدا بىرەر يېرىم پىيالە ئۇسسۇزلۇق سۇنغىلى ھېچنېمىسى يوق بۇ جانكۆيەرلەرگە بولغان شەپقەتسىزلىكى-مىز ئۈچۈن قانچىلىك گۇناھنى، زەئىپ، چۈشكۈن، رەزىل روھى-مىزغا يۈكلىگەندىمىز؟ ئىچى قوتۇرلۇق، نادانلىق، مەقسەت ـ نىشان-سىز، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىغىنىمىزنىمۇ بىلمەيدىغان دۆتلىكىمىز بىلەن، ئۇلارغا قىلغان دەككە ـ دەشنام، كۆرەلمەسلىكىمىزگە ئورۇ-نىۋالغىنى، زىيادە پەسكەش، يارىماس، مەردانىلىكتىن، ئەقىللىك-تىن زەررىچە يوق، ئەڭ چۈپۈرەندە نامەرتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي، ئۆزىنى دەڭسەپ باقماي، چىرىندىلەر، كويىلەرسىمان ياشا-ۋاتقانلار يەنە ـ ئادەملەر ـ ھە!؟

ئاشۇ ئاجىزە ـ يالغۇز ئانىنىڭ پەرزەنتىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، ئىستىقبال، ماددىي ـ مەنىۋى ياقتىن، ئەقىل ۋە ھېسسى-يات جەھەتتىن، ئىجتىمائىيلىقىنىڭ، ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور بېسىملى-

رىغا، يەكلەش ۋە چەكلەشلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ، يەنە چىداپ يۈرگىنى، يەنە پەرزەنتىنى يارامىلىق تەربىيىلەشكە ئىنتىلگىنى، يەنە تىرىشىپ - تىرمىشىپ، تۈرلۈك دۈچ كېلىشلەردىكى قاتاردىن چۈشۈپ قالماي، ئۆزىنى ئۆزى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرگىنى، ئادەمنى سۆيۈندۈرگىدەك، قايىل قىلغۇدەك ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ خاتىرە مۇنارىنى تىكلەپ، مەدھىيىلەر ياڭراتقۇدەك ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنى بۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا تۇشۇپ كەتكەن ئادەملەر ئارىسىدا، ئانىلىق گۇناھى، ئاياللىق گۇناھى پەقەت خاتىرجەم، تىنچ ياشىغىلى قويمايدۇ. نادان، نومۇسسىز ئادەملەرنىڭ، يىرگەنگىنىمىزدىن تىلغا ئالغۇمىز مۇ كەلمەيدىغان، ئەيىب - نۇقسان ئىزدەپ قىلىشقان كوت - كوتلىرى ئۇلارنىڭ يۈرگىنى تىنىمسىز غاجايدۇ!

مۇشۇ تاپ سىلەرگە پۈتكۈل قايىللىقىم، ھۆرمىتىم ۋە سۆيۈنۈشلىرىم بىلەن ئاچچىق رېئاللىقىڭلاردىن ۋۇجۇد - ۋۇجۇدلىرىمنىڭ ئۆكسۈشلىرى، ھۇجەيرە - ھۇجەيرىمنىڭ پارتلاپ كەتكۇدەك چىڭقىلىشلىرى ئىچىدە، پارە - پارە بولۇپ، تامچىلاپ تۆرۈپ سىلەرگە سەجدە قىلىپ، روھىمنى يۇيۇپ، روھىڭلاردىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزۈمنى پاكىزلاپ چىقىمەن ئۇلۇغ ئانىلار! ھېچنەرسە بەس - تەڭلىك تالىشالمىغۇدەك قەددىڭلارغا ئاياللىق، ئانىلىق، ئۆزلۈك تۇيغۇم بىلەن تىكىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئالىيجاب باغاشلىشى بىلەن سىلەرنى، سىلەر ئۈچۈن چاراسلاپ يېنىۋاتقان ۋۇجۇدۇم بىلەن باغرىمغا بېسىشتىن، بىر دەمگىنە سىلەرگە سىڭىپ كېتىشتىن ئۆزۈمگە ئازىراق ئارامىلىق، تەسەللى تېپىۋالاي!!... يۈرىكىمنىڭ پارتلاپ كەتمەسلىكىگە پەرۋىشكار مەدەتلىرىڭلارنى بەرگەيسىلەر! قەلبىڭلاردىن پاناھلىق تىلەپ، ئۇنىڭدىن ئازىراق ئوزۇق، روھ، ئۇلۇغلۇق تىلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر!!...

سىلەرنىڭ قەلبىڭلار گۈزەللىكىنىڭ، ئۇلۇغلۇقىنىڭ مودېل - ئەۋرىشكىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن. ئۇنى ئۆمۈر بويى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ، ئۇنىڭدىن ئاۋامنى بەھرىمەن قىلىش قۇدرىتى ۋە پۈرسىتىگە ئېرىشىشى يەنىلا نۇرغۇن توسالغۇلار قورشاۋىدىكى، بىئا-

ماللىق پوزىتسىيىدە بىچارە بولسىمۇ، ئازىراق ئىنتىلىپ، قەلبىمىزـ
گە، تۇيغۇلىرىمغا تەسەللى ئىزدىمەكچىمەن. يۈكسەك ئالىيجانابلىقىڭـ
لار ماڭا ئىلھام، مەدەت ئاتا قىلغاي، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ
مۆجىزات ـ ئانىلار!!

*　　*　　*

ئوغلۇم، ساڭا يېزىپ قالدۇرماقچى بولغان بۇ خاتىرەمنىڭ بېشىـ
دىلا يەنە ئۆزۈمگە پىچىرلىغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆز ـ
ئۆزۈمگە قىلغان مونولوگۇمدىن ئاناڭنى ئازىراق چۈشۈنۈۋېلىش،
ھېس قىلىۋېلىش، مۇشۇ خاتىرىنى يېزىشقا باشلىغان دەۋرىدىكى تۇيـ
غۇلىرىنى بىلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، تۇيغۇمغا، ماڭا قەلبىڭـ
دىكى ئاناڭ بىلەن رېئاللىقتىكى شەكلەن ئاناڭ ئارىسىدىكى يوزەكـ
لىكلەرنى يېڭىپ، نۇرغۇن ئارىلىقلارنى يېقىنلاشتۇرالارسەن. تۇتاشـ
تۇرالارسەن!

... قەلبى ئويغاق، سەزگۈلىرى ئويغاق، يۈكسەك بىر مەنىۋى
بايقاشنىڭ تىراگېدىيىلىرى ئىچىدىكى رېئاللىقنى ھېس قىلىپ تۇرـ
غان بىر ئادەم ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ياش سىرغىپ تۇرغاندەكلا!
داۋاملىق يالغۇزلۇقنى خالايمەن. تەنھا قالغان ۋاقىتلىرىمدا ئەڭ
ئالىيجاناب، يۈكسەك تۇيغۇلاردا بولىمەن. كۆز ياشلىرىمغا چىلىشىپ
ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى ئاجايىپ ـ ئاجايىپ يېگانە، تەنھا ھېس قىلىمەن!
. روھىمنىڭ يىراق ـ يىراق ھاڭلىرىدىن كەلگەن غېرىبلىق بىلەن
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ بىرلىشىۋاتقان دەملەردە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان
نۇرغۇن روھى ئويغاق سەنئەتكارلارنىڭ روھى پاجىئەلىرىنىڭ تېگىگە
يەتكەندەك بولىمەن! ھەيرانمەن، شۇنچە قەيسەر ۋە ئۆزۈمنى تەڭشىيەـ
لەيدىغان تۇرۇپ، دائىم تىراگېدىيە ئىچىدىمەن! شۇنچە ئۈمىدۋار،
ھاياتنى ئاجايىپ قىزغىن سۆيىدىغان دادىل ۋە مەردانە تۇرۇپ، روـ
ھىمنىڭ ئەسىرلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىگە قاتلاملىرىنى زادىلا تېيىزلاشتۇـ
رالمىدىم! . چۈنكى مەنمۇ تەسەللىگە، يېتەرلىك رىغبەتكە، كۆيۈنۈش
ۋە مۇھەببەتكە موھتاج، قان بىلەن گۆشتىن، روھ بىلەن جىسمىدىن

ئاپىرىدە بولغان ئادەملىكىم بىلەن، تۇرلۇك تەلەپ ـ ئېھتىياجلارنىڭ كاپالەتلىنىشىگە، ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن خاتىرجەملىككە، تىنچلىققا، باشپاناھ، قوغدىغۇچى، ئاسرىغۇچى سۈپەت بىر ئەرنىڭ غەمخۇرلۇق بىلەن پەپىلەپ پەرۋىش قىلىشىغا، ئاسرىشىغا، كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج ئىدىم!

كۆچلۈك مەنىۋىيەتكە ئىگە، روھى بالاغەت چوققىسىنى نىشانلاپ كېتىۋاتقان تولىمۇ سەزگۈر بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېرىمىدىنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىشى، ھەربىر گىياھ، ئەتراپىدىكى ھەربىر مەۋجۇداتقا قىلغان مۇئامىلىسى، قەلبىمدىكى ئۇنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ تۇراتتى، مەن قەلبىمدىكى ئوبرازنى ھەدەپ يۈكسەكلەشتۈرۈشكە، ئەڭ گۈزەل پروتوتىپقا ئىگە بولۇشىغا، ئىرادە ۋە ھېسسىيات جەھەتتىن زورىقاتتىم!. ئۇنى، مېنىڭ ھاياتلىقىمدىكى مەڭگۈ مېنى تەلپۈندۈرۈپ ئاق ئاتلىق شاھزادەم، ھاياتلىق مۈشكۈلاتلىرىمدىكى مەردانە ئەرلىك ۋەزنىدىكى، باتۇرۇم ۋە بېشىمنى ھەرقاچان سىلاپ، ماڭا ئىللىق باغرىدىن خاتىرجەملىك، بەختىيارلىق بېرىدىغان نىجاتچىم، مۇھەببەتلىك ئالىيجاناب تۇيغۇلىرىمنىڭ سۇلتانى بولسىكەن دەيتتىم! ماڭا دىلداش، سىرداش، يولداش، يولباش، سەپەرداش بولسىكەن، قول تۇتۇشۇپ ھاياتلىق بېغىمىزنى ئۈملۈكتە بىزىسەك دەيتتىم!. ئەپسۇس، ساددا تۇيغۇلىرىم ئاجىز ئىڭراپ قالدى. سەن شۇنچىلىك بەخشەندە قىلساڭمۇ قارشى تەرەپتە ئۇنى ھەزىم قىلالىغۇدەك ئاشقازان بولمىسا، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە!؟...

كىم ۋە نېمە ئۈچۈن ياش تۆككىنىمنى كونكرېت رېئاللىققا باغلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. قاتماللارچە سورالغان سوئالغا جاۋاب بەرگەن تەرىقىدە شەرھلىگۈممۇ ھەم يوق. بەلكىم ئىزدىنىشچان، تەلەپچان ۋە سەزگۈر روھىمنىڭ ئەڭ پاكىزە بايقاشلىرىنىڭ، رېئاللىق ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى تەنھالىقىدۇر!. مەن يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدىكى جىمى جانلىق، جىمى مەۋجۇداتنى ۋە بارلىقنى سۆيىمەن، ئاجايىپ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قەلبىم ۋە سەمىمىي، دوستانە، پەرۋىشكار تۇيغۇ ساپلىقىم بىلەن سۆيىمەن!. تەڭرىم مېنى شۇنچىلىك تۇيغۇلارغا باي ۋە ئويغاق يارىتىۋەتكەنكەن، خېلى كۆپ ساننى ئىگىلەي-

دىغان ئەتراپىمدىكى، ئادەم بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ياشاۋاتقان ئىنسان سۈپەت، مېخانىك، قۇرۇق ئادەملەرنى ئۆزگە تونۇتۇش، ئۇلارغا ئازىراق ئىلاھىلىك تۇيغۇسى بىلەن تاۋلىنىشقا رىغبەت ۋە يول بېرىش، بەلكىم مېنىڭ مەجبۇرىيىتىمدۇر. شۇڭا مەندە مەڭگۇ يوقالسۇن چۈشكۈنلۈك! ياشىسۇن مەردانىلىك ۋە ئويغاق قەلب، ئۆزۈمنى قەدىرلەش ۋە قەدىرلىنىش تۇيغۇسى!. مەن ھېچكىمدىن ئۆزۈمنى ئەزەلدىنلا تۆۋەن چاغلاپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزۈمگە بولغان ئىشىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ياشايمەن. ماڭا مەردانە ۋەزىن، ئەقلى كامالەتلەرنى ئاتا قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەيسەن تەڭرىم!. نېمىشقا ئۆزىمىزنى كەمسىتكۈدەكمىز؟ كىم ئۇ، ئىجتىمائىلىقنىڭ قاينام تاشقىن دولقۇنلىرى بىردىنلا قىرغاققا تويۇقسىز گۈزەل، ئېگىز جايغا ئېلىپ چىقىپ قويغانلار؟! ئۇلارنىڭ ئەلۋەتتە بىزدىن ئۇلۇغلۇق پەرقى يوق. كۆپىنچىسى روھى، مەنىۋىيىتىگە پروگرامما قاچىلانغان قورال، مېخانىك، مەلۇم بوشلۇقتىكى ئۆزگە پايدىلىق ۋەزىيەتكە ياخشى ماسلاشقانلار خالاس!، شۇڭا ئەتراپ شۇنچىلىك قۇرغاق. ئىجتىمائىيەت ئۈچۈن، ئىقتىساد ئۈچۈن، ئىمتىياز ئۈچۈن بېسىلىۋاتقان قەدەملەر ئاستىدا ئادەملەرنىڭ يەنچىۋاتقىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئويغاق روھى!

سەن مۇشۇنداق بىر رېئاللىقتا تۇغۇلدۇڭ ئوغلۇم! مەن سېنىڭ قايناق تۇيغۇلاردىكى ياش ئاناڭ سۈپىتىدە، سەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يېزىپ قالدۇرماقچى بولغان خاتىرەمنى باشلىدىم. ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىمدىكى ھېس ـ تۇيغۇ، كەلمىشلىرىمنىڭ، تەسىراتلىرىمنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىق. ھازىر تېخى سەن دۇنيانى مېنىڭ قۇچىقىم ۋە مېھرىم، پەپىلەشلىرىم بىلەن غۇبارسىز بالىلىقىڭ بىلەن تونۇۋاتىسەن. كەلگۈسى كۈنلىرىڭدىكى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىنىشلىرىڭدا ئىچىڭ سۆزلۈلگەنسېرى، ئالەم قاراڭغۇلىشىشقا، تىنىق سۆزۈك دۇنيالىرىڭ خىرەلىشىشكە باشلايدۇ. ئىنسانلىق، يىگىتلىك نەزەرلىرىڭ بىلەن، ئاندىن يەنە پەرزەنتلىك نەزەرلىرىڭ بىلەن دۇنيانى، ئادەملەرنى، ئائىلەڭنى، ئاتا ـ ئاناڭنى دەڭسەشكە باشلايسەن. مەن ھەققىدە شۇ ۋاقىتتا ئويلىنىشقا، ئادىمىيلىك، ئانىلىق تەرجىمھالىمـ

نى ئوقۇشقا، چۈشىنىشكە تەمشىلىسەن. مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۈچۈن خاتىرە يېزىۋاتىمەن. چۈنكى سەن ئاناڭنى ئويلىغىنىڭدا، ئۇنىڭ ھاياتلىق سەپىرىگە نەزەر سالغىنىڭدا، قەدىرىڭگە قەد، غۇرۇرۇڭغا سۈپەت قوشۇلۇپ ئىپتىخارلانغىنىكى، سېنى ئۈمىدسىزلىك، تەنھالىق چۇلغىۋالمىسۇن! مېنىڭ روھىم ساڭا كۈچ ۋە مەدەت بەرسۇن، بىز كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرەيلى ئوغلۇم، ئىنسانلىقنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ ئالىيجاناب ئىزدىنىش نىشانلىرىمىز ئۈچۈن، بىر - بىرىمىزگە مەدەت، ئىلھام بېرەيلى، ئۆزئارا نازارەتچى بولايلى. روھىمىزنى چېنىقتۇرايلى!، سەن مەندىن سۆيۈنگەن كەبى مەنمۇ سەندىن سۆيۈنەي ئوغلۇم!.

* * *

ئوغلۇم، سەن ئۈچۈنلا ياشاۋاتىمەن!. سەن ئۈچۈنلا، نۇرغۇن بېسىملار ئىچىدىكى يوقىتىشلىرىمنى، ئوزۇقسىز، ئىلھام - مەدەتسىز، چەكسىز يەككە - يېگانىلىق ئىچىدىكى غېرىبانە كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزۈۋاتىمەن!. راھىبلار كەبى روھىمنى يۇيۇۋاتىمەن. ئەسلىي بۇ مېنىڭ ئىنتايىن گۈزەل، قايناق تۇيغۇلارغا باي، كۈلۈپ - ئويناپ ياشايدىغان دەۋرىم ئىدى!. 29 ياشقا قاراپ مېڭىۋاتقان ئاناڭنىڭ قانداق كەيپىيات ۋە تۇيغۇلاردا بولىدىغانلىقىنى ھامىنى بىر كۈنى چۈشىنىسەن، ئۇنىڭ قەلبىنى تىڭلايسەن ئوغلۇم! روھى ئاجايىپ كۆپ قاتلاملىق، ئاجايىپ نازۇك، ئاجايىپ ئويغاق ۋە قايناق ئاناڭنىڭ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەممىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزىنى تۇتۇپ ئۇلگۇرۇپ بولالايدىغانلىقىنى، پاكىزە روھقا، مەردانە قەدكە، ئەقلىيلىك بىلەن ھېسسىيلىقنىڭ زىددىيىتىدىكى ئەڭ سوغۇق قان پەرق قىلىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىنىڭدە، ئاچچىق بىر سىغىنىشتا روھىمنى قۇچاقلارسەنمۇ؟ مەن شۇ ۋاقىتتىكى كۆرۈشۈشىمىز ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، يۈرۈكۈمگە پاتمايۋاتقان مەۋجۇتلۇقلىرىم، كۈچلۈك بېسىم پەيدا قىلىپ مېنى قىيناۋاتىدۇ!. بىلىمەن سەنمۇ ماڭا ئوخشاش سەزگۈسى ئويغاق، كۆپ قىرلىق روھى قاتلامغا ئىگە بالا بولىسەن. بۇنى ھازىرقى سەزگۈرلۈكىڭ ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ.

شۇڭا مەن ئۆزۈمگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشۇم، ساڭا لايىق ئانا بولۇشۇم، ساڭا كېرەكلىك تەييارلىقلاردىكى مۇناسىپ ساپانى ھازىرلىشىم كېرەك. چېكىنىشكە رۇخسەت يوق، ھېرىپ - چارچاشقا، بەل قويۇۋېتىشكە رۇخسەت يوق. پەقەت خاتىرە يۈزىدىلا ئازىراق پارتىلىۋېلىشقا رۇخسەت بار.

ئوغلۇم، سېنىڭ ئالدىڭدا ئانىلىق سۆيگۈسى بىلەن تېڭىرقاۋاتىمەن. ئۆز ئىزدىنىشلىرىم، كۆڭۈل ئارامىم، ئازادىچىلىكىم بىلەن ياشىغۇم بار. ئەمما بۇنداق قىلالمايمەن، كەچمىشىمدە يېڭىلىق پەيدا قىلغۇم بار. ئەمما سېنىڭ ئوغۇللۇق ئاتىقىڭ، پەرزەنتلىك، ئەرلىك ھەقىقىڭ، غۇرۇرۇڭ، قەددىڭ ئالدىدا، دوزاختا تولغانغان كەبى تولغانساممۇ، بوينۇڭنى قىسىلدۇرۇپ قويغۇم يوق! چۈنكى ئاناڭ، ئانىلىق بۇرچى ۋە سۆيگۈسىنى ھەقىقىي چوڭقۇر ھېس قىلغان ئانا، ئازابىنىمۇ تۈيغۇسى چوڭقۇر، سەزگۈر ئانا. شۇنداق بولغاچقا، ئايالىق، مۇھەببەتسىزلىكتىن، پەرۋىشسىزلىكتىن، مېھىرسىزلىكتىن قەلبى بىلەن ئانىلىق ۋىجدانى، مەسئۇلىيىتى ئالدىدا، ئازابلىنىۋاتقان قىسىلىۋاتقان ئانا!

ھېسسىيات بويىچە ئەمەس، ئەقىل، مەسئۇلىيەت تىزگىنى بۇرچ، مېھىر تىزگىنى بىلەن تولىمۇ يېتىمە ياشاۋاتقان، غېرىب قەلبى، ئاجىز تېنىنى شۇنچە ئېغىر يۈك بېسىپ كېلىۋاتقىنى، تىرىشچان، ئىرادىلىك، قەيسەر ئايال - سېنىڭ ئاناڭ ئوغلۇم!

ئانىلارنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن ھەممىنى قوربان قىلىشقا، بارلىقىنى ئاتاشقا تەييار تۇرۇشلىقىدا، پەرزەنتىنى دەپلا ياشايدىغان ئانىلىق قەلبىنى چۈشىنىۋاتىمەن. ئانىلارنىڭ ئاجايىپ يۈكسەكلىكى، ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. پەرزەنتى ئۈچۈن مەڭگۈ بويتاق ئۆتكەن، پەرزەنتىنى كۆز قارچۇغىدىنمۇ بەك ئاسراپ، پەرزەنتىنى ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ، بىر ئۆمۈر پەرزەنتىنىڭ ئۈتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئانىلارنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغىنى چەكسىز تىلسىماتلىق، زىددىيەتلىك يۈكسەكلىكتۇر. ئالەم ۋە زېمىندا بۇ ئانىلاردىن ئۇلۇغ ھېچنەرسە يوقكەن! ئۇلارغا پەرىشتىلەر تازىمغا كېلىپ، جەننەتنىڭ ئىشىكى ئۇلارنى كۈتۈپ تۇ-

چۇق تۇرسىمۇ ئازلىق قىلىدىكەن! چۈنكى ئۇلاردىكى ماددىي تەلەپ، مەنىۋى ئېھتىياج، سالامەتلىك، ئىجتىمائىي مەنپەئەت، ئارزۇ - ھەۋەس، غايە - ئېتىقاد. . . لارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەركىزىدە نۇر چېچىپ تۇرىدىغىنى يەنىلا ئائىلىق يۈرەك، ئائىلىق قۇربان بېرىش روھى، پەرزەنتىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزى رازىمەنلىك بىلەن يېقىلىش، يوقىلىش روھى بولىدىكەن! . دۇنيا ئېقىلىمىدا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خالىس ئۇلۇغلۇق ۋە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق مۇھەببەت بارمۇ زادى؟ !

ئوغلۇم، سېنىڭ ئاناڭ شۇلارنى ئائىلىق ۋۇجۇدى، يۈرىكى بىلەن ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تاۋلاۋاتقان، مۇشۇنداق ئۇلۇغلۇققا يۈزلەندۈرگەن، ئاللاھقا مىڭلىغان ھەمدۇ - سانالار ئوقۇۋاتقان، ئېرىشۋاتقان، كۆيۈۋاتقان، مېھرى ئاتەش بىر ئانا. كەل، ماڭا ئائىلىق تەراپات ئاتا قىلغان ئەركەم! بۇدرۇق قوللىرىڭنى كېرىپ ئۆزۈڭنى ماڭا ئات! . مېنى تەبرىكلە قوزام! سەن مېنىڭ ھاياتلىقىمدىكى بىردىنبىر ياشاشتىكى كاپالەتچىم، ئاۋۇندۇرغۇچۇم، مېنى تاۋلىغۇچۇم! . سېنى باغرىمغا تېڭىپلا يۈرسەم، ۋۇجۇمدىكى دەھشەتلىك يالقۇنلار ھارارىتىدە سېنى تاۋلىسام، ئىككىمىز بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتسەك ئاندىن سەل سالقىنلاپ قالارمەنمىكىن دەيمەن! .

مەن ئىدىيىسى ئويغاق، جاسارەتلىك، تىرىشچان، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا خېلى قابىل ئايال بولساممۇ، ئىنتايىن كۆپ قاتلاملىق، ئىنچىكە ئائىلىق پەرۋىشىم، بۇرچۇمنىڭ ۋەزىنىنى ھېس قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ئورنۇم، ئىستىقبالىم، قايناق ھېسسىياتىم، مۇھەببىتىم، تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن كېچىپ، ئائىلىق بەدىلى تۆلەشنى تاللىدىم! ئۆز ئېڭىمدىكى لاياقەتلىك، ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئوبرازى ئۈچۈن تىرىشىمەن! .

* * *

ئوغلۇم، سەن ئۈچۈن ئائىلىنى ساقلاپ قېلىشقا، ئەقلىمنى، غۇرۇرۇمنى، ھېسسىياتىمنى، ھاياتىمنى دەپسەندە قىلىپ تۇرۇپ ئاڭا

ۋاسىتىلىك ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇرغۇنقۇ مۇھەببەت تىلەپ، ئاڭا ئۆزۈمنى باغلاشقا، ئۇنى ئائىلىمىزگە چېتىشقا تىرىشىپ، ھېسسىيات ۋە ئەقلىم ئارىلىقىدا تىركەشتىم. ئۇنىڭدىن ئۈمىد ۋە رىغبەتكە، خاتىرجەملىك ۋە پەرۋىشكە ئېرىشەلمىسەممۇ؟!. سەن ئۈچۈن، ھېسسىيات، غۇرۇر ۋە قەلبىمنى خورلاپ، ئۇنى چىراغ ياقتۇرۇپ، ئىزدەشتۇرۇپ، قىدىرىپ يۈرۈپ، مەيلىمگە پايدىلىق ئامىللارنى قېزىشقا تەرەددۇتلىنىپ تىرىشسامۇ يەنىلا ئوخشاش بولدى!

ئۇ، سېنىڭ داداڭ. ئۇ قاملاشقان، سەمىمىي ئادەم. ئەمما ئەرلىك، دادىلىق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلمىگەن، دادا ۋە ئەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولالمىغان، مەن ھېس قىلدۇراي دەپمۇ ھېس قىلدۇرۇپ بولالمىغان ئادەم. مەن بەك چارچاپ كەتتىم... روھىمنىڭ رۇجەك - رۇجەكلىرىدىن ھارغىنلىق.... شۇنچە تىرىشامۇ، ئۇنىڭغا بەرىبىر ئىكەن!. سېنى، مېنى ھېسسىيات جەھەتتىن كۆڭۈل ئەرمىكى قاتارىدىلا ياخشى كۆرۈپ، ئەقلىي جەھەتتىن ئېغى بېكىنمە ياشاپ كەلدى. ئۇ، ئويغانمىدى، ئويغىتالمىدىم... مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى يوق. ھورۇن، تىرىشچانلىق، ئىنتىلىش يوق. بەك - بەك چارچاپ كەتتىم.... مەن كۆپ تىرىشتىم. چۈنكى مۇشۇ دۇنيادا سەن ئۈچۈن يۈرىكى سوقىدىغان، سەن بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارى مەندىن باشقا بىردىنبىر ئادەم - داداڭ. سەن ئۇنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن، ھاياتىدىكى بىردىنبىر ۋارىسى، ئىز باسارى تۇرساڭ. ئۇنىڭ ھەتتا پۈتۈن بەدىنى پالەچ، تىللىرى سۆزلىمەس بولۇپ يېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، دۇنيادا بىردىنبىر پەرزەنتىگە بېرىدىغان مېھرى بىلەن تىكىلىدىغىنى، كۆزلىرىدىن بولسىمۇ، ئاتىلىق مېھرى بېرەلەيدىغىنى سەن تۇرساڭ ئوغلۇم!. شۇنداق تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۆز شەخسىيىتىمنى دەپ، سېنى غېرىبسىندۇرۇپ قويغىدەكمەن، سېنى تۇل خوتۇننىڭ بالىسى، دېگەن ئاتاققا قالدۇرۇپ، بالىلىق يۈرىكىڭنى لەختە - لەختە قىلغۇدەكمەن، روھىڭغا، ھاياتلىق مۇساپەڭنىڭ بېشىدىلا، ئۆز قولۇم بىلەن غېرىبلىقنىڭ تامغىسىنى باسقۇدەكمەن؟!.

مەن تۇل ھالدا، سېنى ھەرقانچە ئەتىۋارلاپ، بارلىقىمنى بەخ-

شەندە قىلىپ، ئەتراپلىق تەربىيىلىسەممۇ، يەنىلا دادىنىڭ بېرىدىغان ئۈن – تىنسىز تەسىرىنى ساڭا سىڭدۈرەلمەيمەن، سېنى ھەرقانچە تاۋلىساممۇ يەنىلا بىر خىل ئاياللىق مېھرىبانلىق، ئائىلىق خاراكتېرىلا ئېپادىلەيمەن. سەن بىر ئوغۇل تۇرۇپ، يىگىتلىكنىڭ قەددى، ئۆزۈقى بولغان – دادىنىڭ تەربىيىسىدىن، دادىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەرنىڭ مەسىلىلەردىكى ئورنى، كونكرېت پائالىيەت، خاراكتېرى بىلەن تونۇشالمايسەن. مانا، مېنىڭ يۈرەك پارەم – ئوغلۇمنىڭ يىگىتلىك كەمتۈكلۈكى ئائىلىدىن باشلانغان، بىزنىڭ زىيانكەشلىكىمىز تۈپەيلىدىن، ئەڭ چوڭ يوقىتىشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. ساڭا نىسبەتەن بۇنىڭدىن ئارتۇق زەربە بولمايدۇ. قاراپ تۇرۇپ، بارلىقىمنى ساڭا ئاتىغان ئانا تۇرۇپ، سېنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش ماڭا مىڭ ئۆلۈمدىن ئارتۇق يوقىتىش ئەمەسمۇ؟! . ياشىغىنىمنىڭ، مەۋجۇتلۇقىمنىڭ نېمە قىممىتى، ئۆزۈمدىن سەسكىنىدىغان، سېنىڭ روھى قاتىلىڭغا ئايلىنىپ قالامدىمەن؟ سېنى، سەن ئارقىلىق ئۆزۈمنى دوزاخقا ئىتتەرسەم، ئالۋاستىدىن نېمە پەرقىم؟ ئۆلۈۋېلىشقىمۇ شەرتىم توشمايدۇ. چۈنكى سېنى يورۇق دۇنياغا ئارزۇلاپ كۆز ئاچقۇزۇپ بولۇپ، قاباھەت ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزۈم چىدىماسلىق، ئېتىقادسىزلىق، تاشيۈرەكلىك بىلەن ئانا ئەمەس، ئالۋاستىلارچە قىياپەت، ئوبراز بىلەن ئۆزۈم ئۇ دۇنيادىن خاتىرجەملىك ئىزدىمەكچى بولسام، ئۇ دۇنيادىكى دوزاخ مۇئەككىللىرىمۇ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ، مېنى قوبۇل قىلماس دەيمەن! .

تۇل ئانىڭ ساڭا، دادىنىڭ مېھرىنى بېرەلمەيدۇ. ئەتراپىڭدىكى نۇرغۇن بالىلارنىڭ دادىسى بىلەن خۇشال – خۇرام قول تۇتۇشۇپ يۈرۈشكەنلىكىنى، ئالەمچە بەختىيارلىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە، دادىسىنى ھەممىدىن قالتىس ئادەم قاتارىدا كۆرۈپ ماختىنىشقىنىنى ئاڭلىغىنىڭدا، ئۆزۈڭنى يېتىمە، ئاجىز، ئىگە چاقىسىز ھېس قىلىپ چەتكە ئالغۇڭ، يىغلىغۇڭ، ماڭا نەپرەتلەنگۈڭ كېلەر. مېنى بۇنداق ئازابقا قويغىچە تۇغمىسىچۇ، دەرسەن نالە قىلىپ. ئازار يېگەن بالىلىق قەلبىڭ تىلغىنىپ كېتەر. كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى ئېلىپ قاچىدىغان ياۋايى، جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ، بالىلىق كۆلكەڭ، شوخلۇغۇڭ يوقىلار، قانىتىڭ سۇنغان قۇشقا ئوخشاپ قالارسەن. ئۆزلىرىنىلا ئويلاپ يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، پەرزەنتىنىڭ ئۆسۈپ

يېتىلىشىگە، نازۇك پسىخىك تەرەققىياتىغا ئېتىبارسىز قارىغان
مەسئۇلىيەتسىز ئاتا ـ ئاناڭغا نەپرەتلىنەرسەن. مېنىڭ كۆيۈنۈشلە-
رىممۇ، قەلبىڭدىكى بۇ خىل چوڭ يوقىتىشنى، بوشلۇقنى تولدۇرال-
مايدۇ. سېنى تىرىك تۇرۇپ دۇزاخقا ئىتتىرىپ، مەن قانداقمۇ ئۆزۈ-
مىنى «ئانا» دەپ ئاتىيالايمەن، سېنى قانداقمۇ «بالام» دەپ چاقىرالاي-
مەن. قانداقمۇ ساڭا قاراشقا پېتىنالايمەن؟!. سەندىن قورقىمەن،
سەندىن تەپتارتىمەن، ئۆزۈمنى دەپ ساڭا رەھىمسىزلىك قىلىش قو-
لۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن ئانا بولغان كۈنۈمدىن باشلاپ دۇنياغا قايتا
تۆرەلگىنىمنى، بەخشەندە قىلىنغۇچى ئەمەس، بەخشەندە قىلغۇچى،
بەدەل تۆلەنگۈچى ئەمەس، ئۆمۈر بويى بەدەل تۆلىگۈچى ئىكەنلىكىمنى
چوڭقۇر تونۇغان، قەلب تەلقىنلىرىمدە زىلزىلە پەيدا قىلىپ، نازۇك
قاتلاملىرىمدىن ھېس قىلغان!.

... ئوغلۇم... بىز ئانا ـ بالىنىڭ ھاياتى ھېچبولمىغاندا تىنچ
كاپالەتكە ئىگە بولسىلا بولاتتى. جېدەل ـ ماجىرا، ھۆرپىيىشلەر،
قۇرۇقتىن قۇرۇق داۋراڭلار بىزنى بىسەرەمجان قىلمىسا، مېنى بى-
زارلىق، بىچارىلىق ئىچىدە چارچىتىپ قويمىسا بولاتتى... پەقەت
ۋە پەقەت سۈكۈت ئىچىدىكى ئېتىبارسىز بولسىمۇ، تىنچ تۇرمۇش
كەيپىياتى ماڭا ئاراملىق بەرسە، يۈرىكىمنى سىقمىسىلا بولاتتى...
مەن، يەنىلا چارچىماس ئادەم كەبى ئائىلىمىز ئۈچۈن يەنىلا پايپېتەك
ھاياتىمنى باشلاۋېرەتتىم. مېنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىم، ئىزدەيدى-
غىنىم بەك يۇقىرى تۇرمۇش كاپالىتى ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت
ئاددىي، خاتىرجەم، نورمال تۇرمۇش كاپالىتى خالاس. پەقەت، ئېما-
لال، نورمال ئېلىنغان قەدەملىرىمدە بىھۇدە چاۋا ـ چاتقاللا يولۇمنى
توسۇپ، ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلمىسا، پىشىمنى، ئېتەكلى-
رىمنى ئىلىپ، ئىلىنىپ، سۈرئىتىمگە تەسىر يەتكۈزمىسىلا بولاتتى.

*　　　　*　　　　*

ئەرلەر نېمانچە مەسئۇلىيەتسىزلىشىپ كېتىدىغاندۇ؟ بۇ ھەقىقە-
تەن تەڭشەلمىگەن جاھان ئىكەن. شۇنداق ياخشى، روھى مۇكەممەل
ئاياللارنىڭ يېنىدىكى ئەرلەر، يېنىدىكى گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ بەخش
ئەتكەنلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن. كىمدۇر بىرى «ئۈنچە دۇردانە-

لىرىگىنى چوشقىلارنىڭ ئالدىغا تۆكمە» دەپتىكەن. راستىنلا زايە بولۇۋاتقان ئاياللار ئەتراپىمىزدا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. چىرايى تۇرقى ساھىبجامال، مىجەزى شۇنداق ياخشى، ئەخلاقىي ـ پەزىلەتتە كەم كۇتسىز، ئاياللىق جەزىبىدارلىقى تېشىپ تۇرىدىغان، ئائىلىسىدىكى تۇرلۇك ئىشلارنى ناھايىتى ئىدىتلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئارتۇق غەلۋىسى، ئېرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىش يوق، سەۋرچان، كەڭ قورساق، ئىلمىي، رەتلىك، پاراسەتلىك ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن خاتىرجەم بولغان ئەرلەر، ئائىلىنى ۋە تۇرلۇك مەسئۇلىيەتنى ئۇلارغا تاشلاپ بىرىدىكەن. ئايالى بىلەن كارى بولمايدىكەن. ھېچبولمىغاندا ئايالىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان ئىككى كەلىمە تاتلىققىنە تەسەللى ياكى ماختاش سۆزى بولمايدىكەن. ئايالىنىڭ سەزگۈر ـ نازۇك تۇيغۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئازىراق مەنىۋى مەبلەغ سېلىپلا ئايالىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشنى، كۆڭلىنى، روھىنى مايىل قىلىۋېلىشنى، شۇ ئارقىلىق بولسىمۇ پەيلەپ، ئىشلىرىنى پۇختا قىلغۇزۇۋېلىشنى ئويلىمايدىكەن. نېمانداق ئەرلىك ساۋاتسىزلىقىغا قارىماي، قىزلارنى، ئاياللارنى قوغلىشىپلا يۇرىدىغان، ھۆركىرەشلىرى بىلەنلا ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىنى بىر ساناپ يۇرىدىغان، نادان ئەرلەر كۆپتۇر، ئەتراپىمىزدا!!؟

ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئالماق بەك ئاسان، ئۇنىڭغا ئالاھىدە مەبلەغ ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاياللارنىڭ ماھىيىتى كۆڭۈل ئىزدەپلا ياشاش. شۇنداق ئىكەن ئۇلار پەقەت ئەرلەردىن مېھىر، كۆيۈنۈش ۋە تەسەللى كۇتىدۇ. ئالتۇن ـ كۇمۇشلەرگە كۇمۇلۇشنى ئەمەس، كۆڭۈل ئازادىچىلىكى، خۇشلۇقى ۋە ئېرىنىڭ ساپ مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى كۇتىدۇ.

ئۆيدە پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئىدىتلىق ئايالىغا ئايىغان مېھرىنى، بۇ بېخىل، دۆت ئەرلەر كىمگە ئاۋايلايدىغاندۇ؟ ئىنساپلىق، گۇزەل، پەزىلەتلىك، پاراسەتلىك ئاياللارنىڭ قەدىرىگە يەتمەيۋاتقان، ئۇنى بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۇمۇلدۇرۇشكە بېخىللىق قىلىۋاتقان ئەرلەر شۇ قەدەر بىچارە ۋە دۆت. ئۇلارنىڭ ئايالى ۋىجدانلىق، ساداقەتمەن، گۇزەل روھى دۇنياغا ۋە ئېتىقادقا ئىگە بولمىسا

ئىدى، چوقۇم بۇزۇلۇپ كەتكەن، ھېچ بولمىغاندا ئائىلىسى ئۆچۈپلا ياشاۋاتقاندەك، ھەممىنى ئېرى، ئائىلىسىگە يەم قىلماس ئىدى، بۇ يەردە شۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ئاياللارنى بۇزغىنى ئەرلەر، ئاياللارنىڭ قەلبىنى بوش قالدۇرغان، ئۇنىڭغا يېتەرلىك پەرۋىش، تەسەللى، مېھىر بەرمىگەن ئەرلەر، ئاياللارنىڭ قەلبىنى چاڭقاق تاش-لىقۇەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان گۈزەل ئەقىدىلىرى، ئەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا پايخان بولغان، چەيلەنگەن. خانىۋەيران قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ قەلبى بۇ رەھىمسىزلىكتىن، ئېتىبارسىزلىق-تىن مۇزلاپ كېتىپ، دۇنيا، ھايات دېگەن مۇشۇنچىلىكلا ئىكەنغۇ، دەپ ھەممىدىن رايى يانغان، پەرۋاسىزلىق، قاشقالىقنى، ياشاش-نىڭ، يۈرەكنى غاجىلاتمايدىغان مېخانىك ئۇسۇلى قاتارىدا تاللىۋال-غان. ئۇلار قاتتىق ئازار يەپ يۈرىكى، قەلبى مۇزلاپ كەتكەنلىكتىن قېتىۋالغان ياكى چۈشكۈنلەشكەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ بېغىشلاشلىرى يېتەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن، خورلانغان، ئېتىبارسىزلىققا، پەر-ۋاسىزلىققا ئۇچرىغان. قىزلىق، ئاياللىق غۇرۇرى دەپسەندە قىلىن-غان، چەيلەنگەن. ئۇلارنىڭ شۇنچە گۈزەل تۇيغۇلار ئىچىدە ئەرلەرگە قىلىدىغان كۆڭۈل سوۋغىسى ئاياغ ئاستى قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مېھىر ۋاپا ۋە پەرۋىشكە تەشنا قەلبى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان، خورلان-غان، ئالدانغان، شۇڭا ئۇلار ئەتراپتىكىلەردىن سەسكىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە ۋە ئەتراپىقا دوق قىلغانچە مۇئامىلە قىلىشقا ئۆتكەن. ئۇلارغا بۇ زەھەرنى ئاشۇ رەھىمسىز، ۋاپا ـ ساداقەت، مۇھەببەت بەخش ئېتىش سوغۇق كېلىدىغان ئەرلەر بەرگەن. (خۇدا ساڭا سەممىمىي ساپ قەلب، گۈزەل روھى دۇنيا، ئەرلىك قەد ۋە ۋەزىنىگە ئىگە يۈكسەك پەزىلەت ئاتاقىلسۇن ئوغلۇم!)

ئوغلۇم، سېنىڭ روھى ۋە جىسمى گۈزەل، سېھرى كۈچى ئۇر-غۇپ تۇرىدىغان جەلىپكار ئاناڭ تۇرۇپ، ئۇ ئۇنى ئۆزىدىكى بۇ، سۈپەتلەرنى تېخى بىرەر قېتىممۇ ئازىراق راھەت كۆرۈشكە مەبلەغ سېلىش خىيالىدا بولۇپ باقمىدى. ئۇ، بۇنداق راھەت كۆرۈشنى ئەمەس، مەنىۋىيەتنى، روھىنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇپ كەلدى. ئۇز-لۈكسىز تۈردە ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئېتىبار بېرىپ كەل-

دى. ئۇ، قەدىر ـ قىممىتىنىڭ پايخان قىلىنىشىنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق
كۆرىدۇ. ئۇ، ئۆزىگە بەك قاتتىق قول، تەلەپنى بەك يۇقىرى قويىدۇ.
ئۇ، ئەزەلدىن ئۆزىگە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقان مەجنۇنلارغا، دۇنيانى
سېتىۋالغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە ئاشىقلارغا پەرۋاسىزلارچە، مەردانە،
مەغرۇر مۇئامىلە قىلدى. تېخى، ئۇلارغا نېمىشقا شۇنداق تەسىر
بەرگەندىمەن، دەپ ئۆز ئىش ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇش،
گەپ ـ سۆزلىرىگە قايتىدىن زەڭ سېلىپ، ئۆزىنى كۆزىتىپ، قاتتىق
قوللۇق ۋە غۇرۇرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا، روھى باي، رېئاللىقى
نامرات، ئەمما ئۆزىدىن رازى بولۇپ، سۆيۈنۈپ مەغرۇر ياشىدى. ئۇ،
ئەزەلدىن شۇنداق ياشاپ كەلگەن (سەن تۇغۇلماستىنلا) بۇنىڭدىن
كېيىنمۇ شۇنداق ياشايدۇ. ئوغلۇم! ئاناڭ، سېنىڭ تەربىيىلىنىشىڭ،
يېتىلىشىڭ، كەلگۈسىڭ ئۈچۈن يۈرىكىنى ئېزىتىپ، جىسمىنى مۇك-
چەيتىپ، روھىنى مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ، ئۆزىنى مەبلەغ پاياندا-
زى قىلىپ، ئاياغ ئاستىڭغا سالدى. بىر ئۆمۈر سەن ئۈچۈن شۇنداق
ياشاشقا، ھاياتىدا بىرلا قېتىم كېلىدىغان نۇرغۇن پۇرسەتلەر بىلەن
خوشلىشىشقا رازى. ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، سەن ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ
ئارزۇ ـ ھەۋىسى ئۈچۈن ئەمەس، سېنىڭ قىزىقىش ـ ئىنتىلىشلى-
رىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا ھەر قاچان تەييار ھالدا،
ئاللىقاچان ئاتلىنىپ بولدى.

ئاناڭغا، ئېڭى سۇزۇلگەندىن باشلاپلا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن
روھى پاكلىق، ئۆزىنى قەدىرلەشتىن كەلگەن مەغرۇر قەد، كۈچ ـ
قۇۋۋەت، ئىلھام مەدەت بېرىدۇ!

* * *

سالامەتلىكىم كۈندىن ـ كۈنگە ناچار، جىسمانىيىتىم ئاجىزلاپ
كەتتى. روھىم ئاجايىپ ـ ئاجايىپ ھارغىن. بىرقانچە خىل كېسەل-
لىك مېنى قورشىۋالدى. مېڭەم قاتتىق ئاغرىيدىغان، ھەربىر تىنىقىم
بىر ئۆھ بىلەن قوشۇلۇپ چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. يۈرىكىم بەك
پەس ۋە زەئىپ. ئاران ـ ئاران يېنىپ پىلدىرلاپ تۇرىدىغان تولىمۇ

سۈس شامنىڭ ئۆزى. ھەربىر ئېغىز سۆزنى قىلىپ بولغىچە پۈتكۈل ئەزالىرىمغىچە ھېرىپ كېتىدۇ، ئاۋازىممۇ بەك پەس. مىدىرلىغۇدەك جېنىم بولسىلا يېتىۋالمايمەن! بۇ مېنىڭ ئۆزۈمگە دەيدىغان گېپىم، ئەزەلدىن مۇشۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەنمەن.

ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەن قالغاندا، ئۆيدىكى غەۋغالار، جان تالىشىۋاتقان ئادەمگە تاغار يۈتكۈزۈپ قويغاندەكلا ئىش بولدى. سۈكۈت قىلىشىمغىمۇ رۇخسەت يوق ئىكەن. كۆزلىرىم ياش ھالدا، ھېچبولمىغاندا تىنچلىق ئىزدەپ بولسىمۇ، دوختۇرخانىغا يول ئالدىم. ئۆزۈمنى قاچۇرغان رېئاللىق يەنىلا مېنى تېپىۋالدى. تەكشۈرتكەنلا ئەزالىرىم ساق چىقمىدى. رەئىس ئەزالىرىمنىڭ ھەممىسىمۇ زەئىپلىشىپ كېتىپتۇ. بىر ـ ئىككى خىل كېسەلگە قارىتا ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئېيتقانىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، يۈرىكىم ئوپېراتسىيىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن. . . يۈرەك قوزغاتقۇچ ئورنىتىش كېرەك دەيدۇ.

بۇ، كۈن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ، دوختۇرلار ئۆزىنىڭ دىئاگنوزىغا ئىشەنچ قىلالماي، ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق يۈرەك كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسگە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. تەلىيىمگە ئۇ مۇتەخەسسىس رايونىمىزغا، مۇشۇ دوختۇرخانىغا خىزمەت بىلەن كەلگەنىدى. دوختۇرلارنىڭچە تېخى يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن، ناھايىتى ساغلام، روھلۇق تەسىر بېرىدىغان بىر قىزنىڭ بۇنچىۋالا ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى ئەقىلغە سىغماسمىش. شۇ كۈنى ئوغلۇم، سېنىڭ ئۈچ ياشقا تولغان كۈنۈڭ ئىدى. ئەتىگەن تۇرۇپ، دوختۇرخانا ياتىقىنىڭ مۇنچىسىدا سېنى يۇيۇندۇردۇم. ئاندىن ئۆزۈممۇ يۇيۇنۇپ چىرايلىق ياساندىم. ئەستايىدىل گىرىم قىلدىم، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىيىملىرىمنى كىيىشكە تەييارلىدىم. ئۆزۈمگە شۇنداق دەيتتىم، بۈگۈنكى ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىشىم بەلكى ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق خاتىرىلىشىم بولۇپقالار. بۈگۈن يەنە دەل مۇتەخەسسىلەر كېسەللىك دىئاگنوزۇمنى ئۇقتۇرىدىغان كۈن. بەلكىم ھېلىلا مېنى چاقىرىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەممەيلەن ئۆزىنى قاچۇرغان رېئاللىق ھېلىلا مېنى كۈتۈۋالىدۇ،



www.uyghurkitap.com

ھېچقىسى يوق. ھەرقاچان ئۈمىدلىك ياشاپ كەلدىم. ھەرقانچە قورقۇنچلۇق خەۋەر ئاڭلىساممۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي. بۈگۈنكى كۈنىمنى خۇشال - خۇرام، مەنىلىك ئۆتكۈزەي، ھەربىر سائەت، مىنۇتنى قەدىرلىشىم، ئاخىرقى نۇقتىغىچە ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمەسلىكىم كېرەك. رىسقىم تۈگىگەن بولسا ئۇنىڭغا ئامال يوق. بەربىر ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغۇ، ئۆلۈپ كېتىمەن دەپ ھايات ۋاقتىدا ياش تۆكۈپ، قارىلىق تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى، ھاياتنى خاپىلىق، مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈش، ياشاش ئىقتىدارى يوقلارنىڭ ئىشى. بۇ ئەقىلسىزلىك، ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە، ھاياتلىقتىكى ھەربىر گۈزەللىكتىن ھوزۇر - زوق ئېلىپ، كەيپىياتىمىزنى كونترول قىلىپ، مەردانە، قەيسەرلىك بىلەن ياشاش كېرەك. يوقالسۇن چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك! . بەزى ئادەملەر چۈشتىن ئىلگىرى خۇشال - خورام ياشاۋاتقان بولسا، چۈشتىن كېيىن تويۇقسىز بىرەر تاسادىپىي ۋەقەگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدىمۇ خۇشال ياشىغىنى گۈزەل خاتىرە بولۇپ قالىدۇ. پەقەت ئۇ، ئۆزىنىڭ تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى بىلمىگىنى ئۈچۈنلا شۇنداق كەيپىياتتا شۇ كۈنىنى خۇشال ئۆتكۈزەلىدى. مېنى ئېبخى، بۈگۈنلا ئۆلۈپ كېتىسەن دېمىدىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆلۈم، غەيرەتلىكىرەك بولاي! .

دوختۇر كىرىپ، يۈرەك كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن دىئاگنوز قەغەزىمنى ئەكىرىشىمنى، دىئاگنوزنى ئۆز قولۇمغا بىلەن ئاڭلاپ كىرىدىشىمنى ئېيتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئوغلۇم، ساڭا تارتىشىۋاتقاندەك، گويا ھازىردىن باشلاپ سەندىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا سېنى مەھكەم باغرىمغا باستىم! ، ئاپپاق، بۇدرۇق پېشانەڭگە يېنىشلاپ سۆيۈپ، ئۆزۈمگە مەدەت تىلەپ، ياتاقتىن چىقتىم.

كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا چىقىۋالغان كېسەللەر، كارىدورغا قويۇلغان خىزمەت پوكىيى يېنىدا ئولتۇرۇشقان دوختۇر - سېستىرالار ماڭا دىققەت بىلەن، گويا ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك جىمجىت قاراشتى. مەن ئۇلاننا كارىدور ئارقىلىق يۈرەك كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە

قاراپ مېڭىۋاتىمەن. بەك ئىنچىكە ۋە قاملاشتۇرۇپ گىرىم قىلىنىۋال-
غان، ئۇزۇن چاچلىرى يەلپۈنۈپ، يىپپەكتەك يېيىلىپ تۇرغان، ئەمما
كېسەل كىيىمى كىيىۋالغان بۇ قىزغا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئەجەبلى-
نىپ قاراشتى. باش دوختۇر ئىشخانىسىغا كىردىم، يۈرەك كېسەللىك-
لەر بۆلۈمىدىكى بارلىق دوختۇرلار ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئۈچ
خەنزۇ دوختۇرمۇ مۇشۇ ئىشخانىدا ئىكەن. مېنى كۆرۈپ ھەممەيلەن
ئەجەبلەنگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراشتى. باش دوختۇر مەندىن: سىز
كېسەلنىڭ سىڭلىسىمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن: شۇ كېسەل مەن بولى-
مەن. يەنى 24 ـ كارىۋاتتىكى ×× مەن شۇ، دېدىم. شۇنداقلا
ھېلىقى مۇتەخەسسىس يېنىدىكى ئىككى سەپدىشىغا قاراپ، توۋا، بۇ
بىر كىچىككىنە بالىكەنغۇ. تۇرقىدىن كېسەلگىمۇ ئوخشىمايدۇ، دېگەچ
مېنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا چاقىرىدى. يۈرەك سوقۇشۇمنى تەپسىلىي
تەكشۈرۈپ كۆرۈپ. قولىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ۋاراقلاپ
تۇرۇپ شۇنداق دېدى: بۇ بالىدا رېماتىزم خاراكتېرلىك يۈرەك مۇس-
كۇل ياللۇغى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يۈرەكنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ
توختاپ قېلىشىمۇ، ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كېلىپ قاپتۇ. يۈرىكى بەك
زەئىپ، يۈرىكىنىڭ سېكۇنتلۇق، دەقىقىلىك ھەرىكىتىمۇ بەك ئاستا،
24 سائەتلىك يۈرەك ھەرىكىتىنى كۆزىتىش نەتىجىسىمۇ شۇنداق.
يۈرىكىنىڭ توختاپ قالغان ۋاقتى ئۆرە تۇرغان چاغقا توغرا كېلىپ
قالسا بىمار ھېچنېمىنى تۇيماي يىقىلىپ چۈشىدۇ. بىرقانچە قېتىم
يىقىلىپ چۈشكەن، ھوشىنى يوقاتقان ئەھۋالىمۇ، باياتىن ئۆزى سۆز-
لەپ ئۆتتى. ئېنىقكى يۈرەك ھەرىكىتى نورمال ئادەملەرنىڭكىدىن
خېلىلا ئاستا. باشقا كېسەل سەۋەبىدىن ئوپېراتسىيە قىلغاندا ئوپېرات-
سىيىدىن چىقالمايدۇ. شۇڭا باشقا كېسىلىنى تىزگىنلەپ تۇرۇپ،
ئالدى بىلەن يۈرەكنى قۇتقۇزۇش كېرەك، بۇ بالىغا بەلكىم بىر ئۆمۈر
يۈرەك قوزغاتقۇچ بېكىتىش كېرەك بولىدۇ، لېكىن تېزرەك تۈتۈش
قىلىش كېرەك. . . بىرقانچە دوختۇرنىڭ لېۋىنى چىشلىشىپ بىر ـ
بىرىگە قاراشقىنىنى، ماڭا ھېسداشلىق نەزىرىدە بېقىشقىنىنى كۆ-
رۈپ قالدىم. دىئاگنوز قەغىزى قولۇمدا ياتاققا قاراپ مېڭىۋاتىمەن.
بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا يەنە ھەممىنى يۈرىكىمگە ئۈن ـ تىنسىز سىڭدۈ-

روۋپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئاستا قەدەم بىلەن
مېڭىۋاتىمەن. كەيپىياتىم تىپ - تىنچ، ئۆزۈمگە مەدەت ۋە ئىلھام
تىلىگەچ، سەن ئۈچۈن يۈرىكىم ئۆرتىنىپ - ئۆرتىنىپ كېتىۋاتىدۇ
ئوغلۇم!

مەسئۇل دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ ئالدىغا دىئاگنوز قەغەزنى
قويدۇم. ئۇلار قانچىلىك تېز قەغەزگە قارىغان بولسا، شۇنچە تېز يان
تەرىپىگە قارىشىپ لىۋىنى چىشلەشتى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشىم-
غىلا، ئاپئاق بىر قۇر كىيىم، ئاپئاق پايپاق، ئاپئاق ئاياغ كىيگەن،
قىزغۇچ چاچلىرى ئاپئاق چىرايىغا شۇنداق ياراشقان، چوڭ كۆزلىرى-
دىن ئاجايىپ بەختىيارلىق نۇرى چاقناپ تۇرغان ئوماق، سەبىي، پاك
بىر ۋۇجۇدنىڭ «ئاپا! . . .» دېگىنىچە قوللىرىنى كېرىپ، ماڭا
قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ. پاڭگىدە ئېتىلىپ كەتتىم. قوللى-
رىمنى كېرىپ زوڭزايغىنىمچە سېنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ ئېسەدەپ
كەتتىم ئوغلۇم! . خىرە - شىرەلىك ئىچىدە، دوختۇر، سېستىرالار-
نىڭمۇ، كارىدوردىكى بەزى بىمارلارنىڭمۇ كۆز يېشى قىلىشقانلىرىنى
بايقاپ قالدىم. ياتاققا كىرىپ سېنى قۇچاقلىغان پېتى بىر هازا يىغلى-
دىم. جىمىپ كەتكەن تۇرقۇڭغا قاراپ ئەسلىمگە كەلدىم، سېنى
پەپىلىگەچ كىيىملىرىمنى كىيدىم. گىرىملىرىمنى ئوڭشىدىم، قەد-
دىمنى رۇسلاپ، تۇغۇلغان كۈنۈڭنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، سېنى
خۇشال - خۇرام ئويىنىتىپ، خۇشاللىقىڭدىن خۇشاللىق ئىزدەش ئۈ-
چۈن، روھلۇق بىر قىياپەتتە سىرتقا ماڭدىم!

ئىشتىن چۈشۈپ، چۈشلۈك تاماققا مېڭىشقان ئىككى بۆلۈمنىڭ
دوختۇر، سېستىرالىرى ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراشتى، سېنى كۆلدۈ-
رۈپ، ساڭا گەپ قىلىپ بىخارامان ماڭغىنىمغا ئىشەنچ قىلالماي،
بىر - بىرىنى نوقۇپ، كەينىمگە قايتا - قايتا قاراشتى. قارا ئۇلارغا.
ئۇلارنىڭچە بولغاندا، مەن ئېنىق دىئاگنوزنى بىلگەندىكىن، ياتاققا
كىرىپلا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاران ئېتىپ يىغلاپ، قاقشاپ، ئەسەبىيلى-
شىپ، نان يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا
بولۇپ قېلىشىم، هازىرقىدەك ئوماق، چىرايلىق ياسانماي چاچلىرىم
چۇۋۇق، چىرايىم تاتىراڭغۇ، لەۋلىرىم گەز باغلىغان، كىيىملىرىم-

www.uyghurkitap.com



نىڭ تۈگمىلىرىمۇ سەرگەش ئېتىلگەن. توشەيلىرىم تەتۈر كېتىلگەن بولۇشىم كېرەك ئىكەندە!. شۇنداق يۈرسەم ئۈگشىلىپ قالامتىم، كېسىلىم يەڭگىللەپ قالامتى؟. تېخىمۇ روھى بېسىمغا ئۇچراپ چۈشكۈنلىشىدىغانلىقىم ئېنىق. ئۆلمەي تۇرۇپ، ئۆلۈم ئۇچۇن ياكى ئالدى بىلەن روھى جەھەتتىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن شۇنداق قىلىشىم كېرەك ئىكەن ـ دە!؟ بۈگۈنكى بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى دېگەنلىك، ئۆلۈمگە بىر كۈن يېقىنلىدىڭ، بىر كۈن ئۆمرۈڭ قىسقاردى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ جاھاندا بىر ـ ئىككى يۈز يىل ياشاتتۇق، قايتا تىرىلىۋالغىلى بولاتتىمۇ؟ نېمىشقا ھەربىر ھاياتلىق تىنىقىمىزدىكى دەقىقىلەرنى قەدىرلىمىگۈدەكمىز، ئاخىرقى دەقىقىلەرگىچە ئۆزىمىزگە ۋە ئەتراپتىكىلەرگە مېھىر ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلمىغۇدەكمىز، ھاياتلىق نېمەتلىرىدىن بىمالال ھۇزۇرلىنىپ، دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىپ ۋە باشقىلارغا ھېس قىلدۇرۇپ، پەرۋىشكار، مەردانە، قەيسەر ياشىمىغۇدەكمىز. ئوغلۇم!؟ سېنى ۋە ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ نېمە قىلاي، ئۇلارغا ۋە ئۆزۈمگە نېمىدەپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ھازا ئاچقۇدەكمەن؟، مانا يۈرىكىم تېخى سوقۇشتىن توختىغىنى يوق، كۆزلىرىم تېخى مۆلدۈرلەپ تۇرۇپتۇ. ئەقىل ـ ھوشۇم تېخى جايىدا. ئەتراپتىكى ھەربىر مەۋجۇداتقا تويماي ـ تويماي قاراپ كېلىۋاتىمەن. جىمى مەۋجۇداتنى ئەڭ قەدىرلەشچان مۇھەببەتتە باغرىمغا باسقۇم. تېخى ئۇلارنى پەرۋىش قىلغۇم بار، ھاياتنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە!

روھىمنى بېسىپ تۇرغان ئازىراق يۈكمۇ تەلتۆكۈس تۈگىدى. يېنىكلەپ ئۇرغۇتقۇ تىنىق ئېلىپ، ئەتراپقا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ، سۆيۈنۈش ئىچىدە سېنى يېتىلەپ، بۈگۈنگە يۈزلىنىپ يۈرۈپ كەتتىم ئوغلۇم!

*　　　*　　　*

يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا يوللىنىپ ئوپېراتسىيە قىلىندىم. بارلىق قۇتقۇزۇش تەييارلىقلىرى پۇختا ئىشلەندى، ئاتا ـ

ئانام ۋە قېرىنداشلىرىم مېنى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ئالدىدا ياپراقتەك تىترىشىپ، ئەتراپىمىدا مىڭ پارە بولۇپ، ئۇيقۇدىن، تاماقتىن بىدار ھالەتتە، ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك كەيپىياتتا، ئەتراپىمىدا پايپېتەك ئىدى. يىغا ـ زارىلەر، ۋىدالىشىش كەيپىياتى ئىچىدە ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىلدىم. ئوپېراتسىيىدىن ساق چىقىشىمغا بولغان ئۈمىدىنىڭ دەرىجىسى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى. يۈرىكىم سەن بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك كەيپىياتتا ساڭا تارتىشىپ پارە ـ پارە بولۇۋاتسىمۇ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقارمىدىم. خىيالىمدا سېنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، يېنىش ـ يېنىشلاپ باغرىمغا باستىم ئوغلۇم! . ئوزۇنغا سوزۇلغان ئوپېراتسىيىخانىدا، ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا ئىڭراپ يېتىپ، سىرتتا مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىپ، ئاخىرقى تاقەتلىرى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچى قېلىۋاتقان ئاتا ـ ئانا ۋە سەن كۆز ئالدىمغا كېلىپ، بەك ئەنسىرىدىم ئوغلۇم. مەن ئاران ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋازدا، دوختۇرغا ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەنسىرىمەسلىكى ئۈچۈن، تېخى ئۆزۈمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى، ئوپېراتسىيىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ، دوختۇردىن تېلېفون سورىدىم. دوختۇر ماڭا تېلېفون ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، دادامنىڭ يۇقىرى قان بېسىمىنىڭ بارلىقىنى، ئەنسىرەۋاتقانلىقىمنى شىۋىرلاپ ئاران دېگۈدەك ئېيتالىدىم. كۆز ئالدىمغا خىرە ـ شىرە ھالدا سېنىڭ قوللىرىڭنى كېرىپ: «ئاپا! ...» دېگىنىڭچە ماڭا ئۆزۈڭنى ئاتقان ھالىتىڭ كېلىش بىلەنلا، ۋۇجۇدۇمغا باشقىدىن بىر كۈچ مەدەت بەرگەندەك بولدى... مەن ياخشى مەست قىلىنمىغانلىقتىن تەسۋىرلىگۈسىز ۋەھشى ئاغرىۋاتقان جىسمىمنىڭ ئازابلىرى ئىچىدىن نەچچە دەقىقە بولسىمۇ ئۆزۈمنى تېپىۋېلىپ، ئوپېراتسىيەخانا ئىشىكىدىن كۈلۈمسىرەپ چىقىشنى ئويلىدىم. ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدىن قوزغالما غالتەكلىك كارىۋاتقا ئېلىنىپ، ئوپېراتسىيىخانىدىن ئېلىپ چىقىلدىم. لىفتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەنلا، روھىم ۋە جىسمىمدىكى بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ، كۆزلىرىمنى ئېچىپ كۈلۈمسىرىدىم! . . . ئاندىن بەرداشلىق بېرىش، تاقەت قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق ئاغرىق ئازابى ئىچىدە،

ھەممەيلەننىڭ ھاياجانلىنىش كۆز يېشى قىلىشقانلىرىنى، ئېسەدەشكەنلىرىنى غىل - پالىنى پەرق قىلىپ ياتتىم. ئەڭ ئېغىر كۈنلەر، ئازابلىق تولغىنىش، ئىڭراشلار ئاخىرلاشتى، دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتىم. ئەمما ئاچچىق بىر روھى تەجرىبە مېنى سەگىتىپ تۇراتتى. بۇ تەجرىبىنىڭ توپلىنىش، كونكرېت ھالقىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغۇم يوق.

پەقەت شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزۈمنى كۈتۈشۈمنىڭ، ئاسىرىشىمنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، ئاجىز تېنىم ۋە روھىمنىڭ ھېچكىمگە خۇشاللىق، يېقىشلىق ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ساغلام بولغاندىلا، نورمال كەيپىيات ساقلىغاندىلا، باشقىلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەخش ئېتىپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزگىمۇ، بەھرىمەن بولىدىغان ئامىللارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتتىم. شۇنداقلا دۇنيادا ھەممىدىن بەك ئۆزىمىزنى چۈشىنىدىغان، ئۆزىمىزگە كۆيۈنىدىغان ئادەمنىڭ يەنىلا ئۆزىمىز ئىكەنلىكىمىزنى، ئۆزىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئاسرىشىمىزنىڭ بىردىنبىر ئەڭ قابىل نامزاتنىڭ يەنىلا ئۆزىمىز ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندىم. ئاندىن يەنە ئانامنىڭ مېنى بۇ دۇنياغا يەككە - يېگانە، نورمال جىسمانىي ۋە روھىي كۈچكە ئىگە ھالدا، تۇغقانلىقىنى، سىزنى پالانى بېقىپ، يوقىڭىزنى بار قىلىپ بېرىپ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، كىيىدىكىڭىز پۈكۈنى بىلەن قوش، دەپ تۇغمىغانلىقىنى، نورمال ئادەملەرگە خاس ياشاش ئىقتىدارىمنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزۈمگە قايتىدىن تىكلىدىم. ھېچكىمگە تايىنىۋالمايمەن، ھېچكىمدىنمۇ ئاغرىنمايمەن، كۆڭلى - كۆكسۈمنى كەڭ تۇتۇپ، سوغۇق قان، پەرۋىشچان بولىمەن. باشقىلارغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشتىن ئۆزۈمگە مەدەت ۋە ئىشەنچ تاپىمەن. ئارتۇقچە ئەسەبىيلىك، قاراملىقنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمايدۇ. ئەقلىمنى جايىدا ئىشلىتىشكە تىرىشىمەن. نۇرغۇن ئەرزىمەسلىكلەر ئىچىدە ئۆزۈمنى تونۇپ، ھېس قىلىپ، چۈشىنىپ، ئىلغاپ ياشاشنى بىلىشىم كېرەك. ئۆزۈمنى شۇ پېتىلا سەپ بەرگەندىن كۆرە، ئەقلىمنى سېلىپ بېرىشنى تاللاشنى بىلىشىم كېرەك. دېگەنلەرنى تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەكۈنلىدىم.

ئۇنتۇغاق، چېچىلغاق، مېڭەم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنچە مەسئۇلىيەتچان، ئىنچىكە، سەزگۈرلۈكۈم دائىم مېنى چارچىتىپ قويىدۇ. زېھنى قۇۋۋىتىم تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، كاللامنى ئىشلىتىشكە بار ئىمكانىيىتىمدىن پايدىلىنىمەن. ھورۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك، تەبىئىتىم بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۆيگە بېكىنىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىساممۇ، ئۆيدە ئۆز گۆشىمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كەتسەممۇ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆرىدىغىنى، بىر خىل كەيپىياتتىكى ئېغىر - بېسىق، قىزغىن، ئىلمىي، مەردانە مەن. كەيپىياتىمنى ئەتراپىمدىكىلەرگە تېڭىشنى ياقتۇرمايمەن، ئۇنىڭسىزمۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇشى، ئۆز دەردى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۆزۈڭنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگۈچى، ئەڭ ياخشى قازغۇچى ۋە ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچى يەنىلا ئۆزۈڭ تۇرساڭ! . ساپ مىجەز - خاراكتېرى، ھېسسىي ۋە ئەقلىي بالاغىتى ھەرخىل ئادەملەرگە، كەيپىياتىڭنى زورلاپ تېڭىپ، ئۇلارغا زىيادە ئىچ باغرىڭنى تۆكۈپ، ھەرخىل سۆزلەرنى قىلىپ، قىزىقچىلىقتا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالماي يۈرگىنىڭنىڭ ساڭا ئاۋارىچىلىقى بولسا بولىدۇ، پايدىلىق تەرىپى تولىمۇ ئاز. جانكۆيەر، سەممىي، ئاقىل دوستۇڭدىن بىر - ئىككىسى بولسىلا كۇپايە، ساڭا مېھىر - دوستلۇقىنى ئايمايدىغان، پاراڭغا خۇشتار دەردلىرىڭدە، ناگان - ناگاندا ساڭا، تېتىملىق ھەمسۆھبەت بولىدىغان، دوست نامى ئاستىدىكى بەك كۆپ ئادەملەر ئارىسىغا تاشلىنىپ يۈگۈرۈپ يۈرسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىغا، ئۆزۈڭنىڭ ۋاقتىغا ئۆزۈڭ ئىگىدارچىلىق قىلالماي قالىسەن ھەم ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا دوستلۇققا يارايدىغانلار ئەمەس. ئەتراپىڭدىكىلەرگە بېرىدىغان سالام سائىتىڭ جايىدا، ئىللىق مۇئامىلىدە نورمال كەيپىياتنى ساقلاپ، قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم بەرسەڭلا بولمامدۇ؟ . ئىچ - باغرىڭنى ھەممە ئادەمگە ئېچىپ، كۆرگەنلا ئادەمگە پالاقشىپ يۈرۈشىڭ، ئەتراپىڭدىكىلەر ھەزىم قىلسۇن - قىلمىسۇن، كۆتۈرسۇن - كۆتۈرمىسۇن كەيپىياتىڭنى تېڭىپ يۈرۈش ئاجىزلىق، بىچارىلىك، مۇئامىلىدارچىلىق نادانلىقى خالاس!

ھەرقاچان ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمنى ئۆزۈم تاماملىغۇچى، مۇستەقىل ياشىغۇچى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇمىدىم. ئۆزۈمنىڭ ھاياتىنى ئۆزۈم قوغداپ چىقىمەن. ئاناڭ چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، چۈشكۈن، ھورۇن-

لىق ئۈنىڭغا يات ئوغلۇم. سەن ماڭا، يېڭىدىن يېڭى تۇيغۇلار ئىچىدە مەدەت، ئىلھام، ئەقىل ۋە ئىزدىنىش ئاتا قىلىسەن بالام!.

*　　　*　　　*

تىنچلىقتا شۇقەدەر موھتاجلىقىمنى بارغانسېرى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن... مەن خاتىرجەم تۇرمۇشقا موھتاج. زىيادە، ئارتۇقتىن ئارتۇق غەۋغا، جېدەل - ماجىرادىن سەسكىنىپ كەتتىم! نېمىگە شۇنداق قىلىشقا ئەرزىيدۇ - زادى؟!. بۇ قىسقىغىنا ھاياتتىكى ساناقلىقلا كۈنلىرىمىزنى نېمە ئۇ، شۇنچە دۆتلەرچە تالان - تاراج قىلغان؟ نېمىشقا شۇنچە كەڭرى جاھاننى ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز شۇنچە تارقىلىۋالىمىز؟ نېمىشقا بىر - بىرىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە پەلەمپەي، شوتا بولماي، ھالەك بولىمىز؟ دۇنيادىكى ياشاشتىن مەقسىتىمىز ئۆزئارا ئەسكىلىك قىلىش، ئۆزئارا دەردىنى چىقىرىش، قىساس ئېلىشمۇ؟! نېمە ئۇ زادى قىساس ئېلىشقا ئۈندەيدىغان، نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن قىساسكار بولىمىز. بۇ چەكلىك ھاياتنا! ئەرزىمدۇ!؟.

خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇش كەيپىياتى ئىچىدە ياشاپ، ھاياتتىكى ھەربىر پۇرسەتلەرنى قەدىرلەش كېرەك. ھاياتتىن گۈزەل خاتىرىلەر، مەنىلىك سەھىپىلەر قالسۇن!

ئاجايىپ سوغۇق قان، ئىمتاس كەيپىيات ئىچىدە، نەزىرىمنى ئائىلەمگە ئاغدۇرۇپ، روھى پىشىپ، بىرمۇنچە سەپەردىن كېيىن، نۇرغۇن ھاسىلاتلار بىلەن ھارغىنلىق ئىچىدە ئۆزىنى تىڭلاۋاتقان بىر ئايالنى، مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل بىر ئانىنى كۆردۈم. ئەمما ئۇ كاللىسىدىكى نۇرغۇن خاتىرىلەرنى يۇيۇۋېتىشكە ئامالسىز، يۇيۇۋەتكىلى بولىدىغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە!؟

ئوغلۇم، سەن ئۈچۈن، ئانىلارنىڭ سۆلكەت - سۈپىتى ئۈچۈن تىرىشىشنى ھەرۋاقىت ئالدىنقى قاتاردا قويىمەن.

*　　　*　　　*

مېنىڭ بەكمۇ ئۆرلەپ ئوقۇغۇم بار. تىل ئۆگىنىپ، تىل تۇسال-

غۇسى بىلەن نۇرغۇن بىلىملەر سىستېمىسى، ئىجتىمائىي پەنگە، ئىدىئولوگىيە، ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر نۇرغۇن تولۇقلىمىلارنى قوبۇل قىلغۇم، ئۆزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىلىم قۇرۇلمامنى ئەتراپلىقراق پۇختىلاپ، ئۆزۈم ئۈچۈن مەبلەغ سالغۇم بار ئىدى. تېخنىكىلىق بىر ئارخېئولوگقا ئايلىنىپ نۇرغۇن مەنىۋى تىلسىملارغا يۈزلەنگۈم، ئۆزۈمدىن باشلانغان سەپىرىم بىلەن ئايال، روھ، سەنئەت، مۇھەببەت، قىسمەت... قاتارلىقلار ئۈستىدە، پۇختا تەييارلىق بىلەن ئىزدەنگۈم بار ئىدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، جەمئىيەت، ئىقتىساد، ئائىلەم ماڭا بۇنداق پۇرسەتنى بېرەلمىدى. مەن ئالدى بىلەن بىر ئايال، ئاندىن خوتۇن ۋە ئانا ئىكەنمەن، مەن كۆتكەن ئايال، ئانا ۋە خوتۇننىڭ ئومۇمىي ساپاسىدىن چىقىپ ئەمەس، تار دائىرىدىكى خوتۇن ۋە ئايالنىڭ، ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئېرىم ۋە بالامنىڭ كۈندىلىك تۇرلۇك ھاجەتلىرىدىنلا چىقىدىغان ئايال بولۇشىم كېرەك ئىكەن! . ئاش - تاماق، ئۆي تۇتۇش، كۈندىلىك پەرۋىشلەر بىلەن پالاقشىپلا، كۈنىنى كەچ قىلىپ، ھېرىپ - چارچاپ، كۈندىلىك يۈگۈر - يېتىملار بىلەن ئائىلە ئايالىسىمان ياشىشىم كېرەك ئىكەن. بولمىسا، ئائىلەمنى ساقلاپ قالالمىغۇدەكمەن. سېنى دادىدىن ئايرىۋەتكۈم، دادىسى تىرىك يېتىم قىلغۇم يوق ئوغلۇم! .

سېنى ھەر جەھەتتىن يېتەكلەپ، تۈرلۈك پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىگىمۇ ئائىلىدە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشۇم قوللاشقا ئېرىشمىدى. پەقەت ئائىلە ئايالىغا خاس ئوبرازدا خوتۇن، ئائىلىدىكى ئېھتىياجلارنىڭلا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئانا بولۇشىم كېرەككەن. بۇ مەن ئۈچۈن ئاجايىپ زور يوقىتىش تۇيغۇسى! . مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زېھنى قۇۋۋىتىم ۋە دىققەتلىرىمنى يىغالىغۇچە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگۈم، يېڭى - يېڭى تۇيغۇ، ئۈمىد ۋە ھاسىلاتلار ئىچىدە، مەنىۋى، روھى جەھەتتىمۇ ياخشى مول - ھوسۇل ئالغۇم بار ئىدى! . ئەمما مەن ئۈچۈن ئائىلەم ئەڭ مۇھىم بولغاچقا، دادالڭ ئۈچۈن، سەن ئۈچۈن (تار دائىرىدىن بولسىمۇ) ھەممىنى ئۈن - تىنسىز قۇربانلىق قىلىپ، سۈكۈت ئىچىدە بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئائىلەمگە قايتىپ كەلدىم. . . بۇ بەلكىم بەك بىچارىلىكتۇر

ۋە ياكى ئۇ، ئۆز ئىچىگە ئالغان تىراگېدىيە ئىچىدىكى ھەسرەتلىك يوقۇلۇشلار ئىچىدىكى ئاجايىپ يۈكسەك ئۇلۇغلۇقتۇر! . ئىشقىلىپ خىلمۇ خىل پەلسەپىگە سالساق، خىلمۇ ـ خىل ئىدىيە بويىچە كۆزەتسەك، خىلمۇ ـ خىل ھاسىلاتقا ئېرىشىمىز. ئەمما ئۇنىڭ تەمىنى پەقەت ئۆز بېشىدىن كەچۈرگىچىلا، ھەقىقىي تەمىنى تېتىغۇچىلا بىلىدۇ! بارلىق ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان روھىي كەچۈرمىشلىرى، يوقىتىشلىرى ئاز ئەمەس. ئانىلارنىڭ قەلبى، روھى قات ـ قات چۆكمىلەرگە توشۇپ كەتكەن تىلسىمات ئوغلۇم! . شۇ تىلسىمىنى ئاچالمىسىمۇ، شۇنداق بىر تىلسىمنىڭ بارلىقىنى، ئانىنىڭ ئاقارغان چاچ، پەرزەنتى ئۈچۈنلا سوققان يۈرەك، پەرزەنتى ئۈچۈنلا ياشاشتىكى تىلەكلىرىدىن ھېس قىلالىغان ئادەم، چوقۇم «ئانا» نىڭ ماھىيىتىنى ئابستراكىت بولسىمۇ چۈشىنىدۇ.

شۇڭا بىر ئايال «ئانا» لىق سۈپەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىنلا، مەن ئۇنىڭدىكى ئۇلۇغلۇقنى ھېچنەرسىگە تەڭلەشتۇرمەيمەن. ئۇنىڭدىكى ئالىيجاناب خاسلىقنى، ئىزچىل رازىمەنلىك بىلەن قۇربان بېرىش روھىنى، كەڭ قورساقلىق بىلەن پەرزەنتىنى كەچۈرۈشتىكى پەزىلەت ـ سۈپەتلىرىنى، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر يۈكسەكلىك بىلەن سېلىشتۇرالمايمەن! . ئانىلىق مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىغان ئانا بولسىمۇ. چۈنكى، ئۇمۇ پەرزەنتىنى ئەلۋەتتە ئانىلىق مېھرى بىلەن سۆيىدۇ، بۇ شەكسىز ھەقىقەت. پەقەت شارائىت يار بەرمىگەندۇ ياكى تەبىئىي، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ تەربىيىلىنىشىگىچە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ ياخشى شارائىت، ياخشى ئىدىيىۋى ساپاغا ئېرىشەلمىگەندۇ. ئەمما ھالقىلىق پەيتلەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ھامىنى پەرزەنتى ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرىشكىمۇ تەييار تۇرۇشىدا گەپ يوق! . مانا بۇ بارلىق ئانىلاردىكى يۈرەكتىن ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدلىرىغا، تومۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئانىلىق روھ! بىر ئۇيغۇر ئانىنىڭ سېرىقتال، ئىجتىمائىي، مەنىۋى، ماددىي ۋە سىياسىي مۇھىتى ئىچىدىكى، تۈرلۈك توساقلارغا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ تۇرسىمۇ، ھارارىتى تۆۋەنلەپ قالمىغان ئاياللىق، ئانىلىق روھىنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ مەردانە مەۋجۇدىيىتى!...

مېنىڭ ئاياللار ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بار-

لىق سۈپەتلەرنى ھازىرلاپ، ھەر جەھەتتىن ئۆزۈمنى ئۈزلۈكسىز تو-
لۇقلىغىم بار ئىدى. جەمئىيەتتە قابىل تۆھپە قوشقۇچى، كەسپىتە
پۇختا، تۈرلۈك پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە، يارامىلىق، بۈگۈنكى
دەۋرنىڭ تەقەززاسىدىكى تولغان زىيالى، ئائىلىدە كۆپكە قادىر ئوقۇت-
قۇچى، تەربىيىچى، پەرۋىشچى، ئاياللىق سېھرى كۈچى ئۇرغۇپ تۇ-
رىدىغان، سەنئەتلىك، يۈكسەك مەنىۋىلىكنىڭ بولىقىغا ئايلانغان سۆ-
زۈك، يارقىن قەلب ۋە ساپاغا ئىگە مېھىر - مۇھەببەت تارقاتقۇچى،
ئۇستا ئاشپەز، يارامىلىق ئىگىلىك باشقۇرغۇچى، ئەڭ ماھىر لايىھىلە-
گۈچى، بىزەكچى. . . ئىشقىلىپ بىر ئايالنىڭ، ئاياللىق دۇنياسىدى-
كى بارلىق دۇچ كېلىشلىرى ئىچىدە، كۆپكە قادىر، ھەر جەھەتتىن
پەرۋىشكارلىقى، سېھىر كۈچى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان تىنىمسىز، قابىل
ئايال بولغۇم بار ئىدى. بىر ئايالدىن كۈتىدىغان تەلىپىم تولىمۇ
يۇقىرى ۋە ئىنچىكە، كۆپ قاتلاملىق ئىدى.

كۈندىلىك خىزمەت ھەلەكچىلىكى، ئۆيدىكى ئاياللىق، ئائىلىق
مەجبۇرىيەت، تۈرلۈك ئىجتىمائىيەت تۈرى ئىچىدە تالچىقىپ يۈرۈش،
ئانچە - مۇنچە ماتېرىيال كۆرۈپ، كەسپىنى پۇختىلاپ تۇرۇشلاردىن
باشقا ئىشقا ئىشىنالمىدىم. دىققىتىمنى يىغىپ، ۋاقتىمغا تولۇق ئىگى-
دارچىلىق قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆگىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان، تەتقىق
قىلىدىغان پۇرسەت ماڭا چىقمىدى. شۇلارغىمۇ يېتىشىپ بولالماي
تولىمۇ ھارغىنمەن.

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ، تېپىلغۇسىز بايلىقنىڭ سالامەتلىك
ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. . . سالامەتلى-
كىم ياخشى ئەمەس، مېڭەم بەك ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. تۇتۇۋې-
لىش قابىلىيىتىم ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىم كۈندىن - كۈنگە تۆۋەن،
ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق دېگەندەك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن.
بۇ ھالىتىمگە تەن بېرىپ ئۆزۈمنى قويۇۋېتىش، مەن ئۈچۈن ئۆلۈم-
دىنمۇ ئېچىنىشلىق يوقىلىش!

* * *

ئوغلۇم، ساڭا ھەربىر قارىغىنىمدا، سېنى مېھىر بىلەن باغرىمغا

باسقىنىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، روھىم ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغاندەك، باشقىدىن روھلىنىپ قالىمەن. دۇنيا باشقىدىن گۈزەل، مەن باشقىدىن مەسئۇلىيەتچان ۋە پەرۋىشچان، ئۇلۇغ ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولىمەن.

يۇمران لەۋلىرىڭ بىلەن يۈزلىرىم ۋە كۆزلىرىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ، ئىڭكىمنى بۇدرۇقنە قوللىرىڭ بىلەن سىلاپ يېشىڭغا ماس بولمىغان ھالدا: «بىچارە ئانا، مېنى بېقىپ بولالماي، ھېرىپ كەتتىڭ. مەن سېنىڭ ئەر بالاڭ ئانا، مېنىڭ ئەربالام بار دەپ ھېچكىمدىن قورقمىغىن ھە ئانا... ئانا ئىشتىن بۇرۇن كەلگىن، بولمىسا سېنى كۆرگۈم كەپكېتىدۇ، سەندىن خاتىرجەم بولالمايمەن ئاپاق ئانا... ئانا سەن مېنىڭ ياش، بەك ئۈز ئانام، ھېچكىمنىڭ ئانىسى سېنىڭدەك ئۈز ئەمەسكەن ئانا...» دېگەنلىرىڭدە يۈرىكىم مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چېدىغىلى بولمايدىغان يالقۇنىدا كۆيۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېرىپ كېتىدۇ ئوغلۇم! . شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سېنى ئۆزۈمگە سىڭدۈرۈپ، ھەرقاچان ۋۇجۇدۇم بىلەن بىللە ئېلىپ، خاتىرجەم يۈرگۈم كېلىدۇ قوزام!... شۇ ۋاقىتتا بىر ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان بارلىق نازۇك ۋە قاتلاملىق تۇيغۇلىرىنى تولۇق قېزىپ ھېس قىلىپ چىققاندەك، ئانىلىقنىڭ سۆيۈنۈشكە تولغان ئاشىقلىقىدا مەستانە ـ مەست بولۇپ كېتىمەن. سەندىن مەدەت، ئۈمىد، ئىلھام، مېھىر ـ مۇھەببەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت، سەبىيلىكىڭدىن گۈزەل ھوزۇر ئىچىدىكى ساددا، سەمىمىي، تەبىئىي ساۋاق ئالىمەن ئوغلۇم!

تۆت ياشقا توشمىغان مۇشۇ ۋاقىتلىرىڭدا، يېشىڭغا ماس بولمىغان سوئاللارنى سورىشىڭ، يېشىڭغا ماس بولمىغان تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ، ماڭا چۈچۈك تىللىرىڭدا بايان قىلىپ بېرىشلىرىڭ، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ۋە ئىنكاسىڭنىڭ تېزلىكىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ، ئۆزۈمگە تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەت يۈكلەيمەن ئوغلۇم!

مەن سېنىڭ ئاناڭ سۈپىتىدە بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانىكەنسەن، سېنىڭ بارلىق ئېرىشىش ۋە يوقىتىشلىرىڭ، بەخت ـ سائادىتىڭ، ئىستىقبال ـ تەقدىرىڭگە مەن مەسئۇلىيەتكار بولۇشىم، ئۆزۈمنىڭ،

سېنىڭ ئالدىڭدا يۈز كېلەلىشىم، سەندىكى ئەقىل بۇلىقىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويماي، ئۈزلۈكسىز ئىچىشىم كېرەك.

سېنى ئەڭ ئاخىرقى سۆز، ئەڭ ئاخىرقى نىگاھلىرىم قالغۇچە، قولۇمدا بىر تال يىڭنىگىچە چاغلىق بىر نەرسە قالغۇچە تەربىيىلەيمەن، پەرۋىش قىلىمەن. بارلىق تىرىشچانلىقىم بىلەن سېنى ياخشى تەربىيە شارائىتى بىلەن تەمىنلەيمەن.

مەن ئۆگىنەلمىگەن، مەن قىلالمىغان ئىشلارنى سەن قىلغايسەن، مەن ئارقا سەپتە سەن ئۈچۈن، بارلىقىمنى قۇربان قىلىپ ھەممە نەرسەمنى ساڭا پەلەمپەي قىلىپ، سېنىڭ ئۆرلىشىڭگە مەدەت ۋە ئىلھام، ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ ـ مادار قىلىپ بېرىمەن ئوغلۇم.

سەن ھەقىقىي ئەقىلگە كەلگىنىڭدە كۆز ئالدىڭدىكى، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، تۇرمۇشنى تۈجۈپىلەپ ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئەتراپىڭدىكى ھەربىر ئۈششاق ـ چۈششەكمۇ نەزىرىدىن ساقىت بولمايدىغان، سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەنلىكتىن چېچىلغاق ۋە بەزىدە خىيالچان، ھەسرەتلىك بولۇپ قالىدىغان ئاناڭنىڭ (شۇ ۋاقىتلارغىچە ئاللاھ ماڭا ھاياتلىق، ساغلاملىق بەرسە، ساغلاملىقىمنىڭ ناچار ۋاقىتلىرىدا ساڭا مېنى خۇدا يوق قىلمىغاي) نەچچە ئون يىل ئىچىدىكى، ھەربىر مىنۇتتا تورلۇق تۇيغۇلار قاتلىمىدا ئويغاق، زىددىيەتلىك ياشىغان، ئاجايىپ ـ ئاجايىپ مۇڭلۇق قەلبىنىڭ، شۇنداق بىر روھى تارىخقا ئىگە بولغانلىقىنى بىلىپ قال ئوغلۇم!

روھى تىراگېدىيە ۋە زىددىيەتلىك بايقاشلاردا نەچچە ئەسىرنى بېشىدىن كەچۈرگەندەك چارچاپ كەتكەن ئاناڭ، سەن ئۈچۈن چارچىماسلىقى، ئەقلىدىن ئازماسلىقى، كۈچىدىن قالماسلىقى، ھەرقاچان يىراقنى كۆرەر ئەقىل بىلەن، ئانىلىق ئوبراز، مەردانە قەد، پەرۋىشكار قەلب، ئۇلۇغۋار روھ بىلەن ياشىشى كېرەك ئوغلۇم!...

* * *

ئوغلۇم، تۆت ياشقا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ ۋاقىتلىرىڭدا بۇ قىسىم خاتىرەمنىڭمۇ ئاخىرقى بەتلىرىنى يېزىۋاتىمەن.

سەن مۇشۇ تاپتا بەك ئوماق ھالەتتە تاتلىق ئۇخلاۋاتىسەن. پات ـ پات «ئاپا» دەپ مېنى ئىزدەشتۇرۇپ، مېنىڭ ھىدىمنى ھىدلىۋالغاندىن كېيىن ياكى پېشانەڭگە يەڭگىلگىنا سۆيۈپ: «قوزام مەن يېنىڭدا بار، قورقماي ئۇخلىغىن» دەپ ئەركىلەتكەن شىۋىرلىشىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولۇپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىڭنى ئاچالماي، مېنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇپ: «ئانا، ئازادە ياتاي» دەپلا كەينىڭگە ئۆرۈلۈپ يەنە خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىسەن. ساڭا ئۇزۇنغىچە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ، تويماي ھىدلاپ، ۋۇجۇدۇمنىڭ ئاجايىپ بىر لەرزى بىلەن ئۇزاق ـ ئۇزاق ساڭا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن.

ھەر كۈنى چۈش ۋە كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتقىچە سېنى كۆرگۈم كېلىپ تاقىتىم تاق بولىدۇ. مەن ئىشتىن كەلگەندە يا سەن ئىشىك ئالدىدا مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان بولىسەندە، يىراقتىن مېنى كۆرۈپ، قوللىرىڭنى كېرىپ مېنى قۇچاقلىغىلى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىسەن، ئالدىمغا كەلگىچە پۇتلىرىڭدا چىمداپ كىيىۋالغان ساپما كەشىڭنىڭ بىر پېيى چۈشۈپ قېلىپ سېنى خېلى ئاۋارە قىلىدۇ، چۈچۈك تىلىڭدا بىر نېمىلەرنى دەپ ساپما كەشنى تىللىغانچە ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىشكە ئۇرۇنىسەندە، ئالدىمغا يەنە يۈگۈرەپ كەلگەنچە ئۆزۈڭنى ئېتىپ، ماڭا چىڭ يېپىشىۋالىسەن. پاكىدە ئىشىكنى ئېچىشقا سىگنال بېرىپ ئۆيگە كىرىشىمگىلا قوللىرىڭنى كېرىپ، مېنى قۇچاقلىغىلى تەييار بولۇپ تۇرغان بولىسەن. مېنى سۆيۈپ تۇرۇپ: «ئانا ئەمدى بۈگۈن ئىشقا بارامسەن ياكى ئەتىمۇ؟» دەپ سورايسەن، مەن: ئەتە، دەپ جاۋاب بەرسەم. ئۆزۈڭنى تۇتالماي چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كېتىسەن. رەھمەت ئانا، بەك خوش بولۇپ كەتتىم دەپ، ئۆزۈڭنى قويغىلى يەر تاپالماي، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىسەن.

ئۆيدىكى ۋاقىتلىرىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆتتى. ئەمدى سېنى بىر ئايدىن كېيىن باللار باغچىسىغا ئاپىرىپ بېرىمەن. ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان ئاچاڭ ۋە مەھەللىدىكى دوستلىرىڭدىن ئايرىلىپ، مۇنتىزىم تەربىيە ۋە ئويۇن شەكلىنى ئالغان، تۈزۈم ئىچىگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن قوزام. شوخ، جانلىقلىقىڭنىڭ، ئوماق كەپسىزلىكىلىـ

رىڭنىڭ يوقىلىشىنى، خاراكتېرىڭنىڭ بوغۇلۇپ، كىچىك تۇرۇپلا
ئىلمىي تۈزۈم ئىچىگە بېكىلىپ قېلىشىڭنى خالىمايتتىم. شوخ،
جانلىق، تېتىك، سەزگۈر، ئەقىللىق ھەم كەپسىزلىكىڭنى، كىچىك
تۇرۇپ يېتىلىۋاتقان ئۆزۈڭگە ئىشىنىش ۋە ئەرلىك، ئوغۇللۇق تۇي-
غۇڭدا ئىپادىلىنىۋاتقان غۇرۇرۇڭنى بەك قەدىرلەيتتىم. ئۇنداق قىل-
ما، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇلار ئىچىدىكى مېخانىك كىتاب خالتىسى
بولۇپ قېلىشىڭنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، سېنى كېچىكىپرەك
تەربىيىلەش ئورنىغا بېرىشنى ئويلاپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەنىدىم. بۇ كۆز
ئالدىمدىكى رېئاللىقنى ئەمدى قوبۇل قىلمىسام، سېنى مۇنتىزىم
تەربىيىلەشنىڭ سىستېمىلىق بىرىنچى پەلەمپىيىنى باسمىسام
بولمايدۇ.

ئەسلىي قىزىقىش، ئەسلىي خاراكتېرىڭنى ساقلاپ ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇش، ئۆزلۈكۈڭنى كۈچەيتىش ئەمدى مېنىڭ تەربىيەمگە قال-
دى. ئاناڭ يەنە بىر ھاياتنى باشلاش ئالدىدا ئوغلۇم.

تاماق ئېتىۋاتقىنىمدا، يول مېڭىۋاتقىنىمدا، ئىش ئورنۇمدا خىز-
مەت قىلىۋاتقىنىمدا، بىرەر تال كەمپۈت يەۋاتقىنىمدا، خوشال بولغى-
نىمدا، ئازابلانغىنىمدا، ئاچچىقلانغىنىمدا، ئىشقىلىپ بارلىق پائالى-
يەتلىرىم ۋە ئوي ـ خىياللىرىمدا، چوقۇم سەن تويۇقسىز بۆسۈپ ـ
تارتىپ، روھى ئالىمىمگە كىرىپ كېلىسەندە، ماڭا ۋاستىلىك قومان-
دانلىق قىلىشقا باشلايسەن ئوغلۇم! . شۇنداق ۋاقىتلاردا، مېنىڭ
ئانىلىق روھىم ھەممىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدۇ، ھەممىنى مېھىر
بىلەن ئېرىتىۋېتەلەيدۇ، ھەممىنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭەلەيدۇ. ھەم-
مىنى باش قويدۇرۇپ، بارلىقىمدىكى تەئەللۇقاتلارنىڭ خوجىسىغا،
رولچىسىغا ئايلىنالايدۇ! . . . چۈنكى سەن ماڭا ھەممىنى ھېس قىل-
دۇرۇپ، ئانىلىق يۈرەك ۋە قەلبىنىڭ ھەممىدىن غالىب ۋە ئۇلۇغلۇ-
قىنى ھەر ۋاقىت تونۇتۇپ تۇرىسەن ئوغلۇم! . چۈنكى سەن ماڭا يېڭى
قان، يېڭى جان، يېڭى ئەقىل، يېڭىدىن يېڭى كۈچ ـ مادار،
غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلاپ تۇرىسەن ئوغلۇم! ئانىلىق قەلبىمنى،
ئانىلىق ئەقلىمنى، ئانىلىق مېھرىمنى، ئانىلىق يولۇمنى تاۋلاي-
سەن. ئاڭا ئاجايىپ يارقىن ۋە يۈكسەك ۋەزىن، ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلى-

www.uyghurkitap.com

سەن ئوغلۇم! . . .

ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا شۇنچە بېغىشلاپ، جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن، ئىجتىمائىي جەھەتتىن شۇنچە كۆپ بەدەل تۆلەپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولالمىدىم. ئۇنى رازى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن تېخىمۇ ئۆكتەم قىلىپ قويدۇم. شۇنىسى ئېنىقكى ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتىمۇ بەلگىلىك چەك ـ چېگرا ئىچىدە ئىلمىيلىك بىلەن نورمالىنى بەخش ئېتىلىش، ئۆزىنى تۇتۇش ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكى غورۇرى نەزەرگە ئېلىنغان ھالدا مەۋجۇت بولسا، ئىككى تەرەپكە بېسىم ئەپكەلمەيدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن بېسىم، يوك يۇقىرى ئۆرلىشكە پەلەمپەي ئەمەس، خەتەرلىك ھاڭ بولۇپ قالىدۇ.

بىر ئايالنىڭ قەلبىدىنلا ئەمەس، تۇرلۇك مۇناسىۋەت قاتلىمى ۋە چوقۇم قۇرۇلىدىغان ئائىلە مۇناسىۋىتىدىن ساڭا شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ ئوغلۇم: ھەر كىم ئۆزىنىڭ ماھىيىتى بويىچە قىلالايدىغان ئىشنى قىلىپ، ئۆز ئېتىقادى، ئۆز يولىدا مېڭىشى كېرەك. ئۆزىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ھېس قىلىشى بويىچە خاتا بولمىسىلا توختىماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىنى ياشىغۇچىلار يەنىلا ئۆزىمىز «باشقىلار ئۈچۈن» دېگەنسېرى، بىز ئۆزىمىزگە ئوخشىماي قالىمىز، يا باشقىلارغا يا ئۆزىمىزگە ئەرزىمەيمىزدە، ئىشەنچىمىزنى، جاسارىتىمىزنى، خاسلىقىمىزنى يوقىتىپلا قالماي، ئاجايىپ زور بىر تىراگېدىيىنى بېسىم ئىچىدە، روھىمىزغا يۈكلىۋالىمىز.

بۇ چەكلىك ھاياتتا نېمە قىسىلىش، يوقىلىش ۋە ئازاب زادى بۇ؟ ئەرزىمىدۇ زادى؟! ھېچكىم شۇنچىۋالا قۇربان بېرىشكە ئەرزىمىسە كېرەك. يەنىلا سەندە ھەممە تولۇق ۋە ساغلام بولسا ئاندىن باشقىلارنى خۇشال قىلالايسەن، ئالدىغا چىقالايسەن. تۇرلۇك ھالەتلەردىكى نىمجان قىياپەتلىرىڭنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ، كۆتۈرەلمەيدۇ. يوك بولۇپ قالىسەن، شۇڭا سەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزۈڭگە مەبلەغ سېلىپ تۇرۇپ، ئاندىن باشقىلارغا بەخش ئېتىشىڭ كېرەك. ئۆزۈڭنى سۆي!، ئۆزۈڭنى سۆي ئوغلۇم! ! . . .

سەن كەلگۈسىدە بىر ئەر ۋە دادا ئوغلۇم. بۇلارنى ھازىر چۈشەنمىسەڭمۇ، كەلگۈسى بىر كۈنلەردە بۇ خاتىرىنى قايتا ۋاراقلايسەن،

ئۇ ۋاقىتتا بەلكىم مەن يوق. . . ئەمما مەن بىر خىل ئەستايىدىل كەيپىيات ئىچىدە ساڭا مۇراجىئەتسىمان پىچىرلاۋاتىمەن. . . ساڭا نۇرغۇن - نۇرغۇن كەچمىش ۋە روھى جەريانلىرىمدىن، ئابستراكتلا، خۇلاسە پىچىرلاپ، سېنىڭ ئالدىڭدا سەمىمىي ھالدىكى بىچارىلىكىمنى ئاشكارىلاۋاتىمەن، مېنىڭ بىچارىلىكىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، پەقەت سېنىڭ ئالدىڭدىلا ئۆزۈمنى ئېتىراپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن ئوغلۇم!. ئۆزۈمگە پىچىرلاۋاتىمەن؛ ئايالLARغا سالامەتلىك، روھىي ساغلاملىق، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تونۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئالدى بىلەن سۆيىدىغان، ئاسرايدىغان كەيپىياتىنى ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. ئەرلەرگە يۈرىكىڭدىن، ئەمەلىيىتىڭنىڭ ئەجەللىك يەرلىرىدىن كۆيۈنۈۋېتىپ، بارلىقىڭنى بەخشەندە قىلىۋېتىپ ئۆزۈڭ ئاجىز بولۇپ قالساڭ ئۇلار سېنى ياقتۇرمايدىكەن. ئۇلارغا يۈك، بېسىم بولۇپ قالىدىكەنسەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان تىنچ، خاتىرجەم، يەڭگىل كەيپىياتتىكى تۇرمۇشقا شۇ قەدەر موھتاجغۇ، نېمىشقا تەڭشىيەلمەيمىز زادى؟ يۈرىكى، قەلبى، جىسمى ۋە روھى نورماللىقتىن ھالقىغان دەرىجىدىكى ھېسسىياتچانلىق بىلەن قەلبى زېدە بولغان خانىملار ئاگاھ بۇلۇڭلار، بۇ ھالىڭلار ئەرلەرگە ھامىنى سوغۇق كېلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭلارنىلا سۆيۈڭلار، ئاندىن ئۆزۈڭلارنى ھېس قىلىشتىن كەلگەن سوغۇق قان كەيپىياتتا، ئەرلەرگە كېرەكلىك تەرەپلەردىن ھېس قىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭلارنى بايقاپ تۇرۇپ بەخش ئېتىڭلار، شۇنى ئۆزۈڭلارغا ئەسكەرتىپ تۇرۇڭلاركى، ئەقىل ۋە ھوش بىلەن ئۆزۈڭلارنى بايقىيالماي قويۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار!

ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە كىشىلىك نورمالنى ھوقۇقىغا ئېتىبار بەرمەسلىك، ھەممىنى مونوپۇل قىلىۋالىدىغان، جاھاننى، ئادەمنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسىنى تار دائىرىدىلا كۆرىدىغان ئائىلە مۇناسىۋىتى، ئادەمنى زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

يا زىيالى قاتلىمىغا تەۋە ئەمەس، يا تۆۋەن ساۋاتسىزلار قاتارىغا تەۋە ئەمەس، يا پەننى جەھەتتە يوق يا دىنىي جەھەتتە يوق. يا گۆش ئەمەس يا بەز ئەمەس، يا ئۆزى نۇرغۇن ئىشلارنى يولۋاستەك قەد ۋە جاسارەتتە يۈرۈشتۈرۈپ كېتەلمەيدىغان، ياكى ئىلمىي سوغۇق قان

ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى توۋلاش، قۇرۇقتىن قۇرۇق ھەيۋە قىلىش بىلەن بىچارىلەرچىلا ئىپادىلەپ جان باقىدىغان ئەرلەر نېمانچە بىچارىدۇ؟ بۇ تىپتىكىلەر ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ بىزار قىلىۋېتىدۇ.

ئوغلۇم، ئۆزۈڭدە خاسلىق ھېس قىلغان، تەبىئىتىڭدىن ئۇخچۇپ تۇرغان ئامىللارنى ھېس قىلىشقا، ياخشى پەرۋىشلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سورۇن ۋە مەيدان ھازىرلاپ بېرىشكە تىرىشمەن. سېنىڭمۇ شۇنداق تەرەپلىرىڭنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۆزۈڭگە جەڭ ئېلان قىلىپ ياشىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئوغلۇم، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن. ماھىيىتى بىرلا ئىنسان. ئەمما روھى بالاغەت ئوخشىمايدۇ، ئىنساندىكى ئورتاق ماھىيەت يەنىلا ئوخشاش. مېنىڭ بۇ خاتىرىنى يېزىشىم يالغۇز ئاناڭنىلا ئەمەس، ئايالىڭ ۋە قىزىڭنى ھەم ئىنسانلارنىڭ روھى دۇنياسىنى ئىنچىكىلەپ چۈشىنىشىڭ ۋە ئۆزۈڭنى ھەرقاچان بايقاپ ۋە قېزىپ تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش ۋە ئەستايىدىل ئىنچىكىلىك بولۇپ قالسىكەن دەيمەن. . . قاچانكى سەن ماڭا ئانىلىق ئاتىقى ئاتا قىلدىڭ، مەن ئۆزۈمنى بىر ئانىنىڭ ئوبرازىدا كۆرۈشنى ئىزدىدىم. بىر بالىنىڭ، بىر ئوغۇلنىڭ نەزىرى بىلەن كۆزىتىلىپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلدىم. «ئانا» لىق سۈپىتىم ماڭا ئۆزلۈكسىز، سالاھىيىتىمنى تولۇقلاشقا ئىلھام ۋە مەسئۇلىيەتكار ئىزدىنىشلەرنى ئاتا قىلدى. مېنىڭ ساڭا ئاتا قىلغانلىرىم ۋە ئاتا قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىرىم كۆپ بولغاندەكلا، سېنىڭمۇ مېنى تەۋرىتىش ۋە ھېس قىلدۇرۇشتا بەخش ئەتكىنىڭ ئاز ئەمەس ئوغلۇم! ! . . .

2005 - يىل ئاۋغۇست. خوتەن - ئۈرۈمچى

# بىر ئايالنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

مەن ئۆز مەۋجۇتلۇقۇمنى پەقەت خاتىرە يېزىۋاتقاندىلا ئاندىن ھېس قىلىمەن، ئۆزۈمنى تىڭشايمەن. قەلىمىمنىڭ تۇختاپ قېلىشى ـ روھىمنىڭ پۇچەكلىشىپ، يوقىلىشىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قەلەم بىلەن سىردىشىش ـ مېنىڭ ۋىجدانىمنى، غۇرۇرۇمنى، ئاياللارغا، ئانىلارغا خاس قەلبىمنى تاۋلايدىغانلىقىنى سەن مەڭگۈ چۈشىنەلمەيسەن. مەن بۇنى قەلەم ئارقىلىق خاتىرىگىلا يازالايمەن.

شۇنى بىلگىنكى، مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىن يەرگە چۈشۈپلا ساڭا تەئەللۇق بولۇپ تۇغۇلمىغان. مەن سەن بىلەن تونۇشۇپ بولغۇچە بولغان ھايات مۇساپەمنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۆزۈمگە خاس روھىي بايقاشلىرىم، كۆزىتىشلىرىم، نۇرغۇنلىغان روھىي ماجىرالىرىم بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھايات، ياشاش، تۇرمۇش، قىز ـ ئاياللار قەلبى، ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاياللار ۋە غايىلىك قىزلارنىڭ دۇچ كېلىشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە مۇئەييەن تونۇش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى بۇ ۋاقىتلاردا سەن مەۋجۇت ئەمەس ئىدىڭ! ئۇلار مېنىڭ مۇستەقىل روھىي خەزىنەمگە تەئەللۇق. ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بېشىمدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتە ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك!

مەن كەم دېگەندە مۇشۇ يېشىمغىچە ۋە ياكى 30 ياشقىچە ئۆز تۇرمۇشۇمنى، ئۆزۈمگە خاس روھىي دۇنيارىمنى ئۆزۈم باشقۇرۇپ، توي قىلماسلىقىم كېرەكتەك ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى روھى ھاسىلاتلىرىمنى ئىپادىلىمەي، يەنە نۇرغۇن غۇۋا چۈشەنچىلىرىمنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ، ئۇ تىنىمسىز قايىنامنىڭ روھىي ۋە جىسمانىيىتىمنى تالان ـ تاراج قىلىشقا، مېنى ھە دېسىلا يۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، مېنى نورمالسىز، تەڭپۇڭسىز ھالەتكە ئەكىلىپ قويۇشقا يول قويماسلى-

www.uyghurkitap.com

قىم، ئۆزۈمنى پەرۋىش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىم، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويماسلىقىم كېرەك ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغىشىم، ئۇلارنىڭ يەكلىشىگە، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قائىدىلىرىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەخسىي تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. بۇ مۇشۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن ئاياللارنىڭ پاجىئەسى بولسا كېرەك.

ئىجتىمائىيلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتتىن، كىشىلەر ئارىسىدىن مەن كۆزگە ئىلىدىغان بىرسىنى تېپىشىم ۋە ئۇنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشىپ، ئازراق بولسىمۇ روھىي بېسىمىمنى يېنىكلىتىپ نورمال ئادەم سىياقىدا ياشىشىم كېرەك ئىدى.

سەن دەسلەپ بۇلغانمىغان روھىڭ بىلەن تۇرمۇشۇمغا كىرگەن بولدۇڭ. ئۇزاققا بارماي رېئاللىق سىغدۇرالمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئاتالمىش غۇرۇرۇڭنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ھەربىر ئېغىز سۆز، ھەربىر قەدەم، ھەربىر خىيالغا قەدەر سىڭىشقا باشلىدى. مەن ئەسلىدىكى سوغۇق قان، كەڭ قورساق ۋە مەردانە مىجەزىمنى يوقىتىپ، سېنىڭ چەكتىن ئاشقان روھىي بېسىملىرىڭدىن ئەسلىي تەبىئىتىمنى يوقىتىشقا باشلىدىم. سەن كىچىك بالىدەك پەرۋىش قىلىشىمنى كۈتەتتىڭ، مەن سېنىڭ ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپ ھاجەتلىرىڭدىن ئاران چىقىپ بولاتتىم. ئۆزۈمگە خاس روھىي دۇنيايىمدا ئۆزۈمنى تىڭشاشقا، ئۆزۈمنى ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى ئىپادىلەشكە ۋاقىت، پۇرسەت يوق ئىدى. نۇرغۇن تۇيغۇلار روھىمدا چۆكمە ھاسىل قىلىپ قېلىۋەردى، قېلىۋەردى...

سەن ئۈچۈن مەيلى ھېسسىيات، مەيلى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى جەمئىيەت، ئائىلە روھىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىستىقبال جەھەتتىن بولسۇن تۆلىگەن بەدىلىم تولىمۇ كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا رازى ئىدىم. ۋىجدانىم ئالدىدا، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىم ئۈچۈن مەيلى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاي ۋە ياكى ياشىماي، ئۆزۈمگە يۈز كېلىپ ئازابلانماي، ئۇنىڭ قەلبىگە ئاستا ـ ئاستا ئىللىقلىق ئاتا قىلىپ مىجەز ـ خاراكتېرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشاي دەپ ئويلايتتىم. ئۆزۈمگە خاس ياشىمىغانلىقىم،

ئۆزۈمدىن قېچىپ روھىمدىن قورقۇپ، يۈزلىنىشىمدىن قېچىپ روھىمنىڭ سايىسىدە مۆكۈۋالغانلىقىم ئۈچۈن روھىم تەرىپىدىن قاتتىق جازالاندىم. مەن ئەسلىي رېئاللىقنىڭ، ئىجتىمائىيەتنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ ئۆزۈمگە خائىنلىق قىلغانىدىم. ئاخىر بۇ ئاسىيلىقىم مېنى ھەر ئىككىلى تەرەپتىن جازالىدى. چۈنكى مېنىڭ بارلىق ئىزدىنىشلىرىم، روھىي پائالىيەتلىرىم رېئاللىقتىنمۇ ئايرىلىپ قالغان، دەرىجىدىن تاشقىرى قارام ۋە ئەسەبىي غۇرۇرۇمنىڭ نادانلەرچە، تەلۋىلەرچە، شەخسىيەتچىلىك بىلەن غەۋغا كۆتۈرۈشى ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇن – تۈنسىز، ئېتىبارسىز بىچارىلەرچە قۇربان بېرىشى كېرەك ئىكەن!

سەن مېنىڭ سىقىلىپ ئاچچىق – ئاچچىق نەپەستە ئۆزۈلۈپ چىققان چۆكمە بولۇۋېرىپ بېسىم ھاسىلاتىدىن ئېتىلغۇدەك بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇش ھوقۇقىدىن، نورماللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ، قانات – قۇيرۇقى بوغۇچلانغان، پەرۋازىدىن ئايرىلىپ، ئەقىل كۆزىمۇ خىرەلەشكەن، چۈشكۈنلەشكەن روھىمنىڭ زەئىپ رېتىمى بىلەن ياشىماقچىمۇ؟ بۇنىڭدىن خۇشاللىق، ئۆزۈڭگە ئازادىچىلىك، مەندىن قانائەت تاپالامسەن؟!...

سەن تۆلىگەن بەدەللىرىمنى يوققا چىقىرىپلا قالماي، غۇرۇرۇمنى، قەلبىمنى رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلدىڭ!

مۇھەببەت ئادەمنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدىكەن. بۇ خىل كورلۇق توي قىلىپ بارا – بارا سۇزۇلۇشكە باشلايدىكەن. چۈنكى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ چېتىلىش دائىرىسى كۆپ زەنجىردە ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ چېتىلىش زۆرۈرىيىتى ئارقىلىق، ئۆز كۈچىنى نامايان قىلىپ تاللىنىدىكەن ياكى شاللىنىدىكەن. ۋەھالەنكى، مۇھەببەت بۇنداق چىگىش زەنجىرنى بىر نۇقتىغىلا مەركەزلەشتۈرۈۋالغان بولغاچقا، ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدۇ ۋە بايقىيالمايدۇ، ئادەمنىڭ قۇلىقى ئاڭلىماس، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەقىقەتەن راست.

مەن ئەنە شۇنداق بىر ئاجايىپ تراگېدىيىلىك جەرياننى بېشىمدىن كەچۈردۈم. مەن قانداق قىز ئىدىم؟ ھازىر قانداق بولۇپ قالدىم؟... بۇنىڭ ئارىسىدىكى يوقاتقانلىرىمنى، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزچىل تولدۇرۇپمۇ تولۇقلاپ بولالمايمەن!!!...

ئاچچىق - ئاچچىق ئىچىنىمەن. زەئىپ تېنىم، يوقالغان جاسارىتىم، بوغۇچلانغان تەپەككۇرۇم ۋە ئۆزۈمگە خاس روھىي دۇنيايىمدىكى پائالىيەتلىرىم، چېچىلغان زېھنىم، ئاجىزلىشىپ ۋەئەسەبىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىم پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدى. مەن خارابىلىككە ئايلانغان، ئېتىبارسىزلا يوقالغان قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىم ئۈچۈن پۈتۈن يەر - جاھاننى تىترىتىپ، دۇنياغا پاتمايۋاتقان ھەسرەتلىك چۇقانلىرىمنى ئىپادىلەشكە ئاجايىپ - ئاجايىپ ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن!... شۇنچىۋالا ئېغىر يۈكنى تەنھا - تەنھا كۆتۈرۈپ، مۇدۇرۇپ - دوقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاجىزە مەنمۇ زادى؟! مېنى تۇرمۇش ئۆز قوينىغا ئالمىدى... تۆلىگەن بەدەللىرىمنىڭ ۋەزنى ھېسابسىز...

پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئازاب يېشى، روھىدىن چىدىغۇسىز تەنھا ھەسرەت، يەككە - يېگانە چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان مەندەك بىر ئاجىزەنى قۇرۇپ كەتكەن قاقشال مۇھىتىدا ئۆزىنى قايتىدىن قېزىشقا مەدەت بەرگەيسەن خۇدا! ؟...

مەن ئۆزۈمدىن، روھىمدىن قاچتىم. ئۆزۈمنى تۇرمۇشنىڭ تىنىمسىز ھەم رەھىمسىز قايناملىرىغا تاشلىدىم. ئۇنىڭ مېنى تالان - تاراج قىلىشىغا، ئىرادەمنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، جاسارىتىمنى بوشاشتۇرۇشىغا، مەغرۇرلىقىمنى تىزپۈكتۈرۈشىگە، غالجىر ئىتنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا تاشلانغان بىچارە كەبى تاشلاپ بەردىم! تۇرمۇش ئالدى بىلەن جىسمانىيىتىمنى خورىتىپ، تۈرلۈك كېسەللەر بىلەن چىرمىدى. روھىمنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلىپ، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلغۇزدى. نېرۋامنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىپ، مېڭەمنى، روھىي كۈچۈمنى خوراتتى. روھىي ۋە جىسمانىي كۈچۈمنىڭ يېرىمىمۇ قالمىدى، كۈچلۈك ۋىجدانىمغا ئېلىپ، ھەممىگە ئالىيجانابلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدىم. زور بەدەل تۆلەش جەددىيلىكى بىلەن ئۆھ دېگۈدەك ھالىم، مادارىم قالمىدى. ئىرادەم، جاسارىتىم، جۇشقۇن شوخلۇقۇم سۇندى...

ساپاسىزلىق، قالاقلىق، پىتنە - پاسات، نادانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قىزى بولغىنىم ئۈچۈن، روھىي

يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئىزدىشىم، كەسىپكە ئۆزۈمنى ئاتاپ ھەم ئىجتىمائىي قايىنامغا جەڭ ئېلان قىلىپ، غالىبلارچە ئىجتىمائىي ۋە روھىي ئۈستۈنلۈكنى تاللىشىم ئەجنەبىيلىك ھېسابلىناتتى. ئۆزۈمگە خاس ياشىشىم زور توسالغۇغا ئۇچراتتى. شۇڭا مەن ئەتراپىمدىكى بارلىق ئاياللارغا ئوخشاش ياشىشىم، ئالدى بىلەن شەخسىي تۇرمۇشۇمنى تاللىشىم ئاخىرىدىمۇ ئۇنى تاللىشىم، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ھەممىنى سىغدۇرۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ياشىشىم كېرەك ئىدى! بولمىسا كىشىلەر، جەمئىيەت مېنى غاجاپ ـ تالاپ، تالان ـ تاراج قىلىۋېتەتتى. بۇ ئاتا ـ ئانامغىمۇ زور بېسىم. مەن شەخسىي تۇرمۇشۇمنى تاللىشىمدا غۇرۇرى كۈچلۈك، ئەسەبىيرەك بىرسىنى تاللىشىم، بارلىق ۋاقتىمنى، زېھنىمنى ئاشۇنىڭغا قاراتقان ھالەكچىلىك بىلەن ئۆزۈمنى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىپ، تۇرمۇشقا سىڭىشىم كېرەك دەپ ئويلىدىم... شۇنداق، ئائىلىنىلا ئويلىشىم كېرەك...

جىسمانىي كۈچۈم يوقالدى، روھىي كۈچۈم ئاران ـ ئاران ئۆزىنى ئاڭقىرالىغۇچىلىك ئەس ـ ھوشقا ئەسىرلىك بىلەن ئېرىشەلىدى، تۆلىگەن بەدەللىرىم چەكسىز، يۈكۈم ئاجايىپ ئېغىر. مەن قاتتىق ھالسىراپ كەتتىم. ئۆزۈمدىكى بۇ ھارغىنلىقنىڭ ئېغىر ۋەزنىنى مۆلچەرلەشكىمۇ ئاجىزمەن... قاچانغىچە بېلىمنى رۇسلىيالماي، قەددىمنى تىكلىيەلمەي يۈرۈيدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن! جاسارىتىمنى، ئەسلىدىكى بۈيۈكلۈك روھىي قاتلىمىدىكى جۇشقۇنلۇقۇمنى، تەپەككۇرۇمنى، نېرۋا سۈزۈكلۈكىمنى ئىزدەپ تاپالىشىم مۇمكىنمۇ؟ بىلمەيمەن. بىراق مەن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشنى خالىمايمەن. ئەمما مەن چەكسىز ھارغىنمەن. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەسۋىرلىگۈسىز ئاجىزلاپ كەتتىم. ئەقلىي كۈچۈم، نېرۋام ئاجىزلاپ كەتتى... تۇرمۇش مېنى قوينىغا ئالمىدى. ئۆكۈنىدىغىنىم قۇربان بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان بىر نادانلار قوۋمى، شەخسىيەتچى، كور ۋە نادان بىرسىگە قۇربان بەرگەندىمەنمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت.

پەرزەنتىمنىڭ ئىڭەلەپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن تەڭ پۈتكۈل كائىناتقا ئانىلىق نەزىرىمدە كۈلۈمسىرەپ باقتىم... مەن ئانا، دەيدىغان بىر سادا بىلەن پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمدىكى ھەممە نەرسە لەرزىگە

كەلدى. سەزگۈلىرىم قايتىدىن ئويغىنىپ، نېرۋىلىرىم سەگەكلەشتى، تەسۋىرلىگۈسىز بىر مېھىر ئېقىمى ۋۇجۇد - ۋۇجۇدلىرىمغا تارقاش بىلەن تەڭ، ئۆزۈمنى دۇنياغا باشقىدىن يارالغاندەك ھېس قىلدىم. سوغۇق قان بىر مەسئۇلىيەت، تەلەپچان، پەرۋىشكار بىر ۋەزىن ئانىلىق سۈپىتىمگە بىرىكىپ كەتتى… توغرا، مېنىڭ ھاياتىم ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق ئەمەس، مەن ئۆزۈمنى ئويلاشتىن بالامنى ئويلاشقا، ئۆزۈم ئۇچۇن تىرىشىشتىن بالام ئۇچۇن تىرىشىشقا، قىسقىسى ئۆزۈم ئۇچۇن ياشاشتىن پەرزەنت ئۇچۇن ياشاش بەختىگە، شەرىپىگە ئېرىشتىم.

ئانا بولغانلىقىم ئاياللىق تۇرمۇشۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، ئانا بولغانلىقىم تۇرمۇشقا، ئۆزۈمگە ۋە شەيئىلەرگە، باشقىلارغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىشنى يېڭىدىن باشلىغانلىقىمنىڭ ۋە باشلىشىم كېرەكلىكىنىڭ جانلىق پاكىتى!

ئانىلىق پەزىلەت دۇنيادىكى ئەڭ مېھىرلىك، ئەڭ ئۇتلۇق، ئەڭ خالىس ۋە ئاجايىپ پەرۋىشكار ۋە ساداقەتمەن پەزىلەتكى، ئۇنىڭ ھارارىتىدىن قۇياشمۇ ئېرىپ كېتىشكە تەييار تۇرسا كېرەك!… دۇرۇس مەن ئانا بولغانلىقىمنى ھېس قىلغاندىن باشلاپ، ئۆزۈمنى قايتىدىن دەڭسەپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ ياساپ چىقتىم. چۈنكى، مەن پەرزەنتىمنىڭ مېھرىبان ئانىسى بولۇپلا قالماي، پەرۋىشكار ئۇستازى، تەلەپكار يېتەكچىسى، سىرداش دوستى بولۇپ، ئۇنى يۈرىكىم ئارىسىغا ئېلىپ ئاسراپ، ئىسسىقلىق ھارارىتىم بىلەن ئۆستۈرۈشۈم، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشىم كېرەك. ئۇنى ياراملىق يۈكسەك ساپاغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئارتۇق ماڭا يەنە قانداق شەرەپلىك ۋەزىپە، يۈكسەك ئارزۇ بولسۇن؟ چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى مېنىڭ ھاياتىمنىڭ داۋامى ئەمەسمۇ؟ بىر ئانا ئۇچۇن پەرزەنتىنى ھەر جەھەتتىن سۈپەتلىك تەربىيىلەشتىن ئارتۇق شان - شەرەپ ۋە ئۇلۇغۋار ۋەزىپە يوق.

مەن ئانا بولغاندىن باشلاپ ئۆزۈمنى ئويلاش ئەركىنلىكىمدىن شەرەپ بىلەن مەھرۇم بولغانلىقىمنى ھېس قىلغان، شۇنداقلا ئۆزۈمنى ئويلاشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى پەرزەنتىمنى ئويلاش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدىم. شۇڭا ئانىلارنىڭ شۇ قەدەر جاپاكەش،

شۇ قەدەر مېھرىبان ۋە تەڭداشسىز پىداكار، تەسۋىرلىگۈسىز بەدەل تۆلىگۈچى ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ بىر ھەسرەتلىك مۇھەببەتتە ئاستا - ئاستا ھېس قىلىۋاتىمەن... ئانىلىق بەختى ئېلىپ كەلگەن بۇ تاج ئادەمگە ھەم خۇشاللىق، ھەم كىشەنلەنگەن ھايات ئېلىپ كەلسىمۇ، كەينىمگە يېنىشنى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشنى خالىمايمەن. چۈنكى مەن ئۆزۈمنى ئويلاش ئەركىنلىكىمدىن ئاللىقاچان مەھرۇم بولغانلىقىمنى بىلىمەن.

خوتەن. يىل - 2003

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئانا، مېنى باغرىڭغا باس

قىزلارنىڭ ئانا ئىكەنلىكىنى، ئانىلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ، يىغىنچاقلىغاندا تەرەققىياتنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىۋاتقىنىمىزغا، شۇنداقلا ئانىلارنىڭ ساپاسى ھەققىدە قىزىق نۇقتا پەيدا قىلىپ توختىلىشىۋاتقىنىمىزغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالدى. دېمەك بىز يېڭى ئەسىرگە كىرىشتىن تۆت - بەش يىل ئىلگىرىلا بۇ مەسىلىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئەدەبىيات - ئاخبارات ساھەسىدە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىغان. بەس - مۇنازىرە، لېكسىيە سورۇنلىرى ھازىرلاپ، ئانىلارنىڭ يېڭى ئەسىرگە مۇناسىپ ساپا بىلەن قەدەم ئېلىش مەسىلىلىرى ھەققىدە، ئويغانغان ئېڭىمىز بىلەن خېلى مەردانە گەپ - سۆزلەرنى قىلىشقان.

پەرزەنت تەربىيىسىدە، بولۇپمۇ قىزلارنى تەربىيىلەشتە ئانىنىڭ رولىنىڭ ئەڭ چوڭ، پەرزەنت قەلبىدىكى ئورنىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز، ئانىلارمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. كۈندىن - كۈنگە نۇر تېزلىكىدە يۈكسىلىۋاتقان تەرەققىيات، ئۇقۇشقا بېرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، جەمئىيەت ئېھتىياجى قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىز، سۈركىلىشچان خىرىسلار، ئانىلارنى تېخىمۇ سەگەك قىلىپ، پەرزەنتلىرىنى ۋە ئۆلارنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئەنسىرەيدىغان قىلىۋەتتى. تۈرلۈك جىددىي سىگناللار ۋە خىرىسلار ئىچىدە نېرۋىسى چىڭقىلىۋاتقان ئانا 80 -، 90 - يىللاردىكى خېلىلا خاتىرجەم ئانا شۇ ئىدى. جەمئىيەت، ۋەزىيەت شۇنى شۇنداق بىر سىگناللار بىلەن جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. ئەمما ئۆلاردىكى مەدەنىيەت سەۋىيە، تەربىيە ئۇسۇلى، ھېسسىي جىددىيلىكتىن، ئەقلىي سوغۇق قانلىقا، چۈشەنچە خاراكتېرلىك ئادىدىن ئەمەلىي، ئىلمىي، مۇنتىزىم، جانلىق تەربىيە شەكلىگە كېلەلىدىمۇ - يوق، دېگەن مەسىلىگە ھېچقايسىمىز ئەمتىرىمەي، كېلەلىدى، دېيەلمەيمىز. بۇرۇنقى

ئانىلىرىمىزمۇ شۇ. ئۇلارنى بىرەر ئالىي مەكتەپتە قايتىدىن تەربىيە-لىگىنىمىز يوق. ئۇلاردىكى ساددا باغرى يۇمشاقلىق بىلەن كۆز ياش-لىرى بىز ئۈچۈن ئېقىپ كېتىۋاتقىنى، بىز ئۈچۈن ھەممىنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ، ئۇن - تىنسىز ئېرىۋاتقان ساپ يۈرەك! شۇنداق ئۇلار پەرزەنتلەر ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرىشكە تەييار. كەم نەرسە مۇشۇ خىل خالىس ئەڭ ساپ روھتىن كۆكلەپ چىققان ئەقەللىي سوغۇق قان تەلەپ. ياۋاش، ساددا ئانىنىڭ ئىللىق قۇچىقى بىلەن يەنە تەلەپچان، دادىل، مەردانە ئانىنىڭ ئۆتكۈر نەزەرلىرى بىلەن ھاياتلىق مۇساپىمىزگە قەدەم ئېلىشنى ئۆگىتىشى، نازارەت قىلىشى، مەشىقىمىزنى كۆزىتىپ، ئىنكاس، تەلەپ قايتۇرۇشى، بۇ گويا شا-گىرتنى مەشىققە سېلىۋاتقان مەشقاۋۇلنىڭ تەلەپچانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ئۇنداق جاپالىق مەشقلىرىمىزنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمايتتى. مەشىققە بولالماي قالساق، بىزنى ئەيىبلەپ ھەم ئىلھاملاندۇرۇپ، ئانچە - مۇنچە دېكتاتۇرىمۇ يۈرگۈزۈپ، داۋاملىق مەشىق قىلىشقا ئۈندەش ئەمەس، يۈگۈرگەنچە بېرىپ بىزنى باغرىغا بېسىپ، يۈز - كۆزلىرىمىزنى سۈرتكەن پېتى قولىمىزدىن يېتىلەپ مەشىق مەيدانىدىن، بەيگە مەيدانىدىن ياندۇرۇپ ئەكىلىپ، تامىقىمىزنى يۇۋۇلەپ تۇرۇپ، بىر قوشۇق - بىر قوشۇقتىن يېگۈزۈپ قويۇپ، ئېغىز - بۇرنىمىزنىمۇ ئۆزى سۈرتۈپ قويىدىغان، تولىمۇ ساددا، جاپاكەش ئانىلار ئىدى. بىزمۇ ئاشۇ ئانىلاردىن تەربىيە ئالغان، مې-ڭىش يولىنى ئۆگەنگەن ئانىلارمىز.

پەرزەنتىمىزنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئويلايدىغان ۋە تارىخىمىزدىن بىرى ئەڭ تەرەققىي قىلغان زاماندىكى ئانا بولۇش شەرىپى، بىزنى ئۆز نۆۋىتىدە تارىختىن بۇيانقى غەم - ئەندىشىلىرىمۇ ئەڭ كۆپ، مەدەنىيەت ساپاسىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولۇش تەلەپ قىلىنىغان ئانىلارغا ئايلاندۇردى. بۈرۈنقى ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ھالى قۇدرەت ئوقۇتسا، ئاندىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويسا غەمدىن، يۈكتىن ئاجرايتتى. ھازىرقى ئانىلارغا پەرزەنتنى بېقىش، ئوقۇتۇش، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشتىن باشقا، ئىشقا

ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىدىن شاللىنىپ كېتىش ـ كەتمەسلىكدىن ئەنسىرەش، شۇ سەۋەبتىن بولسىمۇ، كىچىكىدىن باشلاپ تۇرلۇك پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى پۇختىلاپ ئىگىلىتىش، تۇرلۇك قايناملاردىن ئۆزۈپ، ساق ـ سالامەت چىقىشنى پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىش ۋە ئىلھام بېرىش··· قاتارلىق نۇرغۇن تەلەپ ۋە جاھاندارچىلىق سەنئىتىنى، ئاياللىق سەنئىتىنى، ئۇستىدىن قوشۇپ ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك.

بىر قىز ئۇچۇن ئانىنىڭ تەربىيىسى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇي بىلەن خىزمەت، تۇرلۇك ئاممىۋى مۇئامىلىلەر بىلەن ئائىلىۋى تور، ئۆزى بىلەن ئەر ۋە پەرزەنت ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ ئالدىراش ۋە تىنىمسىز قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتقان، بوگۇنكى ئەڭ جاپاكەش، ئەڭ تىنىمسىز ئانا، ئاشۇ جىددىيلىكتىن ئېشىنىپ، بىر قىزنى يەنى كەلگۇسىدىكى بىر ئانىنى تەربىيىلەش ئۇچۇن تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل نەزەرلىرىنى قىزىغا قارىتىشى كېرەك.

قىزىڭىزنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلا سىز بىلەن كۆپرەك بىرگە تۇرىدىغان ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ۋاقتىدىن باشلاپ، ئۇلار سىزدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ياشاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. قىزىڭىزنىڭ ئىستىقبالى، جەمئىيەت ئېھتىياجى، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ھەققىدە ئويلىنىپ، ئىزدىنىپ چارچاپ كېتىسىز، ھەم بۇ خىل سورئەتكە يېتىشىپمۇ بولالمايسىز. ئەڭ ياخشىسى قىزىڭىزنى جانلىق بىر ئادەم، بىر ئايال، بىر مۇستەقىل ياشىغۇچى دېگەن نۇقتىنى نەزىرىڭىزدىن ساقىت قىلماي تۇرۇپ، ئادىمىيلىك ھەققىدە تەربىيە بېرىشتىن ئىشنى باشلاڭ. بەك چوڭ تەرەپلەرگە ئېسىلىۋالسىڭىز چارچاپلا قالماي، ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز. شۇڭا ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ۋە ئۆزىڭىزگە يېقىشلىق تەرەپلەردىن ئىشنى باشلاپ ئۆزىڭىزنى نازارەت قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئانىلارغا ۋە ئۆزىڭىزگە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن باھا بېرىپ تۇرۇڭ، تولۇقلايدىغان تەرەپلەرنى ھەممىمىز بىرلىكتە تولۇقلايلى:

1. بىلىم قۇرۇلمىمىز قايسى دەرىجىدە تۇرۇۋاتىدۇ؟

قىزلىرىمىزنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلىرىنى بىلىپ، شۇنىڭغا ماس تەربىيە بېرەلىدۇقمۇ؟

2. ئۆزىمىزنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىمىز ۋە ياشاش ئادىتىمىز قىزلىرىمىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىغا ئەرزىمدۇ؟ قىزلىرىمىزغا قايسى جەھەتتىن يامان تەسىر بېرىۋاتىمىز؟

3. ھازىرغا ماس بۇرچلىرىمىز قايسىلار؟ بىز قانچىلىك ئادا قىلىۋاتىمىز؟ ئانىلىق بۇرچىمىز ئادا بولدىمۇ ـ يوق؟

4. قىزلىرىمىز بىلەن يات ـ سىردىشىپ تۇرالىدۇقمۇ؟ ئۇلارنى قايسى تەرەپلەردىن تەربىيىلەپ، ئۆزىمىزنى قايسى جەھەتلەردىن تولۇقلىدۇق؟

5. قىزلىرىمىزنى تەربىيىلەشتە ئۇستىمىزدىكى يۈكنى ھېس قىلدۇقمۇ؟ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن قايسى كونكرېت تەرەپلەردە چىقالىدۇق؟

6. قىزلىرىمىزغا ئېسىل ئەنئەنە، ئەخلاق تەربىيىسى بېرەلىدۇقمۇ؟ ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىشى قايسى دەرىجىدە بولدى؟

7. قىزلىرىمىزغا نومۇسچان، شەرمى ـ ھايالىق، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، قائىدىلىك بولۇش ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتە مۇۋاپىق ئۆلچەم كۆرسىتىپ بېرەلىدۇقمۇ ـ يوق؟

8. قىزلىرىمىزدا قانداق خاراكتېر يېتىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىۋاتىدۇ؟ مۇستەقىل قاراشقا ئىگە بولۇۋاتامدۇ ـ يوق؟

9. قىزلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى قايسى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ؟ بىز قايسى تەرەپكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىمىز؟ ئۇلارنىڭ قىزىقىشلىرىغا قانداق قاراۋاتىمىز؟

10. قىزلىرىمىزغا ئىشلىگەن تەربىيىلىرىمىز ئەمەلىيىتىمىزگە ماس بولدىمۇ ـ يوق؟ ئىلمىيلىككە ئىگە بولدىمۇ قانداق؟

بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كىتابىي بىلىمى، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى باشقا بىر گەپ، بىراق ئادىمىي پەزىلەتلىرى، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى تونۇشى ۋە بۇ خىل تونۇشنى، ئەمەلىيىتى

www.uyghurkitap.com



بىلەن بىرلەشتۈرەلىشى باشقا بىر گەپ. ئەڭ مەركەزلىك تەرەپ شۇكى، بۈگۈنكى تېخنىكىلىشىپ، ماددىيلىشىپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتتە ئادەمنى، ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن پەرق قىلىدىغان بىر تەرەپ، ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتىدۇر. بىز نۇرغۇن ئۇچۇر ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن قوبۇل قىلىپ، ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالايمىز - يۇ، جانلىق بىر ئادەمنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۇنىڭدىن تاپالمايمىز. بىزنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتىمىز، ئىنسانلىق روھىمىز يەنىلا ئىنسانلىق مېھرىگە، مۇئامىلىگە موھتاج. ئىنسان روھىنىڭ غېرىبلىقىنى، ئىنسان روھىنىڭ پاجىئەلىرىنى يەنىلا ئىنسانىي تەربىيە ئارقىلىق يېتىلگەن كامالەت ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولغان روھىي جەريانلار يۈكسەكلىكى ھەل قىلالايدۇ، يوقىتالايدۇ.

قايسى بىر مۇتەپەككۇر: ئەقىدىسىز ئالىم، كىتاب ئارتىلغان ئېشەك دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان. تۈرمۇش رېتىمى بارغانسېرى تېزلىشىپ، تۈرلۈك ئىشلار مېخانىك ھالدا، تېخنىكىلىق ئورۇنلىنىۋاتقان، ئادەملەرنىڭ قەدەملىرى تېزلەپ، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش پۇرسىتى ئېشىنىمايۋاتقان بۈگۈنكى ئۇچۇر، پەن - تېخنىكا دەۋرى ئۇچۇن، مۇناسىۋەت تورلىرى، ئىجتىمائىيەت قايناملىرى ئۇچۇن، بىز روھى ئويغاق قىزلار ۋە ئانىلارغا، مېھرىگە، ۋۇجۇد - ۋۇجۇدلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان ئېچىرقاش، مېھىرسىراش بىلەن تەلپۈنۈۋاتىمىز. قەۋەت - قەۋەت بىنالاردىن قەد كۆتۈرگەن تاش شەھەرلەر، ئانا تەبىئەتنى سېغىنغان كەبى، ئېلېكترون ئۇچۇر دەۋرىنىڭ كۆنۈپكىلىرىدا ئالدىراش چۆرگىلەۋاتقان، كاللىسى سان - سىفىر، ئۇچۇرلار ئامبىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ، مايسىراۋاتقان روھى، يەنىلا ئانىلارغا باغلانغان مىننەتسىز ساپ مېھرىنىڭ، شاخلاپ كۆكلەشلىرىگە، تۈرلۈك چىغىر يوللارغا زىننەت، ھاياتىي كۈچ ۋە يېشىللىق روھى بېرىپ، يېتىم روھلارنى پەرۋىش قىلىشقا، ئاڭا مەدەت، كۈچ ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىشقا موھتاج. ھەممە ئانىنىڭ ئىللىق باغرىدىكى پەرۋىشكە، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان تەلەپچانلىقىغا موھتاج!

بالىلىق سەبىيلىكى بىلەن پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەش زۆرۈرىيىتىدىكى جىددىيچىلىكتە، قىزلىق تەبىئىتىدىكى يېتىملىككە ئۆزىنى ھارغىن ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە غىل ـ پالنى بايقاۋاتقان قىزىڭىز يالغۇزلۇق ھېس قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۆگىنىشلىرىگە، بىلىشكە تېگىشلىك ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى كۆپ بولغىنىغا ئوخشاشلا، قىزلىق، ئاياللىق، ئانىلىق، ئادىمىيلىك تەرىپاتلىرىدىكى كەلگۈسى ئۈچۈن، بىلىشكە تېگىشلىكلىرىنى، ئۆزىنىڭ تەربىيىلىشى، مۇستەقىل، توغرا، دادىل، يول، نىشان تاللىيالايدىغان بولۇشى تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى ئۇ ئىنسان ئىكەن، ئىنسانلىق تەرىپاتتا ياشاش ئىقتىدارىغا، ئايال ئىكەن ئاياللىق سەنئەت ۋە سۈپەتتە مەردانە ۋە مەنىلىك ياشاش كامالىتىگە يېتىشى زۆرۈردۇر.

بىر قىز ئۈچۈن يېتىلىش مەزگىلىدە فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە جەھەتتىن يېتىلىشتىن باشلاپ، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تاللاش، ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە قايسى يولدا مېڭىشقىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىچكى تەربىيىلىنىشىگە باغلىق.

بۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئانىنىڭ ياردىمى، يېتەكلىشى، تۈرتكە بولۇشى بىلەن بولىدۇ. تېڭىرقاش، قورقۇش، ئۆزىنى يەككە ـ يېگانە ھېس قىلىش ئىچىدە تەمتىرەۋاتقان قىزنىڭ روھىي قاتلاملىرىدا، شۇنداق بىر سادا تەبىئىي ئوخچۇپ چىقىدۇ: ئانا، مېنى باغرىڭغا باس! پەقەت سەنلا مېنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر پەرۋىشچىم، ئەڭ سادىق ئىچكۆيەر مەدەتكارىم.

2004 ـ يىل. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈمنى تونۇۋالدىم

خىزمەتكە چىقىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى دەۋرىمنى ئەسلىسەم، ئۆزۈمدىن ھەقىقەتەن سۆيۈنىمەن. بۇ مەزگىلدىكى تىرىشچانلىقىم، زېھنىمنىڭ ئۆتكۈر، تەپەككۇرۇمنىڭ چوڭقۇر، جاسارىتىمنىڭ كۈچلۈكلىكى، ئىزدىنىشچان روھىمنىڭ چاپچىپ تۇرۇشى ياشلىقىمنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئىكەن.

كۈچلۈك غۇرۇر ۋە ئۆز قىممىتىنى يارىتىش، تونۇش سەۋەبىدىن، ئۆزۈمنىڭ يېشىغا ماس بولمىغان دەرىجىدە سوغۇق قان ئىدىم. مەسىلىلەرگە يۈكسەكلىك نۇقتىسىدىن چوڭقۇر قارايتتىم. قۇرۇق سۆز، قۇرۇق پاراڭ قىلىپ ئولتۇرىدىغان قىز ـ ئاياللار بار جايغا بارمايتتىم. ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسىغا قىزىقمايتتىم. كىتاب كۆرۈشكە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ھېس تۇيغۇ، كۆز قاراشلىرىمنى يېزىشقا ئامراق ئىدىم. ئاندىن تۈرلۈك ئاممىۋى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا ئامراق ئىدىم، ئۇنى تەشكىللەشكە، نۇتۇق سۆزلەشكە، كۆپچىلىك بىلەن ئىلمىي مۇنازىرە سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، تۈرلۈك مۇسابىقىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەۋەس قىلاتتىم. بۇ جەھەتتىن مۇئەييەن تەسىرىم ۋە تۆھپەممۇ بار ئىدى.

يۈكسەك مەنىۋى قىممەت قارىشى بىلەن مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىپ، ئاڭ ساپاغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىم، كىشىلەرگە شۇ بويىچە مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىم ھەمدە ئۆزۈمگە بەك ئىشىنىدىغانلىقىم، مۇستەقىللىق ئېڭىمىنىڭ بەك يۇقىرىلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەرگە تەكەببۇر كۆرۈنەتتىم. ئۆزۈممۇ ياسىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۆزىنى تۈزەپ يۈرگەن، ئىلمىي ئاساستىكى خاراكتېرى ئۈستۈن قىز ـ ئاياللارنى ياقتۇراتتىم. قورسىقىدا ئۇماچنىڭ تايىنى يوق، ئاڭ ساپاسى تۆۋەن، دۇنيا قارىشى ناچار تۇرۇپ غادىيىۋالىدىغان-

لارنى ئۈچ كۆرەتتىم. دەرىجىدىن تاشقىرى كىچىك پېئىل، كۆلۈپلا تۇرىدىغان، بىر ئېغىز گەپ سوراپ بولغىچە بەش ئېغىز جاۋاب بېرىپ تۇرىدىغانلار بىلەنمۇ خوشۇم يوق ئىدى. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمىدىغان، كىشىلەرگە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرغان ئاساستا ئىلمىي مۇئامىلە قىلمىدىغان، يېقىملىق ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىيالايدىغان قىز - ئايال-لارنى ياقتۇراتتىم. نەزىرىمدە بۇنداق قىز - ئاياللار ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلەتتى. قانداق ياشاش، ئائىلە، جەمئىيەت، خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايتتى. ئەرلەرمۇ بۇنداق قىز - ئاياللار-دىن ئەيمىنىپ مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارغا كەلسە - كەلمەس پاراڭ قىلالمايتتى. ئىچىدە كۆيسىمۇ ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى ياكى ئەيمىنەتتى، ئېھتىيات قىلاتتى. مەن بارلىق قىز - ئاياللارنىڭ ئەر-لەرگە شۇنداق تەسىر بېرىشنى، قىز - ئايال دېگەندە قايتىدىن ئۆزىنى بىر ئوڭشىۋېلىپ، كەيپىياتىنى، دىمەكچى بولغانلىرىنى دەڭسەپ، ئويلاپ بېقىپ، دىققەت قىلغان، ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئاندىن ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشنى بەك ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق بولغاندىلا قىز - ئاياللارنىڭ ئەرلەر قەلبىدىكى ئوبرازى قايتىدىن تىكلىنىپ، ئۇلارنى قورچاق ئورنىدا كۆرىدىغانلارمۇ ئازايغان بولاتتى. خىزمەتكە قاتناشقان ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە جەمئىيەتنى، كىشىلىك، ئىجتىما-ئىي مۇناسىۋەتلەرنى، كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت، ئەخلاق، قىممەت قا-راشلىرىنى چوڭقۇر چۈشەندىم. مەنىۋىيەتنى، مەنىۋى قىممەتنى ئە-مەس، ماددىي قىممەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، مىجەز - خاراكتې-رى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىدىيىۋى ساپاسى قانداق بولۇشتىن قەتئىي-نەزەر ئازراق ھوقۇقى بولسىلا ئېشەكنى غوجام دېيىشكە شەرەپلىك تۇيغۇدا تەييار تۇرۇش، ھوقۇقى، پۇلى يوقلارنىڭ كۆزگە ئىلىنماسلى-قى، ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشمەسلىكى مېنى قاتتىق سەسكەندۇردى. ۋىج-داننى، غۇرۇرنى يېگىلى بولامدۇ دەپ بىزەڭلەرچە سورالغان سوئاللا-رغىمۇ دۇچ كەلدىم. شۇنى چۈشەندىمكى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ھەممىدىن مەنىۋى قىممەتنى، روھىي بۈيۈكلۈكنى ئۈستۈن ئورۇندا قويۇشۇم، ئۆزەمنى قېزىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇشۇم، ئىزدىنىشىم، شەخ-سىي تۇرمۇشنى ئالدىدا ئويلاشماي، كەسپنى ئالدىن تاللىشىمنىڭ

ھەممىسى ئەخمەقلىق، رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالغانلىق بولىدىكەن.

ئەگەر توي قىلماي، بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتماي تۇرۇپ، ئۆزۈمنى كۈچلەندۈرمەن، ئىزدىنىمەن دېسەم، ماڭغان ھەربىر قەدىمىم باشقىلارنىڭ نەزىرىدە گۇمانلىق، سالام ـ سەھەت قىلىشقان بارلىق ئەرلەر بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەت بولۇپ تۇيۇلىدىكەن. ماڭغان قەدەممنىڭ سانىنى، رېتىمىنى ساناپ، بېكىتىپ، رېپىرلىق قىلىدىغانلار كۆپ ئىكەن. قىسقا كىيىم كىيسەم توۋا دەپ بۇرنىنى تۇتىشىدىكەن، ئۇزۇن كىيسەم قاراڭلار دېيىشىدىكەن، قېلىن كىيىم كىيسەم نېمە بولغاندۇر دەيدىكەن، نېپىز كىيسەم سۆز قويمىدۇق شۈكرى دېيىشىدىكەن. ئىشقىلىپ نېمە ئىش قىلىپ، قانداق رېتىمدا ماڭاي ياكى مېڭىشتىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ يېتىۋالاي، يەنىلا كىشىلەرگە ئەرزىمەيدىكەنمەن، يەنىلا ئۇلار قانداق شەكىلدە بولسام شۇ شەكىلدىن قۇسۇر تاپىدىكەن. ئۇلارغا بەرىبىر يارىمايدىكەنمەن. ئۇلاردىن قورقسامۇ شۇ، قورقمىسامۇ شۇ، ئېھتىيات قىلسامۇ شۇ، ئېھتىيات قىلمىسامۇ يەنىلا بەرىبىر ئىكەن. چۈنكى ئۇلاردا، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىدا ياكى باھالىشىدا مەلۇم ئۆلچەم، قېلىپ يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ باھاسى كوت ـ كوتلۇق، زېرىكىشلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن كىچىك بالا قورچاق ياساپ ئوينىغاندەك، ھەرخىل شەكىلدە گەپ ياساپ كۆڭۈل خۇشى قىلىش شەكلىنى ئالغان ھەسەتخورلۇق، ئىچى قوتۇرلۇق، مەۋقەسىزلىك، مۇستەقىل قاراشتىن ئەسەرمۇ يوق، يورغىلاتما، زەھەرلىك گەپ ـ سۆزلەر ئىكەن. نەتىجە قازانساڭ ھەسەت قىلغان، نەتىجە يارىتالمىساڭ كۆزگە ئىلمىغان مۇئامىلىلەر بىلەن قورشالغان بۇ كىشىلەر توپى ئىچىدە، ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىشمۇ، ئۆز خاسلىقىنى يوقىتىپ، يورغىلانما، يۇمىلاق خاراكتېردە قاينامغا قوشۇلۇشمۇ ئوخشاشلا بەك تەس ئىكەن. مەن قاتتىق گاڭگىراپ قالدىم، ئازابلاندىم، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغۇم يوق، پەقەتلا...

شۇنىسى ئېنىقكى، ئارتۇقچە بېسىم ئادەمنى چارچىتىپ، چۈشكۈنلەشتۈرۈپ قويىدىكەن. تۇرمۇش رېتىمىغا، قەدەملىرىمگە رېپىرلىق قىلىپ ماڭا سۈرئەت بەلگىلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلارنىڭ، باھالىغۇچىلارنىڭ كەلتۈرگەن بېسىمى ماڭىلا ئەمەس، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى



www.uyghurkitap.com

قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغىمۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىمۇ كۆچلۈك بېسىم ئېلىپ كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قىز بولغۇچى قاتمۇ - قات قىيىن قىستاق، قورشاۋ، بېسىم ئىچىدە قالىدىكەن. گويا ھەممە ئادەم ئۆزىگىلا تىكىلىپ تۇرغاندەك، كۇسۇرلىشىپ، يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ مېڭىش يوللىرىنى توسۇۋالغاندەك، ئاندىن ئۆزىدىن يىراققا ئىتتىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۆزىنى تولىمۇ يەككە - يېگانە، يېتىم ھېس قىلىشقا باشلايدىكەن. مەنمۇ شۇنداق تەسىرلەردىن خالىي بولالمىدىم. ھاياتىمنىڭ ئالتۇن پەسلى بىلەن يىغلاپ، ئاجايىپ كۆچلۈك ھەسرەتنى يۈرىكىمگە سىغدۇرالمىغان ھالدا خوشلاشتىم! . . . مېنى ئىللىق قوينىغا ئالمىغان كىشىلەر توپىغا بۇرۇنقىدەك يېقىملىق ۋە دادىل، كۆچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا ئەمەس، ئېتىبارسىزلا قارايدىغان، ئۇلارغا ئاغرىنىش ئىچىدە جىمىغۇر، پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغان بولدۇم. روھىي دۇنيايىم بۇرۇنقىدەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان سۈزۈكلۈك ۋە يۈكسەكلىكنىڭ ئورنىغا، تۇمانلىق چۆكمە ۋە جاراھەت بىلەن قاپلانغان تۇرغۇنلۇقتا توختاپ، ئۆزىگە مەھكۇم قىلىندى. تېنىك، جۇشقۇنلۇقۇم يوقالدى. ھەسرەتلىك بولساممۇ مەغرۇر قەددىم پۈكلەنمىدى. ئاخىرى ئاياللار توپىغا قوشۇۋېتىلىپ، مانا مۇشۇنداق كەيپىياتتا ياشاشقا باشلىدىم. ئەمما كاللامنى، يۈرىكىمنى، خاتىرەمنى ئالماشتۇرالمىغانلىقتىن مەن يەنىلا ئەسلىدىكى ئۆزۈم ئىدىم. چۈشىنىشتىن كېيىنكى ئېغىر سۈكۈتتە ئۆزۈمنى ئالداپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەكلەرگە ۋاقتىمنى، زېھنىمنى گول قىلىپ، كاللامغا ئاراملىق بەرمەي، روھىمنى تىڭشاشقا ھەم ئۆزۈمگە پۇرسەت بەرمەسلىككە دەرىجىدىكى ئالدىراشلىقتا ھېرىپ - چارچاپ يۈردۈم. ئۆزەمنى شۇنداق ئىشلارغا بەنت قىلىپ، ئاستا - ئاستا تۇرمۇش قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتمەكچى ئىدىم. تولىمۇ ئەپسۇس، قەدىر - قىممىتى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى، ئىپپىتىنى ئازراق ئىجتىمائىي، ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن ئۆچرەتتە تۇرۇپ سېلىپ بېرىۋاتقان ئەر - ئاياللار توپى، مەندەك ياۋايىنى يەنىلا قوينىغا ئالالمىدى. مەن ئۇلاردىن ئۆزۈمنى، كۆزۈمنى قاچۇرۇپ، يەنىلا ئۆزۈمگە قايتىپ كەلدىم. ئۆزۈمنى تىڭلاشقا، ئۆزۈمنى قايتىدىن چۈشىنىشكە كىرىش-

www.uyghurkitap.com



تىم. ئەتراپىمدىكىلەرگە دىئاگنوز قويۇپ، ئۇلارنىڭ چىرىشكە باشلىغان روھىي دۇنياسىنى، چۈشكۈنلۈككە، خار ـ زارلىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان قىممەت قارىشىنى بايقىۋالدىم ھەم ئۆزەمنىڭ چاقناق روھىي كەچمىشىنىڭ سۆيۈملۈك ھەسرەتلىرىنى تونۇۋالدىم!. قىممەت ئازابلىرىمدىن چىقىپ، كۆز يېشىمغا ئايلانغان ۋىجدانىم بىلەن روھىمنى قايتىدىن يۇيۇپ چىقتىم، سۆيۈملۈك ئۆزۈمنى قايتىدىن تونۇۋالدىم!...

مەنىۋى كامالەت، روھىي بالاغەت، پۈتۈنلەنگەن قەد ئۈچۈن ئۆزۈمنى قەدىرلىشىم، ئۆز خاسلىقىمنى ساقلاپ ۋە يارىتىپ، روھىي ھاسىلاتلىرىمنى قېزىپ، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، چەكلىك ھاياتنى سۆيۈشۈم، ھەربىر كۈننى قەدىرلەپ، مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشۈم، ھەقىقىي ئۆزۈمنى يارىتىشقا تىرىشىشىم، ئاداققى ئۆزۈمنى ئىزدەپ تېپىۋېلىشىم كېرەك ئىكەن!

جەمئىيەتتىكى كىشىلەردىن، جۈملىدىن ئىجتىمائىي قاينامدا ھەرخىل رەزىل روللارنى ئېلىۋاتقان قىز ـ ئاياللاردىن، ئۆزۈمنى قايتىدىن بايقىدىم، قايتىدىن تونۇدۇم، ئىدىيىۋى ساپايىمنى، قىممەت كۆز قارىشىمنى، ئاياللىق قەلبىمنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن كېيىن، ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى. روھىمنى يېڭىمسىرىتىپ قويماي، قېيداش بىلەن بويسۇنۇش ئارىلىقىدىكى توقۇنۇش ئىچىدە ئۆزۈمنى ئالداپ، يۈرەك تىتۈشلىرىمغا، ئالغا ئىنتىلىش روھىمغا، پۈتۈنلەنگەن قەددىمنىڭ ئىزدىنىشى ئۈچۈن ھەسرەتلىك ئارمىنىمغا ئېتىبارسىز قارىماسلىقىم، ئۇنى زور ئىشتىياق ۋە ئەمەلىي تىرىشچانلىق بىلەن پەرۋىش قىلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى مەندە بولغان تۇيغۇ ھەممە ئادەمگىلا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ، ماڭا تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بۇ خىل روھىمنى قەدىرلىشىم، ئۇنىڭ پەرۋازىنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزۈمگە ۋە باشقىلارغا ئىشەنچ ئاتا قىلىشىم، مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچۇمنى ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئەمەس، قىممەت دۇنياسىغا باغلانغان رىشتىلەر ئۈچۈنمۇ ئادا قىلىشىم كېرەك!

ئايالمۇ، ئانىمۇ بولدۇم، ئاياللىقنىڭ ئەگرى ـ توقاي تۇيغۇلىر-

دا ئۆزۈمنى قايتىدىن قوراللاندۇرۇپ، پىشقان بولسام، ئانىلىقنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇقىنى يۈرىكىمنى ياندۇرۇپ تونۇپ ھېس قىلدىم. مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچۇمنى زامان تەرەققىياتىغا ۋە كىشىلەرنىڭ چۈشكۈنلىكىگە، ئەخلاق، ئادىمىي قىممەت، ئىدىيىۋى ساپاسىغا قاراپ ئاجايىپ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. . .

ئۆزۈم ياشاۋاتقان توپتىكىلەرگە، ئىجتىمائىي قاينامغا، ئاندىن ئۆزۈمگە قېيدىغان ئىدىم، ئۇلار پەرۋامۇ قىلمىدى. كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، يەر شارى ئايلىنىۋەردى، كىشىلەر يەنە شۇنداق ياشاۋەردى. ئۇلاردىكى ئىدىيە يەنە شۇ. يا ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كومپيۇتېرغا قاچىلىغاندەك يېڭى پروگرامما قاچىلاتقىلى، ئەسلىدىكىنى ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمىدى. ئەمما مېنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىم، نۇرغۇن قىممەتلىك پۇرسەتلىرىم كەتتى. بۇنىڭغىمۇ ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. كىشىلەرنىڭ ئاغزى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك ھەرىكەتتە، كۆز ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان ھەربىر شەيئى، ھەربىر ئادەم ئۇلارنىڭ نەزىرىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۇلار نېمە قىلىپ بەردى؟ تۈگىمەس چۈشكۈنلۈك ۋە ھارغىنلىق خالاس. جاسارەت، تەپەككۇر، ئەقلىي كۈچ بوغۇچلاندى خالاس. ئەسلىدىكى پەرۋازى بويىچە قويۇۋېتىلگەن بولسا، قانچىلىك بالاغەتكە يېتەر ئىدى بۇ پەرۋازلار! . . . ئەپسۇسلۇق ئىچىدە، دەز كەتكەن روھنىڭ قەددىنى قايتا تىكلەش زۆرۈر.

بىر كۈن ئۆتتى دېگەن سۆز، ئۆلۈمگە بىر كۈن يېقىنلىدۇق، بىر كۈن ئۆمرىمىز قىسقاردى، دېگەندىن بېشارەت بېرىدۇ. ئاشۇ بىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش، ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى، قىسقىغىنە ھاياتلىق سەپىرىمىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئىلكىمدىكى ھۇرۇنلۇقنى، ئاغرىنىشنى چۆرۈپ تاشلىدىم. ئۆزۈمگە خاس ياشىشىم، ئىجتىمائىيلىقتىكى تېڭىرقىغان، ھۇرۇنلاشقان، ئاغرىنغان ۋە ئىجتىمائىيلىقتا ئۆزىنى ھېس قىلالماي ھەم ھېس قىلىشتىن قېچىپ يۈرۈۋاتقان ئۆزۈم ئۈستىدىن غالىب كېلىشىم كېرەك ئىكەن. يۆنىلىشىمنى ئۆزۈمنى چۈشىنىپ، بايقاپ، ئۆزۈمگە ئەستايىدىل دىئاگنوز قويۇپ تونۇپ، ئۆزۈم بەلگىلىشىم كېرەك ئىكەن. مەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەنئەنـ

ۋى بىچارە ئاياللىق ئاتالغۇمدىن غالىب كېلىشىم، يېڭىچە، ئۆزۈمگە خاس ئاياللىق ئوبرازىمنى ئۆزۈم تىكلىشىم كېرەك! . . .

ئۆزۈمنى دەڭسەپ، ھېس قىلىپ تونۇۋالدىم. ئەسلىي يۆنىلىشتىكى يولۇمنى، جاسارەت، تىرىشچانلىقىمنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن دادىل ئىلگىرىلىشىم كېرەك. ئۆزۈمنى تۇرمۇشقا يەمچۈك قىلىپ خوراتماي، ئەسلىمنى ئىزدىشىم، قەددىمنى تىكلىشىم ھەم ئەتراپىمدىكى مۇھىت مېنى ئەمەس، مەن مۇھىتنى، ئۆز تۇرمۇشۇمنى يارىتىشىم كېرەك ئىكەن! .

2003 - يىل. قاراقاش

# ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنى

دەم ئېلىش كۈنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئائىلىدىكى ۋە سىرتتىكى نۇرغۇن خۇسۇسىي ئىشلىرىغا پىلانلانغان، تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان كۈن ھېسابلىنىدۇ. دەم ئېلىش كۈنىدە ئەڭ ئالدى بىلەن قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكىمىز. ئاندىن چوڭ تازىلىق قىلىش، ساتراشخانا ۋە ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا، ئۇۋۇلاش مەركەزلىرىگە بېرىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكىمىز. ئاندىن ئائىلە بويىچە جەم بولۇپ ياخشى ئائىلە تاماقلىرىنى مەززە قىلىپ يېيىشنى، تۇغقان يوقلاش، جەم بولۇپ سەيلى ـ ساياھەت قىلىش، ھەرخىل ئادىمىگەرچىلىككە بېرىش، دوستلار ئارا باردى ـ كەلدى قىلىش قاتارلىقلارنىمۇ دەم ئېلىش كۈنىدىكى پائالىيەت كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزىمىز.

ھەپتىلىك خىزمەت ھارغىنلىقىمىزنى چىقارغاچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بۇ پائالىيەتلەر دەم ئېلىش كۈنلىرىمىزنىڭ رېتىمىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈرۈپ، بىزنى يەنىمۇ ھارغۇزۇپ قويماقتا.

بىر ئايال ئۈچۈن ئېيتقاندا دەم ئېلىش كۈنى، ئۆزىنىڭ ئاياللىق مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ۋە ئۆزىنى بايقاش، قېزىپ چىقىرىشتىكى، ئۆزىگە تىكلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىدىغان ۋاقىت بولسىمۇ، ئەمما قېزىپ چىقىرىلىدىغان بۇ خىل مەزمۇن، ئايالنىڭ يېتىشەلمەيۋاتقان قەدەملىرى ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ.

ئائىلىنىڭ جەم بولۇشى ۋە خاتىرجەملىكىدىن خۇشاللىق تاپىدىغان ئايال، دەم ئېلىش كۈنى تاڭ سەھەردە پەرزەنتلىرىنىڭ پېشانىسىگە يەڭگىلغىنا سۆيۈپ، يولدىشىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيلەرنى پاكىزە تازىلاپ، مول ناشتىلىق تەييارلاپ ئائىلە ئەزالىرىنى كۈتۈپ تۇرۇش، ئاندىن

ئۇلار بىلەن مۇڭداشقاچ ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىپ، چۈشلۈك، كەچلىك تاماقلىرىنىڭ ئوخشىغان تەم، ئىشتىها بىلەن يېيىلىشىدىن سۆيۈنۈش ئىچىدە، ئائىلە بەختىيارلىقىغا چۆمۈشى، خاتىرجەم سوغۇققان ۋە مېھرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئىللىق ئائىلە مۇھىتى پەيدا قىلىپ، دەم ئېلىش كۈنىنىڭ مېھرىنى پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىغا زەنجىرسىمان چېچىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما زامانىۋىيلاشقان تۇرمۇش قەدەملىرىنى قوغلاپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى ئايالنىڭ ۋاقتى دەم ئېلىش كۈنىنىڭ ئىللىقلىقىنى، مېھرىنى، ئەسەبىي قەدەملىرى بىلەن سۈلغۈن ھالدا دەسسەپ كېتىۋاتىدۇ. يېتىشىپ بولالماي ھالسىراۋاتقان بىر ئايال ئۈچۈن يەكشەنبە ۋە شەنبىلەر، خىزمەت ۋاقتىدىكىدىن بەكرەك جىددىي ئۆتىدىغان ۋە بېسىم پەيدا قىلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى.

ئاخشىمى ئۇزاققىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئۇيقۇسىغا قانمىغان ئايال ئەتىگىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن ئاران تۇرىدۇ ـ دە، ھەپتىلىك سۈت، سەي، كۆكتات، گۆش ۋە يېمەكلىك سېتىۋالغىلى بازارغا يۈگۈرەيدۇ. ئۇ بارغۇچە، كەلگۈچە، بۈگۈنكى دەم ئېلىش كۈنىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ھەتتا ساناپ، يادىغا ئېلىپمۇ ئېلىشىپ كېتىدۇ. ناشتىلىق تەييارلاپ ئۆي يىغىشتۇرۇشتىن باشلانغان جىددىيلىك، كىر يۇيۇش، بالىلىرىنى يۇيۇندۇرۇش، ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش، كىيىملەرنى رەتلەش، دەزماللاش، بالىلار ۋە ئېرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئۆز ئارا پىكىر، قاراش ئالماشتۇرۇش ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش، چۈشلۈك، كەچلىك تاماقنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئېتىش، كۆڭۈللۈك غىزالىنىش، سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىش، ئائىلىنىڭ تۈرلۈك سودا ـ سېتىق، ھەپتىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرى، ئاندىن ئايالنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشىدىكى خۇسۇسىي ئىشلار. ئارىلىقتا قايسىدۇر بىر دوستىدىن كەلگەن تېلېفونلاردىكى كىيىم ـ كېچەك ماگىزىنلىرىغا، ساتىراشخانا، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا بېرىش، كېسەل يوقلاش، دوستلار، ساۋاقداشلار ئارا ھال سوراش، قوشنىلار، ساۋاقداشلار، تۇغقانلار، دوستلار. . . قاتار چايلىرىغا چاقىرىش ۋە

ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىيەتلىكلەر ئاياللارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئۇلارغا قاتتىق روھىي ۋە جىسمانىي بېسىم ھاسىل قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنى دوستلىرىنىڭ تۈرلۈك ماگىزىن، مېھماندارچىلىق، ئادىمگەرچىلىك سورۇنلىرىغا چىللىشى ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن تولىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، ئائىلىلەرگىمۇ كۈچلۈك بېسىم پەيدا قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

ھەپتىدىن ھەپتىگىچە ئۇسخىسى ئالمىشىپ تۇرىدىغان مودا كىيىملەر، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى بەس تالىشىپ سېتىۋېلىش، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرىنى كۆز - كۆز قىلىۋېلىش سورۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئادىمگەرچىلىك سورۇنلىرى، قاتار چاي ئولتۇرۇشلىرى ۋە ئۇندا يۈزلىنىۋاتقان ھەشەمەتخورلۇق ۋە غەيۋەت تۈسىنى ئالغان پاراڭلار ئاياللارنىڭ ئۆزىنىمۇ بىزار قىلىۋاتىدۇ. شۇنداق سورۇنلاردىكى كىيىنىش ۋە ياسىنىشقا قاراپ قىلىنىۋاتقان مۇئامىلىلەر، ھۆرمەتنىڭ دەرىجىلىرى، ياسىنىش قەدەملىرىگە يېتىشىپ بولالماي ھالسىراپ، بىزارلىق ھېس قىلدۇرۇۋاتقان ئاياللارنى، لەۋلىرىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەيدۇ. قىممەت باھالىق مودا كىيىملەرنى كىيمىگەن، زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقىمىغانلار، ئاياللار ئارىسىدا بىردەك كۆزگە ئېلىنمايدۇ، تۆرگە باشلانمايدۇ، ئۇنىڭغا سۆزمۇ بېرىلمەيدۇ. ئېتىبارسىز قېلىنىدۇ ياكى كەمسىتىش، ئىچ ئاغرىتىش مەنىسىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ خورلۇقتا چىدىمىغان ئايال ئۆزى خالىمىسىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مودا قوغلىشىش قەدىمىگە ماسلىشىشقا باشلايدۇ. ئاياLدىكى بۇ خىل ئىنتىلىش ئەرگە كۈچلۈك ئىقتىسادىي بېسىم ئېلىپ كېلىپلا قالماي، روھىي بېسىممۇ ئېلىپ كېلىدۇ. پەرزەنتلەرگە يامان تەسىر بېرىدۇ.

دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئائىلىدە ئەپلەپ - سەپلەپلا تاماق ئېتىپ بېرىپ، ھېلى ماگىزىنغا، ھېلى ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا، ھېلى تۈرلۈك ئادىمگەرچىلىك سورۇنلىرى، چاي سورۇنلىرى، يىغىلىشلارغا يۈگۈرەۋاتقان ئاياللار، پەرزەنتلىرىگە، ئېرىگە، خاتىرجەم، مېھرىلىك، ئاددىي - ساددا، ئېغىر - بېسىق، مېھرىبان، جەلپكار ۋە كۈچلۈك پەرۋىشكار، ئازادىلىك تۇيغۇسى بېرەلمەيدىغان بولدى. ئايال-

www.uyghurkitap.com



نىڭ ئالدىراشلىق بىلەن تەييار خېمىردا راسلانغان، ئائىلە پۇرىقى ۋە شۇ ئائىلىنىڭ تاماق ئېتىش سەنئىتى سىڭمىگەن، بازارنىڭكىدىن كۆپ پەرقى يوق تەييارلانغان، قولايلىق تاماق بىلەن غىزالانغان ئائىلە ئەزالىرى، ئائىلىنىڭ جىددىيلىكى سەۋەبىدىن كۆڭۈللۈك جەم بولالمايدىغان بولدى. تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ زېرىككەن ئەر سائىتىگە قاراپ ـ قاراپ، ئايالى كەلمىگەندىن كېيىن نەلەرگىدۇر يوقايدىغان، تاڭ كېچىلەردە مەست قايتىپ كېلىدىغان، غېرىبانە هالدا ياكى قوپال هالدا ئېگىز ـ پەس سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. پەرزەنتلەر ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، قورۇق نانىنى غاجىلاپ موككىدە چۈشۈپ ئۇخلاپ قالىدىغان بولدى. بىر ئائىلىنىڭ تىراگېدىيىسى مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە زوقلىنىپ قاراشلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ، خاتىرجەم بولۇپ كۆڭلى توق، شادىمان هالدا ئۆز مەشغۇلىيەتلىرى بىلەن بولۇشى، قىلغان ئىشلىرىنى، ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرسىتىپ ماختىنىشى، ئۇلاردىن مەدەت ۋە رىغبەت ئېلىشى، ئۇلارغا ئەركىلەپ، ئۇلار بىلەن بالىلىق ساپ تۇيغۇلىرىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشى، شوخلۇقى، توقلۇقى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى سولغۇنلۇق، هورۇنلۇق، كەيپىياتىدىكى بىنورماللىق قاپلىشى پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە، مىجەز ـ خاراكتېر، قىزىقىش، ئۆگىنىشىگە ناهايىتى زور سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەر گەرچە بىر ئائىلىگە تۈۋرۈك، ئايال ۋە پەرزەنتكە باشپاناھ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۆڭۈل ۋە ئارزۇ تەلەپكە ئىگە جانلىق بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن تەسەللىگە، رىغبەتكە ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتكە تەشنا. ئۇ ئايالىنىڭ پايپېتەك بولۇپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى كۈتكەندىن سىرت يەنە، ئايالىنىڭ ئۆزىگە سىرداش دوست، پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولالايدىغان سادىق، پىداكار ياردەمچى ۋە بەزىدە ئۆزىگە ئۇستاز، بەزىدە مېھرىبان پەرۋىشكار ئانا، رىغبەتلەندۈرگۈچى، پىكىرداش، يولداش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئائىلە مەسىلىلىرىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىدىغان، پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، بىر

ئائىلە كىشىلىرى ئورتاق جەم بولۇپ ئائىلە خۇشاللىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، شۇنداقلا ئەر بىلەن ئايال بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىدىغان، تەپسىلىي مۇڭدىشىدىغان، ئورتاق پائالىيەت قىلىپ، بىر ـ بىرىگە چوڭقۇر مېھىر يەتكۈزىدىغان، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەپتىلىك خىزمەت، تۇرمۇش جىددىيلىكىدە يولۇققان مەسىلىلەرنى ئورتاق پىكىرلىشىپ ھەل قىلىدىغان ئەڭ ياخشى كۆڭۈل، ھېسسىيات، پىكىر ئالماشتۇرىدىغان پەيتتۇر. ئەمما ئايالنىڭ يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر تۈپەيلى پەيدا قىلغان جىددىيلىكى، پەرزەنتلەر قەلبىنى بوش، ئەرلەر قەلبىنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئايالىق، ئانىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىغا توساق پەيدا قىلىپ، ئۆزئارا يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئانىلىق پەرۋىش، ئايالىق مېھىر ۋە سېھرىي كۈچ يوقاشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

بىر ئائىلىدىكى ئايالنىڭ ئىللىق پەرۋىشى ئاجىزلاشتى دېگەن سۆز، ئۇ ئائىلىنىڭ ئۆلى يېمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەندى دېگەنلىك بولىدۇ. پەرزەنتلەر قەلبى پەرۋىشسىز، بوش، مېھىر ۋە مۇھەببەتسىز قېلىپ تاشلىۋېتىلدى، دېگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇنداق ئائىلىلەر پاجىئەسىنىڭ مەنبىئىي يەنىلا دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئائىلە قارشىنىڭ سۇسلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىرگەن بۇ خىل يۇقىرى ئىستېمالنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان رەسمىيەت سورۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىقلىرى كىشىلەرنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپلا قالماي، زېھنىي، ئەقىل ـ ئىدرىكىنى، ئائىلىسىنىمۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتەك يوقىتىش ھادىسىسىنى پەيدا قىلماقتا. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بايقاپ ۋە چۈشىنىپ، ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلمىغان مەدەنىيەتسىزلىك قاپلىغان بۇ خىل مەدەنىي يۈزلىنىش، ماھىيەتتە مەدەنىيلىكنى دوراش بولۇپ، قاتمۇ ـ قات مەدەنىيەتسىزلىك ۋە قاششاقلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ تولىمۇ كەم بولۇشى، يېتىشەلمەيۋاتقان ئائىلە ـ ئىدىيە، مەنىۋى تەربىيە، كونترول قىلى-

ىپ، مۇۋاپىق پايدىلىنىلمىغان ۋاقىت، تۈرلۈك رەسمىيەتلەر جىددىيلىككە بولۇشقا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، ئىرادە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى مەۋقەسىزلىك، ئاياللارنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن زەھەرلەپ، مىجەز - خاراكتېر، دۇنيا قاراشتا ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئەمەس، كەينىگە دەسسىتىپ، ئۇلارنى چارچىتىپ، هورۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك ۋە ئازغۇنلۇققا باشلىماقتا. ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، ئەرنىڭ، پەرزەنتنىڭ قەلبىدىكى ئورنى بوش قالغانسېرى، زامانىۋىلىشىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئائىلىلەرنىڭ لىڭشىپ قېلىشى، پارچىلىنىشى تېزلەشمەكتە. جەمئىيەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان، ھەربىر ئائىلىلەردە پائالىيەت قىلىپ، ئائىلە ئەزالىرىغىچە ئەڭ زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئايالنىڭ بۇ خىل ئەسلىي رولىدىن، سېھرىدىن ئاجىزلىشىشى، جەمئىيەتنىڭ ئائىلىلەرنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىنى شالاڭلىتىپ، ئەخلاقىي تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزماقتا. ئىقتىسادنى ئادەملىك قەدىر - قىممەت، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىپ، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ھېچنەرسە يوق قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىنسانىيەت روھىغا ئاجايىپ زور يوقىتىشنى چىللىماقتا.

بويتاقلارنىڭ كۆپىيىشى، ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە تۈگىمەس جېدەل - ماجىرا، ئىدىيە كۆرەشلىرى پەرزەنتلەرنىڭ، بالىلارنىڭ قەلبىنىڭ يېتىملىكىنى، مىسكىنلىكىنى كۈچەيتىپ، بالىلارغا خاس غەمسىز، شوخ كۈلكىلىرىگە ئويناپ - تاقلاپ بالىلارغا خاس ئەركىن - ئازادە پائالىيەت قىلىشىغا سايە تاشلاپ تۇرماقتا.

بالىلارنىڭ قەلبى بوش قېلىۋاتىدۇ.

ئائىلە مېھرى، ئىللىقلىقى يېتىم قېلىۋاتىدۇ.

ئەرلەر يالغۇزسىراپ ئەسەبىيلىشىۋاتىدۇ، چۈشكۈنلىشىۋاتىدۇ.

ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنىدىكى ئائىلىلەرگە، ئائىلىدىن جەمئىيەتكە، جەمئىيەتتىن ئادەملەرگە، ئادەملەردىن ئادەملەر مۇناسىۋىتىگە، ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىن ئەر - ئايال، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر مۇناسىۋىتىگە، چوڭلار بىلەن كىچىكلەر، ئاتا - ئانىلار مۇناسىۋىتىگە، بۇنىڭدىن پەرزەنتلەرنىڭ ئەھۋالىغا،

روھىي كەيپىياتىغا ئاندىن جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشى ۋە بىر پۈتۈن قىياپىتىگە، مەنىۋى ھاۋاسىغا، مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەركەزدە ئايال ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇندىكى ئاياللىق سۈپەت، ئاياللىق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت، ئاياللىق مېھىر ۋە ئاياللىق پەرۋىش قەلبىنى قەلبكە، مېھرىنى مېھىرگە ئۇلايدۇ. ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئۇنىڭ ئۆزىنى بېيىتىش، بايقاش ۋە ئىپادىلەش، قېزىش ۋاقتى.

ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئەرنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلپۈنۈشىدىكى ياخشى پەپىلىنىدىغان، پەرۋىشلىنىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەت كۈنى. ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئائىلە ئۇل تېشىنىڭ پۇختىلىنىدىغان دوقمۇشى.

ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنى پەرزەنتلەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە يېتىلىشىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ ۋە مۇكەممەل جەمئىيەتنىڭ ۋاقتى. ئايالنىڭ دەم ئېلىش كۈنى پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىنى يېتىلدۈرىدىغان، تەسىر كۆرسىتىدىغان، جەمئىيەتنى پۇختىلايدىغان، شۇ ئاساستا ھەممىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ھەممىنى قالايمىقان قىلالايدىغان، ھەر ساھەگە چېتىلىدىغان مەركەز.

ئادەملەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشى ۋە ئۆزىنى چۈشىنىشى ھەرگىزمۇ، ئەتراپىتىكى شەيئىلەرنى چۈشىنىشىدىكى بىلىشكە ئوخشىمايدۇ. ئىنسان ھامان ئۆزى ھەققىدە بىلىشكە، توغرا دىئاگنوز قويۇشقا تولۇق مۇۋەپپەق بولالماي ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇڭا دائىم خاتالىشىپ تۇرىدۇ، خاپىلىق ۋە خۇشاللىقلارغا، كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى تولۇق چۈشەنگەن ۋە شۇ ئاساستا توغرا يول تاپالايدىغان بولغان بولسا خاتا قەدەم باسماس ئىدى. ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ، تەبىئىيلىك بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ مۇرەككەپ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئادەم ناھايىتى مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ھەرىكەتنىڭ قورشاۋىدا مەۋجۇت. شۇ ۋەجىدىن ئادەملەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ئۈزلۈكسىز بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى مۇكەممەل چۈشەنگەن، تاللىشىم توغرا بولغان دېيەلەيدىغان ئادەم تېخى يوق.

مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىكتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئايالنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى ۋە بايقىشى، شۇ ئاساستا ئۆزىنى تەربىيىلىشىدىن كۆرە، كۆز ئالدىدىكى ئىجتىمائىيەتنىڭ جىددىيلىكى كۈچلۈك كەلگەچكە، ئۆزىنى كۈچەيتىشى، تاۋلىشى يوق دېيەرلىك بولغان ئاجىز ئايالنى ئاسانلا مونوپولىيە قىلىۋالىدۇ. ئۆزى خالاپمۇ كەتمەيدىغان تاشقى مۇھىت تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان ئايال ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىزدەشلىرى، ئەقىل - ئىدرىكى، ۋاقتى، سېھرىي كۈچى، يۈكسەك ئاياللىق سەنئىتى ئۆز خاسىيىتىنى يوقىتىپ، ئايالنى قۇرۇق قاقشال ۋە جەلپ قىلىش كۈچى يوق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

جاھان قورۇق ئاياللارغا تولدى دېگەنلىك، جەمئىيەتتىكى يېتىمچىلىك، رەھىمسىزلىك كۈچەيدى دېگەنلىك. ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت ۋە پەرۋىشلەر يوقىلىپ، جەمئىيەت يېتىم قالدى، ھەممە مۇناسىۋەتلەر مۇھەببەتسىز، ئەقىدىسىز، مېھىرسىز ھالدا قاقشاللىققا، مېخانىكىلىققا قاراپ يۈزلەندى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۆزىنى ھېس قىلالماي ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، ئىتتىرىلىپ ئىجتىمائىي قاينامدا ئوڭ - سېپىنى تاپالماي ئۆزى تېخى ئاۋارە، ئائىلىسىدىكىلەر تېخى ۋەيرانە يۈرۈۋاتقان ئايالدا ھېچ بولمىغاندا، ھازىرقى ئەھۋالغا سوغۇق قان ئەقلىي بىلەن دىئاگنوز قويۇپ باققۇدەك ئىزدىنىش ۋە بايقاش بولىدىغان بولسا، ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىنى بولسىمۇ جايىدا ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن ۋە ئۆزىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ قېزىپ چىققان بولاتتى. تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ مەنىلىك ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشاش يولىنى تۇتقان بولاتتى. ھەرگىزمۇ بارلىق تەئەللۇقاتىنىڭ مونوپول قىلىنىشىغا بىچارىلەرچە قاراپ تۇرمىغان بولاتتى. دەم ئېلىش كۈنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مېھىر ۋە سېھىر بىلەن پۈتۈن ئائىلىسىگە، ئۆزىگە خۇشاللىق ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان بولاتتى. شۇ ئاساستا ئاستا - ئاستا ئۆزىنى تولۇقلىغان، ئائىلىدىكى، ئېرىدىكى، پەرزەنتلىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان بولاتتى. ئۆزىنى ئائىلىدە، جەمئىيەتتە كۈچەيتىشنىڭ چىن مەنىسىنى ھېس قىلىپ، جەمئىيەتكە ھەقىقىي پىداكار ئايال سۈپەت، ئائىلىدە پەرۋىشكار ئانا سۈپەت بىلەن

قابىل باشلامچىلىق رولىنى ئۆتەپ، جەمئىيەتنىڭ ئانىسى، پەرۋىشچىسى بولاتتى. جەمئىيەتتىكى ھەربىر بۇرۇلۇش، ھەربىر بۇرۇلۇشتا ئايالنىڭ قەدىمى، مېھرىسىز، جاسۇسلارچە ھەرىكىتى، تەسىرى بولمىغان بولاتتى. ئىللىق مېھىر ۋە پەرۋىشى بىلەن قەلبىنى قەلبكە، مېھرىنى مېھرىگە تۇتاشتۇرۇپ روھىي قاقشاللىقنى، جەمئىيەتنىڭ روھىي يېتىملىقىنى يوقاتقان بولاتتى.

2004 - يىل، خوتەن

# ئايال شۇنداق دەيدۇ

ئىنساننىڭ روھىي قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش، تەسەۋۋۇر،
خىيال بوشلۇقلىرىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ ئادەملىك ئاۋاز-
لىرىنى ئاڭلاش، ئىنچىكىلىك بىلەن نازۇك ھالقىلار بويىچە ئىزدە-
نىپ، ئۆزىنى بايقاش ۋە قېزىپ چىقىش، تېخى نۇرغۇن پەرەنجىلەر
قورشاۋىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

شۇڭا بىز يەككە - يېگانە قالغان، ئۆزىمىزنى تېڭىلغان ۋاقىتلى-
رىمىزدا غىل - پالنى يېڭى تۇيغۇ ۋە خىياللاردا بولىمىز. رېئاللىقتى-
كى ئۆزىمىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۆزىمىزگە
ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. رېئاللىقتا رول ئېلى-
ۋاتقان ئۆزىمىزنىڭ، روھىي ئىزدىنىشلىرىمىزگە ئوخشىمايدىغان،
تۈرلۈك مۇناسىۋەت، قائىدە - تەرتىپلەر پەرەنجىلىرىگە چىرمىلىپ
كەتكەن جەسەتسىمان مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمىزدا چۇ-
قان كۆتۈرگىمىز كېلىدۇ. نېمىشقا ئۆزىمىزگە ئوخشىمايدىغان رول
ئېلىشقا مەجبۇر بولىمىز، نېمىشقا ئۆزىمىزنى ئىزدەپ، ئۆزىمىز
ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلمايمىز؟ چۈنكى بىز نۇرغۇن مۇرەككەپ
مۇناسىۋەتلەر، رەسمىيەتلەر قاتلاملىرىدىكى جەمئىيەتتە ياشايمىز. تە-
بىقە، جىنس، مىللەت، دۆلەت چېگرالىرىغا تۇتاشقان تەرتىپ، ئەخلا-
ق مىزانلىرىدا، شۇنداقلا مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي، سىياسىي ئۆلچەم
چەكلىمىلىرىدە ياشايمىز.

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا ئاڭلىق ھالدىكى بىچارىلىكنى ئېتى-
راپ قىلىشتىن باشلانغان كۆنۈش ۋە مەجبۇر بولۇش قايتىدىن ئەسە-
بىيلىرىمىزنى سالقىنلىتىپ قويىدۇ - دە، يەنە رېئاللىقتا رول ئېلى-
ۋاتقان ئۆزىمىزگە تىكىلىمىز. ئەمما بىزدىكى ئەسلىي ئۆزىنى تونۇش
ۋە رېئاللىقتىكى ئۆزىنى ھېس قىلىش جەريانىدىكى زىددىيەتلىك رو-
ھىي ھاسىلاتلار ئۆزلۈكسىز ئالمىشىپ، ئېڭىمىزدا كۈندە بىر قانچە



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ، دەقىقىلىك روھىي چۇقانلارنى توۋلاپ تۇرىدۇ. چۈنكى ھېچكىم ئۆزىنى ئالدىيالمايدۇ، خىياللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ، ئۆتمۈشكە، تۇنۇگۈنگە تەئەللۇق ئىشلارنى، خاتىرىلەرنى بىراقلا ئېسىدىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ. ئادەم مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك روھىي جەرياندا ياشايدۇ، رېئاللىق بىلەن ئۆز ئىزدەشلىرى ئوتتۇرىسدىكى مۇرەككەپلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، يەنە نۇرغۇن ئەمەلىي ۋە روھىي ھاسىلاتلارغا ئىگە بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ يارىتىلىشىلا نازۇك بىر سەنئەت بۇيۇمىدەكلا بولغىنىغا ئوخشاش، ئوي ـ خىياللىرىمۇ، كۆزىتىشلىرىمۇ ۋە ھېس تۇيغۇلىرىمۇ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك تەپسىلاتلار باي بولىدۇ، ئۇلار ئەرلەر دىققەت قىلمىغان تەرەپلەرگىمۇ دىققەت قىلىدۇ. بايقىمىغان، ھېس قىلمىغان تەرەپلەرنى بايقايدۇ، ھېس قىلىدۇ، سېزىمچانلىقى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. ئەرلەر نازۇك تەرەپلەرگە كۆپ ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ، ئاياللار دائىم مۇشۇ تەرەپتىن ئەرلەردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ. ئاندىن ئۆزىگە پايدىسىز ئامىللارغا ئېرىشىپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىر ئايالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك تەرەپلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. قىز ـ ئاياللارنى تەربىيىلەپ، يېتەكلەشنىڭ، ئۇلارنى ئومۇمىي ساپا قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئۆستۈرۈشمىزنىڭ يېتەرسىز بولغىنىغا ئوخشاشلا، ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىمىز، قارىشىمىزدىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا قاتماللىق ۋە ئىپتىدائىيلىق بار. دۇرۇست قىز ـ ئاياللارنىڭ ساغلام ۋە ئەقلىي تۇس ئالغان بىلىم قۇرۇلمىسى، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، توغرا ـ خاتانى پەرقلەندۈرۈشى، قانداق يول تاللاپ، قانداق قەدەم بېسىشنى بىلىشى، تېخى بىزنى خاتىرجەم قىلغۇدەك، قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئۇلارنىڭ توغرا بولغان ئىنتىلىشلىرىمۇ دائىم ئۆزىنىڭ ساپا ۋە مىجەز، خاراكتېرىنىڭ، ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئەتراپتىكى قاتمال رەسمىيەت قائىدىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھالقىيالماي، تولىمۇ بىچارىلەرچە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىدۇ.

ئاياللار دەل ھېسسىياتقا باي، تۇيغۇ تۇسىنى ئالغان پاراڭلارنى

كۆپ قىلىپ، ئۇنى ئەقلىيلاشقان دەرىجىدە، قايىل قىلارلىق ئىپادى-
لەپ بېرەلمىگەن ۋە ئىدىيىۋى ھەرىكىتىدە ئەمەل قىلالمايدىغان بول-
غاچقا، ئەرلەر تەرىپىدىن، ئەقلىي قىسقىدەك، كوت ـ كوتتەك نەشىر
بېرىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بىراق ئاياللارنىڭ ئاشۇ تۇيغۇسىمان روھىي ھا-
سىلاتلىرىغا ئىنچىكىلەپ كىرگىنىمىزدە ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن
ئىلمىي يەكۈنلىگىنىمىزدە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئادەملىك ھېكمەتلىرى،
يېڭى ئىزدىنىشلەر يىپ ئۇچى بايقىلىدۇ. ئاياللار ھېس ـ تۇيغۇنىڭ
جانلىق ئەقلىي يەكۈنچىلىرى.

ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسىنى تەتقىق
قىلىش ماھىيەتتە، ئىنسانلارنى ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ ئەڭ
نازۇك ھالقىلىرىغا باشلاپ بارىدۇ. ئېچىلمىغان نۇرغۇن سىرلارنىڭ
ماھىيىتىنى بىلىشنى يېڭى، جانلىق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاياللارنى ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ تۇسىنى ئالغان روھىي بايقاشلىرى-
غا چۆكۈپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ دېيىلگەندە، كۆپىنچە ئاياللار
ئىجتىمائىيەتنىڭ تۈرلۈك رامكا ـ توساقلىرى تەرىپىدىن قاتتىق چەتكە
قېقىلىپ يەكلىنىشى، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇلارغا يۈك-
لەنگەن رەسمىيەت ـ قائىدىلەرمۇ، ئۇلارنىڭ ئەركىن تەپەككۇر پەر-
ۋازلىرىغا، ھېسسىيلىق تۇسلىرىنى ئالغان ئەقلى پەرۋازلىرىغا توساق
پەيدا قىلىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بايقاشلىرى ھېسسىيات
تۇسىنى ئالغان پارچە ـ پۇراتلار قاتارىدا ئېتىبارسىز قېلىنىۋېرىپ،
ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا چۆكمە بولۇپ بىر خىل قۇتراتقۇ،
كوت ـ كوتسىمان پارتلاش ھالىتىدە ساقلىنىپ قېلىپ، ئەرلەرنىڭ
چىشىغا تېگىدۇ.

مېنىڭ تەشەببۇسۇم، ئادەمشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئاياللار كۆپرەك
ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسا، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر
بولۇپ، تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولاتتى.
شۇنداقلا بىز ئاياللارنى تېخىمۇ تولۇق قېزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ
تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ناھايىتى جانلىق جارى قىلدۇ-
رالىغان بولاتتۇق. ئاياللارنىڭ ھەقىقىي روھىي ماھىيىتىنى تونۇپ
يېتىپ، ئۇلارغا بولغان خورلۇق تۇسىدىكى ھايۋانىي قاراشتىكى ئەيىب-

لەشلىرىمىز ۋە مەجبۇرلاشلىرىمىز، سىرتماقلىرىمىزدىن ئادىمىي تۇيغۇدا تۇرۇپ نومۇس قىلغان، ئازابلانغان بولاتتۇق. شۇ چاغدىلا بىر ئايال بىلەن بىر ئەرنىڭ ئايرىم كۆرۈشۈشنى چوقۇم ھېلىقىدەك مۇناسىۋەتتە بولغاچقا. . . دەيدىغان پەس ھايۋانىي قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئادەملىك كۆڭۈل، ئادەملىك ئىرادە، ئادەملىك ئەقىدە، ئادەملىك ۋىجدان ۋە ئادەملىك ئالىيجاناپ تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزىمىزدە سەسكىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قامچىلاپ چىقاتتۇق. ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتىدىكى تولىمۇ چۈشكۈن ۋە خۇنۇك، ھايۋانسىمان چۈشەنچىمىزنى چەكسىز ساپاسىزلىق ئىچىدىكى نومۇس تۇيغۇسى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىپ، ھازىرغىچە بولغان ياشلىق مۇساپىمىزدىكى بىر تەرەپلىمە ياشاش بىچارىلىكىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىپ، ئادەمنى چۈشەنمەي ئۇلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى چەكسىز ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئېتىراپ قىلاتتۇق.

شۇ ۋاقىتتا بىر ئايالنىڭ، ئەرلەر ئالدىدىكى قونچاق ئەمەس، ئەرلەر ئېتىلىشقا تەييار تۇرىدىغان، پارتلاشقا ھازىرلانغان قورقۇنچلۇق ھايۋانىي مەۋجۇتلۇق ئەمەس، ئاجايىپ نازۇك، رەڭدار ۋە كۆپ قاتلاملىق روھىي جەرياندىن تۈزۈلگەن، تۇيغۇلار خەزىنىسىدىكى نەپىس بىر يۈكسەكلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتۇق. شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ ئاياللارغا قارىتا ساۋاتسىزلىقىمىز تۈپەيلىدىن، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنالمىغانلىقىمىزنى، ئۇلارغا ساقلىنىپ كەلگەن ھېسسىياتىمىزنىڭ ئالىيجاناپ، يۈكسەك تۇيغۇدىن كۆرە، ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك تۈسىنى ئالغان، ئۇلارنى قەدىرلىمەسلىك، خانىۋەيران قىلىش تۈسىنى ئالغان ھايۋانىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان، ئۇلارنى ئاسراشنى، تەربىيىلەشنى، قېزىشنى بىلمىگەنلىكىمىزنى يەر شارىنى تىترەتكۈدەك ئازابلىق چۇقان ئىچىدە تونۇغان بولاتتۇق!

مانا ئەتراپىمىزدا ياخشى قىزلار، ياخشى ئاياللار شۇنچە كۆپ تۇرۇپ بىر قىسىم ئەرلىرىمىز ئۇلارغا ئىشەنچ قىلالماي، ياخشى قىزلارنى تاپالماي، چۈشكۈنلىشىپ بويتاق، ئۇھسىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆزىنىڭ ئەرلىك سېھرىي كۈچىگە ئىشەنمەسلىك، ئاياللارنىڭ نازۇك قەلبىگە كىرىشنى ۋە ئۇنى مايىل

www.uyghurkitap.com



قىلىشنى، سىھىرلەپ ئۆزىگە بەنت قىلىۋېتىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىزلىق، ئەرلىك ساۋاتسىزلىقى خالاس. ھەرقانداق بىر ئايال ھەقىقىي سۆيگۈگە ئېرىششنى ئويلايدۇ، شۇنچىلىك سۆيگۈگە ئېرىشكەندە ئۇنى قەدىرلەشنى، ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىشنى ئويلايدۇ، تەييارلىق ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەرلەر نېمىشقا ئاياللاردىن ئالىدىغان ئوزۇقىنى، ئۇلاردىن پايدىلىنىدىغان تەرەپنى نوقۇل ھالدا ئاشۇ بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىۋالىدىغاندۇ؟ بۇنى ئاياللار نېمىشقا خورلۇق ھېس قىلىمىغۇدەك؟! ئۇلار ئەسەبىيلەرچە كۆڭۈل ئاچىدىغان قونچاق ئەمەستە!

ئەرلەر نوقۇل ئاياللاردىن شۇنى تەلەپ قىلىۋاتسا، ئاياللار چۈشكۈنلەشمەي قالاتتىمۇ؟! ئەر - ئايال ئورتاقلىشىدىغان بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە چۈشىنىدىغان تەرەپلەر ئىنتايىن كۆپ تۇرسا، بىز نېمىشقا يەنە شۇ نۇقتىغىلا ئېسىلىۋېلىپ ئۆزىمىزنى چاكىنىلاشتۇرىدىغاندىمىز، چۈشكۈنلەشتۈرىدىغاندىمىز، ئەر بىلەن ئايالنى پەتىۋالىرىمىز بىلەن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇپ، شۇنچە سىرلىقلاشتۇرىدىغاندىمىز؟ بىر نەرسە قانچە سىرلىق بولغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. بىزنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىمىز، زېھنىي قۇۋۋىتىمىز نوقۇل ھالدا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقىدەك نورمال بولمىغان مۇناسىۋەتنى قوغلىشىپ خورارمۇ. كاللىنى باشقا يەرگە ئىشلەتمىگەنسېرى، يىغىلىپ قالغان ئېنېرگىيىنى قەيەرگە ئىشلىتىشنى ئۇقماي شۇنداق تەرەپكە ئىشلىتىۋاتىمىز. ئۆگىنىشكە، بىلىشكە، ھېس قىلىشقا، قېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر، تەرەپلەر ئىنتايىن كۆپقۇ. ئىنساننىڭ روھىي قاتلىمى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ ھەر قاچان ئېچىشقا، تەسەللىگە، رىغبەتكە، مېھىرگە، پەرۋىشكە، دوستلۇققا، مۇھەببەتكە موھتاج. بىز نېمىشقا ئۇنىڭغا ئالىيجاناپ نۇقتىدىن قاراپ ئۇنى پەرۋىش قىلماي، تاشلىۋېتىمىز، نېمىشقا ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى چاكىنا بۇرمىلاشقا مەجبۇرلاپ، چۈشكۈنلۈك، قېيداش پەيدا قىلىپ يوللىرىمىزغا توساق پەيدا قىلىمىز؟ بۇ ئەڭ چوڭ مەدەنىيەتسىزلىك، ساپاسىزلىق، ھايۋانىي، چاكىنا ئۇرۇنۇش بولماي نېمە؟ جاھان تەرەققىياتى نۇر تېزلىكىدە ئېشىۋاتقان، ئادەملەر ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي

ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىشى، باشلانغۇچ مائارىپ ياش باسقۇچىدىكى بالىلارنىڭ ئىشى بولۇپ قېلىۋاتقان دۇنياۋى يۈزلىنىشتە بىز تېخى ئەر ۋە خوتۇن غېمىدە، ئەر ۋە خوتۇن پارىڭى ھەققىدىكى كوت ـ كوتلۇقتا، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارغا ئەرزىمەس، پارچە ـ پۇرات چاكىنا نۇقتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دىققىتىنى، زېھنىنى، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش، ئۇنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش، كېرەكتىن چىقىرىپ، يامىشىۋاتقان چوققىسىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئەخلەتلەر دۆۋىسىگە تاشلاش كويىدا. جاھاننىڭ قاششاقلىقىنىڭ، ساپاسىزلىقىنىڭ، بۇنىڭدىن تۆۋەن ئۆلچىمى بولماس! كاللا قانچە قۇرۇق، ئىدىيە قانچە بوش بولغانسېرى، ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى شۇنچە قالاق چاكىنا، ئەرزىمەس، چۈپرەندە بولىدۇ. ئۇرۇنۇشلىرى ئادىمىي يۈكسەكلىكتىن، روھىي مەنالاردىن شۇنچە قۇرۇق ۋە يات، شۇنچە چۈشكۈن ۋە شۇنچە پەس، ھايۋانىي بولىدۇ. كىشىلەر توي قىلىشنى نوقۇل ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈندەكلا چۈشۈنۈۋالمىغان ياكى مېخانىك مەجبۇرىيەت دەپ بىلمىگەن بولسا، ئائىلىلەر پاجىئەلىرى يۈز بەرمىگەن بولاتتى. بىر ئۆيدە ئىككى ئادەم غايىسىدىكى نامەلۇم ئىدىيىنىڭ مەھسۇلى بولغان كىشىگە تەلپۈنمەي، ئۆزى ئەتراپىدىكى ئادەمنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئەقىل بىرلىكىدىكى جانلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارماي، تىرىشقان بولسا، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتالىغان بولاتتى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى بىر ئۆيدىكى ئىككى ئادەم، ئۆز ئالدىغا ئىدىيە ۋە قاراشقا ئىگە ئىككى مەۋجۇتلۇق بولۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە يول قويۇش بولماي، مونوپولىيە قىلىۋېلىش كۆرۈشى بولسا، نورمال ئەركىنلىك بوغۇلسا، بۇ يەردە پەيدا بولغان بېسىم ئائىلىنى پارتلاش گىردابىغا ئاپىرىدۇ. ئىككى ئادەم بىر ئەمەس، ئىككى قىلىپ يارىتىلغانىكەن، نېمىشقا مېنىڭ كۆز قارىشىمغا ئىتائەت قىلمايسەن، دېيىشنىڭ ئۆزى ئىلمىي بولمىغان جاھىل كۆز قاراش. بىراق ئىككى جانلىق ئادەم بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆزئارا غۇرۇرىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا يول قويۇشۇش، تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئۇنداق بولمايدىكەن شۇنچە كەڭرى جاھان بىزگە شۇنچە تار ۋە ئازابلىق تۇيۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن نەرسىلەرنى تونۇغان ۋە ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىمىز.

ئەرلەر ۋە ئۆزى تەرىپىدىن مۇكەممەللىكى، كۆچلۈكلۈكى ئېتىراپ قىلىنمايۋاتقان ئايال، نۇرغۇن تەرەپلەرنى ھېس قىلىدۇ، نېمىگىدۇر ئىنتىلىدۇ، بىراق ئەتراپ ۋە ئەرلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماي، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقى ۋە روھىي يۇمرانلىقى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلار چۇقان سالاي، يۇلقۇنۇپ چىقاي دېسىمۇ باشقىچە تاللاش يولى يوق. نۇرغۇن قوشاۋلار ئۇلارنى توراپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەنىلا ئېتىراپ قىلىنماسلىقتىن قورقىدۇ. شۇنداقلا قارىسا ھەممە شۇنداق بولۇشى كېرەكتەكلا، جىمىمىدە، تىپتىنچ ئەمما شۇ خىل سۈكۈت ئىچىگە نۇرغۇن ئۇھسىنىش ۋە ئاھسىراشلار سىڭىپ كەتكەن.

ئايال تۇرۇپلا ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ: سەنمۇ بىر جانلىق ئادەم. مۇستەقىل قاراشقا ۋە تاللاشقا، ئوي - خىيالغا، بەلگىلىك مۇستەقىل ھەرىكەت ۋە مۇئامىلە تورىغا ئىگىسەن. ئاندىن سەندە يەنە غۇرۇر، قەدىر - قىممەت ۋە تاللاش، شاللاش ئېڭى، ئەركىنلىكى مەۋجۇت. نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تىزگىنلەپ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باشقۇرماي، باشقىلارنىڭ تېڭىلغان ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغۇدەكسەن، سەن ئۆزۈڭنى كونترول قىلالمايدىغان، باشقۇرالمايدىغان شۇنچىلىك ئاجىز ۋە بىچارىمۇ، ئىشەنچىسىزمۇ؟ بۇ ساڭا، سېنىڭ ئەقىل تىزگىنىڭ، غۇرۇرۇڭ ۋە روھىي چۇقانلىرىڭغا، كىشىلىككە قىلىنغان قاتتىق ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ قەددىڭنى تىكلە، دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىسەن، ئىككىنچى قېتىم تۆرىلىش، بوش قويغان، كەتكۈزۈۋاتقان تەرەپلىرىڭنى تولدۇرۇش پۇرسىتى سەندە يوق. ئاجىزلىقىڭنى تەن ئېلىپ ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۆزەڭنى بولۇشىغا تاشلىۋېتىشىڭ، ئۆزۈڭنى خورلىغانلىق، ھاياتىڭنى قەدىرلىمىگەنلىك، سەن شۇنداق قىلغانسېرى تېخىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايسەن، تېخىمۇ كۆزگە ئىلىنماي خارلىنىسەن. ئۆزەڭنى تونۇپ ۋە مەۋجۇتلۇقۇڭنى تونۇتۇپ، كونا قالپىقىڭنى چۆرۈپ تاشلا، غالىبلار قاتارىدىن ئورۇن ئال، ئاجىزلار ھامان دېرەكسىز يوقىلىدۇ، يوقالسۇن ئاجىزلار ۋە چۈشكۈنلەر! ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ

قوغدىمىسالىڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كۆچەيتمىسەڭ، سېنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. سەن قورققان ۋە بىھۇدە ئېھتىيات قىلىپ، ئاجىزلىقىڭ ۋە بىچارىلىكىڭ بىلەن يول قويغانلار ئەڭ ئاۋۋال ساڭا ماتەم ناخشىسى ئوقۇيدۇ، يوقالغىنىڭ ئۆزۈڭگە. ئۇلار يەنە ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىدۇ. ئەخمەقلىق ۋە نادانلىقى بىلەن ھاياتىڭنى سېلىپ بەرگىنىڭ قالىدۇ شۇ. ھاياتىڭ قۇرت - قوڭغۇزلار كەبى خوراپ تۈگىگەن بولىدۇ، دەيدۇ.

ئايال يەنە ئۆزىگە: «سەن بىر ئايال، ئېرىڭگە ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك. ئۇ سېنى ئالغان، سېنى باشقۇرغۇچى، ساڭا باشپاناھ بولغۇچى، يوقۇڭنى بار قىلغۇچى ئىكەن، بارلىق ھەرىكىتىڭ، سۆزۈڭ، ئوي - خىيالىڭ ئۇنى چىقىش قىلىش كېرەك. سەندىكى بارلىق تەئەللۇقات ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك. مەيلى خالا ياكى خالىما ئۇنىڭ دېگىنى، ھەرىكىتى مۇقەددەس، ئۇنىڭغا بويسۇن. ئىلكىڭدە قۇتراۋاتقىنى شەيتان ۋەسۋەسىسى بۇنى بىل، ئىتائەتچان بول. سەن ئۇنىڭ ئىلكىدە، شۇڭا بارلىق ئارزۇ - تىلەك ۋە ئوي - خىياللىرىڭ ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولۇپ، ئاڭا بويسۇنۇشى كېرەك، دەيدۇ. يەنە تۇرۇپلا مەن نېمىشقا بۇنچە بىچارە، نېمىشقا مۇستەقىل ياشىيالمىغۇدەكمەن، نېمىشقا شۇنچىۋالا بېقىنىپ ياشايمەن، مەنمۇ بىر مۇستەقىل يارىتىلغان ئادەم تۇرۇپ مۇستەقىل ياشىيالمايمەن، بۇ ئادەملىكىمگە قىلىنغان ھاقارەت! دەيدۇ.

ئايال ئۆزىگە: سەن بىر ئانا، ھەممىنى پەرزەنتىڭ ئۈچۈن قۇربان قىل، پەرزەنت دېمەك - ھاياتىڭ، جېنىڭ دېمەك. ھەممە ئىشتا، ھەرىكەتتە، خىيالدا، تۇرمۇش ئۇسۇلى تاللاشتا پەرزەنتىڭنى چىقىش قىل. مەن بەربىر ئانا ۋە ئايال. ئەرگە خوتۇن، پەرزەنتلەرگە ئانا بولغۇچى ئارتۇقچە زورۇقۇپ، ئۆزۈمنى چارچىتىپ نېمە قىلاي، ئاددىي ئادەم بولسامۇ بولىدىغۇ، ئەتراپىمدىكىلەرمۇ ياشاۋاتىمامدۇ، دەيدۇ - يۇ، يەنە تۇرۇپلا ئويلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. سەنمۇ ئەقىل - ھوشقا ئىگە ئادەم. نېمىشقا تەدبىر ۋە باشقۇرۇش، يېتەكلەش سەنئەتتى سەندە بولمىغۇدەك، سەن ئائىلىمۇ، خىزمەتتىمۇ، تۇرمۇشتىمۇ دائىم باشقۇرۇلۇشقا موھتاج ئاجىز، ئاڭسىز ئادەممۇ؟ تىرىش

كەسپتە ئىلگىرىلە، تۇرمۇش قارىشى، ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزۈڭنى كۆچەيتىپ، ئۆزۈڭگە قاتتىق قول بول، ئاندىن ھەممە سېنى ئېتىراپ قىلىدۇ، سېنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەتتا ئېرىڭمۇ. بىراق كەينىڭگە قاراشقا، ئەتراپىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى سېلىشتۇرۇپ مەغرۇرلىنىشقا ياكى چۈشكۈنلىشىشكە بولمايدۇ، نېمىشقا ئۆزۈڭنى چۈشەپ قويسەن، دەيدۇ.

ئايال ئۆزىگە: ئايال بولماق ھەقىقەتەن تەسكەن. سېھىر كۈچۈم ئاجىزلاپ قالدىمۇ - نېمە، ئېرىم ماڭا تازا مايىل ئەمەسقۇ، مەن ئەقلىم بويىچە سوغۇق قان ئىش قىلالمايۋاتىمەن، قىزىققان، چېچىلـغاق بولۇپ قالدىم. شۇڭا ئېرىم ئۇششاق سۆزلۈكىمدىن زېرىكىۋاتىـدۇ، بىراق ئىنچىكىلىك بىلەن تەلەپ قويغىنىم مەسئۇلىيەتچانلىقىم ۋە ئەستايىدىللىقىمغىمۇ، كىچىك ئىشلارغا مەن دىققەت قىلمىسام، ئېرىمنىڭ تېخى كارى بولمىسا كېتىۋەرسە تاشلىنىپ قالامدۇ. بولـدى نەزەر دائىرەمنى كەڭرەك قىلاي، كۆزى كىچىك، گۇمانخور، پەمسىز، ۋاتىلداق بولماي. . . مۇشۇ كۈنلەردە ئەرلەرنى جەلپ قىلالـلايدىغان ئويۇنخۇمار ئاياللارغا ھەۋىسىم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ قايىللىقى كېلىدىكەن. ئۇلار ئۇششاق سۆز ئەمەس، نەزەر دائىرىسىمۇ تار ئەمەس، كوت ـ كوت، كۆزى كىچىكمۇ ئەمەسكەن. مىجەز ـ خاراكتېرىدىن ئوچۇق ـ يورۇقـلۇق، مەردلىك، جىگەرلىكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى كۆـتۈشنىمۇ بىلىدۇ، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. سېھرىي كۈچ يەتكۈچە بار. ئەرلەرنى يۈگۈرتكۈدەك سېھىر ۋە ئەقىل، تاكتىكىغا ئىگە، ئۇلار ھەقىقەتەن قابىل ئىكەن، مەنمۇ نېمىشقا ئۇلاردەك ئايالـلىق سەنئەت بىلەن ئېرىمنى يۈگۈرتۈپ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدۇرۇپ قويـماي پوچى تۇرالمايمەن؟ مەنمۇ بىر ئەر بولغان بولسام چوقۇم مىشـچان، يا ئۆزىنى يا باشقىلارنى خۇشال قىلالمايدىغان، يا ياخشىلىقنى يا يامانلىقنى قاملاشتۇرالمايدىغان، ھەممىنى كۆز يېشى بىلەن ئىپادىـلەيدىغان، ھەممىنى بۇيرۇق كۆتۈپ تۇرىدىغان كەيپىياتتا مېخانىك قوبۇل قىلىدىغان، كۆزى كىچىك، ئادەمگە ئارامچىلىق بەرمەي ۋايـ

ساپ، كوتۇلداپ، كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىشلارنىمۇ ھەل قىلالماي، قىلچە مۇستەقىللىقى يوقلۇقى بىلەن، تار نەزەر دائىرىسى بىلەن ئۆزىنى چۇشەۋالغان، ھايات، تۇرمۇش شۇنداقلا دەپ شۇنچە كەڭرى جاھاننى ئۆزىگە تار قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىمۇ، مېنىمۇ بىئارام قىلىدىغان خوتۇندىن زېرىككەن بولاتتىم. ئەلۋەتتە مەردانە، مۇستەقىللىقتا، ئاياللىق سېھرىي كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئاياللارغا كۆز تىككۈم كېلەتتى. بىراق ئۇنداق ئاياللاردا مېنىڭكىدەك ساددا ھېسسىيات بولمىغاچقا، ئەر ئۈچۈن مەندەك پايپېتەك بولۇپ ئۆزىنى بېغىشلىمايدۇ - دە، ئېرىم مېنىڭ شۇ مىجەزىمدىن بىزار بولغىنى بىلەن سىرتتىكىلەردىن، ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاشقا تەييار تۇرىدىغان مېنىڭكىدەك يۈرەكنى تاپالمايدۇ. ئۇنى مەن شۇنچىلىك چوڭ بىلگەچكە، ئەرلىك ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇرغىلى يەنىلا مەندەك ئايال كېرەك. ئۇ ئاياللار ئۇنىڭدىن مەندەك تەپ تارتىپ، مەندەك پايپېتەك بولاتتىمۇ، ئۇلار ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان. . . شۇڭا ئېرىم بىرەر سورۇنغا بېرىپ بىرەر قىز ياكى ئايال بىلەن پاراڭلاشقانغا نېمە بولاتتى. تېخى ياخشى ئەر بولۇشنى ئۆگىنىدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىشنى، ئېلىشنى بىلىدۇ، ئاياللار دۇنياسىنى چۈشەنگەنسېرى مېنىڭ قەدرىمگە تېخىمۇ يېتىدىغان بولىدۇ. بىر دەمدىلا بىر ئىش بولۇپ كېتىدىغاندەك ئويلىشىدۇ چاكىنا كىشىلەر. ئادەم دېگەن ھايۋان ئەمەس، ئۇنىڭدا كۆڭۈل، ھېسسىيات، ۋىجدان، ئەقىل بار. بىر كىم بىلەن ئارىلىشىپ قېلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، ھېچكىم بىردەمدىلا خاتا قەدەم باسمايدۇ. ياق خەق خاتا چۈشىنىپ قالسا، ماڭا ئىززەت - ئابرۇيىمغا سەت ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئېرىم كۆنۈپ قالسىچۇ؟

ئەگەر ئۇ ئىدىيىدىكى، تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن توساقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنى ياخشى ھەل قىلىپ، شۇ يولنى تاللىغان بولسا، ئۇمۇ بىر مۇستەقىل تاللاشقا ۋە ياشاش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئادەمغۇ. نېمە قىلىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ ھايات يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، ئۆمرىمىزنى كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئەرزىمەس پېشكەللىكلەرگە زايە قىلىپ، ۋاقتىدا قەددىمىزنى رۇسلىۋالغىنىمىز. توغرا يولنى تاللىۋې-

لىپ، ھاياتىمىزنى ۋاقتىدا خۇشال ۋە مەنىلىك ئۆتكۈزگىنىمىز، ھاياتىمىزغا ھېسسىيلىق تۇسىنى ئالغان جاھىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتسىزلەرچە مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم قايتا كېلىپ كەتكۈزۈۋەتكەن بوشلۇقلىرىمىزنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنياغا جاپا تارتىش ۋە ئازاب چېكىش ئۈچۈنلا كەلمىگەنمىز، تاشنى تاياققا تاڭغاندەك، كېلىشەلمەيدىغان ئىككى ئادەمنى بىر - بىرىگە زورلاپ توقۇنۇش ئىچىدە ياشاش پۇرسەتلىرىدىكى ئالتۇن ۋاقىتلارنى زايە قىلىش، ياشاشنى بىلمەسلىك، ھاياتنى، ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىك. . . مەندە شۇنچىلىك جاسارت، چىدام ۋە مەردانىلىق بارمۇ زادى؟. . .

بولدىلا يولۋاسنى قەپەزگە سولىۋالسا ئەسلىي تەبىئىتى يوقىلىدۇ. ئەڭ ياخشى چارە - تەدبىر ۋە ياشاش مۇھىتىنى ئۆزۈم ئەقلىمگە، سېھرىمگە تايىنىپ تاپاي. . .

ئايال يەنە ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ: ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ئەڭ چوڭ يۈزلىنىۋاتقان تراگېدىيە — ئەرلەرنىڭ ئاياللىشىش ھادىسىسى بولۇۋاتىدۇ! مەدەنىيەتلىشىش دېگەنلىك، ھۈنەر ۋە تېخنىكا بىلەن قوپال نەرسىلەرنىڭ سىلىق - سىپايىلىشىشى دېگەنلىك بولۇپ، مەدەنىيەتلىشىشنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە، ئاياللىشىش دېمەكتۇر. ھەممە نەرسە رېتىملىقلىشىپ، سىلىقلىشىپ كەتكەنسېرى، تەبىئىي، قوپال نەرسىلەر يوقىلىۋاتىدۇ. سۈنئىي يېمەكلىكلەر كۆپەيگەنسېرى ئىنسانلار ئاجىزلاۋاتىدۇ. ئوتتۇن يېرىپ ئوت قالايدىغان ئىش گاز بىلەن ئوت قالاشقا، چېلەكتە سۇ ئەكىلىش، تۇرۇبىلىشىشقا، گۆش - گۆش كەتمەن چېپىش ماشىنىلىشىشقا، ئازادە، مەيدىسى ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىپ پوتا باغلاش، كاستيۇم - بۇرۇلكا ۋە گالاستۇكقا، يۈرەكلىك ئۈنلۈك تۇۋلاپ گەپ قىلىش سىلىق - سىپايە ئاممىۋى ھەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە پەس ئاۋازدا كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلىشقا، ۋىجدانى، غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ - سۆز، ئىش - پائالىيەتلەرنى كۆرگەندە ئەرلىك قاراملىق ۋە جاسارىتى بىلەن گالاچ - گۈلۈچ بىر ئىككىنى سېلىۋېتىش، ھىيلە - مىكىرنى كۆڭلىدە ئويلاپ، چىرايىدا قەستەن كۈلكە يۈگۈرتۈشكە ۋە كوت - كوتلۇق تۇسىنى ئالغان كەينىدە گەپ

قىلىشقا، غەيۋەتكە كۆچكەنسېرى ئەرلەر ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئوخشاشلا، مۇھەببىتىمۇ سۇس. ھەممە سۈنئىيدەكلا تېخنىكىلىشىپ كەتكەندەكلا تولىمۇ مەدەنىي، ئەمما تەمسىز مەنا بېرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئاياللارنىڭ نۇرغۇن ئەيىپ - نۇقسانلىرى ئۇلارغا يۇقۇۋاتىدۇ. لەيلىمە خىزمەت، رېتىم ئىچىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى لايغەزەل، ئۇششاق سۆز، ھورۇن، ھەممىگە يىلمان مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا كېتىۋېرىدىغان بولسا بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزگە زور يوقىتىش بولۇپ قالىدۇ. تۈۋرۈكىمىز، دادىلىرىمىز، باشپاناھىمىز ئاشۇ ئەرلەر دېيىمىز، دائىم بىز ئۇيغۇر ئاياللىرى. ئوت يۈرەك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ۋىجدان ۋە قەددى ئالەمچە يۈكسەك، ئەرلىرىمىزنىڭ قويىنى ئاتەش دەپ ئىپتىخارلىنىمىز. بىز ئۇيغۇر ئاياللىرى. يىلمانلىق ۋە مەدەنىيەت ئىچىدە ئەسلىي قىياپىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتىش، ئاياللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىش بىز ئۈچۈن چەكسىز يوقىتىش ئەلۋەتتە. بۇ بىز ئاياللار ئۈچۈن يوقىلىش، ئازاب، تامغا ئۆسۈپ ئۆلۈۋالغۇدەك خورلۇق ئىش ئەلۋەتتە! نوقۇلكى ئەرلەرنىڭ زىيادە مەدەنىيەتلىكلىشىپ ئۆزىنىڭ تامامى تەئەللۇقاتىنى ئىلمىيلىقتا، سىلىق - سىپايىلىقتا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىشى، ھەممىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلماسلىقى، غۇرۇر ۋە ۋىجداننىڭ يۆتكەلمە يۇمىلاقسىمانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئادەمنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئاندىن ئاياللارنىڭ يولسىزلىقى ۋە بېشەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئەرلىرىدىن بەلگىلىك ھۆرمەت ۋە تەپتارتىش ھېسسىياتىدا، قارىشىدا، ھەرىكىتىدە بولۇشى كېرەك. بۇ جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. بۇ خىل تەڭشەك بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھەممىمىز ئەرلەرنى قوغدايلى ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى، دەپ توۋلاپ تۇرۇشىمىز ۋە شۇ ئاساستا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئايال ئاخىرىدا ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ: ئايال چوقۇم ئايالغا، ئەر چوقۇم ئەرگە ئوخشىشى كېرەك. بىراق ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توساق بولماي شوتا بولۇشى، بىر - بىرىگە روھىي ئازاب ئېلىپ كەلمەي، بىر - بىرىگە روھىي ئوزۇق بېغىشلىشى

كېرەك. بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، بىر - بىرىنى قېزىپ چىقىپ ۋە بىر - بىرىدىن ئۆنۈملۈك پايدىلىنىپ، تۇرمۇشنى، ھاياتنى مەنىلىك، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئۆز ئارا كىشىلىك ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىش، چۈشىنىش، يول قويۇش، مەن ئۆزۈم ئەقىلگە، ھېسسىياتقا، ئوي - خىيالىغا، غايە ۋە ئارزۇغا، كۆڭۈلگە ۋە ۋىجدان - غۇرۇرغا، بەلگىلىك قەدىر - قىممەت قارىشىغا ئىگە مۇستەقىل، مۇرەككەپ قاتلاملىق ئادەم ئىكەنمەن، ئېرىمنىمۇ دەل مانا مۇشۇنداق ئادەم دەپ تونۇشۇم كېرەك. ئۆزۈمنى ئېرىمنىڭ ئورنىدا قويۇپ بېقىشنى بىلىشىم كېرەك. شۇندىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل بولۇپ، ئۆزۈمنىمۇ، ئېرىمنىمۇ تار دائىرىگە قىستاپ ئەكىرىپ قىيناپ قويمايمەن، ئۆزۈمنى ۋە ئېرىمنى تولۇق قېزىپ چىقالايمەن، نۇرغۇن پايدىلىق ئامىللار ماڭا، ئائىلەمگە ياردەم بېرىدۇ. تۇرمۇشۇمنى نېمىشقا مەنىلىك، رەڭدار قىلىپ بېزىيەلمىگۈدەكمەن. مانا بۇ نازۇكلۇق ئىچىدىكى ئاجايىپ مەنىدار قۇدرەت ئەمەسمۇ؟!

2005 - يىل. خوتەن

# يۈرىكىم يىغلايدۇ

يېقىندا قاراقاشتىن خوتەنگە كەلگۈچە تاكسىدا، شوپۇر بىلەن شوپۇرنىڭ تونۇشىنىڭ قىلىشقان مۇنداق پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم. ئاداش سىلىنى xx ئىسىملىك بىر قىز بالا ئۆلۈشكۈن بەك ئىزدەپ سوراپ كەتتى. مەنمۇ تېلېفون نومۇرۇڭلارنى بىلمىگەچكە ئېيتىپ بېرەلمىدىم. كۆرۈشتۈڭلارمۇ؟ دەپ سورىدى ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى شوپۇردىن.

— مەندە نېمە ئىشى بار ئىكەن، شۇنچىۋالا ئىزدىگۈدەك؟

— ئۆزۈڭلار بىلەرسىلەر.

— ۋاي، ئىزدەپ سوراپ يۈرۈيدىغان قىزلارنىڭ كۆپلۈكىدە قايسىبىرىنى بىلىپ بولغىلى بولىدۇ بۇ كۈنلەردە، ئىسمىنى قانداقمۇ ئېسىدە تۇتۇپ بولغىلى بولىدۇ ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش ئىسىملىك قىزلارمۇ كۆپ تۇرسا، ئۇ مەن توغرىلىق نېمە دېدى؟

— ئىسمىڭلارنى، ماشىناڭلارنىڭ نومۇرىنى بىلىدىكەن، ئاندىن چىراي تۇرقۇڭلارنى سۈرەتلەپ بەردى. ئەھۋالىي بەك ناچار، ئۇ قىز دوختۇرخانىدىن قورسىقىنى مۇجۇپ قىسماقتەك ئىگىلىگەن پېتى ۋايسىراپ ئاران چىقتى، دوختۇرلار ئۇنى بالىنېستىتا يېتىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۆزىدە ئۇنچىلىك پۇل يوقكەن، قورسىقىدىكى هامىلە خېلى يوغىناپ قالغان بولسىمۇ قىردۇرۇپتىكەن، بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدە خېلى زەخىملەنگەن ئوخشايدۇ.

— ئۆيى قەيەردىكەن، چىراي تۇرقى قانداقراق؟ شوپۇر پەرۋاسىزلا سوراپ قويۇپ، ئۈنئالغۇنىڭ لېنتىسىنى ئالماشتۇردى.

— جايىدا ئىكەن، چىرايى سېرىقراق، ئوتتۇرا بوي، ئۇرۇق - سېمىزلىكى نورمال قىز ئىكەن. ئىككىڭلارنىڭ تونۇشلۇقىنى بىلىدىكەن، يەنە دوختۇرخانىغا كېسەل ئېلىپ كەلگەن بىر - ئىككى شوپۇردىنمۇ سىلىنى سورىدى. بەلكىم بۈگۈنمۇ سىلىنى ئىزدەۋاتقاندۇ؟

شوپۇر ھەرقانچە ئەسلەپمۇ ئۇ قىزنى ئېسىگە ئالالمىدى. يېنىدىكى كىشى يەنە، ئۇ قىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر مۇنچە تەپسىلاتلارنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇزاق ئويلىنىپ ماڭ تەسلىكتە ئېسىگە ئالغاندەك قىلدىيۇ، سورىدى:

— مەدەنىيەتلىكراق قىز بالىمىكىن ياكى سەڭگۇۋالىڭ بىرىمۇ ئاداش ئۇ؟

— نورمالنى ئاداش.

— ھە ھېلىقى چاغدىكى بىر نېمە ئوخشايدۇ. ۋاي قويۇڭلار — ئۇنىڭ گېپىنى قىلماي، ئۇنداق ئىشلارنى كۆپ ئۇچرىتىپ بىزار بولۇپ كەتكەن ئادەممەن. تېخى كىمىكىن دەپتىمەن. قىلغىلى ئىش تاپالماي زېرىكىپ قالغاندا خالار — خالىماس ئىشلىتىپ قويغان نېمىلەر تېخى مېنى ئىزدەپ يۈرۈپتىما. شوپۇر مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ كەينى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئۈچىمىزگە قاراپ قويدى.

تۇيۇقسىزلا، شوپۇرنىڭ نومۇسسىز كۈلۈمسىرەش بىلەن بەخىرامان ئولتۇرغان قىياپىتى يىرتقۇچ ھايۋان، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ھۇزۇرلىنىپ كېتىدىغان جاللاتلاردەك كۆرۈنۈپ سەسكىنىپ كەتتىم. شوپۇر تەرەپتىن يۈزۈمنى دەرھال بۇرىۋېلىپ، ئەينەكتىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ياش بالا ۋە ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان بوۋايغا قاراشقا تېخىمۇ پېتىنالمايتتىم. شۇلار تەرەپتىكى يان تەرىپىممۇ گويا كۆيۈشۈۋاتقاندەك، قورۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك تۈگۈلۈپلا كەتتىم، پات — پات ئۇھ تارتىپ نېمىلەرنىدۇر ھەسرەتلىك ئېغىر — ئېغىر تىنىۋاتقان بوۋاينىڭ ھەربىر تىنىقى يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلۇپ، پۇچىلىنىپ كەتتىم. بەلكىم بوۋاي تەڭرىنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن بۇ ئاچچىق رېئاللىقىدىن، شۇنچە قاتتىق قوللارچە بەرگەن جازاسىدىن خۇداغا بىچارىلەرچە نالە قىلىۋاتقاندۇ. ئۇ خۇدا، ئالدىڭدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەندىمىز، بىزنى نېمىشقا شۇنچىۋالا شەرمەندە قىلىدىغانسەن، ئاسراپ پەپىلەپ ئۆستۈرگەن قىزلىرىمىز شۇنداق پايخان بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار، بىزنىڭ يۈرەك پارىلىرىمىز مەسۇم قىزلىرىمىز ئىدى. ئۇلار يەنە كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئانىلار ئىدى، ئۇلارنىلا ئەمەس، قىز بېقىپ چوڭ قىلغان بىز بىچارىلەرنى نېمانچە سۇندۇرىدى-

غانسەن. ئەزەلدىن مەردانە ياشاپ كەلگەن قەددىمىزنى پۈكۈلدۈرۈپ، ئەرلىك غۇرۇرىمىزنى، ئاتىلىق ۋەزنىمىزنى نېمانچە يەرگە ئۇرۇپ، خورلايدىغانسەن، بىز ئالدىڭدا شۇنچىۋالا گۇناھكارمۇ؟! ... دەۋاتقاندۇ.

ھەر قانچە قىلىپمۇ كۆز ياشلىرىمنى باشقۇرالمىدىم بەخىرامان ئولتۇرۇپ ئۈنئالغۇغا ئەگىشىپ غىڭشىغانچە ناخشا ئوقۇۋاتقان شوپۇرنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىغانچە، يۈز ـ كۆزلىرىمگە قوللىرىم تالغۇچە ئۇرغۇم كەپكەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ، قانلىرىم ۋۇجۇدۇمدا بىر قانچە قېتىم ئۆركەش ياسىدى. ھەي مەلئۇن، سېنىڭمۇ ئاناڭ، ھەدە ـ سىڭىللىرىڭ باردۇر، نېمىشقا سىڭلىڭچە قىزنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقىدەك قىيىنچىلىق ئەھۋالغا شۇنچە پەرۋاسىز قارايسەن. سەن ئېسىڭگە ئېلىپ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاياغ ـ ئاستىڭدا پەرۋاسىزلىقىڭ بىلەن پايخان بولۇۋاتقان نۇرغۇن قىزلار سېنىڭ ئۆز قەۋمىڭ، قېرىنداشلىرىڭ ئەمەسمۇ؟!... سەن تېخى يېنىڭدا ئولتۇرغان بوۋاڭ سۈپەت مويسىپىتتىن خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن كۆرەڭلەپ غادىيىۋاتامسەن ھايۋان، ئەگەر سېنىڭ قىزىڭ ياكى ھەدە ـ سىڭىللىرىڭ شۇنداق كۈنگە قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ئازراق بولسىمۇ خىجىل بولۇش، ئىچ ئاغرىتىش ياكى ئازابلىنىشتىن ئەسەرمۇ يوقمۇ سەندە، 27 ـ 28 ياشلار ئەتراپىدا تۇرۇپ شۇنچىۋالا نومۇسسىزلىشىپ كەتسەڭ، كېيىن يەنە قانچىلىك قېرىنداشلىرىڭغا ئىنساپسىزلىق قىلارسەن؟!... دېگەنلەر ۋۇجۇدۇمدا، چاقماق چاققاندەك ئەكس سادا پەيدا قىلدى. مۇشۇ تاپتا مەن ئولتۇرغان ماشىنىدىنمۇ سەسكىنىپ كەتتىم. ماشىنىدىن چۈشۈۋال دېگەندەك بىر غايىۋى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە شوپۇرغا قارىغانتىم. ئۇنىڭ ھېجىيىپ تۇرغان تۇرقى بىلەن كۆزۈم ئۇچرىشىپ قالدى. مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ ماشىنىنى توختاتقاندى. بوۋايغا ئىككىنچى رەت قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئېغىر ۋەزىن بىلەن ياپتىم.

بىر ئاچچىق ئەلەم يۈرىكىمنى ئۆرتەيتتى. ئۆتكەندە ئۆتكۈر پىكىرلىك بىر قەلەمدىشىمدىن، ئۈرۈمچىدە مەلۇم بىر ئوتتۇرا تېخنى-

كومدا ئوقۇيدىغان كىچىك بىر قىزنىڭ، ئۆزىنىڭ ناخشىنى ۋە تاشقى ئىسكەتىنى ياقتۇرۇپ قالغان بىر ناخشىچى ئەر بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى كېچىنى بىرگە ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ماختىنىپ، ئەمدى ھېچنېمىدىن ئارمىنىم يوق دەپ يۈرگەنلىكىگە قارىتا قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

يەنە بىر ئوتتۇرا تېخنىكومدا، قىزلارنىڭ كەچتىكى ياتاق تەكشۈرۈشكە باشقا ياتاقتىكى قىزلاردىن ئارىيەت ئەكىرىپ، تامغا قارىتىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ سانغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرى كېچە ـ كېچىلەپ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى، بەزىلىرى مەست ـ ئەلەس پەيدا بولۇپ ياتاقتا تارتىنمايلا تاماكا چېكىپ يەنە ھاراق ئىچىشىنىمۇ بىمالال داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بەزى قىزلارنىڭ سىرتتا ئارىلاشقان دادىسى دېمەتلىك ئەرلەرنىڭ خوتۇن بالىلىرىنىڭ، مەكتەپكە كىرىپ ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، تىللاپ يۈرۈپ رەسۋا قىلىشلىرىنى، قىزلارنىڭ تۇغۇت چەكلەش دورىلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا سېتىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا ئىستېمال قىلىۋېرىشىنى ئاڭلىدىم.

ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ ھامىلە چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى ئۆيى ئالدىدا تارتىنىش، قورقۇش يوق بەخىرامان ھالدا ئۆچرەتتە تۇرغان 19 ـ 20 ياشلار ئەتراپىدىكى قىزلارنىڭ ھەر قايسى دوختۇرخانىلاردا بىمالال يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. دادىسىنىڭ كىملىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيلا ھامىلىدار بولۇپ قالغان قىزلارنىڭ كۆپلۈكى، كۈندە ئەخلەت تۆڭگىغا تۆكۈلۈۋاتقان ھامىلىلەر، توي قىلماي تۇرۇپلا بۇلغىنىۋاتقان، تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇۋاتقان بالىياتقۇ، ناچارلىنىشىۋاتقان سالامەتلىك، تۇغۇت چەكلەشنىڭ تۈرلۈك خىرىسلىرى، نۇرغۇنلىغان قىزلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاجىزلاشتۇرماقتا.

ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن قىزلارغا خىزمەت تەقسىم قىلىنماسلىقىمۇ، ئۇلارغا چۈشكۈنلۈك ۋە زېرىكىپ ئۆزىنى بۇلغىشىغا، قويۇۋېتىشكە سەۋەب بولىدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. كىتابى، نەزەرىيىۋى بىلىمگىلا ئېتىبار بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاڭ ساپاسى، ئىچكى مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىشقا، كۈچەيتىشكە تازا ئېتىبار بې-

رىلمىگەن بۇنداق قىزلار ناھايىتى ئاسانلا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ، چۈشكۈنلىشىپ ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدۇ. بىر خىزمەتدىشىمنىڭ ئېيتىشىچە ئالدىنقى كۈنى خېلى كاتتا تۈزۈلگەن چوڭلارنىڭ بىر سورۇنى بولۇپتۇ. بۇ سورۇنغا رەڭلىك تۈس بېرىش ئۈچۈن بىرسى خوتەندىكى بىر قىزغا 3 ـ 4 دوستىنى ئېلىپ كېلىشكە تېلېفون قىلىپ، بېرىپ ـ كېلىش كىرا ھەققىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن، بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھېلىقى قىز سەككىز نەپەر دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان تەڭ دېمەتلىك قىزلار ئىكەن. قىزلار قالتىس شوخ ۋە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بولۇپلا قالماي، ئاق ھاراقنى بەس ـ بەستە كۆتۈرۈۋېتىدىكەن. تېخى ساقىلىقتا تېخىمۇ ئۇستا بولۇپ، ئەرلەرگە قوشاق ئېيتىپ تۇرۇپ ھاراق تەڭلىيەلەيدىكەن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەرلەرنى تانسا، ئۇسسۇلغا تارتىپ سورۇندىن قاش چىقىرىۋېتىپتۇ. سورۇن ئاخىرلاشقاندا خىزمەتدىشىم مېڭىشقا تەمشىلىۋاتسا، ئۆزىنى تانسىغا تارتقان بىر قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، مېنىمۇ ئالغاچ كېتىڭ دەپ ماشىنىغا چىقىپتۇ. خوتەنگە بارىدىغان بېكەتتە ماشىنىنى توختىتىپ قىزنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا تەمشەلسە، ھېلىقى قىز، باشلايدىغان يېرىڭىز بولسا باشلىمامسىز، دەپتۇ. خىزمەتدىشىم، ھېلىقى دوستلىرىڭىزدىن ئايرىلىپ قالماڭ، بىرگە كەلگەندىن كېيىن بىرگە كېتىڭلار دېسە، قىز، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراش، ئۇلارمۇ بۈگۈن قايتمايدۇ دەپتۇ. خىزمەتدىشىم ئائىلەمدە ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى دەپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ قىز چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشىكنى ئېچىپ تۇرغانىكەن، قىز مەنىستىمەسلىك، خاپا بولۇش چىراي ئىپادىسى بىلەن خىزمەتدىشىمغا قاراپ قويۇپ ماشىنىدىن چۈشۈپتۇ، ئاندىن كەتكىلى كىرا پۇلۇم يوق ئون يۈەن بېرىپ تۇرۇڭ دەپتۇ، خىزمەتدىشىم دەرھاللا پۇلنى بېرىپ يەڭگىلىگەندەك يېنىك بىر تىنىق ئېلىۋېتىپ، ئالدى ئارقىسىغا قارىماي يېنىپ كەپتۇ.

ئۇنىڭ دېيىشىچە ھازىر كىچىكى 16 ياشتىن چوڭلىرى 22 ـ 23 ياشقىچە بولغان بۇنداق قىزلار بەك كۆپ ئىكەن. ھازىر ئەرلەرمۇ

www.uyghurkitap.com



20 ياشتىن ئاشقانلىرى، ئىسىلىۋالسىمۇ قارىماسمىش، ئۇلارنىڭ قىلغان چاقچاقلىرى ۋە ئەرلەرگە قىلغان ناز - كەرەشمىلىرىگە ئادەم ھەيران قالارمىش، ئۇلارغا قانداق ۋاقىتتا چاقىرغۇ ياكى تېلېفون قىلسا، ئاتا - ئانىسىغا ئالدىغاندىن مۇھىم باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرستىپ قويۇپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي سورۇنغا كېلىپ، كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئانچە - مۇنچە نەپ ئېلىپ ئويناپ كېتىدىكەن. بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە ئەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلاردىن تارتىنماي پۇل سوراپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەرلەرنى ئىزدەپ يۈرۈيدىكەن، ئۇلار تېخى توي قىلمىغان يىگىتلەرنى نامرات ھەم ئىش ئۇقمايدۇ، ئادەمنىڭ قەدرىنى قىلىشنى بىلمەيدۇ دەپ ياراتمايدىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوۋ ئوبيېكتى ئاساسەن ئۆي - ئوچاقلىق، بالا چاقىلىق بولغان، پىشىپ يېتىلگەن ئەرلەر ئىكەن، بالىلىرىنىڭ تۇرلۇك چىقىملىرىدىن ئاجراپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇپ بولغان ئەرلەرنى، بۇنداق قىزلار پۇلىنى ئوبدان خەجلەيدۇ ۋە بىزنى كۈتىدۇ، قەدىرلەيدۇ دەپ قارايدىكەن.

جەمئىيىتىمىزدىكى ئەمدىلا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان قىزلاردىكى بۇخىل ھادىسىلەرنى ئۇچراتقاندا قانداقمۇ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلماي تۇرالىسۇن؟ ئاياغ - ئاستى بولۇۋاتقان قەدىر - قىممەت، يوقىلىۋاتقان قىزلىق نازۇكلۇق، ساددا قىزلىق گۈزەللىك، پاكلىق، ئەۋرىشىملىك ۋە ئۇياتچان تارتىنچاقلىق سىپھىر كۈچ يوقىلىۋاتقان خىسلەتلەر، پەزىلەت ئۈچۈن بىر مىللەت خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئۆلۈۋاتقان ئەسلىي روھىي ماھىيىتى ئۈچۈن، قانداقمۇ يۈرەكلەر لەختە بولماي تۇرالىسۇن؟! . . . قىز تۇغۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىلارنىڭ زارى، ئاتىلارنىڭ پايخان قىلىنغان غۇرۇرى، ئىگىلگەن قەددى، سارغايغان چىرايى، يۈرىكىگە پاتماي ئېتىلىپ چىقىۋاتقان زارى - پەريادلىرى، خۇدادىن گۇناھىنى تىلەپ بۇ جازادىن قۇتۇلدۇرۇشقا بىچارىلەرچە سەكپارە بولۇپ تۇرۇپ يېلىنىشلىرى قانداقمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەي، كۆز ياشلىرىنى تۆككۈزمەي تۇرالىسۇن؟! . . . بۇ ئاتا - ئانىلار ئۆزى يېمەي - كىيمەي يىغىپ، بېقىپ، تەربىيىلەپ چوڭ

قىلغان قىزلىرىدىن ئىنتايىن يۈكسەك ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئەمەسمىدى؟. . . تەتۈر پەلەك خۇدا ئۇرغاننى خۇدا بەردى كامىۇ ئۇرۇپتۇ دېگەندەك، يوقسىزراق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قىزلىرىنىڭ كۆرستىۋاتقان بۇ خورلۇقلىرىغىمۇ چىداشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراشلىرىغا چىداشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇ قىزلارنى بېقىپ كېتەلىگۈدەك قۇدرىتى، نورمالنى تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشتۈرەلىگۈدەك ئىقتىسادىي ئەھۋالى بار. ئۇ قىزلار ھەم ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق يۈرەك پارىلىرى. لېكىن بۇ قىزلار دەرىجىدىن تاشقىرى راھەتكە ئىنتىلىدىغان، ئەيشى ـ ئىشرەت، ئويۇن ـ تاماشاغا ھەۋەس قىلىدىغان بولغاچقا مۇشۇنداق يوللارغا كىرىپ قالغان.

ئادەم ھەر قانداق بىر ئىشقا قىزىقسا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ روھىي ئويغىنىدۇ، روھىي تۈرتكە، قوزغاتقۇچ بولىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۆزى چۈشەنمىگەن ياخشى كۆرمىگەن ھەتتا تۈزۈك تونۇمىغان ئەرلەر بىلەن بىرگە بولۇشقا، بۇ قىزلارنىڭ كۆڭلى قانداق كۆتۈرىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئازابلانمامدىغاندۇ؟ ئەجەب مۇشۇلارنى سىغدۇرالايدىكەنغۇ؟ ئۇلار نېمىشقا ئۆزىدە بار بولغان نەرسىلەرنى شۇنچىۋالا خارلايدىغاندۇ؟ كىشىلەر قاچقۇدەك دەرىجىدە پەسلىشىپ كەتكەنلىرىنى بىلىپ، ھېس قىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا شۇ يولغا ماڭىدىغاندۇ؟ ھېچقانداق بىر چوڭ نەرسىگىمۇ ئېرىشمەيدىغۇ ئۇلار، شۇنچە زور بەدەللەرنى تۆلەپ، ئۆزىنى خاراب قىلىپ ياكى ئۇلاردا شۇنچىۋالا پەس ھايۋانىي ھېسسىياتلا پەسكەشلەرچە ھۆكۈمرانمۇ؟ ناتايىن، ئۇلارمۇ نورمالنى جىسمانىي ۋە روھىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىنسانغۇ. ئۇلار كېيىنكى تۇرمۇشىنى، سالامەتلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىر ئانا، ئايال بولۇپ ئەرگە، پەرزەنتكە ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا گۈزەل پەزىلىتى ۋە مېھرىبان پاك قەلبى، غۇبارسىز ئىللىق قوينى ئارقىلىق پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايدۇ؟! . . .

بۇ يەردىكى مەسئۇلىيەت ئاتا ـ ئانىدىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ ياكى ئاشۇ قىزلاردىمۇ؟ بەلكىم بۇ مەسئۇلىيەتنى ھەممىگە تەڭ ئارتىشىمىز

www.uyghurkitap.com



كېرەكتۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، دۇنيا قاراش، قەدىر - قىممەت ئېڭى، ئۆزىنى تەربىيىلىشى، مۇشۇ جەمئىيەتنى قورشاپ تۇرغان تۇرلۇك ئامىل، مۇناسىۋەت، مۇئامىلىلەرگە چېتىشلىق بولىدۇ.

قارىمامسىز، شوپۇر تەستە ئېسىگە ئالغان ھېلىقى قىزنىڭ يەڭگىلتەكلىكى ھەم قاشاقلىقىغا! ئۇ، ئۆزىمۇ تۇزۇك بىر تونۇشمايدىغان ياكى بىرەر قېتىم ماشىنىسىغا چىققان شوپۇرغا ئۆزىنى پايخان قىلىپ، خورلاپ تاشلاپ بېرىپ، دۇچ كەلگەن ئاقىۋەتنى ھەممە ئالدىدا نومۇس قىلماي تۇرۇپ جاكارلاپ، «يىگىت» نى سۆرۈشتۈرۈپ يۈرۈشلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟! ئۇنىڭ يولدا كېتىشىپ بېرىپ چېتىشىپ قالغان ھايۋانلاردىن نېمە پەرقى؟

ھېلىقى ناخشىچى يىگىتكە بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن، ھېلىقى نادان ئوقۇغۇچى قىزنىڭ، ئادەمنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان، ماختىنىپ تۇرۇپ باشقىلارغا ھېكايە قىلىشلىرىغا، تېخى بۇ دۇنيادا ئەمدى ئارمىنىم يوق دېيىشلىرىگە نېمە دېگۈلۈك، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى!؟ بۇ سەۋەبى ھەم نادان قىزلارنى خورلىمايلى دېيىشنى بىلمىگەن ئۇ ھايۋانلار، بۇ قىزلارنى ئىككىنچى رەت يەنە بىر يەردە ئۇچرىتىپ قالسا، ئاددىيسى سالام قىلىپمۇ قوياتتىمۇ؟ ھېلىقى شوپۇر ئەسلىيەلمىگەندەك، سۆيۈق، ھەزلەك، ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، ئىچى قۇرۇق ناخشىچى ئۇ قىزنى تېخىمۇ تونۇمايدۇ. ئەمما بۇ قىزلارنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىنىڭ چېكى يوق كۆپ بولىدۇ. بەزى قىزلار بۇنى كېيىن ھېس قىلالايدۇ. پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلىرى بۇنى ئۆمۈر بويى ھايات شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئۆمۈ بىر كەچمىشتىكى خاتىرە، دەپ قارىشىمۇ، مۇمكىن. مانا ئېچىنىشلىق مەنىۋى تراگېدىيىلەر، خورلانغان روھلارنىڭ ئازابلىق قىسمەتلىرى دەل مۇشۇنداق يەرلەردىن باشلانغان.

ئېھ، چەكسىز خورلۇق ۋە خارلاش - خارلىنىش!... ھالسىزلىنىپ چۈشكۈنلىشىۋاتقان، ئېگىراۋاتقان قىزلار، ھاياتلىق پەلەمپەيدىكى تۇنجى داغلار، ھاياتلىق بەختىدىكى كۆلەڭگىلەر، ياشلىق بېغىدى-

كى شۇمبۇيىلار، سىلەر قىزىلىرىمىزنى، ئانىلىرىمىزنى يۇتۇپ كېتىدۋاتىسىلەر، قىزىلىرىمىز سىلەر بىلەن بىر قېتىم بۇلغانغانىدىمۇ، ئۆڭ - سېپىنى تاپالماي، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ چۈشكۈنلۈك، پەسكەشلىك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتىدۇ، پېتىپ كېتىدۋاتىدۇ. . . دۇنياغا پاتمىغۇدەك نالە - پەريادىمىنى سىغدۇرالمىغان يۈرىكىم يىغلاۋاتىدۇ. . . پارچە - پارچە بولۇپ پۇچۇلىنىپ يىغلاۋاتىدۇ! .

2004 - يىل. خوتەن

www.uyghurkitap.com

# ئايال بولماق تەس

هاياتىي پائالىيەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەركىزى بولغان ئايالدىن ئىبارەت بۇ توچكا، ھەممىگە تۇتاشقان سىم، تور ۋە زەنجىرلىرى بىلەن هاياتلىقنى ئاجايىپ سېھىر ۋە كۈچكە، تەسىرگە ئىگە بولۇۋاتقان بۇ زامانىۋى جەمئىيەتتە ئايال بولۇشنىڭ قىيىنلىقى، ئۆزى تۇتاشقان دائىرە، تور زەنجىرلىرىدەك كۆپ تەرەپتىن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

گەپنى يەنە بېشىدىن باشلايلى، ئالايلۇق بىز ئۇيغۇرلاردا (جۈملىدىن) ھەممە ئادەم ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىلى ئامراق بولۇپ، قىز تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭلى غەش بولىدۇ، يېڭىدىن تۇغۇلغان بۇ قىز بالىغا قارىغاندا، ئوغۇل بالىنى كۆپرەك ئوزۇقلاندۇرىدۇ. قىز بالا دېگەن كۆپ يىغلىسىمۇ ھېچ گەپ، يوق ئوغۇل بالا كۆپ يىغلىسا بۆرىكى چىقىپ قالىدۇ، دەپ ئوغۇل بالىنى ئاساسەن يىغلاتماي، قولىدىن چۈشۈرمەي باقىدۇ. قىز پەرزەنت تۇغۇلۇپلا يۇقىرىقىدەك مۇئامىلىگە دۇچ كېلىدۇ. ئوزۇقلۇق ۋە ئىشتىھا جەھەتتىن، ئوغۇل بالىغا قارىغاندا يۇقىرىقىدەك يەكلىنىشكە دۇچ كېلىپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىزلاردا تاماقنى كۆپ يېيەلمەسلىك، كۈچلۈك تاماقلارنى يېيەلمەسلىك، تەن ئاجىزلىقىش تەبىئىي ھالدا كېلىپ چىقىدۇ. يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تەسىرىدىن بەدىنىنىڭ ئاجىزلىقىشى، ھەيز مەزگىلىدىكى قورۇنۇش، گاڭگىراش بىلەن ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلمەسلىكى، ئېھتىياتسىزلىقتىن تۇرلۇك ئېغىر ـ يېنىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە يېقىن تۇرۇش، ئانىلارغا خىجىل بولۇپ دېيەلمەي، ئانىلار تېخى ئۇلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ بولالماي ئارىلىقتا روھىي كەيپىياتىنىڭمۇ تۇراقسىزلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭسىزمۇ ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزلەردە ھەي. . . قىز بالا

دېگەننى. . . ئوغۇل بالا دېگەن مانا. . . دېگەنگە ئوخشاش گەپ - سۆز ئىچىگە ئالغان مۇئامىلىلەرنىڭ قىز بالىغا بولغان روھىي بېسىمىنىڭ ۋەزنىنىمۇ تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. قىز بالا دېگەن سىرتنىڭ ئادىمى ھەتتا ئۇنىڭ بالىسىنى نەۋرەم دېگىلى بولمايدۇ، بەربىر ئاخىرى دادىسىنىڭ جەمەتىگە قوشۇلىدۇ دەپ قاراش، قىز بالىنى ئوقۇتۇشقا، تەربىيىلەشكە قارىتا، ئوغۇل بالىنى تەربىيىلەشكە ئېتىبار بەرگەندەك ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل قارىماسلىق، قىز بالىغا ئۆز ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا پەرۋىش، مېھىر بېرەلمەسلىك خېلىلا ئېغىر. ئاددىيسى كۆكسى يېتىلىشى مەزگىلىدە، قىزلارغا ئاساسەن بۇ ھادىسىگە ئىلمىي قاراش ھەققىدە تەلىم - تەربىيە بېرىلمىگەچكە، كۆپ قىسىم قىزلار كۆكسىنى تېڭىۋېتىش، خىجىللىق بىلەن ئالدىغا ئېڭىشىپ مېڭىپ ئۇنى يوشۇرۇشقا، كۆكسىنىڭ چىققانلىقىنى بىلىندۈرمەسلىككە، بىر خىل ئۇياتلىق يېرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولغاندەك قورۇنۇش، قىسىنىش ھېسسىياتىدا بولۇش، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ، كەيپىياتى تۇراقسىزلىنىش، قورقۇش، دىققىتىنى يىغالماسلىق، زېھنىنىڭ چېچىلىشى تۈپەيلىدىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئەيىبلىشى، كەمسىتىشىگە ئۇچراپ، قوش بېسىمدا تەبىئىيلىكىنىڭ بوغۇلۇشى، تۇرمۇشتىكى قىز بولۇش سەۋەبى بىلەن كېلىۋاتقان توسالغۇلاردا پەرۋىشسىز، نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ، مېھرىگە تەشنا بوشلۇقلىرىنىڭ بايقالمىغۇسىز قېلىشى، چەكلىنىشى، يەكلىنىشى، قىز بالا تۇغۇلۇپ ئازراق ئاڭ پەيدا بولغاندىن تاكى قېرىپ ئۆلگۈچە، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز، ئايال كىشى دېگەننىڭ ئەقلى قىسقا. . . دېگەندەك گەپ - سۆز، ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇلارغا روھىي بېسىم پەيدا قىلىپ، مەن بەربىر ئايال كىشى. . . دېگەندەك مەيۇس، چۈشكۈن، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇئامىلىلەر ئىچىدە قىز ئايالنىڭ ھەسرەتلىك ئارمانلىرى كۆمۈلۈپ قېلىۋېرىدۇ.

قىزلار ئادەتتە، نۇرغۇن تەبىئىي، ئەركىن ھەرىكەتلەردىن چەكلىنىدۇ. ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى ئوغۇللارنىڭ كەچلەردىمۇ ئەركىن - ئازادە سىرتلاردا يۈرۈشى، ۋېلىسىپىتنى قوپال مىنىشى،

توپ تېپىشى، شاتوپ، گاگاچۇك، يۈگرەش، موللاق ئېتىش، چېلىشىش. . . شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە ئەركىن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى، قىزلارنىڭ ئەيىبلىنىپ، بۇنداق قوپال، تەبىئىي پائالىيەتلەردىن چەكلىنىپ، ئۆيگە بەنت قىلىنىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆزىنى ئەركىن، ئېتىك، جۇرئەتلىك ھېس قىلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىزلارنىڭ خاراكتېرىدە يېتىلىۋاتقان، تەپەككۇرىدا، ئەقلىدە بىخ سۈرۈۋاتقان نۇرغۇن ئاكتىپ ئامىللارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ توسۇلۇپ ھەتتا نابۇت بولۇپ، توسالغۇسىز تەرەققىي قىلالماسلىقى، بارا - بارا ئۆيىگە بەنت بولۇش، نازۇك ھەرىكەتلەر بىلەنلا شۇغۇللىنىپ ۋە شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلۇپ، چېنىقىش پۇرسىتى بېرىلمەسلىك تەسىرىدىن ئۆزىنى راستىنىلا ئەرلەر - ئوغۇللار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلالمايدىغان ئاجىز ۋە يۆلەنچۈككە، كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج ھېس قىلىش، ئەركىن ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قورقۇش، تارتىنىش، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش نەتىجىسىدە نەزەر دائىرىسى، ھەرىكەت دائىرىسى ئۆي ئىچىگىلا بەنت بولۇش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن تەبىئىي ئارىلىشىش ۋە نۇرغۇن تۈگۈنلەرنى يېشىپ، ئىدىيىسىدىكى قاراش، تونۇشىدىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، چۈشىنىۋېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇلارغا بۇنداق تەرەپلەر قاراڭغۇ پېتى قالغانسېرى، ئۇلار شۇ تەرەپلەرنى چۈشىنىشكە شۇنچە قىزىقىدۇ، شۇ تەرەپلەردىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇلار قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەي گاڭگىرايدۇ، ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلاردا مۇشۇ جەھەتلەردىن ئۆزىنى بايقاپ، ئۆزىنى قېزىپ چىقىپ، ئۆزىگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، ئۆزىنى تونۇۋالغان ئاساستا سوغۇق قان مۇئامىلە قىلالايدىغان ئىقتىدارمۇ بولمايدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش، مۇھەببەت، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە، تۈرلۈك ھادىسىلەرگە يولۇققاندا قانداق بىر تەرەپ قىلىش، تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ۋە ھەر ساھە كىشىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، ئۆزىنى ۋە

تاشقى دۇنيانى تونۇش، تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار قىزلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئىگىلەشكە تېگىشلىك ياشاش سەنئىتى ساۋاتى بولۇپ، نورمالنى ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم بولۇشتىكى بىرىنچى قەدەمدۇر. بولۇپمۇ ئايال بولۇش دېگەنلىك ــ يۈكسەك مۇئامىلە سەنئىتىگە ئىگە بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئاياللار تۈرلۈك كىشىلەر مۇناسىۋەتلىرىدە ئاقىل ئۆزىنى قوغدىغۇچى ۋە ماھىر ئۆزىنى، مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىگۈچى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتچى بولۇش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئايال ئۆزىنىڭ ئىللىقلىقىنى، جەلپكارلىقىنى ۋە بەلگىلىك تارتىش ۋە تېپىش سىرىنى كۈچىنى يوقىتىپ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى قەدىرلەپ، ساقلاپ تۇرالمايدۇ. بۇ چاغدا ئايالنى كۈتۈپ تۇرغان خىرىس ئاجايىپ چوڭ بولىدۇ. ئۇ ھەممىگە مېھىر ئاتا قىلالمايلا قالماي، ئۆزىنىمۇ توگىلىتىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇ بايلىق مەنبەسى يوقالغان تاشلاندۇق خارابىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالىدۇ. ھەممە ئۇنىڭدىن بىزار بولىدۇ، ھەممە ئۇنى يۈتۈۋېلىشقا، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا، بوزەك قىلىشقا تەييار بولۇپ، تۈرلۈك رەھىمسىز خىرىسلارغا دۇچ كەلگەن ئايال ئاجىزلىق ئۇقۇمىنىڭ تىرىك قۇربانىنىڭ شاھىدىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭىمۇ ئورۇق ئاتقا كۆپ يۈك ئارتىشقا توغرا كەلسىمۇ ئامال يوق، يەنە قىزلار نۇرغۇنلىغان ياشاش مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىدىكى يۈكنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر. قىزلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرنى بايقاپ ۋە چۈشىنىپ ئۇلارغا مۇۋاپىق، توغرا مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلار بىلەن مۇناسىپ مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا دۇچ كېلىدىغىنى ئاتا ــ ئانا بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت. بىزدە مېھىر ــ مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇق، ئەركىنلىك قاتارلىقلارنىڭ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىش چەك ــ چېگراسى ئېنىق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ خالىغان بىرىنىڭ ئېغىرلىق ۋەزنىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئۆزئارا مۇناسى-

ۋەتنى تەڭشەپ مۇئامىلە قىلىشى ئىنتايىن يېتەرسىز.

قىزلارغا قارىتا ساغلام، ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە تەربىيىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ئۇلارنى ئاجىز، كېيىن بىر ئەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش كېرەك، شۇڭا رايىش، يۈزى تۆۋەن، ئائىلە ئىشلىرىغا پىششىق بولسۇن دەيدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى قاراش سىڭدۈرۈلگەن ئاڭنىڭ تەسىرىدە قىزلارنى يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى بار ياكى كۆچلۈك قىلىپ تەربىيىلەپ قويۇش، نورماللىقتىن ھالقىغان چەكلىمە شەرت ئىچىدە، تەبىئىي پائالىيەتلىرىدە، كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىپ، تەبىئىتىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەرنى بوغۇپ، بۇرۇختۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى خورىتىش ئېغىر. شۇنداق بولغاچقا قىزلاردا ئاتا ـ ئانا، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىغا مۇۋاپىق كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى كۈتۈشنى بىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىش، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىش قىلىپ، ئۆزىنى چۈشىنىپ توغرا بايقاپ، ئۆزىگە مۇناسىپ يول ـ ئۇسۇل تاللاپ، ئۆزىگە يول، ئىستىقبال تېپىش ۋە ئۇلاردىن مۇۋاپىق توغرا پايدىلىنىش، ئۇلارنىمۇ رەنجىتمەي ھەم ئۇلارغا ئۆزىنى توغرا ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، مۇستەقىل ياشاش، يول تاللاش ئىقتىدارىنى بەلگىلىك ئىپادىلەش بىلەن، ئۇلارغا قارىتا ھۆرمىتى ۋە كۆيۈنۈشىنىڭ بىرلىكىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئاتا ـ ئانا بىر تۇغقانلىرىدا، ئۆزىگە قارىتا ئىشىنىش، مەۋجۇتلۇقىغا، يول تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش، بەلگىلىك ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە قارىتا ئۇلاردا تەسىرات ۋە ئىشەنچ پەيدا قىلىشى كېرەك.

قىزلارنىڭ دۇنيا قاراش يېتىلدۈرۈش، ئۆگىنىش، كەسىپ، مۇھەببەت تاللاش، مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەللىشىدە، قىزلار ئەتراپىدىكى بىرگە ھەرىكەت، پائالىيەت قىلىدىغان دوستلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا دوست تۇتۇش، تاللاپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش بەك مۇھىم. بىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر مەن دوست دەپ ئاتىلىنىپ يۈرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدە دوستلۇققا ئەرزىيدىغانلىرى تولىمۇ ئاز بولىدۇ. دوستلۇقمۇ كۆپ قىرلىق بولىدۇ. ئەمما ئادەمگە كېرەكلىك زۆرۈر تېپىلغاندا قەدرى ئۆتۈلىدىغان دوست-

لۇق تۇرى كۆپ ئەمەس، ئەتراپىدا ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كېتىشىمۇ ئادەمگە بىھۇدە ئاۋارىچىلىق ۋە ۋاقىت ئىسراپخورلۇقى ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەمنىڭ ۋاقتى، زېھنىي قۇرۇق پاراڭ، بىھۇدە باردى ـ كەلدىلەرگە زايە بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا دوستلۇقتا مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە دوستلۇققا ئەرزىيدىغانلىرىنى تاللاش، يارامسىزلىقىنى، شاللىۋېتىش كېرەك.

ئورتاق ئىرادە ۋە ئۆگىنىش نىشانى جەھەتتىكى دوست تاللاشتا، مەكتەپتىكى ۋە ئائىلىلەردە بىرلىكتە تەكرار قىلىش، بىرلىكتە ئۆگىنىش قىلىدىغان، تىرىشچان، مەسئۇلىيەتچان ۋە ئەستايىدىل شۇنداقلا تەپەككۇرى جانلىق دوستىنى تاللاش كېرەك. ئۇندىن باشقا سەممىي، ساداقەتمەن ۋە قەيسەر، ئۆزى ئۈچۈن قىيىنچىلىقلاردا يار ـ يۆلەك بولالايدىغان، توغرا يول، مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئىلھاملاندۇرالايدىغان ۋە تەنقىد قىلالايدىغان، پىكرى ئۆتكۈر دوست تاللاش ۋە تېپىش قىزلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدە ئەڭ مۇھىم. گەپ شۇنداق دوستنى تېپىش ـ تاپالماسلىقتا، پەرق ئېتىش ـ ئېتەلمەسلىكتە. بۇنداق دوست تېپىش ۋە پەرق ئېتىشكىمۇ ساپا كېتىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ خىل دوستلۇق تۇرشتىن بىر قەدەم يۇقىرى تۇرىدۇ. قىزلارنىڭ دۇنيا قاراش، ياشاش يولى تاللاش، مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە بۇ خىل دوستلۇق يول كۆرسەتكۈچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك تۈرلۈك ئىشلاردىكى مەسلىھەتچى، ھەمكارچى، ئەخلاقىي، يولى دۇرۇست دوست بولۇپ، ئارىلىشىش كۆپرەك بولىدۇ. نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەكلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىكى ھەمكارلاشقۇچى دوستمۇ، قىزلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا پىشىپ يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بولسا يۇقىرىقى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى مەركەزلەشكەن دوست بولسا تېخى ياخشى. بولمىغاندىمۇ، ئايرىم ـ ئايرىم شەرتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان، ئىككى، ئۈچ دوست بولسا كۇپايە. باشقىلارغا نورمال مۇئامىلە قىلىپ قويۇش، دوستلۇق دائىرىسىنى بەك كېڭەيتىۋەتمەس-

لىك، ھەرخىل ناچار ئىدىيە، خاھىشلارنىڭ قىزلار تۇرمۇشىغا سى-
ڭىپ كىرىشىنىڭ، ۋاقىت ۋە زېھىن ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
كېرەك. بىزدە قىز بالىنىڭ دوستى يوق دەيدىغان گەپ بار. ئىدىيىۋى
ساپاسى دوست بولۇشقا مۇناسىپ، دوستلۇق ساداقىتى، پەزىلىتى دۇ-
رۇست، دوست بولۇش سالاھىيىتى بار، سەمىمىي نىيەتلىكلەر ئۈنچە-
لىك كۆپ ئەمەس. شۇڭا دوستلۇقتا چوقۇم بەلگىلىك ئارىلىق قويۇش
كېرەك. ئوقۇش يېشىدىكى بىر قىزدا مۇشۇ خىل ئىقتىدارىنىڭ،
پەرق ئېتىش، تاللاش، شاللاش ئىقتىدارىنىڭ تولۇق يېتىلىپ بولۇشى
ناتايىن ئەلۋەتتە. شۇڭا بەلگىلىك يول كۆرسىتىپ قويۇش، نىشانىنى،
رولىنى ئانچە - مۇنچە باشقۇرۇپ، توغرا يولغا باشلاپ قويۇشقا يەنە
ئانا بولغۇچىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ ياش باسقۇچىدىن باشلاپ، سۆيگۈ -
مۇھەببەت مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىشكە باشلايدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە
خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، بۇ ھەر قانداق بىر قىزنىڭ چوقۇم
بېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمى بولۇپ قالىدۇ. بۇ قەدەمنىڭ قانداق بېسىلى-
شى شۇ قىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئائىلە، جەمئىيەت ۋە خىزمەتتىكى
مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. بۇ بىر قىز،
بىر ئايالنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ قانداق بولۇشىغا مۇناسىۋەت-
لىك ئىنتايىن مۇھىم تاللاشتۇر. ئەڭ ئالدى بىلەن قىز ئۆزى مۇھەب-
بەتنى چۈشىنەمدۇ - يوق، ھازىر بۇ قەدەمنى ئالسا بولامدۇ -
بولمامدۇ، مەنىۋى ئىجتىمائىي سەۋىيە پىشىپ يېتىلدىمۇ ياكى شارا-
ئىت تېخى خاممۇ؟ ھازىر ئۆزى تېخى قايناق ھېسسىيات بىلەن تەلپۈ-
نۈش باسقۇچىدىمۇ - قانداق؟ ئۆزىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە ئىدى-
يىۋى ساپاسى بويىچە تاللىغاندا قايسى يىگىت مۇۋاپىق، ئەڭ مۇھىمى
ھېسسىيات جەھەتتىنلا ياقتۇرۇپ، ھېسسىياتنىڭ سالمىقى بېسىپ
كەتتىمۇ - قانداق؟ ئەقلى جەھەتتىن ئويلىغاندا ھازىرقى ئەھۋالدا
مۇھەببەت تاللاشقا شەرت ھازىرلاندىمۇ يوق؟ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت
جەھەتتىن شارائىت پىشىپ يېتىلدىمۇ، خاراكتېر، دۇنيا قاراش جە-
ھەتتىچۇ؟ قارشى تەرەپ بىلەن قىزنىڭ، مىجەزىنىڭ ئېگىز - پەس
تەرەپلىرىنى كۆتۈرۈش، يول قويۇش، ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا قە-

دىرلەش جەھەتتىن ماس كېلەمدۇ ـ يوق؟ بۇ ئاداقىقى تالىلاش
بولالامدۇ ـ يوق؟ قاتارلىقلارغا توغرا جاۋاب بېرەلىشى، توغرا ئويلىـ
يالىغۇدەك ئىدىيىۋى ساپا بولۇشى كېرەك، ئەمما بىزنىڭ قىزلارغا
ئائىلە، مەكتەپ تەربىيىسىدە بۇ جەھەتتىكى بوشلۇق بەك چوڭ بولغاچـ
قا، ئۇلاردا بۇنداق مۇكەممەل ئىدىيىۋى تەييارلىق تولۇق ئەمەس.
ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى توغرا بايقاپ، چۈشىنىپ، توغرا مۇئامىلە قىـ
لىش ئىقتىدارى يوق دېيەرلىك. ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي
شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدىن بىخەۋەر بىرسىنى ياقتۇرۇپ قالىدـ
لا، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرسا بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئەقلىي
جەھەتتىن بىلمەيلا دوقىقىدە ئۇسۇپلا توي قىلىش، ئاندىن كېلىشەلـ
مەي، ئوڭ سىپىنى، ئەقىل ھوشىنى تاپالماي، ھەممە جەھەتتىن
چېكىنىپ، چۈشكۈنلىشىپ زەربىگە ئۇچراپ بەرداشلىق بېرەلمەي تېـ
ڭىرقاش ئائىلىنى بۇزۇش، قەلبىنى جاراھەتلەپ چۈشكۈنلۈك، تېـ
ڭىرقاش، قېيداش، ئاچچىق يۇتۇپ بىر ئۆمۈر ئىزىلەڭگۈ ياشاش
ئەھۋاللىرى كۆپ. ھاياتىنى، ئۆزىنى، ئائىلىسىنى قەدىرلىمەسلىك،
شۇنچە گۈزەل دۇنيانى تار، زەئىپ ھېس قىلىپ ھەسرەت ئىچىدە
يوقىلىش. بۇ كوچىدا تەمتىرەپ، ئاجىز گەۋدىسى بىلەن ئۇرۇلۇپـ
سوقۇلۇپ ياشاۋاتقان ئايالىلار، نادان، تەربىيە كۆرمىگەن، ئانا بولۇشـ
نى بىلمەي، ئۇنىڭ ۋەزىنىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ھېس قىلالماي تۇرۇپ
ئانا بولۇپ قالغان بىچارە ئانىلار بىزدە ئاز ئەمەس.

ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئوبرازىنى قانداق ساقلاپ، مەجبۇرىيەت ۋە
مەسئۇلىيەتنى قانداق ئادا قىلىشتىن سىرت، بۈگۈنكى دەۋر ئاياللىرىـ
دا يەنە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئەتراـ
پىدىكىلەرگە، خىزمەتداشلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا قانـ
داق تەسىر بېرىش مەسىلىسى ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك تولىمۇ
مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى
مۇۋاپىق تەڭشەپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەش بىلەن قارشى
تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا مۇۋاپىق ھۆرمەت قىلىش، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ
قىممىتىنى ساقلاش، باشقىلار قەلبىدە بەلگىلىك ۋەزىندە ئورۇن قالـ
دۇرۇش، ئىمتىيازىنى تىكلەپ، جەمئىيەتتە مەلۇم ئىززەت ـ ھۆرـ

مەت پەيدا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر قىز ـ ئاياللاردا دۇچ كېلىدىغان ئەمەلىي مەسىلە.

قىزلاردا يېتىلگەن تۇرمۇش مۇئامىلە سەنئىتى، پسىخىك ۋە ئەقلىي بىلىم تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، بۇنداق ئىنچىكە تەربىيىگە ئاتا ـ ئانىلار ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مەكتەپلەردىكى ئۆلۈك نەزەرىيىلەرنىڭ كۈچى بۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئىدىيىۋى تەييارلىقسىز قىزلار جەمئىيەت قايىنىمىغا ئىتتىرىلسە قانداقمۇ، ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ كەتمەي، يارىدار بولماي ئۈزۈپ چىقالىسۇن، قانداقمۇ نۇرغۇن خىرىسلارنى يېڭىشكە تەييار تۇرغان چىشى يولۋاس بولالىسۇن؟

خاراكتېر، ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە ئەمەلىي تەييارلىقى پىشىپ يېتىلمىگەن قىزلارنىڭ توي قىلىپ، فىزىئولوگىيە جەھەتتىن، تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن ماسلىشالماسلىقى يەنى، ئۆزىنى ئاسانلا تاشلىۋېتىشى، توي قىلمىغان ۋاقتىدىكىدەك كەيپىياتىنىڭ، مىجەزىنىڭ تۇراقلىق، ياخشى بولماي، نۇرغۇن تەرەپلەرگە تەڭ ئېتىبار بېرەلمەي، يېتىشەلمەي ۋە تۇرمۇشنى تەڭشىيەلمەي ئاسانلا چېچىلىشى، رەتلىك، چىرايلىق ياسانماسلىقى، تۇرمۇشتىكى، ئائىلىدىكى ئىشلاردا رەتلىك، پاكىزە، سوغۇق قان، مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا ئېتىبار بېرەلمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەرلەردە ئۆزگىرىپ كەتتى، دېگەن قاراشنى مىجەز ـ خاراكتېر ۋە قىياپىتىنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلىنىشى، ئاندىن بارا ـ بارا ئائىلىنىڭ تېخىمۇ ئۆزگىرىشى بىلەن سىرتتىكى قىز ـ ئاياللارغا كۆز تىككۈسى كېلىش ئاياللارنى تۈگەشتۈرىدىغان ئەڭ زەھەرلىك خىرىس. ئائىلىنىڭ ئۆي، بالا، خىزمەت مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي ھەم يېتىشەلمەي، قەددىنى رۇسلىيالماي پالاقشىپ يۈرۈپ خىزمەتتە چېكىنىش، ئائىلىدە ئىللىق، خاتىرجەم، بەختلىك كەيپىيات يارىتالماي، تۇرمۇشتىن ھۇزۇر، زوق ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنى ھارغىن، چۈشكۈن، يۈك ئارتىۋالغاندەك ھېس قىلىشى، ياشاشنى كۆڭۈلسىز، ئارتۇقچە يۈك ئارتىۋالغاندەك، ھاياتنى مەنىسىز ھېس قىلىشلارنىڭ ھەممىسى، يەنە ئاشۇ بىچارە ئاياللارنى يۇتتۇۋالاي ـ يۇتتۇۋالاي دەپ تۇرغان چوڭ خىرىس

ئەمەسمۇ؟

دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ئائىلىلەردىكى يۈكنى تېخىمۇ يۇقىرى سايا بىلەن تېخىمۇ يۈكسەك ئانىلىق ئوبراز، ئائىلىلىق سەنئەت بىلەن ئېغىرلىتىۋەتتى. بىر ئايال تۆرلۈك ئادىمىگەرچىلىك، ئۆي ئىشلىرى، ئۈچ ۋاخ تاماق، ئۆي تازىلىقى، ئۆينىڭ مۇۋاپىق سەنئەتلىك بېزىلىشى، تۆرلۈك مېھمانلارنى لايىقىدا كۈتۈش، تۆرلۈك مېھماندارچىلىقلارغا مۇۋاپىق بېرىش، مېھماندارچىلىقلاردىكى ئۆزىنى تۇتۇش، باشقىلارغا مۇۋاپىق تەسىر بېرىش ۋە تۆرلۈك مەزمۇندىكى مېھماندارچىلىقلارغا مۇناسىپ ياسىنىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى گۈللىنى - گۈلىگە كەلتۈرۈپ قىلالمىسا بولمايدۇ. خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، دادىل بولغاندىن سىرت تىل ئۆگىنىش، كومپيۇتېر بىلىش، ئەتراپىدىكىلەر ۋە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشەش، مۇناسىپ مۇئامىلە قىلىش، ئارىلىق ساقلاش، ئۆز ئوبرازىنى قانداق تىكلەش، ئائىلىدە پەرزەنتلىرىدە تەلەپچان ئانا، سىرداش دوست، كۆپكە قادىر ئوقۇتقۇچى بولۇش، ئۇلارغا پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى تۆرلۈك مۇئامىلىلەر سەنئىتى... قاتارلىق جەھەتتىكى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلىنىدىغان تەربىيىلەر، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشتىن باشلاپ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىشقىچە بولغان ئەمەلىي ۋە تەسەۋۋۇردىكى ئىشلاردا جاسارەت، ئەقىل، ئۆزىنى تۇتۇشقىچە بولغان ئەمەلىي ماھارەتلەر، ياشاش سەنئىتى تەربىيىسى بېرىش يەنىلا ئانىلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئەمەلىي مەسىلە. ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللارنى كۈتۈپ تۇرغان ئەڭ زەھەرلىك خىرىس. مەدەنىيەت تەرەققىياتى تېزلىشىپ، رەڭگارەڭلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىيەت قاينىمىدا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشىدۇر.

يۇقىرىقىدەك جىددىيەتلىكلەردىن، تۆرلۈك مەجبۇرىيەتلەردىن يېتىشمەي - يېتىشەلمەي قېلىۋاتقان تىنىمسىز ئايال، يەنە سوغۇق قانلىق بىلەن كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ئىللىق سېھىر - كۈچ بېرىپ تۇرۇپ ئېرىگە تىكىلىشنى، ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن سىرداش، دوست، ھەتتا بەزىدە كۆيۈمچان ئانا، بەزىدە گۈزەل خۇلق - مىجەزى

ۋە سېھرى بىلەن ئېرىدە، ئۆزىگە نىسبەتەن كۈچلۈك جەلپ قىلىش هازىرلىشى كېرەك، بولمىسا هازىرقى جەمئىيەتتە ئەرلەردىن بەكرەك تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەرلەرنى قوغلاۋاتقان ياش - چىرايلىق، ئاز كەرەشمىلىرى ۋە قىلىنلىقى هەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان قىزلار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلاردا ئائىلىسى، ئايالى، بالىسى بار ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىۋاتقانلىقىغا نىسبەتەن خىجىل بولۇش تۇيغۇسى ئەسلا يوق. ئۇلار هەم بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە ئەر بىلەن ئارىلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلار سۈركىلىپ ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ كۆزى، دىققىتى چۈشكەن ئەرلەرگە تونۇشلۇق بېرىدۇ، ئۇلارنى ئىزدەيدۇ، هەتتا تاماقا، ئولتۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلىدۇ، ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئاياللاردا ئەرلىرىنى ئاشۇ قىزلاردىن كۈچلۈك سېھرىي كۈچ ۋە ئائىلە ئىللىقلىقى، ئاياللىق مېھرى بىلەن تارتىۋالالىغۇدەك ئاياللىق سەنئىتى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىچارە ئاياللارنىڭ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ سالامەتلىكى زور دەرىجىدە چېكىنگەن. نېرۋىسى ئاجىزلاشقان، ئاچچىقى يامان، ئۇنتۇغاق، كەيپىياتى ناچار بولۇپ ئۆزىنى، ئېرىنى كۈتۈشكە، تۈرلۈك ئىشلار دۆۋىسى ئىچىدە يېتىشەلمەيۋاتقان، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە قارىتا سۇس مۇئامىلە قىلىپ، زېهنىي كۈچىنى ئائىلىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرى، كۈندىلىك يۈگۈر - يېتىملار، ئائىلە ئىقتىسادىنى قانداق يېتىشتۈرۈپ، قانداق خەجلەش، پەرزەنتلىرىنىڭ، خىزمەتنىڭ تۈگىمەس غەملىرى بىلەن تولىمۇ هارغىنلىقتا هەپىلىشىمۇ قالمايدۇ. ئەمما نۇرغۇن خىرىسلار، جىددىيەتلىكلەر ئايالنىڭ ئەھۋالىدىن پەرۋايى پەلەك كېلىۋاتىدۇ. بىچارە هارغىن ئايال يەنە چىشىنى بىلەپ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا، يۈگۈرەلمىسىمۇ سۆرىلىپ مېڭىشقا، كۈلەلمىسىمۇ ئۇمچەيگىنىسىمان ھىجىيىشقا مەجبۇر.

قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال دەيدۇ ئاياللار. ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقى ئالدىدا قىينالسىمۇ، خىزمەتداشلىرىدەك، دوستلىرىدەك ياسانمىسا، كىيىنمىسە تېخى بولمىغان، بولمىسا كۆزگە ئىلىنمايدىغان، يەكلەنگەن، قاتار چايلارغا بارغۇسى يوق تۇرۇپ، ئەل - ئاۋام-

دىن ئاۋىي قىلىپ كۆتىنى يۆگىيەلمەيۋاتسىمۇ تاراق ـ تاراق تىزىلارنى چايلارغا خەجلەۋاتقان، ساقسىز، سالامەتلىكى خېلىلا ناچار بولسىمۇ داۋالانماسلىققا رازىكى قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيمىسە تېخى بولمىغان، ئاۋاز چىقىرىپ دەسسەپ پارقىراپ ماڭغۇدەك ھەپسىلىسى بولمىسىمۇ، شۇنداق مېڭىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان، ئېرىنىڭ ئالدىدا گۈزەل، مېھرىبان، سېھرىي كۈچكە ئىگە ئايال، پەرزەنتلىرىگە ھەممىگە قادىر يېتەكچى ۋە كۆيۈمچان ئانا، دوستلىرىغا سېخىي، مەرت قەدىرلىنىشچان دوست، خىزمەتداشلىرىغا قابىل، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان خىزمەتداش، جەمئىيەتكە بەلگىلىك ئىقتىدارغا ۋە نوپۇزغا ئىگە، تاشقى قىياپىتى ۋە مىجەز خاراكتېرىنىڭ ۋەزنى بار، ياخشى پەزىلەتلىك ئوبراز قالدۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەر. شۇنچە كۆپ ئىشلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنى ئاجىز ۋە تىنىمسىز، جاپاكەش بىر ئايال، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەربىر قەدەم باسقۇچلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئەمەلىي مەشغۇلات، تىرىشچانلىق ۋە قۇربان بېرىشلەر بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

مۇشۇلار ئىچىدىن شاللىنىپ كەتمەي، سوقۇلۇپ كەتمەي ئۆزۈپ چىقالىغان ئايال دۇنيادىكى ھەرقانداق تۆھپىكارلاردىن ئۇلۇغ، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئادەمدىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، بەلگىلىك ئوبرازنى يارىتالىغان ئايال ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن مۇئامىلە سەنئىتىگە، يۈكسەك ئىدىيىۋى ساپا ۋە پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، ئىنسانلىق سۈپەتكە، پىشقان ئادىمىيلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ خىل ئۇششاق تور ـ زەنجىرلەر قورشاۋىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كىرسىز ساقلىغان ئايال بىر مىللەت ۋە خەلقنىمۇ ئىدارە قىلالايدۇ. كەسپتە، خىزمەتتىلا نەتىجە قازىنالايدىغان مەشھۇر ئاياللارنىڭ، تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئاياللىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆزۈپ چىقالىشى ناتايىن، ئەمما ھەقىقىي ئاياللىق سۈپىتىگە، ئوبرازىغا ئىگە ئايال چوقۇم ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ، ھەرقانداق سىناقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، مەردانە يېڭەلەيدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭدا ئۇنىۋېرساللاشقان ياشاش سەنئىتى، ياشاش ئەمەلىي قابىلىيىتى بار. بۇ خىل پىشىپ يېتىلگەن ئەمەلىي قابىلىيەتنى ۋە ئۇ بەرگەن

كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەقلىنى، گۈزەللىكنى، ئۇ تاۋلىغان ئىرادىنى ھېچقانداق كۈچ يېڭەلمەيدۇ، ھېچ نەرسە بېرەلمەيدۇ.

ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەن زامانغا مۇناسىپ ئايال بولۇش— ھەرقانداق ئىشقا قادىر بولۇش، ھەممىدىن ئۈلۈغ بولۇش، ھەممىگە ئۇستاز، يېتەكچى بولۇش دېمەكتۇر. بۇ خىل ئاياللىق ۋەزنىنىڭ مەزمۇنىدا ئوقۇتقۇچىلىقمۇ، سەنئەتكارلىقمۇ، پسىخولوگلۇقمۇ، دىپلوماتلىقمۇ، ناتىقلىقمۇ، جەزبىدار گۈزەللىكمۇ، قاتتىق قول سىياسىئونلۇق، جەمئىيەتشۇناسلىقمۇ ھەممىسى بولىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەر ئايالنى ئاستا ـ ئاستا تاۋلىغان، ئايالمۇ ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي، تىرىشىپ ـ تىرىشماي نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن، قوبۇل قىلغان، ھېس قىلغان نۇرغۇن تەجرىبە توپلىغان، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆز ئالىمىگە ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ. ئاياللىق گۈزەل ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشكەن بايلىقلارنى، بىلىمنى، جاسارەت ۋە چىدام غەيرەتنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

خىزمەتتە مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بەلگىلىك ھۆرمەتلىك ئوبراز تىكلىگەن، پەرزەنتلىرىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن تەربىيىلەپ، يارامىلىق قىلىپ قاتارغا قوشقان، ئېرىنى ھەر جەھەتتىن رازى قىلىپ، ئۆزىگە تارتىپ تۇرالىغان ئايال دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئايالدۇر. ئەڭ مۇكەممەل ۋە پىشىپ يېتىلگەن ئىنساندۇر. چۈنكى بۇ ئايالنىڭ كەچمىشىدە ھەممە ئەگرى ـ توقايلىقلار، ھەممە تىرىشچانلىق ۋە جاسارەتلەر، ھەممە بىلىملەرنىڭ ئەمەلىيەتتە جانلىق ئورۇنلىنىشى، نۇرغۇن قۇربان بېرىش ۋە بەدەل تۆلەشلەر، يەنە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي ئۆزىگىلا ئەمەس، ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ ئىللىقلىق، ھارارەت بېغىشلاش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلىش، چۈشىنىش، ئىپادىلەش، قېزىپ چىقىشلاردىكى ئاجايىپ قايىل قىلارلىق ماھارەتلەر. يۈكسەك ئەقىدە، سەۋر ـ تاقەت، جاسارەت، ئەقىل ۋە مېھرىبانلىقلار، تىرىشچانلىقلار تولۇپ ـ تېشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇساپىسىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولاپ، قۇدۇق سۈيىنى دەل قايتىدىن ۋە سۈزۈك چىقارغان

جاپاكەشنىڭ مۇساپىسىگە ئوخشاتساقمۇ ئاددىي كەپ قالىدۇ. چۈنكى قۇدۇق كولاش تەكرار بىر خىل پائالىيەت. ئەمما ئايالنىڭ پائالىيىتى كۆپ قىرلىق بولۇپ، شەكىل، ئەقىل، سەۋىيە، ئۇسۇل ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاپ، يېڭىلاپ، جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

قىزلارنىڭ تەربىيىسىز قېلىشى، ئانىلارنىڭ، ئاياللارنىڭ ساپاسىز قېلىشىدۇر. بۇ جەمئىيەتكە، بىر مىللەتكە، خەلققە نىسبەتەن ئەڭ زور يوقىتىش، ئايالLARنىڭ كۆز يېشى دۇنيانىڭ كۆز يېشىدۇر. ئەمما ئۇ ئايال مەيلى قانداق كەيپىياتتا بولسۇن يەنىلا نۇرغۇن يۈكلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ياشاشقا مەجبۇر. ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلسىمۇ يەنە ئانا، ئايال بولۇشقا، ئۆزى خوراش، يوقىلىش بەدىلىگە ئەتراپىدىكىلەرنى پەرۋىش قىلىشقا مەجبۇر. ئايال بولۇشنىڭ شۇنچىلىك قىيىنلىقىنى بىلسىمۇ، بۇ رېئاللىقنى يەنىلا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر.

2005 ـ يىل. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# «قىز ـ ئاياللارغا مەسلىھەت» كە بۇ گۈندىن نەزەر

1997 ـ يىلى مېنىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «قىز ـ ئاياللارغا مەسلىھەت» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىم نەشر قىلىندى. توپلام نەشردىن چىقىپ تارقالغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئىنتايىن ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىتابخانىلاردىن 100 پارچىدىن ئارتۇق خەت تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەتلەرنى يازغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، بەزىلىرى دېھقان قىزلىرى، بەزىلىرى 2 ـ 3 بالىلىق بولغان ئاياللار، بەزىلىرى تۇرمۇش يولىدا بىرەر پېشكەللىككە يولۇققان ئەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەتلىرىدىن، شۇنداق بىر سەمىمىي، دوستانە يۈرەك يالقۇنلاپ تۇراتتى. ئۇلار ھېچكىمگە ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى سىرلىرىنى، دەردلىرىنى ماڭا بايان قىلىپ، مەندىن دوستانە مەسلىھەت، سەمىمىي تەكلىپ ۋە مەردانە رىغبەت كۈتكەنىدى. كىتابىمنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇلار ماڭا نىسبەتەن ئەنە شۇنداق قاراشقا كەلگەنلىكىنى، تەسىراتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى بولغانلىقىنى زورۇقۇپ تۇرۇپ بايان قىلىشقان، ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ خېتىدە بايان قىلغان مەزمۇنلىرىغا ئېتىبار بىلەن قاراپ قويۇشۇمنى، مېنى دوستى دەپ بىلىشىدىغانلىرىنى قايتا ـ قايتا سەمىمىيلىك بىلەن ئۆتۈنۈشكەنىدى.

مەن گەرچە ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرالمىغان بولسامmu، ئۇلارنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالغاندىم. ھازىرمۇ ھېيت ـ بايراملاردا، ھەرقايسى جايلاردىكى ئوقۇرمەن دوستلاردىن، ئىجادىيىتىمگە ئۇتۇق تىلەپ يوللانغان يوللانمىلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە تاپشۇرۇۋالغىنىمدا، ئۇلارنىڭ كۈتكەن ئۈمىدلىرى ئالدىدا ئۆزۈمگە تەلەپنى قاتتىق قويۇش قارارىغا كېلىمەن ۋە ئۇلارنىڭ

شۇنچە يۈكسەك تىلەكلىرى ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ھېچ ئىش قىلالمىغانلىقىمدىن قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلىمەن، شۇنداقلا ئېتىبارسىز ئادەم ئەمەسلىكىمدىن سۆيۈنىمەن، پۈتۈن دۇنيا ماڭا شۇنچە گۈزەل، ئەتراپىمدىكى بارلىق ئادەملەر ماڭا دوستانە تۇيۇلۇپ كېتىدۇ!

ئۇ كىتابتىكى ماقالىلەر مېنىڭ 17 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يازغان ماقالىلىرىم بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا تېخى توي قىلىش ئىشىمنى ئويلىشىپمۇ باقمىغان، ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويۇۋاتقان، خىزمەتكە چىققان دەسلەپكى يىللىرىم ئىدى. ئىدىيەمدە تىرىشچانلىق كۆرسەتسە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق دەيدىغان قىزغىنلىق بىلەن ئەتراپىمدىكى مۇھىتنى كۆزىتىپ، قىزلارنىڭ قەدەمدە بىر توسالغۇغا ئۇچراپ، بىمالال ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتقانلىقىغا قارىتا، ئەتراپتىكى مۇھىتتىن ئاغرىنىش، قىزلار تەربىيىسىگە ياخشى، ئىنچىكە ئېتىبار بېرىلمىگەن ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە ئۇلارنى بېكىنمە قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئاسارىتى تەسىرىدىن ئاغرىنىش، قىز - ئاياللارنىڭ ئىدىيە ئازادلىقى، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان چۇقان، ئۈمىدۋار روھ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان ماقالىلىرىمنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى.

قىزلار توغرىلىق يېزىلغان ماقالىلىرىمدە، ئەنئەنىۋى قىزلار تەربىيىسى ھەققىدىكى ئېپتىدائىيلىقتا، بۇ خىل تەربىيىنىڭ قىزلارنىڭ ئەركىن تەپەككۇرى ۋە مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى بوغۇپ قويىدىغانلىقى ھەققىدىكى نارازىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، ئىجاد قىزغىنلىقىغا نىسبەتەن ئىزدىنىشلىرىنىڭ، پەقەت قىز بولۇپ يارىلىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن توسالغۇغا ئۇچراپ، ئوتتۇرا يولدا قېلىۋەرگەنلىكىگە نىسبەتەن چۇقان كۆتۈرۈش، ئانىلارنىڭ تەربىيە ئۇسۇلىنى تەنقىدلەش قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەنىدى.

ئاياللار توغرىلىق يازغان ماقالىلىرىمدە، ھەددىدىن ئارتۇق ئەستايىدىللىق ۋە مەسىلىنىڭ ھەممىسىنى ئاياللارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن مەركىزىي قاراش ۋە ئاياللارغا پەرزەنت تەربىيىسى، ئەرلەرگە قارىتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مە-

www.uyghurkitap.com



سىلىلىرىدە، ئاياللارغا بەك ئىنچىكە ۋە كۆپ قويۇلغان تەلەپ ھەمدە مەسئۇلىيەت ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانىكەن.

ماقالىلەر توپلىمىم چىققاندىن كېيىن بىرەرمۇ ئادەمدىن ئۇنىڭغا قارىتا ئىنكار قىلىدىغان ياكى تەكلىپ بېرىدىغان ئىنكاسلارنى تەلەپ قىلىپمۇ ئاڭلىيالمىدىم. ئەمما مېنىڭ كۈتىدىغىنىم دەل شۇ ئىدى. مېنىڭ تەبىئىتىمدىمۇ ماختاشقا قارىغاندا سەممىي تەنقىدكە مايىلراق خاراكتېر بار. ئۆزۈممۇ ماختاشتىن كۆرە بىر ئىشلارغا كۆپرەك تەنقىدىي نەزەردە قاراپ قالىمەن.

ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلىپ بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن، بەزى ماقالىلىرىمدىكى نۇقسانلارنى ھېس قىلغانىدىم. توي قىلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشقا تېخىمۇ چۆكۈپ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ چۈشەنگەندىن كېيىن بەزى قاراشلىرىمدا تېخىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى يەتتە يىلدىن كېيىنكى ۋاقىتتا ماقالىلەر توپلىمىنى قولۇمغا ئېلىپ قايتىدىن ۋاراقلىدىم. ئاياللار توغرىلىق توختالغان ماقالىلىرىمنى كۆرۈپ، ساپ كىرىنىس ئاياللارغا بولغان زور ئىشەنچ نەزىرىمدە، ئۇلارنى جىمى كائىناتقا مېھىر، گۈزەللىك ئاتا قىلغۇچى پەرۋىشكار، سەۋىرچان، قەلبى دەريادەك كەڭ، مېھرى دېڭىزدەك چوڭقۇر چىدام ئىگىسى دەپ قاراپ، ھەممىنى ئانىلىق مېھىر بىلەن ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئاياللىق سېھرىي كۈچى ئائىلىدە چوقۇم غالىب كېلىدۇ، دەپ قارىغانىكەنمەن.

ئايالغا يۈكلىگەن مەسئۇلىيەت، يۈكسەك شۇنچىلىك ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل بولغان ئىكەنكى، ھەتتا ئۇنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئەستايىدىل ئىلمىيلىق يۇتۇپلا كېتىپتۇ. مەن گويا ئايالنىڭ جانلىق بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقىلارغا ئىللىقلىق ئاتا قىلىپلا قالماي، باشقىلاردىنمۇ مۇناسىپ ئىللىقلىق، ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىشى كېرەكلىكىنى، كۆپرەك كۆيۈنۈشكە، كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئاسرىلىشقا موھتاجلىقىنى، ئائىلىدە ئەرلەرنىڭ ياخشى قوغدىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشى بىلەن ئاندىن، ئاياللىق، ئانىلىق مېھىر ۋە سېھرىنىڭ تولۇق كاپالەتلىك ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدەك، ھەم-

مىنى ئايال بىر تەرەپ قىلالايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

گەرچە ئايال شۇنچىلىك سېھىرلىك ۋە مېھىرلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ، روھلارنىڭ ئەڭ نازۇك ئېقىنلىرىدا ئېقىپ كىرەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئۇمۇ ئالدى بىلەن شۇنچىلىك روھقا ئىگە قىلغۇچى قوزغاتقۇچقا، تەسەللىگە، رىغبەتكە، تۇرمۇشىدا خاتىرجەم، ھېچ بولمىغاندا نورمال ماددىي ۋە مەنىۋى كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ خىل كاپالەت ۋە مەنىۋى كۈچنى يەنىلا ئەرلەر، ئاياللارغا تولۇقى بىلەن بېرەلەيدىغان، ئۇلارنى ئاسرىيالايدىغان، ئۇلارغا مەنىۋى يۆلەك، پەرۋازلىرى، قەدەملىرى ئۈچۈن شوتا، پەلەمپەي بولالىشى كېرەك.

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ، قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ دېگەندەك، ئىنسان روھىي ۋە تەبىئىتىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان تەسەللىسىمان ياردەمگە موھتاج بولىدۇ. ئەگەردە ئەردە ئايالنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتىنى كۆرەلىگۈدەك كۆز، پەرق قىلىپ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكۈدەك، ئىدىيىۋى ئاڭ ساپا بولمىسا، خۇددى ئالتۇن ياتىدۇ سايدا تونۇمىساڭ نېمە پايدا دېگەندەك ئىش بولىدۇ.

ئېرى بىلەن تەڭ ئىشلىگەندىن سىرت، ئېرى ئارام ئېلىپ ئولتۇرغاندا، ئۆي، پەرزەنت، ئەر ئۈچۈن، تۈرلۈك باردى - كەلدىلەر ئۈچۈن پالاقشىپ يۈگرەۋاتقان ئايال، ئەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆيۈنۈشكە، ئەھۋال سوراشقا، كۆڭۈل بۆلۈشكە، مېھىرگە، تەسەللىگە موھتاج بولىدۇ. ئەر بولغۇچى خانزادىلەردەك گىدىيىپ، چارچاپ كەتكەن، ھارغىنلىق يېغىپ تۇرغان ئايالنىڭ روھىدىن يەنە بىزەڭلەرچە سەدىقە تىلىسە، ئاڭا چۆكمەي، ئاستىرتتىن كۆزىتىۋاتقان تاماشىبىن بولسا، بۇ يەردىكى ھېسسىيات، روھىي بىرلىكتىن، تەڭلىكتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

مەن «قىز - ئاياللارغا مەسلىھەت» تىكى ئاياللار ئائىلىۋى تۇرمۇش ھەققىدە يازغان ماقالىلىرىمدە، يۇقىرىقىدەك ۋاقىتتىكى مېھىر ۋە كۆيۈنۈشنى ئەرگە ئەمەس، ئايالغا خاس مەسئۇلىيەت دەپ قارىغانىدىم. ئەر ھېرىپ - چارچاپ ئىشتىن كەلگەندە ئايالنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى كۈتۈشلەرنى، ئەڭ ئىللىق مۇئامىلىلەرنى ھەدىيە قىلىشنى

www.uyghurkitap.com

تەشەببۇس قىلغانىدىم. ئۇ چاغدىكى ئەرنىڭ گىدىيىپ ئولتۇرۇش ياكى ماسلىشىش ۋە ياكى نارازى بولۇش كەيپىياتى توغرىلىق توختالمىغانىدىم. چوقۇم ئايال تىرىشسىلا، ئەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىغانىكەنمەن. ئايالنى گويا ھېرىپ - چارچىماس گىگانت ئادەم، پۈتمەس - تۈگىمەس ئىللىقلىق مەنبەسى، ئۇخچۇپ تۇرىدىغان مېھىر ۋە سۆيگۈ بۇلىقى دەپلا قاراپ، ئۇنىڭ شۇنداق فۇنكسىيىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قانداق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتلارغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، قانچىلىك مۇئامىلە ۋە مېھىر بىلەن ئوزۇق ئېلىپ، قانداق تۇرمۇش ھالىتى ۋە روھىي كەيپىياتتا بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە، ھازىرقىدەك ئەمەلىي ئىزدىنىپ باقمىغان ئىكەنمەن.

تېنى ئاجىز، ئۆزى ئالدىراش، زىممىسىدىكى يۈكى، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ھەم ئانا، ھەم ئوقۇتقۇچى ھەم ئايال ھەم دوست ھەم تۈرلۈك مۇئامىلىلەردىكى مۇناسىۋەتچى ھەم ئۆزى بىلەن تەڭ ئىگىلىك تىكلەپ، ئەر بىلەن تەڭ قىممەت ياراتقۇچى ئايالنى، ئەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ كۆتۈلۈشكە، تەسەللى - رىغبەتكە، چۈشىنىش ۋە قوللاشقا، خاتىرجەملىككە، مېھىر - ۋاپا بىلەن ئاسراپ پەرۋىش قىلىشقا موھتاج دەپ قارىماي، ھەممىنى ئايالغا يۈكلەپ، ئايالنى ھەتتا يۈكنىڭ كۆپلىكىدىن تىنالماس، قەدەم ئېلىپ سىلجىيالماس قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە، تەلەپنى قاتتىق قويغانىكەنمەن.

بىر ئائىلىنىڭ تۈرلۈك جاپالىرى بىلەن بۇرۇنقى گۈلدەك چېھرى سولسا، بۇرۇنقىدەك ياسانماي بىر ئائىلە ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرسە، ئۆرىنى كۆتۈشكە چىقىنالماي ئاغرىق - سىلاق ۋەجىدىن، جىددىيچىلىكتىن، كاللىسىدىكى غەم - ئەندىشە، تۈرلۈك مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ئېغىر ۋەزنى تۈپەيلىدىن، مىجەز - خاراكتېرىدە ئېگىز - پەسلىك بولۇپ، بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالسا، زېھنىي قۇۋۋەت ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتتىن چېكىنىش بولسا، بۇنى توغرا چۈشىنىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلالايدىغان، ئايالىغا بۇرۇنقىدەك مۇئامىلىدە بولالايدىغان ئەرلەردىن قانچىسى بار؟ ئايالىم مېنى، ئائىلىمىزنى دەپ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ قىممەتلىك

تەئەللۇقاتلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلىۋاتىدۇ، ئۇ قانچىلىك ئازابلىنىپ، مەيۈسلىنىۋاتقاندۇ، مەن يەنىلا ئۇنى بۇرۇنقىدەك، ھەتتا ئۇنىڭ ساداقىتى، بەرگەن قۇربانلىرى، پەرزەنتىم ۋە مەن ئۈچۈن تۆلىگەن ساناقسىز بەدەللىرى ئۈچۈن، ئۇنى تېخىمۇ ئارتۇقراق قەدىرلەي، ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە رىغبەت بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئوتلۇق مېھرىمنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە مەدەت بېرەي دەپ ئويلايدىغان ئەرلەردىن قانچىلىك بار؟ ئايالىم كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپ، گۈزەل چېھرىدىن، سەرۋىدەك قامىتىدىن، گۈزەل كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان خۇلقىدىن، تېمەن ساغلاملىقىدىن، گۈزەل دەۋرلىرىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئايالىنىڭ بارغانسېرى سوغۇق قان ئەقلىي نەزەر بىلەن بىر خىل ۋەزىندە ئائىلىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپ تۇرۇپ، سۆيۈنۈشلۈك نەزەرە، ئايالىغا ئىللىق قارىيالايدىغان ئەرلەردىن قانچىلىك بار؟

ئەتراپىمىزدا، ئايالىنىڭ بارغانسېرى ئۇششاق سۆز بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى، نازاكىتى، چىرايىدىن قېلىۋاتقانلىقى، ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە كوتۇلداپ، ئەتراپىدىكى قىزلارغا كۆز سېلىپ يۈرۈۋاتقان، بارغانسېرى ئايالى، بۇرۇنقى كۆزىدىن ئوت چاقنىتىپ، ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، جېنىنى تەسەددۇق قىلىشقىمۇ تەييار تۇرىدىغان ۋەدىلەرنى بېرىپ ئاران ئېرىشكەن مەھبۇبى، سەت كۆرۈنۈپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خۇرسىنىپ، يەنە باشقا قىز - ئاياللارغا قانات سۆرەۋاتقان تۇزكور كەم ئەقىل ئەرلەرنى ئۇچرىتىمىز.

«قىز - ئاياللارغا مەسلىھەت» تە ئاياللار توغرىلىق توختالغان ماقالىلىرىم، تولىمۇ سوغۇق قان ۋە ئاياللار پايدىلىنىشقا بولىدىغان يوچۇقلار تولۇق بايقىلىپ، ئاياللارنى ئۆزدىن تولۇق پايدىلىنىش تەنتەنىسىزلىقىغا باشلاپ كىرىلگەن. مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى باغلانما تەسەۋۋۇر ئاساس قىلىنغان. چاۋاكىنىڭ ئىككى قولدىن چىقىدىغانلىقىغا، يەنى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قارىغاندا پوزىتسىيىسى، مۇئامىلىسى، مەسئۇلىيەت بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىش - قىلماسلىقى، ئاياللارغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارغا ياش، ھېسسىياتلىق، ئوخچۇپ،

چاپچىپ تۆرىدىغان، جەلپ قىلارلىق دەۋردىلا ئەمەس، ئائىلىسى ئۆ- چۈن كۆيۈپ - پىشىپ ھالسىرىغان، مېھرسىرىغان، سۆپەتسىرىغان دەۋرلىرىدىمۇ قەدىرگە يېتىپ ئەجرىنىڭ، ئەمگەك مېۋىسى ۋە شۆپۈك- لىرىنى توغرا بايقاپ مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە، ئەرلەرگە تېگىشلىك مەسئۇلىيەت يۈكلەنمىگەن.

2004 - يىل. خوتەن

www.uyghurkitap.com

# قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانلىق سەپىرىگىچە

«قىز - ئاياللارغا مەسلىھەت» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەن ھەرساھە قىز - ئاياللىرىدىن ۋە بەزى ئەرلەردىن 100 پارچىگە يېقىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلارنىڭ ئىزھار قىلغان پىكىر ۋە كۆڭلىدىن شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، ئۇلار قەلبى ئويغاق، ئەمما تۇرمۇشتا پېشكەللىككە ئۇچراپ، قەددىنى رۇسلاشقا تەمشىلىۋاتقان، يول ئىزدەۋاتقانلار ئىكەن. ئەمما ئۆزىنى يەككە - يېگانە ۋە تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلىدىغاندەك تۇرۇشىدۇ. تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆز خىياللىرىنى ئېتىراپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن. روھىدىن، ئىززەتلەشلىرىدىن بىر پاكىزە ھەسرەت ۋە ئىزگۈ ھارغىنلىق چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز روھىدىكى بۇ كۆلەڭگىلەرنىڭ، باشقىلارغا بىچارىلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە رازىكى، جاسارەت، ئىسيانكىرانە ئىزدىنىش، يارىتىش، تۇيغۇسى بېرىشتىن قورقىدىكەن... كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە رەھىمسىزلەرچە تاجاۋۇز قىلىشىدىن قورقىدىكەن... ئويلاپ قالدىم بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرلىرىمنى ئەسلىسەم، 22 ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرىمدە تەپەككۇرۇمنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر، زېھنىي قۇۋۋىتىمنىڭ كۈچلۈك، جاسارىتىمنىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، مەيلى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن ئۆزگىچە بىر تىرەنلىكتە ھاياتىي كۈچۈمنىڭ جۇلالاپ تۇرىدىغانلىقىدىن بەك سۆيۈنىمەن! باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىغا كۆچۈپلا تۈنجى ئوقۇشقا باشلىغان. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ، «چاھار دەرۋىش» ، «قانلىق يەر» ، «سىرلىق دېلو» ، «سۈزۈك ئاسمان» قاتارلىق كىتابلار مېنى يۈكسەك مەنىۋى كامالەت چوققىسىغا ئىنتىلدۈرەتتى. ئۆسمۈرلۈك قەلبىدە ھايات ھەقىقەتلىرى ھەققىدىكى تۈنجى بايقاشلىرىمنى تەپەككۇرچان ئىزدىنىشلەرگە ئۇلايتتى. نۇرغۇن نەرسە-

لەرگە، ھادىسىلەرگە نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن نەزەردە تىكىلدۈرەتتى. گۈزەل مەنزىيەتتىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلمىۋاتقان قەلب كۆزۈمگە پۈتكۈل تەبىئەتتىكى جىمى مەۋجۇداتلار ئاجايىپ سىرلىق ۋە سېھىرلىك تۇيۇلۇپ، ھەممە نەرسىگە گويا ماھىيەت ئىزدەۋاتقاندەك ئىنچىكىلەپ قاراپ كېتەتتىم.

دۇرۇس، كۆپ سانلىق بالىلاردا شۇنداق قىزىقىش بولىدۇ، بولۇپمۇ قىزلاردا گۈزەللىككە، نازۇكلۇققا، نەپىسلىك ۋە يۇمرانلىققا ئورىلىپ كەلگەن ئاجايىپ گۈزەل رومانتىكا، غۇبارسىز مەنىۋى قاتلام كىچىكلىكىدىن باشلاپ يېتىلىشكە باشلايدۇ، مەكتەپلەردىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە قىزلارنىڭ ئۆگىنىشى، ئەستە ساقلاش، تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئۇتۇق قابىلىيىتى ئوغۇللارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. نەتىجىسى ئوغۇللارنىڭكىدىن يۇقىرى، تىرىشچان كېلىدۇ. دەرس تەكرارلاش، تاپشۇرۇق ئىشلەشتە، ئوغۇللاردىن تەلەپچان ۋە ئەستايىدىل كېلىدۇ. ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقاندا مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىلىقى 2 كىلومېتىر بولسىمۇ، دەخلىسىز ئۆگىنىش قىلىش ئۈچۈن كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن، بىر قىسىم مەكتەپ قىزلار ياتىقىدا يېتىۋاتقان باشقا قىز ساۋاقداشلىرىمغا ئوخشاش مەنمۇ ياتاقتا يېتىپ قالاتتىم. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا توك ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ سائەت 11 ـ 12 لەرگىچە ئۆگىنىش قىلىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. مەن تولۇقتا ئوقۇيدىغان بىر نەۋرە ھەدەم بىلەن باشقىلار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىنمۇ 1 ـ 2 سائەت ئۆگىنىش قىلاتتىم. ئەتىگەندە سائەت 4 تە تۇرۇۋېلىپ، باشقا بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە يەنە، ئىككى سائەت ئۆگىنىش قىلىۋالاتتىم.

ئەدەبىيات دەرسىنى ئەزەلدىن تەھلىل قىلىپ، نەزەرىيىلەرنىمۇ ئۆزۈمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا باغلاپ ئەستە قالدۇراتتىم، يادلاشنى پەقەت ياقتۇرمايتتىم. ھەرقانداق دەرسنى دوگما ئەستە قالدۇرۇشقا ئۆچ ئىدىم، ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرەتتىم، يۇقىرى نەتىجە بىلەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىندىم. بۇ يەردىكى تىرىشچانلىقىم، ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن يۇقىرى بولدى.

مەكتەپ ۋە سىنىپنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلىرىنى ئىنتايىن جانلىق ئىشلەيتتىم، ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل پائالىيەتلەرگە تەشكىللەپ، ئىنتايىن ياخشى يېتەكچىلىك قىلاتتىم. شۇ كۈنلۈك دەرسنى ۋە ئەتىگەنلىك دەرسلەرنى، باشقا ساۋاقداشلىرىم يېتىپ بولغاندا بولسىمۇ شام يورۇقىدا، ئۆزۈم قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك كۆرۈۋېتىپ ئاندىن ئارام ئالاتتىم. ئەلاچىلىقنى قولدىن بېرىپ قويۇش ماڭا ھاقارەت تۇيۇلاتتى. ئۆزۈمنى چىرايلىق ياساپ، تۈزەپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم، ساۋاقداشلىرىم، مەكتەپداشلىرىم مېنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشاتتى. دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش مەزگىلى نۇرغۇن قىز ـ ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەت قاينىمىغا چۈشۈۋاتقان دەۋرى بولسىمۇ، مەندە ئوقۇش يەنە ئوقۇش، باشقا مەكتەپلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا توسالغۇسىز ئىنتىلىش ھەرقاچان ھۆكۈمران ئىدىكى، چۈش كۆرسەممۇ يەنە ئوقۇپ چۈشەيتتىم، ۋۇجۇدۇم، بىلىم ئېلىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرغان پەرۋانە ئىدى. قەلبىمدىكى ئوقۇشقا بېرىش يەنە ئوقۇش تەشنالىقىمنى، سىفەن مەكتەپلىرىگە 2، 3 يىلدا بىرەر قېتىم كېلىدىغان، ئالاھىدە ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى سىفەن ئىنستىتۇتىغا تاللاش سانىنى كۈتۈش تەشنالىقى، ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئويۇشما خىزمىتىدە، قىزلار خىزمىتىنى ئاجايىپ بېرىلىپ جانلىق ئىشلىگەندىن سىرت، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك مۇسابىقىلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، تاللىنىپ، نۇرغۇن شەرەپلەرگىمۇ ئېرىشتىم. ماڭا كۆز تىككەن ئوغۇللار خېلىلا كۆپ بولسىمۇ ھېچقايسىسى، ماڭا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. بەزى توي قىلمىغان ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈشۈمگە يېقىن كۆڭۈل ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، قاتتىق رەت قىلىشىمغا ئۇچرىدى. ھەتتا بەزىلىرىگە ئاچچىقلىنىپ، ھار ئېلىپ يىغلاپ تاشلىغىنىم تۇپەيلىدىن، ئۇلار بىلەن ھازىرمۇ بەك ئوڭايسىز سالام ـ سائەت قىلىشىمىز. يەنە ئوقۇسام، زېھنىي قۇۋۋىتىمنى ئۆگىنىشكىلا ئاتاپ، ئۆزۈمدىكى زېھنىي كۈچنى ئىجادىيلىقنى، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى توسالغۇسىز قېزىپ چىقسام دەيتتىم. گەرچە بارلىق

www.uyghurkitap.com



ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرسىمۇ، مېنى ھۆرمەتلىسىمۇ، قىسمەن ئايال ئوقۇتقۇچىلار ماڭا ئاغزىدا دەپ قويۇپ، سۇس مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىق ياسىنىپ يۇرەشكە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىمغا ئۆچلىكىنى بىلەتتىم. بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپ، ئۆزى چۈشەنمەي تەربىيىلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا، مىللەتنىڭ خانىم ـ قىزلىرىنى تەربىيىلەۋاتقان ئۇلارغا ئېچىناتتىم. مەن قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئاق قۇرۇلمىسىنى، ئاشۇلارنىڭ تار نەزەر دائىرىسى ۋە ئىچى قوتۇرلىقىدىن كۆرگەندەك بولاتتىم!

مەن بىلەن قېرىشقاندەك يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش سانى كەلمەي تۇرۇپلا مەن ئوقۇش پۈتتۈردۇم، مېنى ۋىلايەتنىڭ ئۆزىدە ئېلىپ قېلىش بەدىلىگە توي قىلىش تەلىپىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قويىدىغانلار ئاۋۇپ كەتتى. ئوقۇشتىن باشقىسىنى ئويلىمىغان ئوي ـ خىياللىرىم بىلەن تەپەككۇر پەرۋازىمنى، نۇرغۇن ئارزۇ ـ غايىلىرىمنى تاشلاپ، ئۇلارغا خوتۇن بولۇش بەدىلىگە، مېنى ۋىلايەتتە ئېلىپ قېلىپ ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرارمىش. مەن خىزمەتكە چىقىپ بولۇپ چوقۇم ئوقۇشقا بارىمەن دەپ يەنە نۇرغۇن ئارزۇ غايىلىرىمنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ بولغانىدىم. ئوقۇشقا بېرىش ماڭا يامىشىۋالغان ئەسەبىي سەۋداغا ئايلانغانىدى. ئۆزۈم ئوقۇغان ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن باشلاپ كەينى ـ كەينىدىن ئىلتىماس سۇنۇپ يۈرۈپ، 3 ـ يىلى ئاخىرى ئوقۇشقا بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، ئۇنىڭغىچە قولىقىمغا نە تۇرمۇش قۇرۇش غەلۋىسى، نە ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ئاھۇ ـ زارى كىرمەيتتى. ئۆيدىكىلەر تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان دەرىجىدە مېنى چۈشىنەتتى. ئوقۇشۇمنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئىلگىرىلىشىمنى ئارزۇ قىلغاچقا خىزمەت قىلغان ئۈچ يىلدا ئاتا ـ ئانامنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان ئەلچىلەرنىڭ گەپلىرىنى، ئۇلار مېنىڭ يۈزۈمگە سالمىدى. بىراق بەزى بەزىدە بېشىمنىمۇ ئاغرىتىپ قويۇشاتتى.

مەن ئۈچ يىل خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ساپاسىنى، ئەخلاق، مەدەنى-

يەت، دىن توسالغۇلىرىدىكى ئىدىيىلىرىنى چۈشىنىپ، بىلىپ يېتىپ، مۇشۇ بىر دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۇغۇلۇپ قالغان مۇئەييەن مۇستەقىل قاراش، ئىدىيىگە، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ئۇيغۇر قىزى بولۇپ قالغىنىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم. ئاچچىق ياش تۆكتۈم! شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، ماڭا ئوخشاش مۇستەقىل قاراشقا ئىگە، جانلىق ياسىنىپ يۈرۈشنى خالايدىغان، مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە قىز، ئاتا ـ ئانامغا، ئۆزۈمگە بېسىم پەيدا قىلماي، بۇ قوۋم ئىچىدە چەتكە قېقىلماي، بۇرۇمىلانماي دېسەم، ئاۋۋال توي قىلىشنى تاللىشىم كېرەك ئىكەن. مەندە كىچىكىمدىن ئەستايىدىل، دادىل، مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان خاراكتېر يېتىلگەنىدى. ئىدىيىمدىن ئۆتمىگەن مەسىلىلەردە، كىم ئوتتۇرىغا قويۇشتىن قەتئىينەزەر چىڭ تۇرۇۋالاتتىم، نەق مەيداندا ئىنكار قىلىۋېتەتتىم. كۆپ ھاللاردا باشقا ئادەملەر كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، سىرتقا چىقىرالماي، ئاۋام ئالدىدا ماقۇل بولغان ئىشلاردا، مەسىلىلەردە، مەن سۈكۈت قىلىشنى خالىمايتتىم. قوشۇلمايدىغانلىقىمنى، نارازىلىقىمنى ئىپادىلىۋېرەتتىم، ئىسيانكارلىققا مايىل مىجەزىمنى، خاراكتېرىمنى ياقتۇراتتىم. ئۆزگىچە يول بىلەن پىكىر قىلىپ بېقىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن شۇنى چۈشەندىمكى، دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيىسىدە چىرمالغان كىشىلىرىمىز، قىزلارنىڭ، ئاتا ـ ئانا ۋە چوڭلارنىڭ قارىشىنى رەت قىلمايدىغان، يەرگە قاراپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ پەرمان قوبۇل قىلىشنى دۇرۇس دەپ بىلىدىغان، ئەرلىرىگە ئىتائەتچانلىق بىلەن نېمە دېسە بويسۇنىدىغان بولۇشنى خالايدىكەن ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك دەپ بىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى، ئۆز كۆز قارىشىنى دادىللىق بىلەن ئىپادىلەپ، مۇستەقىل ئىش قىلىشنى بىشەملىك دەپ بىلىدىكەن. قىز بالا دېگەن قازان بېشى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنىلا بىلسە بولدى دەپ قىزلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە، مۇستەقىللىكىگە ئېتىبارسىز قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ چىققان ئۇچىنى تۈرلۈك بېسىملارنى ئىشلىتىپ ئۈزۈپ تۇرىدىكەن. ياندۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئادەتتە قىز بالا دېگەن ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە ياخشى دېگەن قاراش، ئىدىيە

www.uyghurkitap.com

ھەممىدىن ھۆكۈمران ئىكەن. ئاياللار، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسى-
دىن نورمالنى چىقسا، تاماق ئېتىپ، ئۆي يىغىشتۇرۇشنى بىلسە،
رايىش، ئوڭلۇق بولسىلا كۇپايە. ھەتتا ئەرلەرنىڭ ئىشىغا خوتۇن خەق
ئارىلاشماسلىقى، ئوچاق بېشىنىڭ ئىشىنى بىلىشى كېرەك ئىكەن.
ئاياللار بەربىر كەم ئەقىل بولغاچقا ئەرلەرگە توغرا مەسلىھەت بېرەل-
مەسمىش. قىزلارنى بۇنداق كەمسىتىش، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئېتى-
بار بەرمەسلىك، ئەرگە ئىدىيە جەھەتتىن قۇل قىلىپ پاللەچ ئورۇنغا
چۈشۈرۈپ قويۇش، ئۇلارنى ئىزدىنىش، ئىجاد كۆككە ئۆرلىگىلى
قويماي، ئۇنى بىر ئامالللارنى قىلىپ قاپقانغا دەسسىتىپ، ناله -
پەريادلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، قانات - قۇيرۇقىنى بوغۇپلا خوتۇنلار
سېپىگە قوشۇۋېتىپلا، تۆگىمەس پارچە - پۇرات قارا ئىشلارغا بەنت
قىلىپلا، ئۇلارنى مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن خورىتىپ تۈگەشتۈ-
رۈش، مانا بۇ، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ، قىز - ئايالللارغا بولغان
مۇئامىلىسى ئىكەن! تېز توي قىلىۋېلىش — قىزلارنىڭ بۇ جەمئىيەت-
تىكى خاتىرجەم، ئېغۋاسىز ياشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەن.
كېيىنكى ئىشلاردا ئۆزىنى ياكى دەتتىكامغا تاۋكاغا تاشلايدىكەن ياكى
ئۇن - تىنسىز سۈكۈت ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ئۆزىدە
ئاجايىپ بىر توسالغۇسىز كۈچىنى، زېمىن قۇۋۋەتنى، ئىجادىي تەپەك-
كۇرنى ھېس قىلىپ، تەخىرسىز ئىلگىرىلەش، ئىزدىنىش ئىشقىدا
ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان قىزلارنىڭ يۈرىكى، مانا مۇشۇنداق ھادىسۆى
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇجۇپ - مۇجۇپ، چەيلەپ، تاشلىنىدۇ. تۇر-
لۈك - تۈمەن بېسىملار ئىچىدە تۈنجۇقۇپ كەتكەن قىز، گاھ ئاتا -
ئانىسىغا، گاھ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىيەت قايىنىمىغا، گاھ
رەھىمسىز ئادەملەرگە ئاجايىپ مۇڭ ۋە بىچارە ئىلتىجا بىلەن تىكىل-
سىمۇ، ئۇلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ. چۈشەنسىمۇ، بۇنى تەتتەكلىك،
تاۋۇزنىڭ قوغۇنغا ئايلانغىنى نەدە بار. سەنمۇ يەنە نۇرغۇن ئايالللارغا
ئوخشاش ياشىشىڭ كېرەك. رومانتىكلىقىڭنى قوي. ئەي نارسىدە،
ھەركىم سەندەك گۈزەل ئارزۇلارنى قىلىدۇ، ئەمما «رېئاللىق» تۇر-
مۇش سەن ئويلىغاندەك ئەمەس، دەيدۇ - دە، ئۇنى ئاستا - ئاستا
پەپىلەپ ئۆزىگە ئوخشاش كۆندۈرۈۋالىدۇ. ئۇلارنى يەنە ئانىلىرىمىزغا

ئوخشاش ئۈن - تىنسىز پاجىئە كۈتۈپ تۇرىدۇ. كاللىسى سۈزۈك، ئۆتكۈر، جاسارەتلىك، تىرىشچان قىزلىرىمىزدىن پەخىرلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇنى چەتكە قېقىپ، يېتىمسىرىتىپ، ھەتتا تەنھا تىنچلىقىنىمۇ بۇزۇپ، ھەدەپ چاڭگال سېلىپ، ئۇلاردا سىقىلىش پەيدا قىلىمىز. غايەت بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەنھالىق، مەنسىزلىك، يېتىرقاش ھېس قىلىنىۋاتقان يەكلەنگەن، چەكلەنگەن، جاسارىتىنىڭ قىرقىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي قاينامغا كۆچەپ ئىتتىرىپلا، ئۇنىڭ كاپ ئېتىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ ھاردۇقىمىز چىقىدۇ. ئاندىن يەنە شۇنداق قىلىدىغان قىزدىن قايسى باردۇ دەپ يەنە سۆيۈملۈك، قەدىرلەشكە تېگىشلىك قىزلىرىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تالان - تاراج قىلىشقا، ھەزىل، رەزىل ۋاستىلەر بىلەن تاجاۋۇز قىلىشقا باشلايمىز.

ئۆز قوۋمىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىگە، ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇكەممەل پەرۋىشىگە ئېرىشەلمىگەن، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەي، كەم بوشلۇقلارنى تولدۇراي، ئۆزۈمنى تولۇق قېزىپ، بارلىق كۈچۈمدىن تولۇق پايدىلىناي دېسە، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ خانىۋەيران قىلىشىغا، رەھىمسىز روھىي زەربىلىرىگە دۇچ كەلگەن بىچارە ئۇيغۇرنىڭ ساناقلىق قىزلىرى! ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى، جەمئىيەتنى چۈشەنمەي، تەپەككۇرۇڭلارنى ئاچالماي، ئەقلىڭلارنى قانداق ئىشلىتىشنى ۋە قېزىشنى بىلمەي تۇرۇپ، جاسارىتىڭلاردىن ئايرىلىپ قالدىڭلار! سىلەردەك ساناقلىقلا قىزلىرىدا ئويغانغان روھنى، بۇ قوۋمىڭلار قەدىرلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس! ئۆزۈڭلار ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ئىنچىكە تەربىيىگە، چۈشىنىشكە ئىگە قىلىنماي تۇرۇپ، ئوۋلاپ كېلىنگەن قوزىچاق بىرمۇنچە گۆشخورنىڭ ئالدىغا تاشلانغاندەك، بىچارىلەرچە تاشلاندىڭلار. ئاياللىق سەنئەت، قەلبىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئايال بولۇشقا قىستالدىڭلار، ئېرىڭلارغا قانداق خوتۇن بولۇشنى بىلمەي تۇرۇپ، خوتۇنلار سېپىگە تومتاقلا پالاندىڭلار! ئەمدى ئۈچ ۋاخ تاماق، ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىشىڭلار، ئېرىڭلار مەيلى قانداق مىجەز - خاراكتېر، قانداق مەدەنىيەت - سەۋىيە، قانداق ئاڭ ساپادىكى ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىدىيەڭلاردىن ئۆتسۇن -

ئۆتمىسۈن رايىشلارچە ئۇنىڭ ئىدىيە، كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلى- شىڭلار كېرەك. ئۇلارغا دادىل، ئەقەللىي مەسلىھەت بېرىپ، ھازىر- قى زامان تەرەققىياتىغا ماس ھالدىكى مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، ئىدىيۋى ساپا بىلىمى يېتەرلىك بولغان ئاياللىق ئوبراز، ئاياللىق سالاھىيەت سىلەردە بارمۇ؟ سىلەردە ئېرىڭلارنىڭ مىجەزى قانداق بولسا شۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈڭلارنى تەربىيىلەشتىن باشقا، يۈكسەك ئاياللىق سەنئەت ۋە ئاقىل ئاياللىق ماھارەت بىلەن ئېرىڭلارنى قايىل ۋە مايىل قىلىپ، ئۇنى بەلگىلىك دەرىجىدە ھەم يېتەكلىيەلەيدىغان ھەم پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ، خاراكتېرنى پىششىقلاپ، ئەرلىك قەددىنى تېخىمۇ مۇكەممەل تىكلىيەلەيدىغان ساپا بارمۇ؟ بىر كۈنلەر- دە، تەربىيە كۆرمىگەن مىجەز ـ خاراكتېرىڭلاردىن، ئىدىيە ۋە ساپا- يىڭلاردىن ئېرىڭلار زېرىكىپ، سىرتتىكى ئاياللارغا ئۆزىنى ئاتسا، ئۇنى خىجىلچانلىق، سوغۇق قانلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئىللىق ئائىلەڭلارنى قوغدىيالايدىغان، ئەر ـ ئاياللىق مەج- بۇرىيەتنى تولۇق تونۇپ ئادا قىلالايدىغان ۋە قىلدۇرالايدىغان، ئەرلى- رىڭلارغا ۋە ئۆزۈڭلارغا ئەمەلىي توغرا دىئاگنوز قويۇپ، خاراكتېر مىجەزدىكى بارلىق تەئەللۇقاتىنى، گۈزەل بەختلىك ئائىلەڭلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى، ئائىلىنى، ئۆزۈڭلارنى، بىر ـ بىرىڭلارنى پەرۋىش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان سەنئەت بارمۇ؟ ئۆزۈڭلار ھېچقانداق تەربىيىلەنمىگەن بالا خاراكتېر تۇرۇپ، بالىلىق بولۇۋاتى- سىلەر، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش تەربىيىسىز، پەرۋىشسىز قالىدىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ ياش تۆكسەڭلار كۆز يېشىڭلارنى سۈرتكىلى كىم چىقتى، كۆز يېشىڭلارنى كىم چۈشەندى؟ ھەتتا بەزى كىشىلەر، بۇ قىياپىتىڭلارنى تاماشا قىلىپ كۈلۈشتى. سىلەرنى مەسخىرە قىلى- دى، سىلەرگە تەسەللىي بېرىپ ئىللىق باغرىغا ئالىدىغانغا كىم چىق- تى؟ ئۆز قوۋمىڭلارنىڭ قۇترىغان، نادان ئادەملىرى بۇ يەردىكى پاجىئەلەرنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى تەن ئالمىدى. سىلەرنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلمىدى، ئۆزىنى ئەمەس، يەنىلا سىلەرنى ئەيىبلىدى. قىزلارنىڭ كۆز يېشى، ئانىلار- نىڭ كۆز يېشى، تراگېدىيىگە ئايلىنىۋاتقان چەكسىز مەنىۋى

خورلۇق! ...

قىزلار ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدا ئىنچىكىلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەنگەن پەرۋىشكە تەشنا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك قەلبى بالىلارچە قىزىقىش بىلەن نۇرغۇن نېمە ئۈچۈنلەرگە زېرىكمەي جاۋاب بېرىشنى كۈتىدۇ. تەبىئەتنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلىرى بىلەن بىمالال ئۇچرىشىشنى خالايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ نېمە ئۈچۈنلىرىگە زېرىكمەي، تولۇق ۋاقىت ئاجرىتىپ قاۋاپ بېرەلەيدىغان ئاتا ـ ئانىنى تاپماق بەك مۈشكۈل. مەكتەپلەردىكى تەربىيىلىنىش، پىلان بويىچە جانسىزلارچە ئۆگىنىشتىن ۋاقىت ئېشىنمايدۇ. سانائەت ۋە شەھەرلىشىشنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان تەبىئەتنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بوپكەتتى. بالىلار ئۇنى تېلېۋىزورلاردىكى ئانچە ـ مۇنچە بېرىدىغان پروگراممىلاردىنلا كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇشى ئۇلارغا فىزىئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتىن چوڭ ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، تېخىمۇ ئىنچىكە، ئەتراپلىق ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك تەربىيىگە موھتاج بولىدۇ. فىزىئولوگىيە جەھەتتىن بەدىنىدە روشەن ئۆزگىرىش بولۇپلا قالماي، دۇنياغا قاراش شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. مۇھەببەت ـ سۆيگۈ مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىشكە باشلايدۇ. ئەمما ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۆزىنى تەھلىل قىلالىغۇدەك، قايناق ھېسسىياتىنى كونترول قىلىپ، توغرا يولىنى تاللىۋالالىغۇدەك ۋە ئۆزىنى بايقاپ، قېزىپ چىقىپ، ئاخىرقى نىشانىنى بەلگىلىيەلىگۈدەك ئىدىيە ۋە ساپا، ھەرىكەت تەييارلىقى بولمىغاچقا، قەدەمنى خاتا ئېلىپ قويىدۇ. زېھنى چېچىلىدۇ، تەپەككۇرى بوغۇلىدۇ، ھەربىر قەدەمدە بىر پۇتلاشقانسېرى ئەقلىي قابىلىيىتىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

شۇ قايىنامغا موللاقشىپ كىرىپ كەتكەچكە ھوشىنى تاپالماي، ئۆزىنى ھېس قىلىپ بولالماي ئەل نەرقى تىنىمسىز تۇرمۇشنى باشلاپ كېتىدۇ، ئەسلىي فۇنكسىيىسى بويىچە توغرا يېتەكلەنمىگەن ئەقلىي تەپەككۇر تەرەققىياتى بوغۇلۇپ ياكى شاللىنىپ رېئاللىقنىڭ رېتىمىغا ئەگىشىپ ئۆزگىچە ھاياتى كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان بىر يېڭى ئەقىل، يېڭى بىر جاسارەت، يېڭى-

www.uyghurkitap.com

چە بىر روھ يوقىلىپ، ئەگەشكۈچى، ماسلاشقۇچى ئەقىل ۋە جان باقار روھتىن بىرسى كۆپىيىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى بىلىپ، بىلمەي ئانا بولۇپ قالغان قىز، ئانىلىق سالاھىيەت ھازىرلاپ بولالمىغان نادان ئانا، ئۆزى تەربىيىگە قانمىغان قەلبى بىلەن پەرزەنت تەربىيىلەشكە باشلايدۇ. مانا بىزلەر ۋە بىزدىن كېيىنكىلەر، مۇشۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاياللار پاجىئەسىنىڭ مەھسۇلى «0» ئورۇنغان قالغان قۇرۇق قەلبى، روھى، مەنىۋى دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ يامان تەسىرىدە بالىلار ئادىمىيلىك ساپاسى، ئىجتىمائىي ساپاسى تۆۋەن ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە قىزلىرىنى ياخشى تەربىيىلىمىگەن، ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي سەۋەبىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنالمىغان، ئۇنى ئۆزگەرتەلمىگەن، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، نادان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پاجىئە يىلتىزى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىپ، يەنە مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

قەلبى ئۇيغاق، تەپەككۇرى جانلىق، كاللىسى سۈزۈك قىزلىرىمىزنىڭ قىزلىق دوقمۇشى، ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئانىلىق سەپىرى ئارىلىقىدا ھېس قىلغان ئاچچىق - چۈچۈكلىرى، يەكلىنىش، چەكلىنىشلىرى، سىقىلىشلىرى ۋە قېيداش ئىچكى يۈزلىنىشلىرىگە ئاجايىپ بىر بىچارە، چىدىغۇسىز ھەسرەت، مۇڭلۇق تراگېدىيە سىڭىپ كەتكەن، بۇ بىر قوۋمنىڭ، بىر مىللەتنىڭ پەريادىغا، بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان چوڭقۇر روھىي تىلسىماتنىڭ جۇغلىنىشى! قاچانكى مۇشۇ تىلسىمات بايقىلىپ، ئېچىلىپ چىقىدىكەن، مىللەت قايتىدىن تەربىيىچىگە ۋە ئاخىرقى خۇلاسىگە ئېرىشەلەيدۇ!

قىزلىق دوقمۇشى بىلەن ئانىلىق سەپىرىگىچە بولغان جەريانغا، ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر پاجىئە، دۇنياغا پاتمايدىغان چىدىغۇسىز بىر غېرىب تراگېدىيە سىڭىپ كەتكەن، قاچانكى مۇشۇ تراگېدىيىگە چۆكەلىسەك قىزلىرىمىزنى چۈشىنەلەيمىز، ئانىلىرىمىزنى قۇدرەتلىك، غالىب ئانىلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرەلەيمىز!...

# قىز قەلبىدىكى غايىۋى مونولوگلار

مەنئۇيەت بىلەن ئۆرىدەلگەن روھىي دۇنيايىمىز كۆرەشچان، تىنىمسىز، زىددىيەتلىك مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ… مەن ھېس تۇيغۇغا ئىگە ئادەم، ئۆز خىياللىرىمنى يىراققا قوغلىيالمايمەن، ئۆ- زۈمنى ئىنكار قىلالمايمەن…

مەن ئۆزۈمگە ئۆچ…
ئۆچ، ئارمانىغا چۆمۈپ ئەتىنىڭ،
ھازىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ،
ئۆز قەلبىگە مۆكۈۋېلىپلا،
بۇ زاماندىن يىراقلاپ كەتكەن،
ئېھ، ئەسەبىي روھىمغىمۇ ھەم.
يۈرىكىمدە تىترەپ - تەمتىرەپ،
نەچچە ئەسىر تۇنىگەن ئادەم.
ئۆچ…
بىتاقەت تەلپۈنۈشلەردە،
كۆنلىرىمگە ۋايساپ قوشۇلغان،
تىنىمسىز ھەم سوغۇق سۆكۈتكە.
ئۆچ…
ئىزتىراپتىن ئارمان ئۈندۈرۈپ،
چاڭقاقلىققا سېتىپ ئۆزىنى،
سەرگەردان بوپ يۈرگەن ئۈسۈشكە.
ئۆچ…
ئۆلۈمنى قويۇپ كۆرۈگە،
ئۆز قەددىمنى مەي قىلىپ ئىچكەن،
ئامالسىز ھەم ھارغىن بۇگۈنگە…

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەن ئۆزۈمگە ئۆچ!…
تووۋلىۋالاي ئاللىكىملەرگە.
ئۆز ئەركىدە چۈشلىپ قالغان،
ھاياتىمىكى ھەممە ھەممىگە…

ئىلكىمگە سىغماي ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدلىرىمدا نامايىش قىلىۋاتقان قايناق، رەڭدار ئۇچقۇچان، تەسەللىچان، ئىزگۇ ئاۋازلىرىمنى بىھوش ئېچىرقاشلىرىم، ئوتلۇق ـ ئوتلۇق چاراسلاشلىرىم ۋە يېتىمسىرىغان چەكسىزلىكلەردەك قانچىلىك ۋاقىت ۋە قانچىلىك يۇچۇنلۇقتا ساقلاپ كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. بۇ بەلكىم ۋاقىتنىڭ سانلىق ھېسابى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەسلىنى ئالدىيالمىغىنىغا ئوخشاشلىقتىكى بىپايان ئىش بولسا كېرەك. مەن يەنە شۇنداق سېزىم بىلەن ئۆزۈمگە يېپىلىۋاتقان بىپايانلىقتا باش ـ ئايىغى يوق ئاھاڭلارغا سىڭىپ كەتسەممۇ، ئەمما ئۇلار ئىچىدىن سۆيۈملۈك بىر دىلكەش ئاۋازىمۇ سەرسان كۆيلىرىمگە، ئۆز تىرەنلىكىمگە قۇربان قىلىۋەتكىنىم يوق. ئاۋازىم ئومۇمىيلىق ئىچىدىكى خاسلىق، رەڭدارلىق ئىچىدىكى قۇدرەتلىك رەڭدارلىق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئەنئەنىۋى ئاۋازلار بىلەن تەرىپلىنىشنى، شاۋقۇنلىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى خورلۇق ھېس قىلىدۇ، ئۇ ھەم يېڭى، ھەم قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئەشۇ قۇدرىتىنىڭ ئاڭلاپ قالغان كۆلەڭگۈسىنىڭ، ئۆز يۈرىكىنى ئەسەبىيلىك بىلەن چۈشەپ، سەرسانە ھاردۇقتا تەنھا ئەللەيلەشكە تېخىمۇ تەشنا ئەمەس.

سىرداش، سەن مېنىڭ تەبىئىتىمنى، ئەسلىمنى بىلمەكچى بولساڭ، قايناق رەستىلەردىكى رەڭدار، جىلۋىدار يۈرۈشلىرىمگە ئالدىنىپ قالما. مەن ئۆزۈم بىر يالغۇز ئادەم ئەمەس، مېنىڭ يەنە ئىنسانلىقىدىن ئىنسانىيلىقىنى، مەنىۋىيىتىدىن گۈزەللىكىنى ۋە سېھىرلىك رومانتىكا قوينىدىن خۇشاللىقنى ئىزدەيدىغان ئىككىنچى بىر ئۆزۈم بار. مانا بۇ ئىككىنچى ئۆزۈم ساڭا ھەقىقىي سىرداش بولالايدىغان، قىممەت قارىشى سۇزۇكلۇكى بىلەن ئوخشۇشسىزلىقلارغا، پېشكەللىكلەرگە ۋە تەقدىر قىسمەتلىرىگە مەردانە تىكىلەلەيدىغان ۋە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان مەۋجۇدلۇقۇم ۋە ھەقىقىي ئۆزۈم.

مەن ئىككىنچى ئۆزۈمنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە مەڭگۈلۈك مەغرۇر قەدىر ـ قىممىتى، بىرىنچى ئۆزۈمنىڭ خۇشاللىقلىرىنى كۆز ياشلار قاينىمىغا ـ پاك ھەسرەتلەرنىڭ ئازابلىق، ئەمما تىرەن ئىدالىرىغا تېگىشىۋەتتىم. بۇ كەيىنمگە داجىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە خائىن بولۇش تەلپىگە يول قويالمايدىغان ئاچچىق رېئاللىق ۋە مەن قەدىرلەيدىغان يۈكسەكلىك چوققىسىدىكى ئىنسانىي پەلسەپە، مەنىۋىيتىمنىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ كۆپ بەدەل بېرىدىغان، ئەمما ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان قەدىرلىنىشچان گۈزەل تەركىبى قىسمى. مەن ئەنە شۇ شەكىلسىز رېئاللىقىمدا روھىي دۇنيايىمنى مەنىۋىيەت سىرتماقلىرى بىلەن بوغۇپ، قىممەت ئايرىمىلىرىنى تاللىۋالىمەن، تاللىۋالغان قىممەتلىرىم مېنى تاشقى دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. كۈندۈزلەردىكى ئاشۇ رەڭلىك شەكلەنلىكىم بىلەن ئادەم ۋە ئادەم قىسمەتلىرىنى بايقاپ، كېچىلەردە دۇنيانىڭ پىچىرلاشلىرىغا ماس ھالدا، ئۇنىڭ سەرگەردانلىرىغا ئاي نۇرىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان كۆز ياشلىرىمدىن ئارامگاھلىق بېرىمەن. بۇ ئىزدىنىشلىرىم ۋە سەرسانە قۇربانىم ھېسابىغا، مەن پەقەت دۇنيانىڭ پىچىرلاشلىرىدىن تۇغۇلغان ئاشۇ سەرگەردانلارغا كۆز ياشلىرىم ئارىسىدىن پاناھلىق بېرەلىگىنىمدىكى بىر ئاۋازسىز خاسىيەتتە مەڭگۈلۈك سۈكۈتتەك، بەلكىم بىر مەڭگۈلۈك ئۆچمەس چۇقاندەك ئىنتايىن تىنچ ۋە دەھشەتلىك، ئىنتايىن مۇڭلۇق، پەرۋازچان بىر ناخشىنىڭ ئاستا ـ ئاستا توقۇلۇشىدىن ئۆزۈمگە ئاجايىپ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىيالايمەن. يۇلتۇزلار جىمىرلىغان كېچە قوينىدا ھەسرەتلىرىمنىڭ پاك دولقۇنلىرى قۇچىقىدا تۈنەپ چىقىمەن. كۆز ياشلىرىم، مېنىڭ سۆيۈملۈك كۆز ياشلىرىم، ماڭا چەكسىز ساپ ئارام، چەكسىز ئىنتىلىشچان تەلەپ ۋە تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنىڭ زۇمرەت تامچىلىرى بىلەن گۈزەللىكنىڭ چاڭ ـ توزانغا بېسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى دائىم يۇيۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ ھەربىر يوچۇن كۆلەڭگەم، نىگاھلىرىم ئەرزىمەسلىكلەر ۋە ھەربىر ھادىسىلەر ئىچىدىن تاشقى دۇنيانى ياۋايى بىر پەلسەپىدە غەيرىيلىك ھېسسىياتلارغا ئىتتىرىپ گۈزەللىك ئىزدەپ يۈرىدۇ. دۇرۇس، مەن شەيئىلەرگە يۈكسەكلىك چوققىسىدىن باھا بېرىمەن، بۇنى رېئاللىق كۆتۈرەلمىدۇ،

بىلمەيمەن. بىراق، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ماڭا: تۇرمۇش مۇشۇنداقلا ئۆتمىسۇن، مۇھەببەت شۇنچىلىكلا نەرسە ئەمەس، دېگەن پەلسەپىنى ئۆگەتتى. مەن بۇ پەلسەپىگە چەكسىز ئىنسانىي پەزىلەتلىرىم ۋە سۆيۈنۈشلىرىم ئىلكىدە سەجدە قىلىمەن! ئۆز تۇرمۇشۇمنىڭ ئاجايىپ زىددىيەتلىك ۋە كۆرەشچان ئىكەنلىكىنى، ھەر تەرەپتىن يەكلىنىپ ۋە چەكلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، شۇنداق چايقىلىشلار ئىچىدە ھالسىزلىنىپ باشقا يولغا قېچىشقا، ئۆزۈمنىڭ قىممەت سۈزۈكلىكىگە ئۆزۈم داغ كەلتۈرۈپ ھاقارەت، خىيانەت قىلىشقا ھەرىكەتچان ئادىمىي پائالىيىتىم بىلەن يول قويۇپ، يەنە ھاماقەتلەرچە ھايات كەچۈرەلمەيمەن. ماڭا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئىككىنچى ئۆزۈم بۇنداق قىلىشىمغا ھەرگىز يول قويالمايدۇ! بۇ مېنىڭ ئادەملەر ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر تورى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمنى ئۇنتۇپ، ئارتۇقچە خام ـ خىيال ۋە تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىنكارچىلىققا يۈز تۇتقىنىم ئەمەس.

دۇرۇس، بىز ئالدى بىلەن ئادەم، ئاندىن كېيىن يوچۇن ئادەم. ئادىمىيلىكىم يوللۇق بەھرىمەن بولىدىغان نېسىۋىلىرىم ماڭا تېخىمۇ رىغبەت بولۇپ قالىدۇ. ئەمما مەن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئەسنالىرىمدا ھەسرەتلىرىمگە تىكىلىپ خاتالاشمايمەن. ئەسلىمنى ئىككىنچى ئۆزۈمنى ئۇنتۇيالمايمەن.

مېنىڭ بۇ ئېيتقانلىرىمنى كۆز يېشىمغا شولىسىنى چۈشۈرگەن ئاي نۇرىنىڭ، قاقاس چۆلنى ئۆتتەك قىزدۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ، تىنىق چەكسىزلىك باغرىغا سىڭىپ كەتكەن ئاۋازلىرىنىڭ ماڭا ھەدىيە قىلىپ، يۈرىكىدە قەدىرلىنىپ ساقلىنىۋاتقان پىچىر ـ پىچىرلىرى، دۇنيانىڭ كۈلۈپ تۇرغان چېھرىدىن سوغۇرۇلۇپ چىققان روھنىڭ ئېسەدەشلىرى، تىمتاسلىقىمدىكى تىنىمسىز شاۋقۇنلۇق ئەسلىمىنىڭ نامايەندىسى، شەبنەم پىنھانلىرىدا ساقلانغان گۈزەللىك ناخشىسى، شەكلى ئاجىز ئەمما ماھىيەتتە كۈچلۈك جانلارنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببەت چاقىرىقلىرى ۋە ئۆز - ئۆزىدىن بىزار بولغان ھالدىكى ئۆزىگە سىلكىنىشى! . . .

سىرداش. . . مەن ئۆزۈمنى ۋە ئۆز يۈرىكىمنىڭ ناخشىلىرىنى ئالدىيالمايمەن. يۈرىكىمنىڭ ناخشىلىرى بولغان بۇ سادالىرىمنى سەن بىلەن تىڭشاشقا كىرىشكەنىدىن باشلاپ ئىسسەدىشىمنى توختىتالمىدىم. . . مەن مانا مۇشۇنداق چاغلاردىكى كۆز ياشلىرىمنى شەكىلسىز قۇتىغا قاچىلاپ، روھىمنىڭ پەرۋازلىرىغا قوشۇپ، قايناق رەستىلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىۋېتىمەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تاتارغان چىرايلىرىدىكى توزۇندىلارنى ئاشۇلار بىلەن يۇيۇپ پاكىزلايدۇ. . .

سىرداش. . . مەن ساڭا: ئادەملەر نېسىپ بولۇشقا تېگىشلىك نېسىۋىلەر ئۈچۈن پەرۋازلىرىم رىغبەت بولۇپ قالىدۇ، ئەمما شۇنداق پەرۋازلىرىم بولۇۋاتقان دەقىقىلىرىمدىمۇ بەك ھەسرەتلىرىمگە، ئەسلىمىگە تىكىلىشنى ئۇنتۇيالمايمەن، دېگەنىدىم. بۇ مېنىڭ ئالدى بىلەن ئادىمىيلىكىكە، ئۇنىڭدىن كېيىن يوچۇن ئادىمىيلىكىكە خاس تالىنىۋالغان تۇرمۇشۇم ئىدى. شۇڭلاشقا مەن تەركىدۇنياچىلىقنىڭ يولىنى تاللىماستىن، مەنىدار مۇساپە ۋە يېشىل كۆكلەملەرنى ئەگىمەن ئوتقاشتەك قىزىل مۇھەببەتنى تالىنىۋالدىم. ياۋايى كەپتەرنى، ياۋايى گىياھنى ۋە قومۇلۇق ۋە باغرىدىن ئاستا ـ ئاستا بالقىپ تاغلاردىن ئەكس سادا ياندۇرۇۋاتقان لىرىك ناخشىنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلدىم. مانا بۇ مېنىڭ ياۋايى ئاۋازلىرىم بىلەن ئۆز ئەركىدە ـ تەبىئىيلىكىدە سۆيۈلگەن ئاۋاز، ماڭا ئوخشاش تىمتاسلىق، ماڭا ئوخشاش لىرىك كۈي. . . مېنىڭ دائىم ھىجران دەشتىدە تۈنەشكە، ئارام ئېلىشقا مەھلىيا روھىم مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ماڭا بېغىشلاپ، يوچۇن ئاۋازلىرىمنى چۈشەنمەي، تەنتەكلىك بىلەن لاۋۇلداپ تۇرۇشىدا ئەمەس، ئەنە ئاشۇنداق سەرسانە كۈيلىرىمنىڭ مەنىۋى يۆلۈكى، دوستى، سەپەردىشى بولۇش بىلەن ياشنايتتى، ھەسرەتلىرىم ئاخىرقى قونالغۇلىرىغا خۇشبۇي ئارامگاھلارنى راسلاپ، ھايات باللىرى ئۈچۈن ئىزگۈ مەنىۋىيەت قالدۇرالايتتى. مانا بۇلار مەن ئىزدەيدىغان، تەلپۈنىدىغان، يوللۇق بەھرىمەن بولۇشتىكى تۇرمۇشتىن كۈتىدىغان بىردىنبىر نېسىۋەم ئىدى!

. . . شاۋقۇنلۇق ھاياجان، رەڭدار كۈۋەجەش، چۈشسىمان رى-

ئاللىقتا، ئىلكىمدىكى ئىككىنچى ئۆزۈم بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ ھاياتلىق ھامىلىدار ھەممە ھاياتلىقتا ھامىلىدار بولغان يېشىل ئارمانلار ئۈچۈن ناخشا توقۇمايۋاتسام كېرەك. . . دۇرۇست، ياپيېشىل چۈشلەردىن سىلكىنگەن كىم ئۇ؟! ئېھتىمال، ئۇ تەڭرىنىڭ ياراتمىشلىرى ھەم تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلىپ بىزگە يېتىش ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغان تېپىشماق، سۆزلەنمىگەن ياكى شەكىلنى تاپالمايۋاتقان رەڭدار قىسسە! بۇ ئېھتىمال ھەقىقىي ھاياتلىقتا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئەڭ يېقىن ماھىيەت بولسا كېرەك.

ئاھ رەڭلەر باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان سولغۇن تىترەكلەر.

ئاھ. . . ئوتلۇق ـ ئوتلۇق ئېسەدەشلەرنىڭ تىنىمسىز قاملى. بىزنىڭ ئەڭ رەھىمسىز، شۇنداقلا سۆيۈملۈك مەۋجۇدىيىتىمىز!! خاسىيەتلىك يوللارغا پۇلاڭلىتىلغان خاسىيەتلىك قوللار، رېتىمداش قەدەملەر. . . ئاھاڭداش، ئەمما ئۆزلۈك ناخشىلار، سۈكۈتلۈك تەسەللى، تۇغۇلالماي قالغان ئۈمىدلەر. . . ! ئېھ، رىۋايەت يۇدۇپ ھەم ئۆزىنىڭ رىۋايىتىگە يۇدۇلۇۋاتقان جاپاكەش، تونۇش روھ. . .

بۇ مېنىڭ ئىزگۈلىرىمگە مىخلىنىپ، نەپەسلىرىمدە راھەتلەنگەن، كۆلكىلىرىمدە كۆلەڭگۈ پەيدا قىلىپ، كۆز ياشلىرىمدا ئەكسىنى كۆرگەن، شەكلىمنى قالقان قىلىپ بوشلۇقىمدا داڭ ئۇرغان، يەكلىنىشلەر ۋە چەكلىنىشلەر ئەينىكىدە سوراقلىق شولىلاردىن ئۆزۈمنى ۋە ئۆزگىلەرنى كۆرەلمەي، ئۇنى چۈشلىرىمدىكى ئۈندەشلەر بىلەن پاچاقلاشقا بېسىم ھاسىل قىلىۋاتقان پىنھانە سادالىرىمنىڭ سۈكۈناتلىرىمغا بەرگەن سىگنالى ۋە بۇ سىگنالنىڭ ئىككى چەكسىزلىك ئارىلىقىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ئۆزلۈك ھېس قىلدۇرۇشى ئىدى! . ئەنە شۇ خاسىيەتلىك دەقىقىلەردىن بۇيان، تەڭرى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ياراتمىشلىرىنى ۋە ھاياتلىق سىرلىرىدىكى ھېكمەتلىك تېپىشماقلارنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىل ـ ۋەسلى ئۈچۈن ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ۋە يېتىش تەبىئىيلىكىدىكى ھەققانىي تەۋەلىكىنىڭ قۇدرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، غايىۋى سائادەت، ئەپسانە كەچمىشىدىكى رېئال مەنتىقىنى يۈكسەكلىك چوققىسىدىن بىزنىڭ ئاپىرىدە قىلىشىمىزغا سۇنغانىدى! ...

مەن قايناق تۇيغۇلىرىمنىڭ تاتىراڭغۇ چېھرى بىلەن ئىچىلىشى ئېنىق بولمىغان ئىشكىلەرگە تىكىلىپ قالغانىدىم. . .

ئەي ئازغۇن پەلسەپىنى بوسۇغىدا تونىتىپ، ئۆزىنىڭ خورەكلە-رىدە چۆچىگەن، بورانلارنىڭ ھۇلاشلىرى ئىچىدە غىل - پال كۆرۈنۈپ قالغان تەرسا قورغان! ، سەن، ئۆز - ئۆزۈڭگە چۈشىلىپ قىلىنىۋاتقان ناخشىلىرىڭدىن يىپ ئېشىپ، سېھىرلىك ئاۋازلىرىڭنى مارجان قى-لىپ، دۇنيا بازىرىنىڭ قىزىقىغا سالماقچى. ئۆز جاھىللىقىڭ بىلەن ئىلكىڭدىكى يوچۇن - سۆيۈشلەردىن تۇغۇلغان رەڭدار تېرەنلىكنى ئىشىكى ئېچىلماس ئۆيۈڭدە تۇنجۇرماقچىمۇ؟ . پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر-نىڭ، ھاياتلىق رىۋايەتلىرىنىڭ نىمجان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا، سۆ-كۈتلىرىڭ ۋە تەرسا مۇقەددەسلىكتىكى شاپائەتچان نىگاھلىرىڭ بىلەن يول قويماقچىمۇ سەن؟ . سەن، چەكسىزلىك ئىچىگە كۆز ئېچىپ، ئالەمنىڭ قەھرىلىك تىترەكلىرىدىن سەزگۈسىنى تاپقان، تاغلارغا ئەكس سادا ئاپىرىدە قىلىدىغان ئاۋازىڭ سېنى ئېچىۋېتىشىڭگە، ئې-مىشقا گۇمانلىق نەزەرىدە تىكىلىسەن؟ . پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىغان، ھەرىكەتچانلىقىڭنى يېتىم قالدۇرۇپ، مۇستەھكەم كىشەنلىرىڭگە مۇھتاجلىقىڭدىن قۇرتقا ئۇۋا سېلىپ بەرمىگىن! ؟ . ئېيتقىنا، تەبى-ئىي ئىختىيارلىقلار سۆيۈشكەن دالىلار شۇنچە سارغىيىشقان، سەلكىن شامالىرى شۇنچە ئۈچۈچان گۈگۈملاردىكى سېھىرىي تىنىقلار، يۇلتۇز-لار ئالىمىدىكى چاقناق كەچمىشلەر شۇنچە مادارسىزمۇ؟. . .

مەن ئۇلۇغۋار جىمجىتلىق ئىچىدە كۆۋجەپ، سىلكىنىپ، چا-راسلاپ يېنىپ، ئاجايىپ زىلزىلە بىلەن ئەكس سادالار ئىچىدە ئاشۇ جىمجىتلىققا، ئاندىن ئۆزۈمگە سەجدە قىلدىم. ئارقىدىنلا ئۆز - ئۆزۈمنى كاچاتلاپ كەتتىم. . .

يامراپ كەلگەن مۇڭ، تىترەك باسقان سۆكۈت، رىۋايەتلەرگە ھامىلىدار ئىزگۈلۈك ئۆز ناخشىسىنى پىنھانلىرىمغا شۇنداق شەكىل-سىز خاسىيەتتە ئۇنسىز سىڭدۈرۈۋەتتى. . . مانا بۇ چۈچۈمەل كۆز يېشىغا چىلانغان ساپ ئارام، لەززەتلىك ئازاب، رەھىمسىز، قىممەت-لىك مەۋجۇتلۇق! . ئادەم چەكسىزلىكىدىن ئالەم بىپايانلىقىغا، كۆ-لۈشلەردىن يىغلاشلارغا تۇتاشقان لىرىك ناخشا مانا مۇشۇنداق رىئاللىق-

تىن بەرپا بولغان. سەنمۇ، مەنمۇ، ئۇمۇ ئاللىقانداق نەرسىلەرگە موھتاج بولىمىز، غېرىبسىنىمىز. بىرىمىزنىڭ موھتاجلىقى بىرىمىزدە تۇرۇپمۇ، ئېچىرقىغان كاۋاكلاردىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ.

2

ئىشىك تۇۋىگە پەيدا بولغان بىر كۆلەڭگە دىققىتىمنى تارتتى ئالدىغا چىقتىم. كۆز ئالدىمدا رەتلىك كىيىنىۋالغان، ياغلىق ئۈستىدىن رومالدا يۈزىنى يېپىۋالغان 30 ياشلار چامىسىدىكى زىلۋا بىر ئايال تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى داسقا، ئاندىن داستىكى ئۇنىغا قاراپ، ئۇنىڭ تىلەمچىلىك قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم. ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا بارلىق كۈچۈمنى كۆزلىرىمگە يىغقاندەك تىكىلدىم. كۆزلىرىم ئۇنىڭ رومىلى سىرتىدىن كۆزلىرىنى نىشانلاپ تىكىلىپ قالدى. مەن شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ تىكىلىشلىرىمگە بەرداشلىق بېرەلمەي، يوشۇرۇن ھالدا كۆز يېشىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ، ئېچىنىشقىنىمۇ، غەزەپكىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ھەم رازىمەنلىككىمۇ ئوخشىمايدىغان نىگاھتا باشقا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدىم. شۇنداق، مەن ئۇنىڭ توغرىلىقىنىمۇ، خاتالىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇنى ھەم ئەيىبلىمەيمەن، ئاجىزمۇ دېيەلمەيمەن. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاياللىق ئاجىزلىقىنى كىشىلەرنىڭ يامان كۆزلىرىدىن ھېس قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇ خالىغان بولسىلا ئۆز غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش بەدىلىگە چىرايلىق كىيىنىپ، لەززەتلىك تائاملارنى يەپ، ئېسىل تۆشەكلەردە تۈنەپ قالالىشى مۇمكىن ئىدى. . .

ئۇ ئايال، بۇ خىل مۇھتاجلىق ئىچىدىكى قېچىش ۋە يۈزلىنىش بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان زەبەردەست ئەرلەر ئىچىدە يەنىلا ئۆزگىچە ئوبراز تىكلىيەلىدى. ئەمما، كىشىلەر ئۇنى ئاجىز دەيدۇ ۋە ئەر تىلەمچىلەرگە قارىغاندا ئۇنى ئاجىز كۆرۈپ بوزەك قىلىشنى ئويلايدۇ.

مەن ئىختىيارسىز بۇ سېزىمنى ئىزگۇ ھەسرەتلىرىمنىڭ كۆلەڭ-

گىلىرىدە غىل ـ پال چېلىقتۇرۇپ قالدىم. قەلبىمنى بىر نەرسە ئۆرتەپ، بوشلۇقۇمدا كۆرۈنمەس مانانلار لەيلەپ قالدى. . . ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە خىياللىق ئولتۇرۇپ قالدىم.

ھەر كىم ئۆز مۇھىتىدا ئوخشاشمىغان نەرسىلەرگە مۇھتاج، ھەممىنىڭ ئېڭىدا ئۆز ئىشى توغرا، ئۇلار خالىسىمۇ، خالىمىسىمۇ كۆرۈنمەس قوللار ئۇلارنى يېتىلەپ يېڭىدىن يېڭى دۇنياغا باشلاپ تۇرىدۇ. روھىمىز قامالغان رەڭدارلىقنى نىسپىيلىكتىن ھالقىتماي تۇرۇپ، ئاشۇ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت ئىچىدىكى ئىشلارنى چەتكە قاقالمايمىز ھەم خۇشال بولالمايمىز. مېڭىمىزدە ئەكس ئەتكىنى پەقەت جانسىز ئەينەك سۈپىتىدىكى ئۆز ئىچىدە دۇرۇست بولۇش خالاس. ئەمما بىز بۇنداق ئېنىقسىزلىق ۋە گاسلىقتا ئۆزىمىزنى چۈمكۈۋېلىپ، ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ئىككى ئۆزىمىز ئارىلىقىدا روشەن كۆرەلمەيمىز، ئۆزىمىزدىن ھالقىيالمايمىز، ئۆزىمىزنى يېڭىنىڭ ھېس قىلالمايمىز. بىردە دۇنياغا، بىردە ئۆزىمىزگە ئامالسىز، رايىشچان قاراپ قالىمىز.

بىز جانلىق ئەينەك، سېزىمچان، تىنىمسىز روھ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇنداق گاراڭلىقتا قاراپ تۇرالمايمىز. سېزىمچان ئەينەك بولۇش بىزنىڭ ئالاھىدىلىكىمىز. بىز ئۇنىڭدا باشقىلار ئۈچۈن نۇرلۇق روھ كۆرسىتىپلا قالماي، ئۆزىمىز ئۈچۈنمۇ مۇۋاپىق رەڭدار ۋە ئۇرغۇنقۇزماسلىق بەرپا قىلىشقا، ئۇنى ئۆزىمىزگە سەرسانلىق ئىچىدە دوست قىلماي، قايىنام ـ تاشقىنلىق، جۇشقۇنلۇق ئىچىدىمۇ سىرداش قىلىشقا، ئۆزىمىزگە خاس رەڭدارلىقتا ئۆز ـ ئۆزىمىزگە بەختىيارلىق بىلەن تىكلىنىشكىمۇ ھامان قادىر. . .

3

دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا چەكسىز راھەتلىك ئارامىمدا ئۆزۈمگە سىغماي باقتىم. . . كېچە تەسەللى ئىچىدىكى تەسەللىسىز ئۇزاق كېچە.

ئېھ يۇلتۇزلار، مۇشۇ تاپ قانچىلىغان ئويغاق قەلبلەر، قانچىلە-

www.uyghurkitap.com

غان قىزلار سىلەر بىلەن ماڭا ئوخشاش سىر دىشىۋاتقاندۇ؟ قاتچىلغان ئانىلار بوۋىقىنى ئەللەيلىگىنىچە ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ئەسلىمىسىگە چۆكۈپ، بىر چاغلاردا سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگەن ياشلىقىنىڭ گۈزەل خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاۋاتقاندۇ. . . قىسمەتلىرىمنى ئاپىرىدە قىلغان ھەم قىسمەتلىرىمدە ئاپىرىدە بولغان، مەن ھەم ئەركىن ھەم چۈشۈلۈپ قالىدىغان سېھىرلىك ھايات! . . . مېنى ئاي نۇرىدا ئۇزۇۋقلاندۇرۇپ، يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاپ چۆچەك ئېيتىشىدىن كۆز ئاچتۇرۇپ يېتىلدۇرگەن، ئەسلىم ۋە تەبىئىتىمگە شاھىد بولغان ھەم بولىدىغان گۈزەللىك ئالىمىم، ئاچچىق، ئاچچىق كۆز ياشلىرىمدا سىلكىنىپ ناخشا توقۇيدىغان ئازابلىق پاك مەۋجۇتلۇق. . . پەقەت ۋە پەقەت سەنلا مېنىڭ نەچچە كېچىلەرنى كۆز يېشىغا چىلىشىپ، روھ ئالىمىنىڭ چاقناقلىقى بىلەن ئېسەدەپ ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلىسەن. پەقەت سەنلا. . . ئېھ، پىنھانلىرىمغا يوچۇن ئازاب، ئىزگۈ تەسەللى بېرىۋاتقان سۆيۈملۈك، شەپقەتسىز كېچە! . . . مەن سېنىڭ قوينۇڭدا دۇنيانىڭ ئېسەدەش ـ تىترەشلىرىگە، زېمىننىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئاسىيلىقىدىن، قەھرلىك سىلكىنىشلىرىگە ئېچىنىۋاتقان سۇزۇك كۆز ياشلىرىغا، كۈندۈزى قۇياشنىڭ، كېچىسى ئاي نۇرىنىڭ زېمىنغا تەسەللى بېرىۋاتقان سىرلىق قايناملىرىغا چۆككىنىمدە سېنى سۆھبىتىمگە چىللايمەن. . . سەن ئۆز چەكسىزلىكىڭگە يوشۇرۇنغان يەرلىرىڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، تىلسىملىق كۈيلەر تىنچلىقىدىكى قىزىل ئاسمانغا يۇلتۇز بولۇپ جىمىرلىغىلى، مەيىن سابا بولۇپ كۆي تۈزگىلى، ئاينىڭ نۇرلىرى بولۇپ قاراڭغۇلۇقنىڭ تۆشۈكى، دۇنيانىڭ بىدار دىلكىشىگە ئايلىنىپ ئورمانلىقتىكى سەبىي گۈزەللىكنى شەبنەملىرىڭ بىلەن سۆيۈپ قويغىلى كەل! . تۆككەن كۆز ياشلىرىمنى ئازابلىرىمدا، ئېقىن ھاسىل قىلىشقا دۇئا بەرگىنىكى، رەڭسىز ياشلىرىمنىڭ كۆزۈمدىلا بىخ سۇرۇپ چىقىشىغا يول قويمىغىن. . .

سەن لېرىك ناخشىلىرىڭنى نېمىشقا يوقلۇقۇڭنىڭ ۋىلۋىلىسىمان شولىسى ئۇچۇن ياڭرىتىپ، ئۆزۈڭنى ئۆز ئەركىنلىكىڭدە ئەما قىلىپ قويىسەن؟ . ئۆزلۈك قەدىرلىنىشتە ساڭا يۈزلەنگەن روھنى نېمىشقا سۈكۈتلىرىڭ بىلەن ئازابلاپ، ئۆزۈڭنى سەرسانلىق كوچىسىغا باشلاپ

دەرمانسىز جىنچىرىغىڭنى كۆتۈرۈپ ئۇھسىنىسەن، ئۇھسىنىش ئىچە-دە ئارقا كوچىلاردا ئەرۋاھتەك تىمىسقىلايسەن؟ ! . . .

ئەكس سادالاردىن سۆز: ئۆز چەكسىزلىكىدە ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغۇچىلارغا ئۆز كۆيلىرىنى ئاڭلاش غېرىبىسىمان، ئىزگۇلۇك، ئۆز-لۈك كۆيلىرىنى ئاڭلاش، رىغبەتسىمان ئىزگۇلۇك ئېلىپ كېلىدۇ. ئەي يۈكسەكلىك چوققىسىدىكى قەدىناسلار، ئۆز ـ ئۆزۈڭلارنى چۇ-شەپ قويماڭلار! . . .

ئۆزۈمگە سۆز: بۇ سۈكۈت بەلكىم يېشىل پەرۋازلارنىڭ مۆكەمە-مەل تەييارلىقى ئۈچۈن. . . چىدام، جاسارەت، باتۇرلۇق ئۈچۈن…

ئۆزلۈككە سۆز: سەن پىنھانلىرىڭدىن سۆيۈنۈشكە ھەقلىقكى، ئۇنى يېتىمسىرىتىپ قويۇشقا، ئاڭ خىيانەت قىلىشقا ھەقلىق ئەمەس! . ئۇنى قەدىرلىشىڭ، ئوزۇقلاندۇرۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى، سەن ئۇنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ، ئۆزگىنىمۇ ئۆزلۈك ھېسسىياتلىرىغا چوڭقۇر چۆكتۈرۈۋالغان بۇ خاسىيەتلىك ئەسىنالىرىڭدا ئاجايىپ بەختلىك! .

4

سۈر سېلىپ شىۋىرلاشلار بىلەن كۆز ئالدىمدا يېيىلىۋاتقان گۇ-گۇملار ئىچىدە سەرسانە، يېگانە، خىيالچان بىر كۆلەڭگىنى كۆرۈپ قالدىم! ئاھ… چەكسىزلىكىمگە سىغمىغان ئازاب! . . . تۈن باغرىنى تىترىتىپ ئازابلىق يىغلىدىم، يۇلتۇزلارغا ئىچىنىشلىق نالە قىلدىم، قەھرلىك سىلكىندىم، دەھشەت بىلەن شاۋقۇن سېلىپ ھۆكىرىدىم، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدىم. . . مەن ئۆز روھىم چاقناقلىقىدا ئۆزۈپ يۈرگەن قەدىناس كۆلەڭگىلەر پەريادى ئۈچۈن، ئۆزلۈك مەسئۇلىيىتىم ۋە ئۆزلۈك تەلەپچانلىقىم بىلەن بەرداشلىق بېرەلمىدىم! . ئوخشاش كۈي، ئوخشاش لىرىكا تۈرۈپ ساڭا ئۆزلۈك چۈشىنىشتە تەسەللى بېرەلمىگەنلىكىمگە، ئورغۇنقۇ ئاھاڭ يارىتالمىغىنىمغا ۋە پۈتۈنلەنگەن مەنىۋىيەت ئاتا قىلالمىغىنىم ئۈچۈن، تىلسىملىق روماتىكامغا ئىچىندىم، ئۆكۈندۈم، پۈتۈن جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ پۈتۈن كېچىنى

سەكرىتىۋەتكۈدەك قەھرىلىك ۋارقىرىدىم! . مەن ھاياتىمغا كىلىپ ئۆزۈمنىڭ تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئازابلانغانلىقىمنى، يۈرىكىمنىڭ، قەلبىمدىكى ھېس تۇيغۇلار بىلەن پارتلاپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئۆزۈمگە سىغماي ئەسەبىي سىلىپ كەتكىنىنى كۆردۈم. . .

. . . ئەي پىنھانلىرىمدىكى ساددا پىچىرلاشلارنى جىمىرلاپ ئاڭلىغان سەرگەردان يۇلتۇزلار، سىلەر مېنىڭ بۇ ئوقچۇشلىرىمنى يەنە بىر قىسمەتدىشىڭلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇڭلار. مەنمۇ سىلەرنى، سىلەرنىڭ دوستىڭلارنى، دىلكىشىڭلارنى ھەرگىز تەنھا قالدۇرۇپ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ كەتمەيمەن، سىلەر ئۇچۇن چۆچەك ئېيتاي، كۆز ياشلىرىڭلارغا باغرىمدىن پاناھلىق بېرەي. ئۆتتۇنۇپ قالاي، ئۇنى غېرىبسىندۇرۇپ قويماڭلار! . . . ئېھ. . . جىلۋىگەر سەھىرىمگە تويۇنۇپ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىمدا يېشىلگەن، ئەتىلىرىمگە مەجنۇنلۇق سۇپەتلىرى ۋە تاتلىق ھىجران، ئاچچىق تولغىنىش بىلەن جۇشقۇن تاشلانغان سۆيۈملۈك تىلسىملىرىم. . .

ئېھ يۇلتۇزلار. . . سىلەر ئاتەشلىك چاراسلاپ كۆيۈشۈڭلار بىلەن ئۇنى ئىللىتىڭلار، ئۇنى باغرىڭلارغا مەھكەم بېسىپ، ئەرۋاھىنىڭ سايىسىنى ئۆزى ئۈستىگە چۈشۈرمەڭلار. ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ ھەم ئۇنى باغرىڭلارغا سىڭدۈرۈپ ئۇرغۇتقۇ، سەگۈتكۈ تۈستە سۆيۈڭلار!

. . . ئەي، گۈڭگا خىياللىرىدا ئۆزىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ ياسىۋالغان ئادەم، بىلسەڭ ئىدى كاشكى، ئۆز ئېتىقادىڭنىڭ سۇسلۇقىدىن، ئىمانىڭنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئۆز چاقناقلىقىڭغا بولغان ئىشەنچسىزلىكىڭدىن، ئۆزۈڭگە قىلغان خىيانىتىڭدىن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن تىرىكلىكىڭ سېنى خاراب قىلىۋاتىدۇ. سەن يەنىلا ئۆز ئەسەبىيلىرىڭدە ئالدانغان غالىبلىقىڭنى سىقىمداپ يۈرىسەن! . . . سەن ئۆزۈڭگە ھەم دوست ھەم دۈشمەن؛ سەن ھەم باتۇر ھەم قورقۇنچاق؛ سەن ھەقىقەتنىڭ سېزىملىرىڭدا توغرا ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ساڭا توغرا باھا بېرىشىدىن قورقۇپ، داستىخىنى كەڭ ئۆيۈڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن مەھبۇسلارنىڭ زەردىگۈش تۈرمىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدىڭ. سەن بىراقلا چوڭ بولۇپ، جاھانغا بىر نەزەر سېلىپلا، ئۆزۈڭنىڭ قىلمىغان ئىشىڭنىڭ كۆپلۈكىدىن قېچىپ، بىردىنلا كىچىك بالا

بولۇۋالدىڭ. ئەپسۇسكى، مېڭەڭنى ئالماشتۇرالمىغانلىقتىن، يا ئۇ
تەرەپكە، يا بۇ تەرەپكە ماسلىشالماي، ئاخىرى چۈشكۈنلىشىپ ئېزىد-
لەڭگۈ نىدا قىلدىڭ. ئۆز - ئۆزۈڭگە بېسىم ھاسىل قىلىۋاتقان
تۈرمەڭدە ھەم ئۇنى، ھەم ئۆزۈڭنى ئالدىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى
ئالدىغانلارنىڭ بىتەلەي شاھىدى بولۇپ قالدىڭ، خالاس.

ئەي، ئۆز - ئۆزىگە قانائەتسىز سۈكۈت! . سەن ئۆزۈڭگە قايىل
ئەمەس تۇرۇپ قاناتلىرىڭنى يەنە بىچارىلەرچە بوغۇچلايسەن. ئۆزۈڭ-
نىڭ قەدىر - قىممىتىنى، يۈكسەكلىكىنى ئۆز تەقۋادارلىقىڭنىڭ
بۇزۇلماس پەرھىزلىرى بىلەن يوققا چىقىرىسەن. ئەگەر ئۆز پەرھىز-
لىرىڭنىڭ ئۆلۈك ھالدا، سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدىغانلىقىنى بىلگەن
بولساڭ، مەڭگۈ قەدىر - قىممىتىڭنى ساقلار ئىدىڭ. ئېھ، ئىنسانلار
تۇرمۇشىدىكى چۈشسىمان ئىككىنچى رېئاللىق! سېنىڭ يۈرىكىڭنى،
سەزگۈڭنى چىرىكلىشىپ كەتكەن دەسلەپكى رېئاللىق چۇلغاۋاتىدۇ.
سەن بىر كۈنلەردە چۇقان - سۈرەنلەردىن ھېرىپ، كەپەڭدە ئارام
ئېلىۋاتقىنىڭدا باسقان يوللۇرۇڭدىن مەنىسىزلىك بىلەن تولغان ئۈ-
مىدسىز، چۈشكۈن ناھايىتىمۇ زەئىپ بىر روھنى، ھەتتا ئۆزۈڭدە
خورلۇقنىڭ ئاجايىپ زېرىكىشلىك ئەخلەت چاۋالىرىنى كۆرىسەن! .
ئۆز قۇدرەتلىرىڭنى قارامىلىقىڭ بىلەن پالەچ قىلىپ قويۇۋاتقان ئىك-
كىنچى رېئاللىق. . . مەن سېنىڭ سەزگۈلىرىڭنىڭ گاسقا، يۈرىكىڭ-
نىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئازغۇن روھنىڭ جىسمىڭنى
تاشلاندۇق نەرسىلەر قاتارىغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم!
ئاھ. . . چەكسىز خورلۇق، سەن ئۆزۈڭنى خورلىدىڭ، خورلا-
ۋاتىسەن.

. . . زەئىپ ئىككىنچى رېئاللىق، سەن تولىمۇ شەخسىيەتچىلىك
بىلەن نەزەرلىرىڭنى، ئۆزۈڭنى تار دائىرىدە مەھكۇم ئەتتىڭ. ئېھ
قىزچاق! ، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرى، مەدھىيىچىلىرى ئال-
دىدا قىممىتىڭنى يوقىتىپ، قەدىرسىز بولۇپ قېلىۋاتامسەن - قان-
داق؟ . ھورۇنلۇق ۋە سەممىيەتسىزلىك ئالدىدا خارلىنىۋاتامسەن
نېمە؟ ! . سەن ئۈمىدسىزلىنىپ ياش تۆكمە، بېشىڭنى تېخىمۇ ئېگىز
كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا دادىل تىكىلگىن، تاغلار ھەر قانچە ئېگىز، ھەي-
ۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، سەن دەسسەپ تۇرغان تاش - توپىلار-

نىڭ بىرىكمىسى، خالاس. ئەمما شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، ئۆز قەدىر-قىممىتىڭنى ئۇچۇرۇشلارغا قانداقتۇر يېقىملىق ئاۋازلارغا، تاتلىق سۆزلەرنىڭ بىردەملىك ئەللەيلىتىشلىرىگە سېتىۋەتمە! . سەن ئاچچىق - ئاچچىق كۆز ياشلاردا ئوزۇقلىنىپ، ھەسرەتلىك سىلكىنىشلەر ئىچىدە ياشىساڭمۇ، تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ سېسىق كېكىرىپ ھاۋانى بۇلغىماستىن، ھاۋانى تازىلايدىغان ساپلىق چىقىرىسەن. ئىستىبدالنىڭ ئۆزۈڭنى قاقشاتسىمۇ، باشقىلارنى بەھرىمەن قىلىدىغان شېرىن مېۋەڭ ئېھتىياجىڭدىن ئارتۇقراق دەرمان قالدۇرىدۇ، ئۆز - ئۆزۈڭگە يۈز كېلەلەيسەن. سۆيۈملۈك ھەقىقەت، سەن يەنىلا بەختلىك! . ئالداش - ئالدىنىش، خورلاش - خورلىنىش، ئېزىدەش - ئېزىلىش، يارىتىش - يارىتىلىش. . . دېمەك، سەن تۈگىمەس غەۋغالارغا شېرىك. . . ھەقىقەت ئۈچۈن ياشاش ئىنتايىن قىيىن. مەنىسىزلىك ئەمەلىيەتتە يېڭى مەنىلەرنىڭ سەزگۈلىرىنى غىدىقلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆز ئېڭىدا مەنىسىزلىك ھېس قىلالمىغان ئادەمنىڭ ئوخشاشلا مەنىلىك ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

قىزچاق، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ باق! . قەلبىڭگە مۆكۈۋېلىشلىرىڭ، خىيالەن ئىنتىلىشلىرىڭ، سەن بېغىشلاشنى ئىختىيار قىلغان يۈكسەكلىكلىرىڭ يۈرەكسىز بولىدىكەن، رېئاللىق ساڭا سوغۇق تىترەك بېغىشلايدۇ. خەيرىيەت، خىيالى سۆيگۈڭ روھىي ئىنتىلىشلىرىڭدە قەلبىڭنى مەڭگۈ ئىللىتسۇن. سەن ئاشۇ ئىللىقلىقىڭ بىلەن ھەقىقەتكە يۈزلىنىپ، ئانىلىق نەزەرلىرىڭ بىلەن ئەتراپقا باق، دۇنيا سېنىڭ ئاپىرىدە قىلىشىڭنى كۈتۈپ بويىنىنى قىسىسىپ تۇرىدۇ!

ھەممىسىنى ئۆزىمىز يارىتىمىز، ئۆزىمىز بەرپا قىلىمىز، يەنە ئۆزىمىز بۇزىمىز، يوقىتىمىز. . . مەسىلە ئۆزىمىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزدا. . . ئۆز رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز ھەم ئۆزىمىزنى تولۇقلىشىمىزدا. . .

**1996 - يىل. قاراقاش تۈۋەت**

# قىز قەلبى

سەن بىلەن خوشلاشقىنىمغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. سەندىن ئايرىلىپ كېتىشىم، زېھنىمنى چاچماسلىقىم كېرەك ئىدى. بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ. . . مەن سېنىڭدىن يىراق بۇ چەت - ياقا سەھرادىكى ئورمانزاردا ئولتۇرۇپ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى تەبرىكلەۋاتىمەن. ئەتراپ شۇ قەدەر تىنچ، ئورمانزار ئەتراپىدىكى قوناقلىرى چېپىۋېتىلگەن ئېتىزلاردا داڭگال تېرىپ يۈرگەن قاغىلار، سوزۇپ - سوزۇپ قاقىلداشلىرى بىلەن ئورمانزاردىكى قۇشقاچلارنى ئۈركۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ يىل كۈزنىڭ سوغۇقى بۇرۇنلا باشلاندىمۇ، ئۆكتەبىرنىڭ ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىگە قارىماي دەرەخ غازاڭلىرى بىر - بىرلەپ تۆكۈلۈشكە باشلىغانىدى. مەن بىر تۈپ سۆۋادانغا يۆلەنگىنىمچە يىراق چەكسىزلىكلەرگە خىيالچانلىق بىلەن نىشانسىز تىكىلىپ ئولتۇرىمەن. قۇياشمۇ غەربكە قىيسىيىپ، ئاداققى نۇر تالالىرى خاتىرەم بېتىدە كۆپ چېكىت قالدۇرۇپ، شەكىلسىز سۈكۈتلۈك بىر غايىۋى قۇدرەت بىلەن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتى.

مەن شېئىر يازماقچى بولدۇم، لېكىن بىر كۈن كەچ كىرگۈچە ئولتۇرۇپمۇ بىرەر مىسرا ھەتتا بىرەر سۆزمۇ يازالمىدىم. يازغانلىرىم تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، قەلبىمدىكى يېتىمىرقاش، تۈگىمەس تەلەپ، ھەسرەت، چەكسىز سۈكۈتنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ بارلىقىمنى سېھىرلىۋالغان قەلب دۇنيارىمنى ئىپادىلەپ بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆزلىرىمدىن مەڭزىمنى بويلاپ ئىسسىق ياشلار سىرغىيدۇ. يازىمەن، يازغانلىرىم مۇشۇ تاپتىكى روھىي دۇنيارىمنى ئېچىپ بېرىش تۈگۈل، بىر تامچە كۆز يېشىمنى سۈرەتلەپ بېرىشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ، يىرتىمەن.

چۆچۈپ ئەسلىمگە كېلىپ غايىۋى سىمايىڭغا سوئال نەزىرىدە غالىبلارچە نەشتەردەك تىكىلىمەن. ئۇپۇل - توپۇل مۇشۇ قىياپىتىم-

نى سۈرەتلىۋېلىشقا ئۇرۇنىمەن، يازغانلىرىم باشتا مېنىڭ تەسۋىرىم بولغان بولسا، ئوتتۇرىلىرىغا بېرىپ، ئىختىيارسىز سېنىڭ تەسۋىرىڭ بىلەن ئالمىشىپ كېتىدۇ. ئۆزۈمگە ئاچچىقلىنىپ يازغانلىرىمنى يىرتىۋېتىمەن. تۇرۇپلا سېنىڭ، قەلبىمنى شۇ قەدەر قامال قىلىۋالغىنىڭغا ھەستىم كېلىپ ساڭا ئۆچمەنلىك قىلغۇم كەلسە، يەنە تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزۈمگە ئۆچلۈكۈم كېلىپ ھەممىنى ئىنكار قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ. سېنى ئالدىمغا ئەكېلىپ قويۇپ قوللىرىم تېلىپ ھارغۇچە، ماغدۇرىمدىن كەتكۈچە كاچاتلىۋالسام دەيمەن، ئارقىدىنلا ئىچىمنى ئاچچىق بىر نەرسە كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شۈركىنىپلا كۆزلىرىمگە قىرتاق ياش كېلىدۇ. ئېسەدەپ يىغلىغانسېرى ئۆزۈمگە شۇنچە ئۆچ بولۇپ كېتىمەن. ئورنۇمدىن سىلكىنىپ تۇرۇپ دەرەخلەرنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا قوشۇلۇپ، بۇ مەن ئەمەس. . . سەن مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمغا ئەرزىمەيسەن، مەن ساڭا ئۆچ! . . . دەپ توۋلاپ، ئۆزۈمنىڭ غالىبلىقىنى، مەغرۇرلۇقىنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم. ئاۋازىم ئۆز چەكسىزلىكىمدە يوقىلىپ كەتتى. مۇشۇنى ئىپادىلەپ شېئىر يازماقچى بولغانتىم، يېزىپ بولۇپ قارىسام، ئۇ ساڭا ئاتالغان ساداقەت ناخشىسى بولۇپ چىقىپتۇ، ئۇنىمۇ يىرتىۋەتتىم... ئىچ - ئىچىمدىن قاپساپ چىققان تىترەك بىلەن ئۆلىشىپ كەتكەن يىغا، كۆز يېشىمنىڭ تۆگەپ، ھېق تۇتۇپ پەس ئاۋازدا يىغلىشىم بىلەن ئاخىرلاشتى. كۆزلىرىمنى تەستە ئېچىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن خاتىرەمنى باغرىمغا مەھكەم باسقىنىمچە جىمجىت ئولتۇرۇپ يۈرىكىمنىڭ بىر خىل رىتىمدا سوقۇشىنى تىڭشىدىم. ئۇنىڭ ھەربىر سوقۇشى قىزلىق تەبىئىتىمگە، ۋۇجۇدۇمغا تۇمەنلىگەن نازۇك تىلسىملىق ھېس تۇيغۇلارنى بەخش ئېتەتتى. ئاددىي قولىيازمىلار قانداقمۇ قات - قات تىلسىمات دۇنياسىغا ئايلانغان روھىي دۇنيارىمنى، قەلب پىنھانلىرىمنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى، نازۇك ۋە رەڭدار ھېسلىرىمنى ئىپادىلەپ بېرەلىسۇن!

ئاستا - ئاستا ئەسلىمگە قايتقىنىمدا، سوغۇق قان نەزەرلىرىم، ئاياللار قەلبىنىڭ ئانىلارغا خاس يۈكسەكلىكلەر ئەۋرىشكە مەنبەسى

ئىككەنلىكىنى، شۇ قەدەر پەرۋىشكار، شۇ قەدەر ئىللىق ۋە ھەممىنى كەچۈرۈۋېتىپ ھەممىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدىغان مېھىر - ۋاپانىڭ مۇنبەت تۇپرىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمدۇ. ئانىلارغا خاس پەپىلەشلىرىم بىلەن بېشىڭنى سىيلاپ، ساڭا تەسەللىچان رىغبەت ئاتا قىلغۇم كېلىدۇ. تۇرۇۋپلا قەلبىمنى چەتتە قالدۇرۇپ ئۆزۈڭدىن يىراق بىر جايغا كەتكۈم، ئاياللار نامىنىڭ قۇربانى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ئاياللىق كاتېگورىيىسىگە بوغۇلۇپ قالمىغان ئارزۇ - تىلەكلىرى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغۇم شۇ يوسۇندا ياشىغۇم كېلىدۇ. ئاياللارغا خاس سېھرىي كۈچ ۋە خاسلىق نۇقتىسىدىن قارىغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل قاراشلىرىمنىڭ شۇ قەدەر بىمەنە شەخسىيەتچىل قاراش ئىكەنلىكىنى، تەنقىدكە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچكۈم يوق. . .

تەگسىز سوئاللاردىن سىلكىنىپ ئەسلىمگە كەلدىم. . . بۈگۈن سەن ئىنتايىن ئېسىل بىر سوۋغاتقا ئېرىشىدىغان ئوخشايسەن، چۈنكى مەن ئىدىيىمدىكى ئەنە شۇنداق كۆرەشلەردىن ھالقىپ، قىزلىق تەبىئىتىمدىن چىقىپ، تەن بەرگەن ھالدا ئىسمىڭنى يادلاۋاتىمەن، سەن نەقەدەر بەختلىك - ھە! . . . مەغرۇر قەددىمنى بويسۇندۇرۇپ، قىزلىق ئەۋرىشىملىكىمنى ئويغىتىشىڭ بىلەن قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ، بويسۇندۇرۇلغان بۇ دەملەردە سەن ئەڭ قۇدرەتلىك! ئاھ، كەچۈر. . . مەن سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئاياللار قەلبىنى چۈشىنىپ يەتتىم، ئۇنى ھەسرەتلىك ھالدا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇدۇم. . .

بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ، ساڭا سوۋغات ئالمىدىم، ساڭا ئاتاپ شېئىرمۇ يازمىدىم، بىراق سەن مېنىڭ قەلبىمگە شېئىر يېزىپ قويدۇڭ! . مەن شېئىرغا ئايلاندىم، مەن يەنىلا قىز قەلبىمگە قايتىپ كېلىپ ھاياتىڭ شاۋقۇنلىرىغا، تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقايلىرىغا، قاتتىق قۇرۇق دەشناملارغا سەۋرچانلىق بىلەن بېقىپ، ھەممىنى قەلبىمگە سىغدۇرۇۋېتىپ پۈتكۈل ھاياتلىقتا، كائىناتتا پەرۋىشكار ۋەزىندە تىكىلدىم. . . يۈرىكىم ئۆزۈم ئۈستىدىن غالىبلىقنى جاكارلىغان بۇ دەملەردە، ھەممە خاپىچىلىقلارنى روھىي چەكسىزلىكىمگە سىغدۇ-

رۇۋېتىپ، بارلىق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمنى، روھىي ئىزدىنىشلىرىمنى مېھىر دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئىللىقلىق بىلەن قۇچىقىمنى كائىناتقا سوّيۇنۇشلۇك، تەلەپچان نىگاھلىرىمدا ئىختىيارسىز كەڭ ئاچتىم. چۈنكى مەندىكى قەلب ـ قىز قەلبى، ئانا قەلبى، مېھىر ـ ساپا مەنبەسى ئىدى. . .

2000 ـ يىل. قاراقاش



www.uyghurkitap.com

# سىز بۇگۈن ئىچىدە

كارىنىگىنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە يېتىپ كەلگەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ھەرخىل تەسىرات ۋە قاراشلاردا بولغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ ئۇنى ئوقۇشقا، سوغۇق قانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ۋاقتى يەتمىدى. ۋاقىت يەتمىدىلا ئەمەس، ئۇنچىلىك ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە، تىرىشچانلىقتا بولۇپ باقمىدى. بىر كىتابقۇ خالاس، دەپلا قارىدى. چۈنكى ئۇلار پۇل تاپقىلى ئالدىراش، خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلىشى ئۈچۈن ئالدىراش، ئۆز قىياپىتىنى، قانداق تەسىر بېرىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەسەبىيلەرچە ئالدىراش، گويا چۆرگىلىتىپ قويۇۋەتكەندەك، ئوڭ سېپىي تېپىپ، ئوڭ - سولنى ئايرىپ بولالمىغان ھالدا ئالدىراش. ئۇلاردا كەيپىياتىغا، خىزمەت، تۇرمۇش ئۇسۇل - شەكلىگە دىققەت قىلىپ باققۇدەك ھەپىسلە يوق.

بەزى كىشىلەر «ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار»، ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇپ، نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىگە تەسەللى تاپقاندەك، سىرداش بىر دوستقا ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ خىل تۇيغۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنتۇپ قالدى. بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئېنىق تونۇپ كېتەلمىدى.

يەنە بەزىلەر بۇ كىتابنى ئادەمگە ھېيلىگەرلىكنى ئۆگىتىدۇ، ئادەمنى قاقۋاشلاشتۇرىدۇ، ئادەم دېگەن تەبىئىي مەۋجۇت بولغانىكەن، تەبىئىي ھېس - تۇيغۇلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەندەك قاراشتا بولدى.

ئادەمنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى مەنىۋى ۋە جىسمانىي پائالىيەتنىڭ بىرلىكى بولۇپ، مەنىۋىيەت بىلەن جىسمانىيەت بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ مەنىلىك، خۇشال - خۇرام ياشىشى، ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى،

ئۆزىنى قېزىپ چىقىشى، بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە ياشىشى، ھەربىر كۈندىكى ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى تەئەللۇقاتلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىپ، تەپەككۇر، ئەقىل، ھېسسىيلىق، جاسارەتنىڭ بىرلىكىدە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن كۈچلۈك ئادەمگە ئايلىنىشنى مەنىۋىيەت ۋە جىسمانىيەتنىڭ ساغلاملىقى بىرلىكىدىكى كامالەتتە ئىشقا ئاشىدۇ.

كارنىگ ئىدىيىسى، ئۆزىمىزنى قانداق كۈتۈشنى ئۆگىتىپ، يۈرەك، مېڭە ۋە باشقا ئەزالىرىمىزغا، مەنىۋىيەتنىڭ بېسىملىرى تۈپەيلىدىن جازا بەرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كەيپىياتنى تەڭشەپ، ئۆزىنى بىھۇدە ئازابلاشتىن، مەنىۋى جەھەتتە يۈك ئارتىۋېلىشتىن، چۈشكۈنلۈكتىن ئازاد قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرگە ۋە تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە جاسارەت ـ ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقا، ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى يېڭىش، ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇش، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن پەم ـ پاراسىتىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئۆز ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشى ۋە ھاياتىنى شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. كارنىگ بىر ئادەم كەسپىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ 15% تى كەسپىكە تايىنىپ قولغا كەلتۈرسە، قالغان 85% نى كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، تۇرمۇشقا ۋە شەيئىلەرگە مۇئامىلە قىلىش سەنئىتىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرىدۇ، دېگەن بىر خىل نۇقتىئىنەزەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى پەلسەپە ئىدىيىسى: كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئالاقە ۋە بىر ـ بىرىگە يول قويۇش كەيپىياتىنى نەزەردە تۇتۇش ھەمدە ھەرىكەت ئىلمىي ۋە پسىخولوگىيىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى كەسپىي ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئائىلىسىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۆزىنى شاد ـ خۇرام تۇتۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرۈش، ئۆزىنى كۈتۈشنى بىلىشتىن ئىبارەت.

كارنىگنىڭ، كىشىگە ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆز ئىلكىدىكى ئار-

توقچىلىق، تەئەللۇقاتلىرىدىن قانداق پايدىلىنىپ، ئىشلىتىشنى بىلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل جانلىق ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ھاياتنى قەدىرلەش سەنئىتى، ھەر قاچان ھېسسىيلىق، ئەسەبىيلىك، تەرسالىق، ئالدىراڭغۇلۇقىمىز غالىب كېلىپ، تۈگىمەس غەم - قايغۇ، پۇشايمان ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە تەخىرسىز باب كېلىدۇ. خاپىچان، غەمكىن ئۆتسەكمۇ، ھاياتىمىزدىن بىر كۈن قىسقىرايدۇ. تېتىك، خۇشال، ئۆزىمىزنى قەدىرلەپ، ۋاقتىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ھالەتتە ئۆتسەكمۇ ئوخشاشلا ھاياتلىق سەپىرىمىزنىڭ بىر كۈننى ياشاپ بولغان بولىمىز. بىراق ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ كەيپىياتىمىزغا، سالامەتلىكىمىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىلا ئەمەس، ئەتراپتىكى ئادەملەرگە بەرگەن تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ياشلىقنىڭ چاپچىپ تۇرغان ھېس تۇيغۇلىرى بىلەن دۇنياغا پاتمايۋاتقان، ئۆزلىرىنى باشقۇرالمايۋاتقان، ھەممە نەرسىنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىپ باشقىدىن ياساپ باققۇسى كېلىدىغان قىزغىنلىقتا، ھاياتىي كۈچتە ئەسەبىيلىشىپ تۇرغان ياشلار ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆزىدىن پايدىلىنىش، ئېنېرگىيىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشنىڭ تىزگىنىگە ئىگە قىلىدىغان كارنىگىنىڭ ياشاش سەنئىتىنى ئىگىلىشى تېخىمۇ مۇھىم. ئۆزىدىكى قايناق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تىزگىنىنى باشقۇرالماي، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلمەي، ھېسسىياتنى ئەقلىي بىلەن ئەمەس، ئەقلىنى ئەسەبىي ھېسسىياتى بىلەن باشقۇرۇپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، چۈشكۈنلىشىۋاتقانلار ئازمۇ؟. ئەقىل بۇلىقىنى ئاچماي، كاللىسىنى كۈندىن - كۈنگە دات بېسىپ ھۇرۇنلىشىپ كەتكەن، ساراڭلارچە ئويناپ، ئېچىپ - چېكىپ، جىمى ئەسكى ئىشلارنى تىنىڭ - تىڭلاپ يۈرۈيدىغانلار ئازمۇ؟، ئاددىي بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلالماي، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ھەدېسىلا جېدەل قىلىشىۋاتقانلار، ئۇرۇشۇپ، سوقۇشۇپ ھەتتا بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولۇۋاتقانلار ئازمۇ؟. ئۇلارنىڭ تاللىشىدىغىنى، ھەتتا جېنىنى، ھاياتىنى سېلىپ بېرىشكىمۇ تەييار تۇرغۇزىدىغىنى نېمە زادى؟! ئۇلار ھاياتلىقنىڭ بىر قېتىم ئاخىرلاشسا، قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ھاياتنى قەدىرلىمەسلىك، قانداق ياشاشنى بىلمەسلىك، ھاياتقا، ئۆزىگە مەسئۇلىيەتسىز، ئېتىبارسىز قاراش ماھىيەتتە ئۆزىنى خارلاشتۇر.

جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياشلارغا قارىتا يېتەرلىك بولماسلىقى، ئۇلارغا ئىجابىي تەسىردىن كۆرە سەلبىي تەسىرنىڭ كۆپرەك بولۇشى، ئۇلاردا ئەستايىدىل، سوغۇق قان، ئاقىلانە خاراكتېرنىڭ يېتىلمەسلىكى ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇشۇ بىر پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن زور يوقىتىش، ئۇلارغا كارىنىڭنىڭ ياشاش سەنئىتى، تەلىماتىنى تونۇشتۇرۇش، پۇختا ئىگىلىتىش، سوغۇق قانلىق بىلەن چەكلىك ھاياتىغا، ھاياتىدىكى ئىشلارغا تەتبىقلاپ تۇرۇپ تەھلىل قىلدۇرۇپ بېقىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ياپونىيىنىڭ باللار كارتون فىلىمى «ئەقىللىق يىشيۇ» دىكى يىشيۇغا ئوخشاش جىددىي پەيتلەردە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش، كەيپىياتىمىزنى يىشيۇدەك تۇراقلاشتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىشىمىز، ياخشى ئۇسۇل - چارىلەرنى تېپىۋېلىشىمىز زۆرۈر.

بىر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقساق بىرقانچە كۈنگىچە كەيپىياتىمىز ناچار، بىر ئىشقا قولىمىزمۇ بارمايدۇ، دىققىتىمىزنىمۇ يىغالمايمىز، ئۇيقۇمىز كەلمەيدۇ، ئىشتىھايىمىز تۇتۇلىدۇ، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىمىز.

بۇ جەرياندا خىزمەت ئۈنۈملۈك ئىشلەنمەيدۇ، ئائىلىمىزدىكىلەر ۋە خىزمەتداشلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەت سۇسلىشىدۇ، جۇشقۇنلۇقىمىز، جاسارىتىمىز، جانلىقلىقىمىز يوقايدۇ، مېڭىمىزنىڭ سەگەك ھالىتى يوقىلىدۇ، ئېخى مېڭىمىز ئاغرىيدىغان بولۇپ قالىدۇ، يۈرىكىمىز ۋە باشقا ئەزايىمىزغا كەلتۈرىدىغان ئەكس تەسىرىنى تىلغا ئالمايلا قويايلى، بىرەر ئىشتا ئازراق نەتىجە قازىنىپ ماختاش، شان - شەرەپكە ئېرىشسەك ئۇچۇپ كېتىپ، قونغىلى يەر تاپالماي قالىمىز. باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىۋاتقانلىقىمىز ئۇنتۇلۇپلا قالىدۇ، ئاشۇ ئازراق شان - شەرەپنى شوتا قىلىپ قانداق ئۆرلەشنى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كاللىمىزنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەي.

مىز. ئەڭ مۇھىمى خەخ ماختىسۇن ياكى تەنقىد قىلسۇن، يەنىلا
ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى سەۋەب، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئەڭ چۈشەنگۈچى،
ئەڭ بىلگۈچى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ، باشقىلارنىڭ تۇرلۇك باھالى-
رى ئىچىدە راست شۇنداق ئوخشايمەن دەپ قىلىپ، ئۆز خاسلىقىمىز-
نى، مۇستەقىل ئىدىيە، كۆز قاراشقا ئىگە ئادەملىكىمىزنى ئۇنتۇپ
قالىمىز. ھەممە ئادەم پەقەت ئۆز ئىدىيىسى، كۆز قارىشى بويىچىلا
باھا بەردى، بۇ، ئاشۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مېنىڭ ئۆزۈمگە تەئەل-
لۇق ئىدىيە ئەھۋالىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. قىلغىنىم توغرىمۇ خاتامۇ،
ئاقىلانىلىكمۇ، دۆتلىكمۇ، ھەقىقەتەن ماختىلىشقا تېگىشلىك ئىش
قىلالىدىممۇ - يوق؟ مەن ئۇچۇن، نىشانىم ئۇچۇن كىچىككىنە ھەر-
كەت بولسا بۇ، ئاشۇلارنىڭ ئىدىيە ساپاسى بويىچە بەرگەن باھاسى،
ئىگە بولغان كۆز قارشى، مەنمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ، ماختاش
شاۋقۇن سۈرەنلىرى ئىچىدە، ئۆزۈمنىڭ تىرىك جەسىتىمنى قۇچاقلاپ
قالماي، مەن يەنىلا ئۆزۈمگە، ئۆز ئىدىيەمگە، ئۆز ھاياتىمغا ۋەكىل-
لىك قىلىپ ياشىغۇچى، مەن يەنىلا مەن. ھەممە ئادەم تىللىسىمۇ،
ماختاپ ئۇچۇرسىمۇ يەنىلا مەن شۇ. مەسىلە، ئۆز نىشانىم، ئۆز
خاسلىقىم بويىچە ئىش قىلالىدىممۇ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىمنى ئىپادىلىشىم
قانداقراق شەكىلدە بولۇۋاتىدۇ؟ . ئىلگىرىلىدىممۇ ياكى چېكىندىممۇ
ئۆزۈمنى تۇتۇشۇم، ئۆزۈمدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە ئۆزۈمنى كۈتۈ-
شۇم قانداقراق؟ ! . . . دېگەنلەرنى ئويدان ئويلاپ، ئۆزىمىزنى دەڭ-
سەپ بېقىشىمىز، ھەر قاچان ئۆزىمىزگە ئەستايىدىللىق ۋە دادىللىق
بىلەن دىئاگنوز قويۇپ بېقىشىمىز ئارتۇقچە، بىھۇدە چارچاپ، جىسما-
نىي ۋە مەنىۋى بەدەل تۆلىمەسلىكىمىز، قاراپ تۇرۇپ چۈشكۈنلۈك
قاينىمىغا، ئەرزىمەس تاراق - تۇرۇقلارغا ئۆزىمىزنى سېلىپ بەرمەس-
لىكىمىز كېرەك. كۈندە تەكرارلىنىپ كېلىدىغان كۈنىمىزدىكى ئې-
گىز - پەس جەريانلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە، ياشاش ئۇچۇن ئىكەن-
لىكىنى قەتئىي ئۇنتۇماڭ. بار نەرسىلەردىن پايدىلانماي، يوققا ئىنتى-
لىشىڭىز، دەرىجىدىن تاشقىرى چوققىغا ئىنتىلىشىڭىزمۇ ياكى ئىلگى-
رىلىگىلى ئۇنىماي، جايىڭىزدا ئولتۇرۇۋېلىپ سۆرىلىۋېلىشىڭىزمۇ
ئوخشاشلا سىزنى چارچىتىپ قويىدۇ، بىئارام قىلىدۇ. شۇڭا ئالدى

بىلەن ئۆزىڭىزنى چۈشىنىڭ، ئۆزىڭىزنى بايقاڭ، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا، قىزىقىشىغا ماس قەدەم، ماس يول تاللىۋېلىڭ، كاللىڭىزنى ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا، بار پۇرسەتنى قەدىرلەشكە ئىشلىتىڭ. بىھۇدە، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى ئارتۇق چارچىتىۋەتمەڭ. نۇرغۇن ئىشلار ئىچىدىن زۆرۈرلىرىنى ئىلغاشنى، ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۈنۈملۈك قىلىشنى بىلىۋېلىڭ. ھەرگىز بىھۇدىلا بەدەل تۆلەپ، ئۆزىڭىزنى، روھىي كەيپىياتىڭىزنى، ساغلاملىقىڭىزنى دەسمايە قىلىپ بەرمەڭ، ھاياتتىكى بارلىق پائالىيەتىڭىزنىڭ، روھىي كەيپىياتىڭىز ۋە ساغلاملىقىڭىز ئۈچۈن قىلىندۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇماڭ.

ھەربىر كۈننى قەدىرلەڭ، سىز بۈگۈن ئىچىدە، قاراڭ، قۇياش چىقتى، يېڭى سەھەرگە قۇچاق ئاچقان يېڭى بىر كۈن سىزگە ئىللىق باقماقتا، سىز ئۇنى قانداق قارشى ئالىسىز؟!...

2003 ـ يىل. قاراقاش

# قاچانغىچە يىغلايمىز؟

خاتىرجەملىك، بىخۇدلۇقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغىنىغا ئوخ-
شاش ئويغىنىشمۇ بۇزۇلۇش . . . شۇنىسى ئېنىق بۇزۇلمىغۇچە تۇ-
زەلمەيدۇ. بۇزۇلۇش ئۈچۈن نىسپىيلىكتىن ھالقىغان سەكرەتمە
كۈچ، ئىسيانكار، توپىلاڭچى سېزىم، ئاۋاز بولۇش كېرەك. قېلىپلى-
شىپ كەتكەن ئاڭلىقلىقنىڭ ئەڭ بىچارە سولغۇن ھالىتىدىكى تەپەككۇ-
رىمىزنىڭ ئۆزى دات بېسىپ كەتكەن بۇرۇقتۇم ھالىتىدىن مەيلى
ئالدىغا ياكى كەينىگە سىلجىشىدىن قەتئىينەزەر، مىدىرلاپ قويۇشى،
جەسەتكە جان كىرگەندەك ھاياجانلىنىشقا تېگىشلىك ئىش. ئاچچىق
بىلەن پەشۋا ئېتىش، قېيداپ تۇرۇپ بەيگىگە تەييارلىنىش چىرايىغا
كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئاغزى يۇمۇلماي ۋالاقلاپ ماختاشقا قارىغاندا يۈز
پىرسەن ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۆز - ئۆزىمىزنى دەڭسەپ بېقىشقا، ھېچ
بولمىغاندا يېڭىلمەسلىك ئۈچۈن ئازراق كاللا ئىشلىتىپ قويۇشقا مەج-
بۇر قىلىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ھېس قىلىپ،
ئىللەتلەرنى پاش قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان ماقالىلەرنىڭ بۇ 4 -
5 يىلدىن بېرى بازار تېپىپ كېتىشى، ھەر ھالدا چاپاقلاشقان كۆزلى-
رىمىزنى ئۇۋۇلاپ ئېچىۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما كۆزى-
مىزنى ئېچىپ چاپاق باسقانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ ئورنىمىزدىلا
ئولتۇرۇۋاتىمىز، دوق قىلىۋاتىمىز. بېشى قىچىشسا تاپىنىنى قاشلاي-
دىغان ياكى قىچىشقان يەرنى كۆرسە جالاقلاپ تىترەپ، يورۇق جاھان-
دىن تەرەت سۇندۇرۇپ كېرىپ ئۇخلاپ قالىدىغان، ئەخلەت - چاۋا
ئارىسىدا ئۆمىلەپ ياشاۋاتساق ئېھ ئاسماندىكى پەرۋازىم دەپ تەشۋىق
قىلىدىغان تۇزكور خائىن ئەدەبىياتتىن ھەقىقىي ئۆزىمىزنى كۆرەلمى-
گەچكە، ئۆزىمىزنى ئاڭلاشقا بەك تەشنا بولۇپ كەتكەندۇق. ئاشۇ
ۋاقىتتىن باشلاپ يېزىلىقسىز قالغان بۇ خىل مەزمۇن تېخىمۇ بۇرۇق-

تۇملىشىپ كەتكەنىدى. بىز ھەتتا ئىنسان سۈپىتىمىز بىلەن بىرگە ئاتا قىلىنغان بېغىشلاشتىن ئىبارەت بۇ خىل فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىك ھادىسىسىدىنمۇ ئېھتىيات قىلىپ، سۈنئىي ھىجىيىپ، يىغ-لىغۇمىز كەلسە ئۆمچىيىپ كەلگەنىدۇق. شۇڭىمۇ ئەختەم ئۆمەر «يىراق قىرلاردىن ئاتا يۇرتقا سالام» دەپ بىر يىغلىۋېدى. بۇ يىغلاش بىلەن ھەممىمىز يىغلاشتۇق. ھەممىمىز چوڭ بىر تەسەللىگە ئېرىش-كەندەك ئىچىمىزنى بوشىتىۋېلىشقانلىقىمىزدىن ھاياجانلىنىپ كېتىش-تۇق. شۇنىڭ بىلەن 4 ـ 5 يىلدىن بۇيان يىغلىغىمىز كەلگەنلىكىنى ھېس قىلساقلا يىغلاۋەردۇق. يىغلىشىمىز نەچچە يىللىق يىغىسى يە-غىلىپ قالغان خەلققە يېقىپ، ئاۋازىنىڭ ئاۋازى بولۇپ قالغاچقا مەتبۇ-ئات ساھەسىدە يىغلىدۇق. ئۆزىمىزنى كاچاتلاپ تۇرۇپمۇ، دوق قىلىپ تۇرۇپمۇ، قېيداپ تۇرۇپمۇ، باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپمۇ، ئۆزئارا ھۆرپىيىشىپ تۇرۇپمۇ، ئىشقىلىپ ئازراق ئىلىنگۇدەك يەرنى تېپىۋال-ساق تۇتۇۋېلىپ بويىنىمىزدىن ئېسىپ قويۇپ تازا يىغلاشتۇق.

ئالدىمىزدا كۆرۈنۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ خىل يىغلاشتىن زېرىكىدى-غان رېئاللىق بىزنى كۈتۈۋالىدۇ، بىز ئاستا ـ ئاستا ھېق تۇتۇپ يىغلاشتىن توختاپ قېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ئەمما يىغلاپ ھالىمىز-دىن كەتسەك نېمە ئىش قىلىش كېرەك، كۆلەمدۇق ياكى يەنە يىغلاي-دۇق؟ بۇ ھەر ئىككىلىسى تۇزسىز، تېتىقسىزلا بىر ئىش، ئۇنداقتا نېمە ئىش قىلىش كېرەك زادى؟! بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇزلىنىش داۋاملىق ئۆزىمىزنىڭ كېسەللىرىگە دىئاگنوز قويۇش بولامدۇ ياكى دىئاگنوز قويغان ئادەمگە خوش دوختۇر جانابلىرى مېنىڭ كېسىلىمنى ئوبدان كۆرستىپقۇ قويدىلا، ئەمدى ئۆزلىرىنىمۇ تەكشۇرتۇپ باقسىلا قېنى؟. مەن ئەسلىي ساق ـ سالامەت ئىدىم، بۇ كېسەلنى مەن يۇقتۇرمىغان، بەلكى ھەر قايسىڭىزلار بار مۇھىتتا يۇققان، شۇڭا ماڭا كېسەل دەپ دىئاگنوز قويۇشىڭىز ئۇنچە مۇۋاپىق بولمىدى، دەپ دىئاگنوز قويغان ئادەمنىڭ نىيىتىنى جىنس تەبقە بويىچە ھەرخىل بۇراپ، تاكاللىشىپ يۈرىمىزمۇ؟ بىز بۇنداق دىئاگنوز قويۇشنىلا بىلىدىغان، قانداق دورا بۇيرۇشنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنى بىزگە كېرەك ئەمەس دېمەكچىمۇ؟ ياكى ھەممىمىز كېسەل دەپلا كېسەل پېتى

يۇرمەكچىمۇ؟ ۋە ياكى ئۆز ئىچىمىزدىكى قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك، كادىر دېھقان، ئەر - ئاياللار ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىپ ھەممە تەبىقىدىكىلەر رېتىمى بويىچە باشقا پىلانېتقا كۆچمەكچىمۇ؟ ئۆز ئىچىمىزدىكى بۇنداق تالىشىشلارنىڭ، قول سىلكىپ قېيداپ يۇرۇشلەرنىڭ ئۆزىمىزگە نىسبەتەن قانداق ئەۋزەللىكى بار؟

ئەر - ئايال باراۋەرلىكى، ھوقۇق ئۈستىدە مۇنازىرە مەيدانىغا ئاغزاكى قورالىمىزنىلا كۆتۈرۈپ چىقىپ سۆز ئېچىۋېرىش، خوتۇن كىشى ئېرى ئالدىدا تولا ۋاتىلداۋەرسە، سۆزىنىڭ ئىناۋىتى قالمىغاندەكلا ئىش. ئەمەلىيەتتە ھەممىنى ھەل قىلىپ، بىلدۈرۈپ ماڭىدۇ، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىرلەشسە، ئاندىن بىز كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولغان نۇقتىئىينەزەر ئىسپاتلىنىدۇ. جۈملىدىن ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەمىناتىدىن سىرت ئائىلە ئىچىدە بۇنى دەستەك قىلىۋېلىش ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بۇ ئاڭ - ساپا، ئىدىيە قاراشنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىش مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەخسنىڭ دۇنيا قاراش مەسىلىسىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىن كېيىن تەبىئىي ھالدىكى ئىدىيە ئۆزگىرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئائىلىدە كىمنىڭ پىكرى ئورۇنلۇق، مىجەز - خاراكتېرىنىڭ، تەسىرىنىڭ ۋەزنى بولسا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ، بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت، ئەر بىلەن ئايال كېچە بىلەن كۈندۈزدەك ئايرىلماس گەۋدە سۈپىتىدە ھەرقانداق ئىشتا بىرگە بولۇپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. غالىبىيەتتىمۇ، مەغلۇبىيەتتىمۇ بىرگە بولغان، مەسئۇلىيەت ھەر ئىككى تەرەپتە، بۇزۇلۇشتىمۇ، تۈزۈلۈشتىمۇ، تەرەققىياتتىمۇ، ھالاك بولۇشتىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەسىرى، سەۋەبى بار. بۇنى مەلۇم بىر تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئاتىلارمۇ، ئانىلارمۇ ئەۋلادلارنىڭ ۋەتىنى.

ئۆزىمىزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئىچ - باغرىمىزنى بىر كۆرۈپ بېقىش كېرەك ئىدى. كۆردۇق، كۆرۈۋاتىمىز، بۇ نۇقتىدىن ئىچ -

www.uyghurkitap.com

باغرىمىزنى يېرىپ بەرگەن ئادەمدە نېمە گۇناھ. باغرىمىزنى يارغۇچىنىڭ، ھوي ئەبلەخ، ئېيتە، سەن نېمىشقا كېسەل، جاۋاب بەر؟، دەپ كېسەلنىڭ تاناۋىنى تارتىش، ھېسسىيات تۈيغۇسىدىكى غۇرۇر سەھنىسىگە ياقىسىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىش غەرزى بولمىغانىكەن، بىزنىڭ كىلە ئەمسە، ئىككىمىزنىڭ كېسىلىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى، دېيىشمىزنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. يەنە كېلىپ بۇ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئورتاق بولۇپ، مىللەت خاراكتېرىنى ئالغان تۇرسا ئۆز ئىچىمىز، باغرىمىزغا تىكىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتتە ياش ئاققۇزۇۋاتقانلىقىمىز ھەممىمىزگە ئايان. ئەمدى يەنە يىغلاشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى دۆڭگەشمىسەكمۇ، ھەر كىم ئۆزىگە تېگىشلىك تەرەپلەردە ھېس قىلىشى بويىچە يىغلايدۇ، بۇنى بىز تارتىۋالالمايمىز ۋە ياكى قوغلىۋېتەلمەيمىز. رېئاللىقتىكى يىغلىماسلىقتا تېگىشلىك كىشىلەرنىمۇ، يىغلىمايدىغان تەرەپلەرنىمۇ، يىغلاش ئۈچۈن كېرەك بولغان تەرەپلەرنىمۇ ھېس قىلىش، ھەر كىم ئۈچۈن ئەمەلىيەتتىكى، ئالدىنقى مەسىلە. يىغلىغان ئادەم بىزدىن رەنجىپ، بىزنى كەمسىتىپ، بىزنى تىللاپ، بىزنى ھاقارەتلەش ئۈچۈن يىغلىمىغانىكەن، تەگەپ، يىغلاپ تۇرۇپ ياقىسىغا ئېسىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمدى بىزگە كېرىكى تىللاشنى، ئۆزئارا دوق قىلىشنى توختىتىشىپ، سوغۇق قانلىق بىلەن ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، يىغلاڭغۇ ئاۋازنىمۇ، تىللاشنىمۇ، ئاقلاشنىمۇ، دۆڭگەشنىمۇ توختىتىپ بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ نىشانى ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىش، يىغلىغاندەك، قېيدىغاندەك، ئاچچىقلانغاندەك بېسىلغان قەدەمدە ھەقىقىي يولىمىزنى تاپالمايمىز. بىرلىككىمۇ كېلەلمەيمىز. ئۆزىمىزگىمۇ ئىشىنەلمەيدىغان كام ماغدۇرلۇق كېلىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەرەققىيات ئالدىدا شاللىنىپ قالىمىز. بىزنىڭ ئەمدى ھېسسىياتقا مايىل دەۋرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرىدىغان، ئەقىل بىلەن تۇتىشىدىغان مەزگىلىمىز يېتىپ كەلدى.

كەچكىچە داتلاپ، دەرت ئېيتىپ، دەرتنى بىر - بىرىمىزگە ئىتتىرىپ، قېچىپ دېگەندەك ھېسسىيات ئامىللاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغان داتخور مىللەت بولۇپ قېلىۋاتىمىز، كەچكىچە ھال ئېيتىپ

تۇل خوتۇندەك مىشىلداپ، كوتۇلداپلا يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟ ئۆزىمىزنى كەچكىچە ئۇرۇپ ئاندىن يىغلاپ، تاياق يېيىشنى بىر - بىرىمىزگە ئىتتىرىشىپ ئۆز قەۋمىمىز ئىچىدە ئۆپكىسى يوقلۇق قىلىشىپلا يۈ- رۈپ بىز نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ . بىزنىڭ شۇنداق دېيىشىمىز ھەممە شۇ بويىچىلا بولۇپ دېگۈچىنى ئەرشى ئەلاغا چىقىرىپ قويىدىغاندەك، ئەرشى ئەلاغىمۇ دېگۈچى، يالغۇز چىقماقچى ئەمەسقۇ ئاخىر، دەرت تۆكۈشتۇق، ھال ئېيتىشتۇق ئەمدى نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ . قوۋمىمىز ئۈچۈن ھېسسىيات كىشىنىدىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىپ، ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ جىگدا ئولتۇرغۇدەك، تەرەققىياتقا پايدىلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. بىزگە ھازىر نىشان كېرەك، يول كۆرسىتەلەيدىغان، ئەقىل كۆرسىتەلەيدىغان ئە- مەلىي، ئىلمىي قىممىتى بار تەپەككۇر شەكلى، پىكىر يولى يۈكسەك پەن - مەدەنىيەت بىلىمى ئىگىلىگەن ئىختىساسلىقلار، بۈگۈنكى تە- رەققىيات ئۈچۈن رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك قابىللار كېرەك. قېيداش، پارچە - پۇرات كوت - كوتىسمان دەرت تۆكۈش، ئۆز ئىچىمىزدىكى پارچە - پۇراتلار ئۈچۈن ھۆرپىيىشلەر، تاكاللىششلار، ئەدەبىياتى- مىزدىكى چۈشكۈن، ھارغىن كۆز يېشلار يېغلار يېتەر ئەمدى! ، ئەقلىمىزنىڭ ھېسسىياتقا ماھىل فۇنكسىيىسىنىڭ رولىنى بۇرۇساق قانداق؟ !

**1999 - يىل. خوتەن - قاراقاش**

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# بەخت ئۆز قولىمىزدىمۇ؟

بەخت كۆپ قىرلىق ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى، ئۆلچىمى يوق. بەختنى ھەرخىل كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى، بايقىشى ھەرخىل بولىدۇ. بەزىلەر خۇشال - خۇرام، قايناق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى بەخت دەپ قارايدۇ. بەزىلەر كۆپلەپ پۇل تېپىشنى، راھەت - پاراغەتتە ياشاشنى بەخت دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ھوقۇق ئىمتىيازنى بەخت دەپ قارىسا، بەزىلەر ئىزدىنىش، نەتىجە، ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادىيەتنى بەخت دەپ قارايدۇ. شۇڭا بەخت ئۇقۇمى ۋە ئۇنى ھېس قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ساپاسى، دۇنيا قارىشى ۋە روھىي بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ھەممە ئادەم ئۆز نەزەر دائىرىسى، روھىي ئالىمى بويىچە بەختنى ھېس قىلىدۇ، بەخت ئىزدەيدۇ، بەختكە باھا بېرىپ، مەلۇم ئۆلچەملەرنى قويىدۇ.

بىز كۆپىنچە بەختنى بىر پۈتۈن ئائىلىگە، ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا قارىتىمىز. ئەر ئۆزىنىڭ بەختلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ئايالىنى كۆپرەك ئۆلچەم قىلىپ، ئايالىمۇ ئوخشاشلا ئەرنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك ياكى بەختلىك ئەمەسلىكىگە باھا بېرىدۇ. دېمىسىمۇ بىر ئادەم ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ تەڭدىن كۆپ قىسمىنى نىكاھ ئاستىدىكى ئائىلىدە ئېرى ياكى ئايالى بىلەن ئورتاق تۇرمۇش شارائىتىدا ئۆتكۈزىدۇ. خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، تەنقىدىمۇ، تەقدىردىمۇ بىرگە بولۇپ، ئۆزئارا ئىلھام، تەسەللى ياردەمدە بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇش - بولماسلىقى، زېھنى قۇۋۋىتى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ تولۇق قېزىلىپ، ئىشلىتىش - ئىشلىتىلمەسلىكى، ئۇتۇق، نەتىجە قازىنىش - قازانماسلىقىدىن، سالامەتلىكىگىچە بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئائىلىسى بىلەن ئائىلىسىدىكى ئادەمنىڭ قارشى تەرەپكە

بولغان مۇئامىلە، پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شۇڭا ھەرقانداق بىر كىشى لايىق ئاللاشتا، ھەممىدىن بەك زىل ۋە سەگەك، تەلەپلىرى ھەممىدىن بەك ئىنچىكە بولىدۇ.

بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى ھەرقانچە قەدىرلەپ، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ كەتسۇن، قارشى تەرەپ ئۇنى چۈشەنمىسە، قەدرىگە يەتمىسە، قەدىرلەشنى بىلمىسە، ھەممىسى بىكار. ئەگەر سىز ئائىلەم ئۈچۈن، ئېرىم ياكى ئايالىم ئۈچۈن دەپ ھەرقانچە ئېغىر يۈك بولسىمۇ، ئۈن - تىنسىز كۆتۈرۈپ، ۋايساش تۈگۈل قارشى تەرەپ ئۈچۈن بارلىقىڭىز بىلەن يۈگرەپ يۈرسىڭىزمۇ، ئۇ سىزنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىڭىزنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ۋە ياكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىۋاتقان ئىش بولغاندىكىن، ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىنى ئۆزۈمگە بوپا قىلىۋېلىپ نېمە قىلاي. بۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى دەپ قارىسا، بۇ ئېچىنىشلىق ۋە نەتىجىسىز قۇربان بېرىش بولىدۇ.

سىز قانداق قىلسام ئۇنى رازى قىلىمەنكى دەپ ئۇزلۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز، ئۇ تىرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سىز بىلەن تىركەشسە، سىز بۇ تەرەپكە تارتسىڭىز، ئۇ باشقا تەرەپكە تارتسا ياكى ئېپادىسىز، ئۈنسىز، تىۋىشسىز كۆتەككە ئوخشاش تۇرسا، بۇنى قانداق قىلغۇلۇق؟ . ئۇ قۇربان بېرىشىڭىزگە مۇناسىپمۇ زادى؟

ئۇ سىزگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرماي، تىرىشچانلىقىڭىزنى، ساپ كۆڭلىڭىزنى، چىن ئەقىدىڭىزنى چۈشەنمەي، ئادىمىي پەزىلىتىڭىزنىڭ ۋەزنىنى، ئادىمىي پەزىلەتتىكى سېزىمچانلىقتا تۇرۇپ بايقىيالماي، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىسە، سىز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىڭىزنىڭ كەتكۈزۈۋاتقان ۋاقتىڭىز، پۇرسىتىڭىز، بېغىشلىغانلىرىڭىزنىڭ نەتىجىسىز، ئېتىبارسىز قالغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنىسىز. روھىڭىزنى پارتىلىتىۋەتكۈدەك بېسىم ئىچىدە، ئازابلىق تولغىنىسىز! . چۈشەنمەيدىغان نادان ۋە ساپاسىز، ئەقىدە ئىخلاسسىز بىرى ئۈچۈن پايپېتەك بولغىنىڭىز ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى كاچاتلاپ تۇرۇپ ئېچىنىسىز.

ئائىلىنىڭ بەختىگە، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش، ئېتىراپ قىلىش ۋە

ھەمكارلىشىشىغا باغلاپ چۈشىنىۋالغان بەخت قارىشىمۇ، تۇيغۇمۇ قاقشانقۇچ زەرىبىگە ئۇچرايدۇ. سىز ئەتىۋارلاپ، يۈرىكىڭىزنىڭ ھارارىتىنى بېرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىزنى بېغىشلاپ تۇرۇپ، پەرۋىش قىلغان مايسا قارشى تەرەپنىڭ ئېتىبارسىزلا قوزغىغان جۇت - شۇۋىرغانلىرى بىلەن رەھىمسىزلەرچە ۋە بىچارىلەرچە نابۇت بولىدۇ.

دېمەك، سىز بەختىنى ئۆز قولۇم، تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق يارىتىمەن، قولغا كەلتۈرىمەن دېگىنىڭىز بىلەن، قارشى تەرەپ سىزگە ماسلاشمىسا، يەنە بۇ خىل ئىزدىنىشىڭىز تەتۈر نەتىجىگە ئېرىشىپ قالىدۇ.

ئادەم كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئىجتىمائىي قايىنامدا تۈرلۈك مۇناسىۋەت قاتلاملىرى ۋە نۇرغۇن چەكلىمىلەر ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ بىر ئارزۇ، نىشانىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قايناق قىزغىنلىق بىلەن يولغا چىققىنى بىلەن، ئەتراپتىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر، ئۇنىڭغا شۇنداق پايدىلىق ئامىل ۋە شارائىتلارنى بېرەلىسە، توسالغۇلار ھەددىدىن كۆپ ۋەزنى ئېغىر بولمىسا، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى نابۇت قىلىپ ماڭماي، ئۇنى ئاسراشنى، ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلىشنى بىلسە، ئاندىن ئۇ كىشى نىشانىغا ئوڭۇشلۇق يېتىپ بارالايدۇ. ئۇنىڭ بەختىمۇ ئۆز قولىدا بولالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ئىشلار تەتۈرىچە، ئوڭۇشسىز بولۇپ، گويا بىتەلەي تىزەك تەرگىلى چىقسا، ئېشەك سۇغا تىزەكلىگەندەك بىر ئىش بولۇپ، خۇشاللىق ئىزدەش نىشانىغا يېتىش، ئادەم ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. بىراق بەزى ئادەملەر، يەنىلا ئۆز نىشانى، تىلىكى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى، ئۆز ئىزدەشلىرىگە مۇناسىپ ھالدىكى ئىرادە ۋە ھەرىكىتىنى كۆرسىتەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىنىمۇ بەخت، دەپ قارىشى مۇمكىن. گويا بەزى ئەسەبىي ئادەملەر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىشنىڭ ئۆزىنى بەخت دەپ قارىغانغا ئوخشاش.

بىر دېھقاننىڭ خۇشاللىقى، بەختى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن گۈزەل تۇيغۇلىرى بىلەن، بىر ئەمەلدارنىڭ بەخت تۇيغۇسى، پۇلپەرەست بىر سودىگەر بىلەن ئىلىم - پەنگە ئۆزىنى بېغىشلىغان، ئىلىم تەھسىلچىنىڭ ئېڭىدىكى، سەزگۈسىدىكى بەخت ئۇقۇمىمۇ ئوخشاش



www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ. بەزى ئادەم جاپالىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۆز جاسارەت ۋە ئىرادىسىنىڭ، ئەقىدىسىنىڭ ۋەزىنگە باغلاپ تۇرۇپ، بەخت ھەققىدە ئۆزگىچە مەمنۇنلۇق ھېسسىياتىدا بولسا، ئوخشاشلا يەنە بىر ئادەم بۇنى بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازا تەتۈر پېشانىلىك دەپ قاراپ، چەكسىز ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ھېسسىياتىدا بولۇشى مۇمكىن. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەشتىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدىسە، يەنە بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بۇنداق رەھىمسىز رەقىبىگە ئىمان، ئېتىقاد، ئادىمىي پەزىلەت ۋە ئىنساپ دىيانەت تىلەشتىن ئۆزىگە تەسەللى ئىزدىشى مۇمكىن.

ھەربىر ئادەمنىڭ دۇنيا قاراش، ئېتىقاد، ئىدىيىۋى ساپا ۋە ئۆزىنى تەربىيىلىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئۇلاردىكى بەخت قارىشىغا، مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىشىغا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن قاراپ باھا بېرىشىگە ۋە ئىزدىنىشىگە، مەسىلىلەرنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا ھەل قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئوي ـ خىيالى، مەنىۋى دۇنياسى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئىزدىنىش ۋە ئېرىشىشلىرىمۇ، ئىزدەشلىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. بىر خىل مەسىلىنى ھېس قىلىش ۋە باھا بېرىش ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا، ئۆز ئىدىيە ئۆز دۇنيا قارىشىغا ماس كېلىدۇ.

بەخت ھەر كىمنىڭ ئۆز سېزىمىدا، ئۆزىگە خاس ھېس قىلىشىدا، ئۆز روھىي دۇنياسىغا خاس بولغان سەزگۈسىدە، ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى خاسلىقىدا بولىدۇ.

**2003 ـ يىل. قاراقاش**

# مەسئۇلىيەت زادى كىمدە

ئۆز - ئۆزىگە ياتلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي مىللىي كەيپىياتىمىز ئىچىدە بەزى قىز - ئاياللارنىڭ زەئىپلىككە يۈزلىنىۋاتقان ھەرىكەت - ھالەتلىرىنى، پەسلىشىۋاتقان ئىدىيە - ئەخلاق قاراشلىرىنى ئەيىبلەپ كېلىۋاتىمىز. مۇشۇنداق بىر ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇش ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا نىسبەتەن ئارتۇق كەلمەس. لېكىن، ئەيىبلەش بىلەنلا ئىش تۈگەمدۇ؟ بۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ، ئورتاق ئويلىنىپ بېقىشقا بولماسمۇ؟

مەسىلىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى قىزلارغا بولغان ئائىلە تەربىيىسى. ئۇزۇن يىللىق فېئوداللىق كۆز قاراشنىڭ تەسىرىدە ئاتا - ئانىلار قىزلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپ، قىز بالا ئاجىز دېگەن ئاڭنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىشىنى چەكلەپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە ئەركىن تەپەككۇر قىلىشنى شەكلەن ئەخلاق رامكىسى ئىچىگە بەنت قىلىپ، ئايىغى يېنىك، ئاغزى ئېغىر بولۇشنى ئۆلچەم قىلىپ، ئائىلە ئىشىغا پۇختا، مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن ئەر نېمە دېسە خوپ دەيدىغان ئىتائەتمەن، ھەممىگە ھۆرمەت قىلىدىغان پەزىلەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. مۇشۇ خىل ئائىلە تەربىيىسى جەريانىدا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە بىر خىل رايىشلىق سىڭىپ، ئاجىزلىق ئۇقۇمى مۇكەممەللىشىپ، يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى يېتىلدۈرىدۇ. مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئىزدىنىشكە، يىراقنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بوشاڭ، قورقۇنچاق بولۇپ يېتىلگەن بۇ قىزلارنىڭ ئىدىيىسىدە جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە نىسبەتەن مۇستەقىل، بەلگىلىك ئىلمىي قاراش شەكىللەنمەي تۇرۇپلا يېشىنىڭ چوڭىيىشى، فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك جەھەتلەردىن يېتىلىشكە ئەگىشىپ، قارشى جىنسلىقلارغا ئىنتىلىش بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇھەببەت، تۇر-

مۇش جەھەتتىن يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولمىغان قىزلار بىلىپ ـ بىلمەي ئىشىق ـ ھەۋەسكە تۇتۇلۇپ قالىدۇ ـ دە، ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مەجبۇرىيىتى بولغان قازان بېشىنىڭ خوجايىنلىق ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن قوبۇل قىلىدۇ ياكى يولدىن چىقىپ يامان ئىشلارغا بېرىلىدۇ. مانا بۇ بىز چوڭلاردىن كەتكەن خاتالىق.

نۆۋەتتە، ئالىي مەكتەپلەردىكى كۆپ سانلىق قىز ئوقۇغۇچىلاردىكى بارغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىش، ياسىنىشقىلا ئەھمىيەت بېرىش، جەمئىيەتتىكى دۇرۇست بولمىغان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە بولۇش، پۇلغا ھەددىدىن زىيادە چوقۇنۇش نەتىجىسىدىكى چۈشكۈنلىشىشنىڭ سەۋەبىنى جەمئىيەتنىڭ پۇلنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا سەل قارىغانلىقتىن ئىزدىسەكمۇ، مۇھىم سەۋەب يەنىلا ئۆزىمىزدە.

كىچىكىدىن باشلاپ تار رامكا ئىچىدە كۆزى ئېچىلماي تۈرلۈك چەكلەشلەرگە ئۇچراپ چوڭ بولغان قىزلار بىر مەزگىل ئۆگىنىشتىن باشقىغا قىزىقماي ئىتائەتمەن بولسىمۇ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەتراپىدىكى يېڭىلىقلارغا قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان، ئاسان قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ قىزلارغا بولغان ئاقىلانە يېتەكلىشى ۋە مېھرىبانلىقنىڭ كەم بولۇشى، جىنسىيەت تەربىيىسىنىڭ ئارتۇقچە سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلىشى تۈپەيلى قىزلارنىڭ تەبىئىتى ۋە شۇ يېشىدىكى نازۇك خاراكتېرى، ئەۋج ئېلىۋاتقان ئەسەبىي مەدەنىيەتنىڭ قۇترىتىشىغا ئاسانلا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاشۇ ماكاندىن ئەركىنلىك، خۇشاللىق ۋە مېھرىبانلىق ئىزدەيدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەكتەپلەردە قىزلار خىزمىتى ئىشلىگەنلەر ئارىسىدا مەكتەپنى لەرزىگە سالغۇدەك مەسىلە چىقمىسا ئايلاپ ـ يىللاپ يىغىن ئاچمايدۇ، تەربىيە خىزمەت ئىشلىمەيدۇ. بەزى مەكتەپلەردە بىرەر ئوغۇل بالا قىزلارغا مۇھەببەت خېتى يېزىپ قويسا، قىزلارنىڭ رەت قىلغىنىغا قارىماي، يەنىلا قىزلارنى ئەيىبلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقان قىزلارنىڭ غۇرۇرى قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ ئۇلاردا ئائىلە،

مەكتەپتىن بىزار بولۇش، رايى يېنىش، يامان يوللارغا مېڭىپ قېلىش، ئۆزىنى نابۇت قىلىشتەك ناچار ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىزلارنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرى ۋە ھالقىلىق پەيتلەردىكى كەيپىياتىغا دىققەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش، ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەش، ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ياخشى تەسىر بېرىش، قايىل قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش ئورنىغا ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن ھەيدىۋېتىشكە، جازالاشقا ئارانلا تۇرىمىز. بۇ خىل ئەھۋال شۇ مۇھىت، شۇ ئەتراپتىكى نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئىدىيىسىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر قىزلارنى باشباشتاق خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ قويىدۇ.

ھازىر نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار بالا دەردىدە قاقشاپ زار ـ زار يىغلاپ يۈرمەكتە. ھەتتا بەزى ئائىلىلەر شۇ سەۋەبتىن ۋەيران بولماقتا. بۇنىڭدىكى تۈپ مەسئۇلىيەت يەنىلا بىز چوڭلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېپەرۋالىقىمىز، نادانلىقىمىز، بالىنى بېقىشنىلا بىلىپ، تەربىيىلەشنى بىلمىگەنلىكىمىزدە. بىز بۇلارنى ھېس قىلىپ يەتكىنىمىزدە پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ.

قىزلار مىللەتنىڭ ئانىسى، قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن مىللەت مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدۇ. چۈنكى كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرىنى تەربىيىلىگۈچى تۇنجى ئوقۇتقۇچى ئانا.

ئەمما بىز شۇ قىزلىرىمىزنى كىچىكىدىن شەكلەن كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئەمەلىيەتتە چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا قىلىپ تەربىيىلەپ، تەبىئىتىنى، ئەقلىنى زەھەرلەۋاتىمىز. قىزلىرىمىز ئەسلىدە دۆت ۋە ئەقلى قىسقا ئەمەس. بىز چوڭلارنىڭ ئەقلىمىزنىڭ قىسقىلىقىدىن ئۇلارنى توغرا تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى تاپالمايۋاتىمىز. ئۇلارنى چۈشىنىپ، سىردىشىپ، يېتەكلەپ ئىلمىي تەربىيىگە ئىگە قىلالمايۋاتىمىز، ئۈنۈملۈك تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئويلانمايۋاتىمىز، ئىزدەنمەيۋاتىمىز، قاتتىق تەلەپ قويۇشنىڭ ئۇلارغا كۆيۈنۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيۋاتىمىز.

ۋايىساشنىلا، ئەيىبلەشنىلا بىلمەي، ئۈنۈملۈك چارە ـ تەدبىرلەر-

نى قوللىنىپ، قىزلىرىمىزنىڭ ساغلام، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تەدبىرلىك، مۇستەقىللىچانلىقتا ئىگە چوڭ بولۇشنى، تەرەققىيات ۋە مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەقىقىي تۆھپە قوشالايدىغان يېڭى ئەۋلاد بولۇشنى قولغا كەلتۈرەيلى!

**1999 ـ يىل. قاراقاش**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلەيلى

كىشىلىك تۇرمۇشتا مەيلى ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنىدا بولسۇن، مەيلى خىزمەت، تۇرمۇشتىكى ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولسۇن يۇقىرى ـ تۆۋەن دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا تۇتقان پوزىتسىيە ۋە ئۇلارنىڭ بىزگە بەرگەن تەسىرلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلار توغرىسىدا جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئوخشىمايدۇ. ئاشۇنداق گەپلەرنى تارقاتقۇچىلارنىڭمۇ مەقسىتى، شۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى، ھېسسىيات، بىرلىك زىددىيىتىنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. ئەتراپىغا توپلىنىۋالغان ئادەملەرنىڭ ئالىي ـ سەۋىيە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىمۇ پەرقلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەپكىسىنى ئەكەل دېسە، كاللىسىنىمۇ ئاپىرىدىغان ئىش بىزدە كۆپرەك بولغاچقا، بىز ئاڭلىغان ۋە بەزى كۆرگەن ئېھتىماللىقلاردا تەبىئىيلىكتىن ھالقىغان نورمالسىز سەۋەبلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

رەھبەرلىك بەنزىنىدە ئولتۇرغانلارنىڭ پەرقلىق ھالدا چوقۇم بىر ئالاھىدىلىكى بولماي قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى نەزەرىيىۋى بىلىمگە باي بولسا، بەزىسى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئىش بېجىرىشكە ماھىر بولىدۇ. بەزىسى مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولسا، بەزىسى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى ئالدىن مۆلچەرلەپ سۇنىڭ كېلىشىدىن ئىلگىرى توغان سېلىشقا ماھىر بولىدۇ. يەنە بەزىسى يۇقىرى ۋە تۆۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، مەيلى قانداق ئۇسۇللار بىلەن بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئاجىز، كېرەكلىك نۇقتىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا پاي سېلىپ تۇرۇپ ئىشەنچكە ئېرىشىۋېلىشقا ماھىر بولسا، يەنە بەزىسى بۇيرۇقۋاز قاتتىق قوللۇقتا ماھىر كېلىدۇ. . .
بەزى ئورۇنلاردا خىزمەت ئىستىلىدا مەسئۇلىيەتچانلىق، تىرىشچانلىق، سەمىمىيلىك، ئەستايىدىللىق بارلار ئازراق بولۇپ، توپىلاڭدىن

توغاچ ئوغرىلاش ۋە ئېغىزدىكى سۆزلەرگە تايىنىپ جان باقىدىغان، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغانلار ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان، ئادەتتە باشقا ئىشلارغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان كەمسۆزلەرنى ئاكتىپ دەپ يالغۇز قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۆزى ھەيدىسە قىلىدىغان، بولمىسا قىلماي-دىغان تۇزچىنىڭ ئىشىكىدەك بولۇۋېلىپ، خۇشامەت قىلىپ يۈرۈپ جان باقىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بىز پالانى باشلىق خۇشامەتپەرەس، پۈكۈنسى ئۇنداق يەنە پالانى مۇنداق. . . دەيمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا مۇشۇنداق ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىز ئۆگەتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلى-رىنىڭ ئىش بېجىرىش پىلانى باشقا بولسىمۇ، بىز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەبچى بولۇپ، ئۇلار ئۆزىمۇ ياقتۇرمايدىغان بىر خىل خىزمەت ئىستىلىنى ئۇلارغا فورمۇلا قىلىپ چىقىرىپ بەرگەن. ئۆزىمىز دوك بولۇپ قېلىشىمىزغا قارىماي ئېگى-لىپ، ئۇلارنى غادايتىپ قويغان، ئىلمىيلىكتىن يىراق، قاششاق بولۇپ قېلىۋاتقان مىجەز - خاراكتېرىمىز بىلەن ئۇلارغا بۇيرۇقۋاز-لىقنى ئۆگىتىپ قويغان. شۇڭا بىزنىڭ مىجەزىمىزنى ئەمەلىي ئەھۋا-لىمىزغا ماس رەھبەرلىك سەنئىتىنى ئىگىلىۋالغان ئادەم، باشقا نۇر-غۇن تەرەپلەردە ئاجىز بولسىمۇ، خىزمىتىنى راۋرۇس ئاختۇرۇپ كېتىۋېرەلەيدۇ. بىز ئەستايىدىل، سەممىمىي، ئەمەلىي، بىلىملىك ئادەمنىڭ خىزمىتىدىن بەكرەك، تومۇرىمىزدىن تۇتۇۋېلىپ قانداق دورا بېرىشنى بىلىدىغان قارامراقلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ ئاقتۇ-رۇپ بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بەزى رەھبەرلەر بۇنى ئوبدان بىلىۋالغان.

بىزدە مۇستەقىل كۆز قارىشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ دادىل مەيدانغا چىقالايدىغانلاردىن، باشقىلارنىڭ ئەپقاچتى گەپ-لىرىگە ئەگىشىدىغان، كۆرەلمەسلەر، شامال قايسى تەرەپكە چىقسا شۇ تەرەپكە ئىگىلىدىغانلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ شوئارۋازلىرى ئاساسەن ھېسسىياتىغا كۆپرەك تايىنىپ باكتېرىيە تارقىتىدۇ، غەيۋەت قىلىدۇ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدۇ.

«20 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالدامچىلىق» تا مۇنۇلار بايان قىلىنىغان: 1989 ـ يىل 25 ـ دېكابىر رومىنىيىدىكى بىر مەخپىي بازىدا ئۈچ نەپەر ھەربىي سوتچى ۋە ئۈچ نەپەر خەلق سوتچىلىقدىن

تەشكىللەنگەن سوت، ھېلىلا تۇتۇپ كېلىنگەن زۇڭتۇڭ چىئوسىسكونى مەخپىي سوراق قىلىۋاتاتتى.

— سەن تېمىشو ئارادىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بىلەمسەن؟ چىئوسىسكو ھەيران قالدى ھەم غەزەپلەندى: ئىرقىي قىرغىنچىلىق؟... بىر قانچە سائەتتىن كېيىن سوت ئالدىراپ - تېنەپ چىئوسىسكو ئۆلۈپ كەتكۈچە تېمىشو ئارادىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. . . ئەسلىدە بۇ بىرقانچە كىشىنىڭ مۇخبىرلار ۋە دوختۇرلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، باشقا بىر ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ۋەھشىي قىرغىنچىلىق نەخ مەيدانى ياساپ، تېلېۋىزوردا كۆرسىتىپ، گېزىتلارغا خەۋەر بېرىپ، ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ پەيدا قىلغان ئالدامچىلىقى بولۇپ، زۇڭتۇڭ ئايالى بىلەن ئېتىپ تاشلىنىپ بولۇپ، ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئاشكارىلانغان. (ئەدەبىي تەرجىمىلەر ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 10 - سانى 105 - بەتكە قاراڭ) بىر دۆلەتكە زۇڭتۇڭ بولغان ئادەم توغرىسىدا مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك، قانۇن راۋرۇس سورايدىغان مۇنداق ئىشلاردىمۇ ئېغۋاگەرچىلىك، كۆتۈرمىچىلىك قىلىنىۋاتقان يەردە، ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىگە ئەمەس، مەنىۋىيىتىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ھېچقانداق سوئال - سوراقسىز، جازاسىز بېجىرىلىدىغان بىزدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئېغۋاگەرچىلىك، قوللاشلار، ئەگىشىشلەر بىلەن كۈنسېرى كۆپەيمەكتە، ئەمما ئادەمگە نىسبەتەن بۇ خىل روھىي ھۇجۇمنىڭ سالمىقى ئېغىرراق. بىزنىڭ بۇنداق ئىشەنچسىز مەلۇماتلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ ئېرىشىپ قالىدىغان پايدىسىز ئامىللىرىمىزمۇ كۆپ، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارغا نىسبەتەنمۇ پىسخىكا جەھەتتىكى بىلىمىمىز ۋە جانلىق تەپەككۇرىمىزنىڭ چولتىلىقى تۈپەيلىدىن راستلىق دەرىجىسى تولىمۇ تۆۋەن بولغان بۇنداق مەلۇماتلارغا ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق ھالدا ئىشىنىپ كېتىپ، شۇ ئادەمنىڭ تەبىئىي ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە قانداق رول ئېلىش مۇمكىنلىكى بارلىقىنى، خاراكتېر ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنى، جەمئىيەتتىكى تەسىرگە مۇناسىپ پائالىيەت قىلغان - قىلمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىشقا سەل قارايمىز.

مېنىڭ ئەڭ يېقىن بىر سىرداش دوستۇم بار. ئۇ ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن تەپەككۇرى چوڭقۇر، پىكىرلىرى ۋە دۇنيا قارىشى ئىلغار. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ھەم يېتەرسىزلىكلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلالايدىغان، تەنقىدىي پىكىرلىرى ئۆتكۈر، جۇرئەتلىك، تىرىشچان، ئۆزگىچە پىكىرلىك قىز، ئۇ خىزمەتداشلىرى ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە نورمال مۇئامىلە قىلىدۇ. ئانچە كۆپ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ، پارچە ـ پۇرات پاراڭلارغا قوشۇلماي ئاڭلاپلا قويىدۇ. بىرەر ئىشلارغا ئاسانلىقچە ئاچچىقلىنىپ كەتمەيدۇ، مەسىلىنىڭ يېشىمىغا قارايدۇ، باشقىلارغا بەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل خاراكتېر ئۇنى تەكەببۇرراق كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئۆزىمۇ مۇستەقىل قاراشقا ئىگە ئادەمنى ياقتۇرىدۇ. ئۇ، ھەمىشە: ئادەم ھەم قەلەمگە ھەم ئەلەمگە ئېتىبار بېرىش كېرەك، تىرىشىپ ئۆزىنى ھەر ئىككى تەرەپتىن بەلگىلىك ساۋاتقا ئىگە قىلمىغان ئادەم ھامان مەلۇم تەرەپتىن شاللىنىپ قالىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ كىشىلىك دۇنيا قاراشتىنمۇ، سىياسىي جەھەتتىنمۇ، ئەدەبىيات جەھەتتىنمۇ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىپ تۇرالايدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان بىر سىرداش مەسلەكدىشى بار. ئۇ، خېلى ھوقۇقدار رەھبەر بولۇپ، قەلەم ئىشى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. كەڭ دائىرىلىك بىلىمگە ئىگە. ئۇ ئادەتتە سورۇنلاردا مەست بولۇۋېلىپ سۆزلەپ كېتىدىغانلاردىن بولمىغاچقا، كىشىلەرگە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ. سورۇنلاردىمۇ ئۇزاق ئولتۇرمايلا يېنىپ چىققاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە يېقىنلىشالمايدۇ. بەزى كىشىلەر، ھاراق سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىلتىماسلىرىنى تەستىقلىتىپ، ئىشلىرىنى بېجىرەلمىگەنلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى، باشقىلارنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. . . دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ، ئۆز ئەتراپىدىكى باشلىققا خاس مۇئامىلىدە بولۇپ، ئەسلىي تەبىئىتى بويىچە گەپ قىلمايدىغان، سۇنئىي مۇناسىۋەتچىلەرگە خۇشى يوق. ئۇ، رەھبەرلىك كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى مەنىۋىيەت جەھەتتىن يېتىم قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ، بۇنداق قاتۇرۇپ قويۇلغان ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرۇپ، ئەسلىي ئىنسانلىق تەبىئىتىنى چەمبەرچاس تېڭىپ

قويىدىغان، ئازادىرەك، ئىختىيارىچە ئۇلتۇرۇپمۇ ئەسنىيەلمەيدىغان، باشقىلار بىلەن ئارىلىقتا تام پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىشەلمەيدىغان تۇرمۇشىدىن ۋايسايدىكەن. ھەتتا تەبىئەت مەنزىرىسىدىن بىر زوقلىنىۋالاي دېسىمۇ ئارقىسىغا مېھماندارچىلىق قىلىدىغانلار، قوغدىغۇچى. . . دېگەندەكلەر كىرىۋېلىپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەرىكەت قىلغىلىمۇ قويمايدىكەن. ئىشىكى تۈۋىدە ئامانلىق ساقلاپ تۇرغان پوستقا قاراپ ئىچى سىقىلىپ: بولدى، ئارام ئېلىڭ دېسىمۇ، ئۇلار بىردەمدىن كېيىن يەنە پايپاسلاپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىدىكەن. قىسقىسى ئۇ، ئىنسانىي ، تەبىئىي ئىختىيارلىقى بىلەن ئەركىن پائالىيەتمۇ قىلالمايدىغانلىقىدىن ۋايسايدىكەن. ئەتراپىدا مەنىۋىيەت ھەققىدە ئازادە پىكىرلىشىپ ئولتۇرىدىغانلار يوق بولۇپ، ئۇلار دائىم ئۇنى يەپ ـ ئىچىشكە، ھەرخىل مېھماندارچىلىقلاردىكى تەبرىكلەرگە تەكلىپ قىلىشىدىكەن. ئۇنىڭمۇ ئارامخۇدا، ئەركىن، ئىختىيارلىقى بىلەن ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاشۇ تەرەپلەرنى چۈشىنىدىغان بىرەرى بىلەن پىكىرلىشىپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىگە قارىتا تەنقىدلەرنىمۇ ئاڭلىغۇسى بار ئىكەن. بىراق ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كىرسە ھودۇقۇپ، خۇشامەت قىلىدىغان مۇئامىلىدە بولىدىكەن. شۇڭا دوستۇم بىلەن بۇ جەھەتتىن ئوبدان بىرلىككە كېلەلىگەچكە ئۇنىڭغا ئاشۇنداق گەپلەرنى دەپ بېرىپ ئىچىنى بوشىتىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئاڭلايدىكەن، ئۆزىنى يەڭگىل، راھەتلىك ھېس قىلىدىكەن. ئۇلار جەمئىيەت، ۋەزىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشىدىكەن. ئۇ ئادەمگە قانداق قىلىپ يېقىنلىشىشنى بىلەلمەيۋاتقان بەزى كىشىلەر، دوستۇمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىغا گۇمانى چاكىنا نەزەر بىلەنمۇ قاراپتۇ. دوستۇم بۇلارنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئاخىرى بېشىنى سىلىكىگىنىچە كۈلۈپ تاشلىدى.

نېمىشقا كۈلىسەن؟ دېسەم ئاشۇ ئادەملەرنىڭ بىچارىلەرچە چاكىنىلىقىغا، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

مەيلى قانداق خاراكتېرگە ئىگە رەھبەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم. ئۇلاردا كۆمۈلۈپ قالغان ياكى فۇنكسىيىسىنىڭ رولىنى



www.uyghurkitap.com

قايرىۋالغان، بىزگە قاراپ ئۆزگەرتىۋالغان، نۇرغۇن ھالەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا ئىنسانغا خاس تەبىئەت، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز خىيال، ۋىجدان ۋە ئۆزلۈك ئېڭى مەۋجۇت. ئۇلار ئۆز خىياللىرىنى، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدىن چىقىۋاتقان چىن، ھەقىقىي سادالارنى ئاڭلىيالمايدۇ، يىراقتا قوغلىيالمايدۇ. بىز ئۇلارنىڭ بۇ ئورتاق تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنى پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى، مۇئامىلە ئالاقە ئۇسۇلىنى ئەسلىدىكى تەبىئىي فۇنكسىيىلىك خاتىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ جان بېقىش نىقابىمىزدىكى ساختا، خۇشامەتكوي مۇئامىلىمىزنى، تۇرمۇش خىزمەت ئىستىلىمىزدىكى ناتوغرا ئامىللارنى تاشلاپ، ئەمەلىي شارائىتىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزنى، ئىنسانلىق تەبىئىتىمىزنى، ئادەمگە خاس «ئۆز كۆز قارىشىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ئارىمىزدىكى ئەڭ تەبىئىي، ئەڭ مېھىرلىك سەمىمىي مۇناسىۋەتكە قايتۇرۇپ كېلەلىسەك، ئۇلارغا ئۈرنەك بولۇپ، قۇرۇق نامپەرەس، خۇشامەتپەرەسلەرنى قۇرۇق قول قالدۇرالىساق، ئەسلىمىزگە قايتالىساق ئۇلارمۇ ئەسلىگە قايتىدۇ. يەنە نۇرغۇن سۇنئىي، ساختا ئىشلىرىمىزمۇ ئەسلىگە قايتىپ، ئوڭ يۆنىلىش بويىچە ھەقىقىي تەرەققىيات رىقابىتىگە يۈزلىنىپ روناق تاپالايدۇ. ئادەم قانچە سۇنئىي، خۇشامەتچى بولغانسېرى شۇنچە نەزەردىن چۈشۈپ كۆزگە ئىلىنمايدۇ. تەبىئىيلىك، مەردانىلىق، ئادەمنىڭ ئادەملىك قەددىدۇر.

قۇرۇق سۆلەت، خائىن روھ، ساختا نىقابىنى بۇزۇپ، بىچارە نەپ، ئىمتىياز قارىشىنى پايخان قىلىپ، ھەقىقىي ئىقتىدارغا ھۆرمەت قىلايلى، ئۇنى قەدىرلەيلى. . . ئىنسانىي گۈزەل پەزىلەتلىرىمىزنى خارلىمايلا، ئەسلىمىزنى ئالدىمايلى! ئەسلىگە قايتىش ـ ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇ، ھەقىقەتكە قايتىشتۇر.

**1996 ـ يىل. قاراقاش**

# ۋېچىركىلاردىن مۇراجىئەت

ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى ۋېچىركا پەقەت توي بولغان ئاخشىمى خۇشاللىق بىلەن ئىككى ياشنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان، ياشلارنىڭ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى ئىدى. ۋېچىركا ئاتالغۇسىنى ئاڭلىسا كىشىلەر توي خۇشاللىقىنىلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ھازىر ۋېچىركىنىڭ تۈرى كۆپىيىپ، شەكلى ئۆزگەردى. ياشلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ياش ۋە پېشقەدەملەر ئارىسىدىمۇ يېڭىدىن يېڭى ۋېچىركىلار پەيدا بولۇپ قالدى. يېنىمىزدا پۇل بولسۇن - بولمىسۇن سەندىن مەن قالارمەنمۇ. . . . دېگەن ئوي بىلەن مەنمەنلىك تالىشىپ بۇ خىل ۋېچىركىلارغا كۆپلەپ پۇل خەجلەيدىغان، بىرەرسى يېڭى كىيىم كىيسە، بىرەر خۇش خەۋەر ئاڭلىسا، بىرەرسى مەلۇم ئىشتا مۇكاپاتلانسا، ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە يازىدىغانلارغا يوقنىڭ ھېسابىدا قەلەم ھەققى كەلسە، بىرەرسى چېچىنى ياساتسا. . . ئىشقىلىپ قويىمىز بىرەرنى قوزغىلىسا، مېكىيان 4 - 5 چۈجە چىقارسىمۇ ھەممىسىگە ۋېچىركا قىلىپ بېرىسەن دەپ تۇرۇۋالىدىغان ئادەت يېتىلدۇرۇۋالدۇق. تېخى ۋېچىركىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەم خەۋەرسىز تۇرۇپ، قانداق ئۆتكۈزۈش، قانداق ۋاقىتتا باشلاپ، قانداق ۋاقىتتا ئاخىرلاشتۇرۇش، قاتنىشىدىغانلار، يېيىلىدىغان يېمەكلىك، ئىچىلىدىغان ئىچىملىككە قەدەر بىر قانچىمىز بىر يەرگە كېلىپ پىلان سوقۇپمۇ ئۈلگۈرىمىز. ھەتتا بىراۋغا مۇكاپات بېرىلسە ۋە باشقا پۇل كىرىم بولسىمۇ، ئىگىسى بولغان ئادەم قولىغا ئېلىپ ساناپ بولغۇچە، ئۇ پۇل بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتۈپ ھېسابلىنىپ بولىدۇ. ئوتتۇن يارغان پالتا سىرتتا قاپتۇ دېگەندەك، ئۇ پۇلنى ئېلىشقا تېگىشلىك ئادەم بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، ھەتتا ئۆزىگە قانچە پۇل كېلىدىغانلىقىنى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى قەيەرگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيلا قالىدۇ. پەقەت ئۆزلۈكىدىن بەلگىلىۋېلىشقان

باش ساقى كۆزلىرىنى ھەييارلارچە قىسىپ، قولىغا رومكىنى ئېلىپ دەسلەپكى كىرىش سۆزىنى باشلىغاندىلا، ئاندىن بۇ ئىش ئاشكارا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەيدىغان يېقىن دوستـ لىرى، ئۇلپەتلىرى قاتارىدا مەيدانغا چىقىمىز. شۇنىڭدە تازا ئىچىپ بىر يەرگە بارغاندا شۆلگەيلىرىمىزنى ئېقىتىپ ئۇنىڭغا زور شان ـ شەرەپ ۋە خۇشاللىق تىلەيمىز. قىسقىسى ئۆلۈم ـ يېتىمدىن باشقا ھەرقانداق ئىشقا ۋېچىركا ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىمىز. تېخى ئەجەبـ لىنەرلىكى بۇنداق ۋېچىركا سورۇنلىرىدا سورۇن باشلىنىپلا ھاراق ئىچىشكە باشلايدۇ. سورۇن داۋاملىشىۋېرىپ ۋاقىت ئۆزىرايدۇ ـ دە، ئۆي ئىگىسى، ياكى رېستۇران خوجايىنى قوغلىغاندىلا، بىر ـ ئىكـ كىيلەن ئاناڭنى. . . دېيىشكەندە، يىگەن ئىچكەن ئېغىر كېلىپ قۇـ سۇقلار ھەممە يەرنى بۇلغاپ ئىناۋىتىمىزنى، قەدىر ـ قىممىتىمىزنى، ھۆرمىتىمىزنى چۈشۈرىدىغان قىلىقلار ئەۋجىگە چىققـانـدا، بـارلىق گەپ ـ سۆزلەر تۈگەپ قىلغىلى قىلىق تاپالمىغاندا ياكى بولمىسا بىرەرسىنىڭ ياقىسى يىرتىلىپ بۇرۇنلىرىدىن قان ئاققاندا ئاندىن سولىشىپ تارقايمىز. ئەنە شۇ نەچچە سائەت جەريانىدا كىملەرنىڭدۇر غەيۋىتىنى قىلىپ ئارقىدىن زاڭلىق قىلىپ ئۆچكىدەك ۋارقىرىشىپ سەت كۈلىمىز، بىزەڭ چاقچاقلارنى قىلىشىپ سورۇننى بېشىمىزغا كىيىمىز. گەپ تاكاللىشىپ ياكى ئاداش تارتىشىپ، بىر ـ بىرىمىزگە خىرىس قىلىشىمىز، ئالالمىغان دەردىمىزنى، قورساق كۆپۈكىمىزنى ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى دېگىنىدەك ئۆيدىكىلەردىن ئالىمىز. ئەتىسى چۈشكىچە ئۇخلاپ چاپىقىمىزنى چالا ـ پۇلا يۇيۇپ بېشىمىز گاراڭ ھالدا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك ھالسىزلىنىپ، سۇسىز قىلىپ سولاشقان گىياھتەك سالپىيىپ خىزمەتكە كېلىمىز. قولىمىز ئىشقا بارمايدۇ، گەپمۇ خۇشياقمايدۇ ياكى ئارام ئېلىشىمىزـ نىڭ تايىنى يوق ياكى خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى يوق. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز سەت كۆرۈنۈپ ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز بىزار بولۇپ يۈرىمىز.

ۋېچىركا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان، خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىشقان يار ـ بۇرادەرنى چاقىرىپ بۇ خۇشاللىقتىن ئورتاق ھوزۇرلىنىشقا چاقىرىدىغان ئادەم، ھېچقانداق تاشقى كۈچنىڭ بېسىمىسىز، ئۆز

ئىختىيارىيلىقى، ئۆز رازىلىقى، ئۆز كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن تەبىئىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزى چاقىرماي، بىزنىڭ زورىمىز، بىزەڭگىلىكىمىز بىلەن بۇ ئىشنى قىلىدۇ. بۇنى قانداقمۇ خۇشاللىقنى تەبرىكلەش، دوست - بۇرادەرلىرىنى چىن دىلىدىن قۇتلۇقلاشقا قاتنىشىش دېگىلى بولسۇن؟ بۇلارنى قانداق مېھمان دەپ ئاتاش كېرەك؟. بۇ بىر توپ ئادەمنىڭ بىھۇدە ئۆتكەن ۋاقتىنىڭ، دات بېسىپ قېلىۋاتقان ئەقلىنىڭ، خورلانغان ئىنسانىي ئىززەت - غۇرۇرىنىڭ ئورنىنى قايتا تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىنمۇ؟. قىلىۋاتقان خىزمىتىدىن، ئىزدىنىشىمىزدىن يۈرەك قانغۇدەك قانچىلىك بىر نەرسە ئۆگىنەلىدۇق؟. ئەنە شۇنداق ئورۇنسىز سورۇنلارنىڭ بىھۇدە سورۇۋاتقان پۇلنى پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە، ئىلىم - پەن، تېخنىكا ئىگىلەشكە، ھۈنەر ئۆگىنىشكە سەرپ قىلساق، ھېچبولمىغاندا كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى باشقا نورمال خىراجەتلەرگە خەجلىسەك بولماسمۇ؟. ۋېچىركىلار ئادەملەرگە شۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ: ئادەملەر، ئۆزۈڭلارنى ئىسراپچىلىق پاتقىقىدا خورلىماڭلار، ئىززەت - غۇرۇرۇڭلارنى، قەدىر - قىممىتىڭلارنى يەرگە ئۇرۇۋاتقىنىڭلار يەتمەي، مېنىمۇ خورلاۋاتىسىلەر! . شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى غەپلەتكە پاتقانلار، ئەقلىدىن ئازغانلار تېگىشلىك جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ بۇ نام - ئابرۇيىمنى پاخاللاشتۇرۇپ، خاراكتېرىمنى ئۆزگەرتىپ، مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ شەكىللىرىنى بۇزۇپ مېنى خورلىماڭلار! . تەڭرى سىلەرگە ئەقىل - پاراسەت، تىرىك سەزگۈ ئاتا قىلغاي! . . .

1997 - يىل. قاراقاش

# توختاڭ، نىشانىڭىز قاياقتا

كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان تەرەققىيات، مەدەنىيلەشكەن تۇرمۇش رېتىمى، قۇلايلىق شارائىتلار بىلەن تەمىن ئېتىلىۋاتقان پائالىيەتلەر، ماھىيىتىنى بىلىپ ئۈلگۈرمەيلا كىرىپ قېلىۋاتقان بۇ خىل ئىجتىمائىيەت قاينىمىنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگىنى ئىدىيە، تەپەككۇرىمىزدىكى سەكرەتمە بولدى.

يېقىندىن بېرى ئېچىلىۋاتقان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، تانسىخانىلار، ھەرخىل مەدەنىيەت سورۇنلىرى، ماگىزىنلار، كىنوخانا، تىياتىرخانىلار، ئېسىل رېستورانلار. . . ھەممىسى ياشلارنىڭ كەڭرى سورۇنى. كوچىلاردا سائەتلىرىگە، يېنىدىكى چاقىرىدىش ئاپپاراتىغا پات - پات قاراپ قويۇپ، ئالدىغا كىم ئۇچرىدى، كىمگە سوقۇلۇپ كەتتى بۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئالدىراش كېتىۋاتقان ياشلار توپى؛ ئاممىۋى تېلېفونلاردا تالىشىپ نۆۋەت بىلەن تېلېفون پۇلىنى ئويۇل - توپۇل بېرىپلا يۈگۈرۈۋاتقان ياشلار توپى؛ كوچىدا ئۇرۇپ - سوقۇپ، جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ قويۇپ، نەلەرگىدۇر ئالدىراۋاتقان ئايرىم ياشلار. . . ئۇلار بىر يەردە ئوقۇمامدىكىنە، بىر يەردە ئىشلىمەمدىكىنە، بۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى بولمىسا. . . دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ.

بۈگۈنكى مۇناسىۋەت، مۇئامىلە پائالىيەتلەردە يېقىن دەۋردىكى بەزى ياشلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشى ئاشۇ بولۇپ قالدى. پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش دېگەنلەرنى قويۇپ تۇرايلى، مەن كىم؟ قولۇمدىن قايسى ئىش كېلىدۇ، قانداق ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلالايمەن، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلسام بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلايدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئۇلار ئۆزىنىڭ قايسى جەھەتتىن ئىقتىدارى بارلىقىنى، قايسى ئىشنى قىلسا قاملاشتۇرالايدىغانلىقىنى، بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ.

بىر خىل تەرتىپسىزلىك ئىچىدە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە دوقۇرۇپ، ئالدىراشلار يۈرۈشىدۇ. ئەسلىي ئۇلارنىڭ تىزلىشىۋاتقان تۇرمۇش رىتىمى ئۈچۈن، ئۇلاردا سوغۇق قان خاراكتېر ۋە مەسىلىلەرنى تېز بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، ئادىتى بولۇش كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بەزى ياشلىرىمىز تولىمۇ چېچىلاڭغۇ، تولىمۇ يىغلاڭغۇ ۋە ھورۇن، ئۇلار بوشاڭلىق بىلەن ئارىدا ئېسىلىپ ياشاۋاتىدۇ، يا ئەسكى ئاتىقى يوق، يا ياخشى ئاتىقى يوق، ئۇلارغا قانداق باھا بېرىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ھەر قانداق ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلىش ئۈچۈن ئادەمدە شۇنىڭغا يارىشا جاسارەت ۋە پەم بولۇشى كېرەك. پېشقەدەملەر بەزى ياشلىرىمىزنى پارنىكتا ئۆسكەن بالىلار دېيىشىدۇ. بۇ پەقەت راھەت ئىچىدە ئۆسكەنلىكى ئۈچۈنلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەس، بەزى ياشلاردا جاپاغا چىداشلا ئەمەس، راھەتكە چىداش تەييارلىقىمۇ يوق، ھاراق ماجىراسى، كۆكەملىك ماجىراسىغا ئىشلەتكەن قارامىلىقىمىدىن باشقا ئادالەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقالايدىغان ئەركەك خاراكتېرى يوق، ئىككى ئاياق ئاشنى شاپىلدىتىپ سوقۇۋېتىپ، بۇرۇتنى تولغاپ قويۇپ كەتمىنىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ماڭىدىغان، ھەربىر قاراشلىرىدىنمۇ ئادەم ئەيمىنىدىغان ئاشۇ قەھرىلىك ئەرلىرىمىزنى، مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار يىگىتلىرىمىزنى يوقىتىۋاتىمىز. . . بىر قاراپ قويۇشتىن يۈزلىرى ۋىللىدە ئوت كېتىدىغان جەزبىلىك، ساپ دىل، ساداتمەن، مېھرى پەرۋىشكارلىقى ۋە ئىشقى بىلەن يولۋاستەك يىگىتلىرىمىزنى شەكلىسىز نۇقتا بىلەن باغلاپ قويالايدىغان مېھرى قاشتېشىدەك قىزلىرىمىزنى يوقىتىۋاتىمىز. . . بەزى ياشلىرىمىز جىددىيچىلىك ئىچىدە ئالنجوقا تۇۋلاپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى رېستوران، كىنو، تانسا، تاماشا سورۇنى. . . ئاشۇ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىسا ئىززەت ـ غۇرۇرىنىڭ نەزەرگە ئېلىنماسلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، باشقىلار ئالدىدىكى مەنمەنلىك ھېسسىياتىنىڭ ئۇستۇنلۇكى سەۋەبىدىن ئەمەس، باشقىلار ئالدىدىكى مەنمەنلىك ھېسسىياتىنىڭ ئۇستۇنلۇكى سەۋەبىدىن كەيپىياتى ناچارلىشىپ كېتىدىغان، بىر ئىش تۈپەيلىدىن يەنە نۇرغۇن ئىشلاردىكى پايدىلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان

ياشلىرىمىز ئاز ئەمەس. خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلارغا شۇڭغۇپ كەتمەي، ئۇنىڭغا ئاستىرتتىن مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ، سوغۇق قانلىق بىلەن ئۆزىنى قېزىپ، شۇ ئىشنىڭ ئەتىكى يۈنىلىشى ھەققىدە ئويلىنىپ باقىدىغان، ئۆزىنى رۇسلىۋېلىش ئىدىيىۋى تەييارلىقىنى قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز.

ھازىرقى ئىجتىمائىي كەيپىيات، ياشلار توغرىلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدۇق. شۇ ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك نۇرغۇن ماھىيەتلىك مەسىلىلەردىن ھالقىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىمىز. شۇڭا ياشلارغا سۇنۇلغان ھەربىر ئەسەر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سۇنۇلۇشى، ئۇلارغا پىكىر قىلىش، ئەستايىدىللىق، جۈرئەت ۋە مەردانىلىك ئاتا قىلالىشى، خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. نېمىگىدۇر ئالدىراپ كېتىۋاتقان ھەربىر ئادەم مەيلى نېمە ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىدىن شۇنداق بىر سوئالغا جاۋاب ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قەدەم ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. توختاڭ! نىشانىڭىز قاياقتا؟ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ ئاندىن مېڭىڭ، مانا بۇ ياشلارنىڭ ئۆزىنى دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ قالغان سوئال.

1997 ـ يىل. قاراقاش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئۇرۇمچىلىك ئەرلەر سايىماخۇنمۇ؟

توي قىلىش ئورتاق تۇرمۇش مۇھىتىدا بىر ئائىلىدە بىرگە ياشاشنىڭ باشلانما نۇقتىسى بولۇپ، بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراق هايات مۇساپىسىگە ھەمرا، جۈپ تاللىشى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قايىناملاردىكى بەيگىلەرگە ئورتاق جەڭ ئېلان قىلغۇچىسىنى چىللىشىدۇر.

بىر جۈپ ئەر - ئايال، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاجىزلىقىنى ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا ياردەم ۋە كۆيۈنۈش ئاساسىدا بىر - بىرىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇپ، نورمالنى ياشاش كاپالىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن توي قىلىدۇ. پەقەت ئۆز ئارا ھۆرمەت، چۈشىنىش، قوللاش، بىر - بىرىنى تولۇقلاش بولغاندىلا ئائىلىنىڭ ئۇلىنى ياخشى قۇرۇپ چىققىلى، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ.

ئائىلە ماجىرالىرىنىڭ كۆپىيىشى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئەر - ئايالنىڭ روھىي كەيپىياتى، سالامەتلىكى، خىزمەت ئۈنۈمى، تۇرمۇش رىتىمى قاتارلىقلارغا ئەڭ زور ناچار تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىككى تەرەپتە ئائىلە ئۇقۇمىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ. قارشى تەرەپكە نىسبەتەن مۇھەببەت ھېسسىياتىنى يوقىتىپلا قالماستىن، مەن نېمە ئۈچۈن توي قىلغان، جىنىمنى باقالمايمۇ ياكى رەسمىيەت ئۈچۈنلىمۇ؟ دېگەندەك ئۈمىدسىز ۋە خەتەرلىك قاراشقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم توي قىلىشتىن بۇرۇن قەلبىگە نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ توي قىلىدۇ. بىراق، توي قىلغاندىن كېيىن بىرگە ياشاش جەريانىدىكى ئەگرى - توقايلىقلاردا بىر - بىرىگە ھاسا تاياق ۋە روھىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ، ساداقەتمەنلىك ۋە مېھرى ۋاپا بىلەن بىرگە ياشايدىغانلار، جېدەل - ماجىراسىز، بەختىيار،

بىر ـ بىرىدىن رازى بولۇپ ياشايدىغانلار، ئارزۇيىمىزدىكىدەك كۆپ ئەمەس.

ئىدىيە قاراشلىرىنىڭ، مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنىڭ ماس كەلمەسلىكى، يىغىنچاقلىغاندا، بىر ـ بىرىنى قوللاش، چۈشىنىش، ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈشنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىقلار ئائىلىنىڭ ئىناق بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر ئۆيگە كىرگەن ئىككى ئادەم مۇشۇنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا دۇنيا قاراش، مىجەز ـ خاراكتېرگە ئىگە مۇستەقىل ئادەم قىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئادەم قىلىپ يارىتىلغان ئىكەن، ئۆزئارا كېلىشەلمەسلىك، مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلەلمەسلىك بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلە پەقەت ئۇلاردىكى ئاڭدا، ئىدىيىسىنى ئازاد، قورسىقىنى كەڭ تۇتۇپ بىر ـ بىرىنىڭ قىزىقىش ۋە مىجەز ـ خاراكتېرلىرىگە ھۆرمەت قىلىشتا، غۇرۇرىغا، كىشىلىك، ئۆزىگە خاس ھوقۇقىغا يول قويۇشتا.

بەزى ئائىلىلەردە ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئىككىلا تەرەپ جاھىللارچە، مېنىڭ توغرا دەيدىغان قارىغۇلارچە ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۈرىشى بولىدۇ. ئائىلىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كىچىك باللاردەك نادانلارچە بەس ـ مۇنازىرە بىلەن يولسىزلارچە بىر ـ بىرىنى بىزار قىلىشىدۇ. كىمنىڭ پىكرى ئورۇنلۇق ۋە ئائىلە ئۈچۈن پايدىلىق بولسا شۇنى ئاساس قىلماي، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب بولماي، سېنىڭكى ھېساب بولامتى دېگەندەك جاھىل، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان چولتا قاراش ئىدىيىدە بولۇپ، قارشى تەرەپ بىلەن قەستەن سۈركىلىش پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

بۇرۇنقى ئائىلە ئەخلاقىي، ئائىلىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى بىلەن ھازىرقى ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئوخشىمايدۇ. بىر قىسىم ئەرلەر بۇرۇنقى ئاياللار ئېرىگە باش كۆتۈرۈپ قارىيالمايتتى، ئېرىنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيتتى، توغرا بولسۇن، خاتا بولسۇن ئائىلىدە ئەرنىڭ دېگىنى ھېساب بولاتتى، ھازىرقى ئاياللار بارغانسېرى ھەددىـ

دىن ئېشىپ كەتتى دېيىشمەكتە. ئاياللار يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئائىلىدىلا ئەمەس، جەمئىيەتتىمۇ خېلى ياخشى ئىمتىيازلارغا ئېرىشتى. دۇرۇست، ئەرلەرمۇ ئاياللارنى خېلى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارغىمۇ يول قويىدىغان، قارىغۇلارچە ئۇلارغا ياساپ قويغان ئادەمدەك خالىغانچە ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىغان بولدى. سەۋەبى ھازىرقى دەۋردىكى ئاياللار ئىدىيە ساپاسى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، ئويغاق، جانلىق، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئەرلەرگە ئوخشاش ھەر ساھە ھەر كەسىپلەردە تىك تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان، نۇرغۇن نەتىجىلەرگە، شان – شەرەپلەرگە ئېرىشىپ، ئاياللارنىڭ ئەقلى – ھوشى ۋە قۇدرىتىنى، مەۋجۇتلۇقىنى جاھانغا نامايەن قىلىۋاتقان، ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئاياللار. ئۇلار خىزمەتتە ئەرلەر بىلەن تەڭ ئىشلەيدۇ، ئۆيگە كەلسە، ئەر تېلېۋىزورغا قاراپ چاي ئىچىپ يېنىچە ياتسا، پالاقشىپ يۈرۈپ تاماق قىلىدۇ، ئۆينىڭ تۈرلۈك ئۇششاق – چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىدۇ، كىر يۇيىدۇ، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۇلارنىڭ تۈرلۈك تەلەپ ئارزۇ – ئارمانلىرىنى تىنىمسىز يۈرۈپ قاندۇرىدۇ، تۈرلۈك مېھماندارچىلىق، ئادەمگەرچىلىكلەرگە يۈگرەيدۇ، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىدۇ، شۇنچە ۋاقىتتىن سىغداپ يەنە پەرزەنتلىرىگە يېتەكچى ئوقۇتقۇچى، يولدىشىغا سىرداش دوست ۋە مېھرى ئىللىق مەھبۇب بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە تېخى ئېرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرمىسا، ئۆزىنى كۈتمىسە، مۇۋاپىق ياسانمىسا تېخى بولمايدۇ. ئۇلار بۇرۇنقى ئاياللاردەك ئېرىنىڭ ئىشلەپ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ، خەجلەپ بىكار ئولتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس، بەلكى ئېرىدىن ئۈچ – تۆت ھەسسە ئارتۇق كۈچ، ئەقىل – ھوش سەرپ قىلىپ ئائىلە ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان پىداكار، جەسۇر ئاياللار. ئايال بىلەن بىر ئۆيدە بىرگە ياشىغۇچى، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگەك مېۋىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ بەھرىمەن بولغۇچى بىر ئەر، كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە، مانا مۇشۇنداق بىر تىنىمسىز ئەمگەك قىلغۇچىدىن ھال سوراش يوق، ئۇنىڭغا ئازار بەرسە، ئۇنىڭ ئەمگىكىگە كۆز يۇمۇپ، ئۇنى خورلىسا بۇ، ئىنسانلىق پەزىلەتكىمۇ، ئەقلىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

بىراق ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئىچىدە

مۇشۇنچىلىك ئەقەللىي ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ ئېتىراپ قىلمىغان، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتەلەيدىغان، قاراملارچە ئەرلىك غۇرۇرىنى، ئايالى ئالدىدا نادانلارچە تەنتەنە قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى جاكارلاپ تۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارىمايدىغان ئەرلەردىن قانچىلىك باردۇر. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزىنى ئەر دەپ چاغلايدىغان باشقۇرۇش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىش پسىخىكىسى ھەربىر ئېغىز سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئېرىنىڭ ئاڭسىزلارچە قىلىۋاتقان بۇ زوراۋانلىقى، ئىشلەپ، ئىزدىنىپ، پالاقشىپ يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن، ئىدىيە ـ ساپاسى ئېرىنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرۇپ كەتمەيدىغان، نېمىنىڭ توغرا، قايسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان، مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى بولغان ئايالنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدۇ. ئېرىنىڭ بۇ خىل قىلىقىغا مىيىقىدا كۈلۈپ، نەزىرىدىن ئۆتمەيدۇ. ئېرىگە بولغان ھۆرمىتى سۇسلايدۇ.

يەنە بەزى ئائىلىلەردە بولسا ئاياللار دەرىجىدىن تاشقىرى بىشەم بولۇپ كەتكەن، ئائىلىدىكى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپلا كەتكەن بولغاچقا ئېرى بىلەن بولغان جېدەل ـ ماجىرالىرى كۆپىيىپ، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ نورمال كەيپىياتى بۇزۇلغان، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتمۇ پۈتۈنلەي تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان بولىدۇ.

بىزنىڭ جەنۇب تەرەپتە ئاساسەن ئائىلىدە، ئەرلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاياللارمۇ نارازى بولغاچ مۇشۇ خىل مۇھىتقا ماسلىشىپ كېتىدۇ. ئاددىيىسى ئىشلەۋاتقان ئاياللار باشقا ۋىلايەت ياكى ئاپتونوم رايوندا يىغىن، كۇرس ۋە ياكى نەمۇنچى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلاش پائالىيىتى بولۇپ، تەكلىپ، چاقىرىق كەلسە، بۇنى شۇ ئايالنىڭ ئىدارە رەھبەرلىكى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئېرى ماقۇللايدۇ. ئېرى قوشۇلمىغان ئىكەن، ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ ئاچچىقلىنىپ تۇرۇپ كايىشلىرىنىڭ، مائاشىدىن تۇتىمەن دېيىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار. ھەيدىۋەتسە خىزمەتتىن ھەيدەيدۇ، مانا مەن باقىمەن، خوتۇنىنى باقالمايدىغان ئەر، خوتۇن ئالمايدۇ، دەپ جاھىللىق قىلىدۇ، ئېرى شۇنىڭ بىلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ بىچارە ئايال

نەمۇنىچى بولسىمۇ، مۇكاپات ئالغىلى بارالمايدۇ. نەچچە ئادەملەر ئىچىدىن تاللانغان ۋەكىل بولسىمۇ، تەشكىللىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۇرلۇك يىغىن، كۇرس، پائالىيەتلەرگە بارالمايدۇ.

مەن بىرگە ئىشلىگەن ئىككى - ئۈچ خىزمەتداش ئايالنىڭ، ئىشتىن چۈشۈپلا بەلگىلىگەن ۋاقىت ئىچىدە تېز ئۆيگە بېرىپ بولالماي، بىرنەچچە مىنۇت، ئىدارىدىكى يىغىن سەۋەبىدىن كېچىككەنلىكى ئۈچۈن، ئېرىدىن قاتتىق تاياق يېگەنلىكى، ئىدارە مەسئۇللىرىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلاپ قويۇپ، ئىدارىدە جېدەل چىقارغانلىقىنى بىلىمەن. يەنە بىر تونۇشۇمنىڭ ناھىيىلەرگە بېرىلگەن بىردىن مۇنەۋۋەر سانىغا ئېرىشىپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە مۇكاپات ئېلىشقا بېرىشقا، ئېرى قوشۇلمىغانلىق سەۋەبىدىن بارالمىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن.

مۇشۇنداق ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئەتراپىمىزدا كۆپ. «ئۈرۈمچىدىكى ئەرلەر ئاياللارنى بەك ھۆرمەت قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە يوللۇق تەلەپلىرىگە يول قويىدىكەن، ھۆرمەت قىلىدىكەن دېسە» ئۈرۈمچىدىكى ئەرلەر سايماخۇن دەيدۇ. بۇ يەردىكى ئەرلەر جاھىللىق بىلەن مەنستىمەي تۇرۇپ.

ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار قاتلىمىغا نەزەر سالساق، نۇرغۇنلىغان نەتىجە يارىتىۋاتقان زىيالىيلار ئائىلىسىدىكى ئىناقلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش كەيپىياتى ۋە روھىي ئېلىپ كەلگەن ئائىلە ئىناقلىقى ئادەمنىڭ راستىنلا مەسىلىكىنى كەلتۈرىدۇ.

تەڭ ئىشلەپ تەڭ چارچاش، ئاندىن ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئىككى تەرەپ ئۈستىگە ئېلىش، ۋاقىت چىقىرىپ تەڭ ئۆگىنىش، تەڭ ئىزدىنىپ ۋە ئۆزئارا ياردەم، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش نەتىجىسىدە ئورتاق ئىلگىرىلەش، ئەر - ئايالنى ئورتاق نەتىجىگە، ئائىلىنى ئورتاق ئىناقلىققا، خۇشاللىققا ئىگە قىلغان.

بىرى ئىزدىنىمەن، ئۆگىنىمەن دېگەندە يەنە بىرى ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ، قارشى تەرەپكە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. بىرىنىڭ نەتىجىسىدىن يەنە بىرى سۆيۈنۈپ ۋە ئىلھاملىنىپ ئاڭا مەدەت بەرگەن. ئىككىلىسى ھەم ئائىلىسىنى تاشلىۋەتمىگەن ھەم كەسپىنى،

ئۆگىنىشنى تاشلىۋەتمىگەن. بىر - بىرىنىڭ كىشىلىك ھۆرمىتىنى قىلغان، ئايالىنى ماڭا ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەبىئىتىگە ئىگە ئادەم دەپ ئويلىغان، ئاياللارغا ھۆرمەت قىلغان، ئۇلارنى ھارماس، چارچىماس، خاپا بولماس، كىشىلىك غۇرۇرى ئازار يېمەس ماشىنا ئادەم دەپ قارىمىغان. ئۇلارغا تەڭ ياردەملىشىپ، يۈكنى ئورتاق يەڭگىللىتىپ، ئىش ۋاقتىنى تېجەپ، ئارام ئېلىش ۋاقتىدىن ئۆزلىرىگە خاس پائالىيەت ۋاقتى ئاجرىتىپ، تۇرمۇشنى گۈزەل، رەڭدار قىلغان.

ھەرگىزمۇ ئۆزى كۆرپىدە يېنىچە يېتىپ ئايالىنىڭ پالاقشىپ ئىش قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەي بەگلەرچە يۇقىرى - تۆۋەنلىك مۇئامىلىسىدە بولمىغان ۋە ياكى ئۆزىنىمۇ چۈشەپ، ئايالىنىمۇ چۈشەپ ئىككىسى بۇلۇڭدا بىر - بىرىگە ھومىيىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، شۇنچە گۈزەل تۇرمۇشنى گۈزەل دوزاخ قىلىشمىغان.

تۇرمۇشتىكى ھەممىدە تەڭ تۇرۇپ، خۇشاللىق، خاپىلىقلاردا ئورتاق ھەمكارلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ راۋاج تېپىشى، خۇشاللىقى ئۈچۈن يار - يۆلەك بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ يوشۇرۇن روھىي كۈچىنى قوزغىتىشقا، قېزىشقا، شۇ ئاساستا تۇرمۇشنى رەڭدار، مەنىدار، بىر - بىرىنى تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق كەيپىيات يارىتىپ، ئائىلىنى، تۇرمۇشنى ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى كىشەن ئەمەس، بەلكى پەلەمپەيگە ئايلاندۇرالىغان. ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ ئىدىيىسى بىر - بىرىنى بويسۇندۇرۇش ئەمەس، بىر - بىرىنى چۈشىنىش، بىر - بىرىنى قوللاش ۋە ماسلىشىش، بىر - بىرىنى قېزىپ چىقىش، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا قويۇپ باراۋەرلىك ئاساسىدا، جانلىق ئادەمگە، روھىي ئويغاق ئادەمگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە ئەمەلىيىتىدە بولغان.

ئۈرۈمچىدىكى ئەرلەرنىڭ بۇنداق ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنى ساقلىشى قارىغۇلارچە خوتۇنىغا بويسۇنغانلىقى، سايماخۇنلۇقى ئەمەس، بەلكى قانداق ياشاشنى، ئۆزىگە جۈپ، مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىۋالغان ئايالىنىڭ قانداق قىلىپ كۆڭلىنى ئۇۋلاشنى بىلگەنلىكىدە، شۇنداقلا

تۇرمۇشنى قانداق قىلىپ رەڭدار قىلىپ بېزەشنى بىلگەنلىكى، ھاياتىنىڭ قايتا يەنە بىر قېتىم نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، مۇشۇ كۈنلىرىنى، بۈگۈننى قانداق قىلىپ مەنىلىك، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھېس قىلالىغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان. قاراڭ ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ رەتلىك، كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن تۇرقىغا! . ئەرلەر ئۆز ئۆيىدىكى، ئەتراپىدىكى قىز ئاياللارنىڭ ئەنە شۇنداق تۇرقىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىشى، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە كەيپىياتىدىن، ئەرلىك مەغرۇرلۇقىغا ئېلىپ، ئۆزىدىن قانائەتلىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاياللارنى قوللىغان، ھۆرمەت قىلغان، ئۇلارغا ئازادىلىك تۇرمۇش مۇھىتى ۋە كۆڭۈل ئازادىچىلىكى يارىتىپ بەرگەن ئۆزلىرى ئەمەسمۇ؟!

دۇرۇست ئادەم بىر ـ بىرىنى چۈشەش، بوغۇش ئازابلاش، تەپەككۇر، زېھنى ـ قۇۋۋىتىنى تالان ـ تاراج قىلىش ئۈچۈن توي قىلمايدىغۇ. ئۇنداق ياشاپ، شۇنچە كەڭرى جاھاننى ئۆزىگە تار ۋە مەنىسىز قىلغۇچە، چەكلىك ھاياتىنى بۇنداق كۆڭۈلسىزلىك، مەھكۇملۇق ئىچىدە ئۆتكۈزگىچە تەنھا ياشاپ، ھېچ بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي كىشىلىكىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىنى قېزىپ ۋە ئىپادىلەپ، ئۆزىدىن پايدىلىنىپ، كۆڭۈل ئازادىچىلىك ۋە خاتىرجەملىكى ئىچىدە ياشىسىمۇ بولىدىغۇ، دەيمۇ قالىدۇ كىشى. چۈنكى، بىر كۈن ئۆتتى دېگەنلىك، ئۆلۈمگە بىر كۈن يېقىنلىدۇق، ئۆمرىمىز بىر كۈن قىسقاردى دېگەنلىكتۇر. ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا قايتا تۆرەلمەيمىزدە! .

2004 ـ يىل. خوتەن

# ئائىلىڭىز نەزىرىڭىزدىن چەتتە قالمىسۇن

زامانىنىڭ تەرەققىياتى تۇرمۇشىمىزغا يېڭىدىن - يېڭى نەرسىلەر-
نى سىڭدۇرۇپ، تۇرمۇش رىتىمىمىزنى تېزلىتىۋەتتى. كىشىلەرنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىشىغا
ئەگىشىپ، تۇرمۇش شەكلى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ھەرخىل ئا-
دەمگەرچىلىك سورۇنلىرى ھەققىدىكى تونۇش ۋە تاللىشىمۇ ئۆزگە-
رىشكە باشلىدى. تۈرلۈك ئادەمگەرچىلىك سورۇنلىرىنىڭ ئۆيدىن
رېستورانغا كۆچۈشى، مېھمان ئۇزىتىشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى-
مىزنىڭ ئۆزگىرىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

بۇ خىل ئۆزگىرىش بىر قىسىم ئاياللارنى رېستورانغا جەلپ
قىلىپ، ساۋاقداشلار، خىزمەتداشلار چاي سورۇنى، قولۇم - قوشنى-
لار ئولتۇرۇشى، دوستىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئولتۇرۇ-
شىغا ئوخشاش ئاياللار سورۇنى پەيدا قىلدى. ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە،
شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بۇنداق ئولتۇرۇش-
لار نۆۋەت بويىچە ئايلىنىپ، ئاياللارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىلا ئەمەس
پاراڭ تېمىلىرى بەزىدە كىيىم - كېچەكلەر، يېڭى چىققان ھەرخىل
زىبۇ - زىننەت، گىرىم بۇيۇملىرى، كىملەرنىڭدۇر يېڭى كۆچكەن
ئۆيى، ئۆي - جابدۇقلىرى، يەنە ئائىلىكىملەرنىڭ ئائىلىسىنىڭ بۇزۇ-
لۇشى ۋە خوتۇنىنىڭ نۇقسانلىرى. . . غا ئوخشاش تېمىلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالدى. ئائىلە بىلەن خىزمەت ئورنىنىڭ ئارىلىقىدا ئالدىراش
چېپىپ يۈرىدىغان ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان بۇ خىل
رېستوران قىزغىنلىقى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى تولىمۇ تېزلەشتۈ-
رۈۋەتتى، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا بارىدىغان بۇنداق سورۇنلار ئۈچۈن
يېڭىدىن - يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ بېرىش، چاچ پاسونىنى يېڭىلاش
ئۈچۈن ساتراشخانىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇش، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىغا

يۈگۈرۈش، بىر - بىرىگە يېقىن كىيىملەرنىڭ خەۋىرىنى قىلىپ ئۇيان - بۇيان ئىزدەش... قاتارلىقلار بەزى ئاياللاردا رېستورانغا بېرىش ئالدىدىكى جىددىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تەييار چۆپكە ياكى ئاشخانىلاردىكى تاماقتا كۆنۈپ كەتكەن بەزى پەرزەنتلەر ئۈچۈن، ئائىلە بويىچە جەم بولۇپ كۆڭۈللۈك تاماق يېيىش، بىرگە ئايلىنىش گۈزەل ئارزۇغا ئايلانماقتا. بىر ئائىلىدە تۇرۇۋېمۇ ئاتا - ئانا مېھرىگە قانمايۋاتقان بۇ پەرزەنتلەرنىڭ مېھىر - شەپقەتكە، كۆيۈنۈشكە، ئىنچىكە پەرۋىشكە تەشنا يۇمران قەلبى ئۆزى كۈتكەن بۇ نازۇك جەريانلارغا ئېرىشەلمەي، پەرۋىشسىز قالماقتا.

ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرسۇن - بەرمىسۇن، سېنىڭدىن مەن قالامدىم دېگەن قاراش بىلەن ئۆزلۈكسىز ئۆرلەۋاتقان بۇنداق چاي سورۇنلىرىغا قاتنىشىۋاتقان بەزى ئاياللار ئۈچۈن، بۇ خىل رېستوران قىزغىنلىقى رىقابىتى ۋە ئۇنىڭدا ھازىرلاشقا تېگىشلىك سوپەتلەر ئائىلىدىكى ئاياللارنىڭ ئاياللىق مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئەرلەرنىڭمۇ نارازىلىقىنى قوزغىماقتا. پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئۆيدە قالغان، ئايالىنىڭ قاچان كېلىشىنى كۈتۈپ، سائەتكە قاراپ تىت - تىتچىلىقتا ئولتۇرغان ۋە ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ، ئالدىقاياقلارغا يوقالغان بەزى ئەرلەرنىڭ كەيپىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئايرىم ئاياللارنىڭ ھەر ھەپتىدە ئولتۇرۇشلارغا يىغىش قىلىۋاتقان پۇللىرى، بىر - بىرىدىن بەسلىشىپ تۇرۇپ كىيىپ بېرىۋاتقان كىيىملىرى، نۇسخىلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان زىبۇ - زىننەتلىرى، گىرىم ۋە چاچ پاسونلىرىنىڭ ئەرلەرگە كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي بېسىممۇ يەڭگىل ئەمەس.

سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇقۇشۇپ تۇرۇپ، ھېچكىم كىيمىگەن ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى كىيىمنى بۇيرۇتۇپ تۇرۇش، باھاسى قىممەتنى تاللاش، كىمنىڭ چىرايلىق ۋە يېڭى، قىممەت بولسا، سورۇندا شۇنىڭ ئورنى تەبىئىي يۇقىرى بولۇش، شۇنىڭ نەزىرى ئۈستۈن بولۇش مانا بۇ ئايرىم ئاياللار سورۇنىنىڭ كەيپىياتى شەكىللەندۈرگەن ئەھۋال.

رېستورانلىشىۋاتقان ئاياللار ۋە ئانىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇپ يورۇشى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بەزى ئاياللارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاياللىق ۋە ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ، ئەرلەر ۋە پەرزەنتلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى چاي سورۇنلىرىدىكى بەتخەجلىك، ئىسراپچىلىق، پاراڭ تېمىلىرىدىكى لاۋزىلىق ئايرىم ئاياللارنى تولىمۇ ھەشەمەتخور، ماددىي مەئىشەتكە بەكرەك بېرىلىدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. بەزى ئاياللاردىكى بۇ خىل قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىدە، ئەرلەر ئاياللارغا پۇل تېپىپ ئۆلگۈرەلمەيۋاتىدۇ، پەرزەنتلەردىمۇ پۇلپەرەستلىك خاھىشلىرى يېتىلىۋاتىدۇ. بويىغا يەتكەن قىزلار پۇلى كۆپ كىشىلەر كەينىدىن يۈگۈرۈپ، ئىناق ئائىلىلەرنى بۇزۇۋاتىدۇ، قىزىنىڭ بۇنداق يولغا ماڭغانلىقىنى كۆرگەن ئاتا - ئانىمۇ بەك ئەجەبلەنمەس، پۇلدار كۈيئوغۇلنى رەت قىلماس بولۇپ قېلىۋاتقان ئەھۋالمۇ يوق ئەمەس.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر جەمئىيەتتە ئاز بولمىغان پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئايرىم كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - شەپقەتنى ۋاپا - ساداقەتنى، پاك دىيانەت ۋە ۋىجدان ئار - نومۇسنى قايرىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ كەلسەك، تۆپ نىگىزى يەنە بەزى ئاياللاردىكى ھەشەمەتخورلۇقتا، پەرزەنتلىرىگە تەربىيە جەريانىدا سىڭدۈرگەن ۋە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدىيىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، پەرزەنتلەرنىڭ پۇلپەرەستلىشىپ، ئېتىقادىنى، ساداقىتىنى پۇل بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇشى، تىرىك يېتىملارنىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئائىلىدە بېسىم ھېس قىلىشى، يەنە ئايرىم ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى. . . قاتارلىقلاردا بەزى ھاللاردا يەنىلا ئاياللارنىڭ تەسىرى زور بولماقتا. مەن بىر قىسىم ئايال ۋە ئانىنىڭ ئۆزىگە سوغۇق قانلىق بىلەن مۇنداق سوئاللارنى قويۇپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن: چاي سورۇنلىرىغا بېرىشتىكى مۇددىئايىڭىز نېمە؟ ئۇنداق بولسا قانداق ھالەتتە، قانداق يۆلىنىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى ئويلىيالامسىز؟ ئائىلىدىكى ئورنىڭىز ۋە رولىڭىزنى، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيىتىڭىزنى دەڭسەپ باقتىڭىزمۇ؟ ئېرىڭىز ۋە پەرزەنتىڭىز سىزدىن نېمىنى كۈتىدۇ؟ ئۇلارغا قانـ

www.uyghurkitap.com

داۋاملىق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىسىز؟ ئۇلارغا قانچىلىك ئىللىقلىق ئاتا قىلىپ، تۇرمۇشىغا، دۇنيا قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىسىز؟ ئائىلىۋى نىشانىڭىز قاياققا قاراپ كېتىۋاتىدۇ؟ رېستوران قىزغىنلىقىڭىز ئېرىڭىزگە، پەرزەنتىڭىزگە قانداق تەسىر بېرىۋاتىدۇ؟

بىر ئايالغا نىسبەتەن پەرزەنت، ئەر ۋە ئائىلىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشنىڭ هاجىتى يوق. هەر بىر ئايال پەرزەنت تەربىيىسىگە ھېچبولمىغاندا رېستورانغا بېرىشقا تەييارلىق قىلغاندەك ئەستايىدىل ۋە جىددىي قارىيالىسا، ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى.

نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن قۇرغان ئائىلىڭىزدىكى ئىللىقلىقنىڭ ئورنىنى قىزىقىش ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋالغان سوغۇق مۇناسىۋەت ئىگىلىۋالسا، ئېرىڭىز بىلەن بارا - بارا پارالېل تېمىسى كىچىكلەپ، ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىپ، يەنە كەچتە ئۆيگە كىرىش مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتسا، پەرزەنتىڭىز بىلەن بولغان ئارىلىقىڭىزمۇ ئاستا - ئاستا يىراقلاۋاتسا، ئويلاپ بېقىڭ، سىز ئائىلىڭىزدە قانداق رول ئېلىپ چىقماقچى؟ ئۆزىڭىز قۇرۇپ چىققان ئىللىق ئائىلە ھەر ۋاقىت نەزىرىڭىزدىن چەتتە قالمىسۇن.

2000 - يىل. قاراقاش

# ئايالنى خوتۇن قىلىپ تۇرالايدىغىنىمۇ ئەر

بىز چوڭلارنىڭ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنىڭ ناھايىتى ئىپتىدائىي ھەم تولىمۇ ساپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆلۈپ كېتىمىز. ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز خىجىللىق ۋە شەرمى - ھايا بىلەن بىر - بىرىگە تىكىلىپمۇ قارىيالمايدىغانلىقىنى، قىزلارنىڭ كەينىدىن شۇنداقلا بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈنمۇ، يىگىتلەرنىڭ زور بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان. تۇزۇكرەك بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بولسا ئوتقاشتەك لاۋۇلداپ، جېنىنى تەسەددۇق قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىنى، بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈشىدىغانلارنىڭمۇ، ئوچۇق - يورۇق ۋە ئازادىرەك بىر - بىرى بىلەن بىر - ئىككى ئېغىزمۇ گەپلىشەلمەي تۇرۇپ توي قىلىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تولۋا دېيىشىپ قالغاندۇق.

بۈگۈن قارايدىغان بولساق، شۇ ۋاقىتلاردا بىر ئۆيگە كىرگەن جۈپلەرنىڭ، ساداقەتمەنلىك، ئىناقلىق بىلەن بوۋاي - موماي بولۇپ قېلىشۋاتقانلىقىنى ۋە بەزىلىرىنىڭ بىز بىلەن خوشلىشىپ ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم ھالدا ئۆتكۈزگەن ئۆمرىگە شۈكۈر قىلىشىپ كېتىشۋاتقانلىقى- نى كۆرىمىز. شۇنداق ئۇلارنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاپادار- لىق، پاكلىق قىسسەلىرى ئۈزۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگەشكەن ھالدىكى يۇقىرى ئىستېمال ئېھتىياجى، ئەرلەرگە بېسىم پەيدا قىلىپ قويىدى. ئاياللارنىڭ ئۆي تۇزەش، ئۆزىنى تۇزەش تۇرلىرى ۋە شەكىللىرى كۆپەيگەنسېرى، ئۇلاردىكى ھەشەمەتخورلۇق كۈچەيدى. تەرەققىياتقا ماس ھالدا ئاياللار- غا بېرىلگەن ئەركىنلىك بىر قىسىم ئاياللارغا ئىزدىنىش پۇرسىتى يارىتىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى بايقاش، قېزىش، ئىپادىلەش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتى بەرگەن بىلەن يەنە بىر قىسىم ئاياللار-

غا، ئىلىم ـ پەن ۋە ئىدىيىۋى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىگە ماس ھالدىكى ھورۇنلۇق، بۇزۇلۇش ئېلىپ كەلدى.

ئۇلار تەرەققىياتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ مېغىزىنى ئەمەس، شاكىلىنى، ئىلغار تەرەپلىرىنى ئەمەس، ئەڭ پاسسىپ تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كاللىسى قانچە قۇرۇق بولغانسېرى قىزىقمىدىغانلىرى، زېھنى ھەشەمەتخورلۇق، بۇزۇپ چېچىش، ئويۇن تاماشىدا بولدى.

بۇ ئىللەت بىر قىسىم قىزلاردا تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇلاردا ياشلىقىنى قەدىرلەپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، زېھنى قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ دەۋردە، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش روھى، قىزغىنلىقىنى ئەمەس، ئەجنەبىيلەرچە ياسىنىش، مودا قوغلىشىش، ئويۇن تاماشاغا ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى. بۇرۇن زابوي ئەرلەر بار ئىدى، ھازىر ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئەقلى ھوشىنى يوقىتىپ قويىدىغان زابوي ئاياللار، زابوي قىزلار پەيدا بولدى.

ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى شۇنچىلىك دەرىجىدە پەسلەشتۈرۈۋاتقان شۇنداق بىر قىسىم قىزلار ئەتراپىمىزدا يۈرۈۋاتىدۇكى، ئۇلاردا نە قىزلىق شەرمى ھايا، نە قىزلىق جەزبە ۋە نازاكەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغان. بىشەم ۋە لوكچەك ئەرلەر بىلەن باردى كەلدىسى شۇنداق قوپال ۋە نورمالسىز سودا تۈسىنى ئالغان. بەزى قىزلاردىن ھەتتا ئەرلەر قېچىپمۇ، ھەزەر ئەيلەپمۇ بولالمىغان بىر خىل يىرگىنىشلىك، ئېچىنىشلىق ئەھۋال شەكىللىنىپ قالماقتا. ئۇلار ئەرلەرنى تەشەببۇسكارلىق ۋە بىزار قىلارلىق دەرىجىدە قوغلىغانسېرى، ئەرلەر ئۇلاردىن قېچىپ بولالماي قالغان. ئۇلار قوترىغانسېرى ئەرلەر قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ بولالماي قېلىشۋاتقان، ئۇلارنىڭ قارامىلىقى ۋە قويۇچىلىقىدىن ئەرلەر تويۇپ كەتكەن ۋە قورقىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان.

بەزى قىز ـ ئاياللار ئىدىيە ۋە كىيىنىشتە يالىڭاچلانغانسېرى ئەرلەر تېخىمۇ ئېرەنسىمەس، ئۇلارغا ئىنتىلمەس ۋە ئۇلارغا قىزىقماس بولۇپ قېلىشۋاتىدۇ. ئاياللارنىڭ غالجىرلىقى ئەرلەرنى زېرىكتۈرۈپ،

سەسكەندۈرۈپ قويدىمۇ ياكى ھەر قانداق نەرسە سىرلىقلىقىنى، يو-
چۇنلۇقىنى ۋە ئۆزىگە خاس جەزىبە سېھىر كۈچىنى يوقاتسا، جەلپ
قىلىش كۈچىنى يوقىتامدۇ، ئىشقىلىپ ئىككىلىسى سەۋەبىدىن بولسا
كېرەك. كۆز ئالدىمىزدىكى ئەرلەر ئاياللارنى ئەمەس، ئاياللار ئەرلەر-
نى قوغلايدىغان تەتۈر ئىشقا، تۈگىمەس ماددىي تەلەپ سەۋەب بولدى،
دېسەك ئانچە خاتالاشمايمىز.

بولمىسا ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان نۇرغۇن قىزلار، ھوقۇقى ياكى
پۇلى بارلارنى قوغلاپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ، ياخشى كۆرۈنمەي،
ئۇنداق - مۇنداق دەپ ئۇلارنى كولدۇرلىتىپ يۈرەرمىدى. پەرزەنتلە-
رى، ئائىلىسى بار ئەرلەرنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇپ، ئايال خوجايىن
بولۇشقا ئىنتىلىپ يۈرەرمىدى. ئۇلاردىكى ياشلىق ھېس - تۇيغۇ،
تۈرلۈك تەلەپ - ئېھتىياجلارغا ئاشۇ ئەر راستىنلا ماسلىشالامدۇ؟ ئۇ
ھەقىقەتەن چىن، ساپ تۇيغۇسى بىلەن شۇ ئەرنى ياخشى كۆرەمدۇ؟
ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئانا بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ؟ ناتايىن.
ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلگىنى تەييار ئۆي، تويۇنغان ماددىي تۇر-
مۇش. ئۇلار ئۆزىدىكى كۆڭۈل، ۋىجدان، غۇرۇر ۋە قىزلىق نازۇك-
لۇقىنى قايرىپ قويۇشقا رازى. ئۇلار بەختلىك ۋە خاتىرجەم، سۆيۈم-
لۈك بىر ئائىلە ئۇچۇن مال دۇنيالا ئەمەس، چىن ئېتىقاد ۋە سادا-
قەت، جايىدىكى ئەقىل ھوش، ساپ كۆڭۈل ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەت
مۇئامىلىلەرنى توغرا ماسلاشتۇرالايدىغان پەم - پاراسەت، كۈچلۈك
ئەقىدە ۋە چوڭقۇر ئاياللىق قۇربان بېرىش روھىنىڭ كەم بولسا قەتئىي
بولمايدىغانلىقىنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلاپ باقمىغان.

دەرۋەقە بىر قىسىم ئەرلەردىمۇ ھەقىقەتەن بوشاڭلىق، لايغەزەل-
لىك ئەھۋاللىرى ئېغىر. بۇرۇنقى ئەرلەر كۈچ - قۇۋۋىتى، جاسارىتى
ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، جەسۇر، ھەرقانچە جاپا -
مۇشەققەت ئالدىدىمۇ تەۋرەپ قويمايدىغان، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىپ،
كەسكىن، ئىدىتلىق ئىش قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئائىلە، ئايالى، پەر-
زەنتلىرى ئالدىدا ئەرلىك، دادىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئاشۇرۇپ ئورۇن-
دايدىغان، ئائىلىنىڭ يۈكىنى پۈتۈنلا بىر يەلكىسىلا كۈچەپ كەتمەي
كۆتۈرۈپ كېتەلەيدىغان، ئادەم ئەيمەنگۈدەك ئەرلىك ۋەزنىگە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قەيسەر ئىدى.

ھازىر ئەر بىلەن ئايال ئائىلە يۈكىنى تەڭ كۆتۈرىدۇ، ئېنىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئاياللار كۆپرەك يۈكنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاز بىر قىسىم ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ ئائىلىلەردە شۇنداق. نورمال خىزمەت قىلىۋاتقان ئائىلىلەرگە قارىساق، ئاياللار بەكرەك پالاقشىپ يۈرۈۋاتقان، ئەرلەر گالىستۇكىنى تاقاپ لەيلەپ يۈرۈۋاتقان ياكى شاھمات ئويناۋاتقان، ئۈچ - تۆت ئاغىنىسى بىلەن تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ، قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان. خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەسنىشىپ ھورۇنلۇق بىلەن كۈننى كەچ قىلىپ، ئۆيىگە كېلىپلا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ياكى يېنىچە يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بىكار تەلەپلىك، چېنىقماسلىق، ھورۇنلۇق ئۇلارنى كېسەلگە يېقىن قىلىپ قويىۋاتىدۇ.

كوت - كوتلۇق، غەيۋەتخورلۇق ئاياللارغا خاس بولغان سۈپەت ئىدى. بۇ ھازىر ئەرلەرگە شۇنداقلا كۆچتى. ئىككى - ئۈچ ئەر بىر يەرگە كەلسە، ئۇنىڭ - بۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ئۆسەك سۆز تارقىتىش، يېڭى ئۇچۇرلارنى كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلىپ تۇرۇپ بېيىتىش، ئادەتتىكى خاراكتېرلىك ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ئەر كىشى دېگەن مۇھىم، چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىدىغان، خىزمەت، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى، جاسارىتى، ئەقلىي - ھوشى ئۇرغۇپ، يېڭىلىق يارىتىش، ھەر ساھەلەر بويىچە ئىزدىنىش، ئۆزىنى، تۇرمۇشنى بېيىتىش ئۈچۈن تىنىم تاپماي، بوش بىكار ۋاقتى يوق ئالدىراش يۈرۈيدىغان بولسا يارىشىدىكەن. ئاياللىمۇ ئاندىن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىدىغان، ئېرىدىن ئەيمىنىدىغان، تولا ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتمايدىغان، قۇرۇق ھەشەمەتخورلۇقلار ئۈچۈن پالاقلىمايدىغان بولىدىكەن.

يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، ئىشتىنىنىڭ قىرى بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم ئولتۇرالمايدىغان، زىيان قىلامدىكىن دەپ تاماق تاللاپ، ئەر كىشىدەك تاماق يېيەلمەيدىغان، قىلغىلى ئىشى يوق لاغايلاپ يۈرۈيدىغان ھورۇن، بىكارلىقىدىن خوتۇن كىشىدەك كەچكىچە كوتۇلداپ غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ يۈرۈيدىغان ئاياللىمان ئەرلەر

تۇرمۇشىمىزدا پەيدا بولۇشقا باشلىغانسېرى ئاياللاردىمۇ نۇرغۇن بۇرۇلۇشلار، ئۆز مەسئۇلىيەت بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلماسلىقلار كۆپىيىۋاتىدۇ.

تۆمۈر تاۋاقنىڭ ئېشىغا قاراپ، شىتات، مائاشتىن ئىبارەت تۆمۈر دەستەكنى مەھكەم كۆتۈرۈۋېلىپلا، باشقا ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي، ئىزدەنمەي، ئۆجمە پىش ئاغزىمغا چۈش دەپلا ھورۇنلۇق بىلەن كېرىلىپ ياتىدىغانلار، خىزمەتتە جانلىق، ئائىلىدە مەسئۇلىيەتچان، پائالىيەتچان، تەلەپچان بولماي، سوزسا بىر غۇلاچ، قويۇپ بەرسە بىر غېرىچ بولۇۋالىدىغانلار، بىر كۈن ھاراق ئىچىپ ئۆلگۈدەك مەست بولۇۋېلىپ، نورماللىقىنى يوقىتىپ ئىككى - ئۈچ كۈن خامۇش، گومۇش يۈرۈيدىغانلار قانداقمۇ ئاياللارنى بىزار قىلمىسۇن؟

بەزى ئاياللارنىڭ ھەر جەھەتتىن تاپتىن چىقىپ كېتىشىنى مۇشۇنداق ئەرلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن دېگەنگە ئوخشاش ئەر بىلەن ئايال بىر - بىرىگە تەسىر قىلىپ، بىرگە ياشايدىغان تۇرمۇشتا ئايالنى ئايال قىلىپ تۇرالايدىغىنىمۇ ئەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇيغۇرلاردا ئائىلىدە ئايالغا قارىغاندا ئەر ھەر جەھەتتىن كۈچلۈكرەك ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. ئايالنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭ ھاجەتلىرىدىن چىقىشنى ئادەتتە ئەرلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئايالنىڭ قانداق بولۇشى ئەرگە باغلىق بولىدۇ.

يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، قىزلارنىڭ قانداق بولۇشى يىگىتلەرگە باغلىق. شۇڭا يىگىتلەر ئۆزىنى تەربىيىلەشكە، كۈچەيتىشكە ئېتىبار بەرسە، قىزلارمۇ ئۇلارنى قەدىرلىسە، ئاسرىسا، يىگىتلەرنى، ئەرلەرنى قۇتقۇزۇش ئۇلارنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق قىزلارنى، ئاياللارنى، ئانىلارنى قۇتقۇزۇپ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ!

**2003** - يىل، خوتەن

# بۇگۈنكى ئايالىدىن قورقىدىغان ئەرلەر قارىشى توغرىسىدا

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، بولۇپمۇ ئەرلەر ئارىسىدا ئۆزئارا «خوتۇنىدىن قورقىدۇ» دېگەن پاراڭلار بولۇپ تۇرىدۇ. مەلۇم بىر ئەر بىرەر ئىش قىلىشنى رەت قىلسا، ئەتراپىدىكى باشقا ئەرلەر تەرىپىدىن خوتۇنىدىن قورقىدىغانلار قاتارىغا چىقىدۇ. بۇنداق ئاتاش ۋە ئاتىلىش ئەرلەرنىڭ بىۋاستە غۇرۇرىغا، ئەرلەرگە خاس ئەرلىك ئىمتىيازىغا تەسىر يەتكۈزگەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەرلەر شۇنداق ئاتىلىپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ، بولۇپمۇ دوستلارغا بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈدەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئىناۋەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى بىر خىل ئىلمىي ئەمەلىي مەسىلە.

بىر ئائىلە ۋە ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگە، ئىستېمال قارىشى، جەمئىيەتتىكى رولىغا شۇنداقلا مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كىمنىڭ پائالىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئىنكاسى تېز ۋە توغرا بولسا، مۇقەررەر ھالدا شۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈلسە بولىدۇ. ھازىرقى دەۋردىكى نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئۇنىڭغا قويىدىغان تەلەپلىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ قاتلاملىشىپ، ئىجادىي بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تۈسىگە يۈزلىنىدۇ.

پەقەت ئەرنىڭ تېپىپ ئەكىرىپ بەرگىنىنى سەرپ قىلىپلا تاماق ئېتىپ ھەر ھالدا پەرزەنتىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كىيىم ـ كېچىكىنى تولۇقلاپ بېرىپ، ئەرنىڭ جىسمانىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش شەكلىدىكى ئائىلە مۇناسىۋىتى ئاستا ـ ئاستا شاللىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى كۆپىنچە ئائىلىلەردە بۇزۇلۇشنى قانداقتۇر ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ بۇزۇلۇشى دېگەندىن كۆرە جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنى-

يەت ئالغۇ قاتلىمى بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىغانلارنىڭ شاللىنىشى دېگەن تۇزۇك، ھېچقانداق ئادەم ئۆز تۇرمۇشىغا، ئائىلىسىگە ئاسانلىقچە ئويۇنچۇق قاتارىدا مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئەلنىڭ، ئاۋامنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجى بەك يۇقىرى كاپالەت دەرىجىسىدە بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا نورمال ئىستېمال دائىرىسىدە مەنپەئەتلەنسىلا كۆپىنچە كىشىلەر ئائىلىسىدىن رازى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى جەمئىيەت توي قىلىش سېلىقىمۇ بىر بېسىم ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ھەقىقىي ئۆي تۇتۇشقا مۇۋاپىق بىرەرسىنى تېپىشمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ. مۇھەببەتنىڭ تەبىئىي ئاساسىي ئاجىزلىشىپ، ئىجتىمائىيلىشىپ بېرىشى كىشىلەردە بۇ ئارىلىشىپ ئۆتۈشكىلا بولىدىكەن، توي قىلىشقا بولمايدۇ دەيدىغان تەسىرنى بېرىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆپەيمەكتە. بۇنداق بولغانىكەن بىر ئائىلىنى بۇزۇش ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ئۇنداق ئاسان ۋە ئاددىي قارايدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئەر - ئاياللىق تۇرمۇش نوقۇل ھالدا پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈنلا بولمىغانىكەن، ئەر - ئايال بۇ خىل تۇرمۇشنى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بىر - بىرگە تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، ئۆزئارا چۈشەنگەن، ھۆرمەتلىگەن ئاساستا يول قويىدىغان ئىچ - ئىچىدىن بىر خىل تەبىئىي مېھىر چەكسىزلىكىدىكى كۆيۈنۈش يۆنىلىشىگە بۇراش كېرەك. بۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىي يەنىلا ئائىلىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىدىكى ئىستېمال قارىشى ۋە مۇناسىۋەت دائىرىسىدە شەكىللىنىدۇ، يەنى ئۆزئارا ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە سەنئىتى، ئۇرۇق - تۇغقانلار، ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئائىلىنىڭ ھەرخىل ئىلىم - بېرىم، سودا - سېتىقلىرى، ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق باشقۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىكى ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئەمەس، ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن قارشى تەرەپنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويمىغان ھالدا دادىل يول كۆرسىتىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنىمۇ ئاڭلاش، قوبۇل قىلىش، ئۆزئارا ئورتاق كېڭىشىش، خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئېتىبار

بەرگەن ئاساستا يول قويۇش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئۆزىگە سوتلاتقۇزۇپ، ئىشنى ياخشى تەرەپكە بۇراش ئەڭ ياخشى ئۇنۇم بېرىدىغان مۇناسىۋەت شەكلىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇلدا قارشى تەرەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى ئۆزى سوراپ، تەبىئىي ھالدا قارشىنى، مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇنداق تەسىر كۆرسىتىش ـ كۆرسەتمەسلىك، قارشى تەرەپنىڭ خاراكتېرىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى تۇتۇۋېلىپ جانلىق ئۇسۇل قوللىنىش ياكى قوللىنالماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ھېسسىياتقا، ئىدىيىگە، تەپەككۇرغا ئىگە ئىنسان بولغانىكەن، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان ئىگىلىسىڭىزلا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەي قالمايسىز. بۇنداق قىلماي ئايالالار تولا كوتۇلدايدىغان ئۇسۇلنى قوللانسا مۇناسىۋەت نوقۇل ھالدا بۇزۇلىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىدە، گەپ ـ سۆزلىرىدە ئالدامچىلىق قىلالىسىمۇ ئۆز خىياللىرى ئالدىدا، ئۆزى ئالدىدا مەڭگۈ ئالدامچىلىق قىلالمايدۇ، ئۆزىنى ئالدىيالمايدۇ، شۇڭا ئادەمدە روھ، مەنىۋىيەت مەۋجۇت. شۇڭا ئۇ ھېسسىياتقا، ئارزۇ ـ ھەۋەسكە ۋە پائالىيەتچانلىققا ئىگە ئادەم دەپ ئاتالغان. پەقەت ئادەملەرنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىلا ئادەملەر ئارىسىدا كۆڭۈلسىز، مەنىسىز ياشاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئايالالاردىن قورقۇش مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ يۇقىرىقىلاردىن جۇغلانغان بىر خىل مايىللىقتۇر. بۇ ئاشۇ ئەرگە ئايال بولغۇچىنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئىقتىدارىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېپى بار، پەمى بار ئايالالارلا ئەرلىرى ئالدىدا شۇنداق قارىلىشقا مۇناسىپ. بۇنداق ئايالالاردىن ئەرلىرىمۇ پەخىرلىنىدۇ. ئۇنى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇنداق ئايالالار ئائىلە ۋە ئائىلىنى چۆرىدىگەن مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇپ ئەرلەرگە بېسىم، ئائىلە يۈكى ئېلىپ كەلمەيدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە قايسى بىر ئەر يۇرۇش ـ تۇرۇش، مۇئامىلىلىرىدە گەپ كەتمەيدىغان قابىل قىز بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدۇ؟ دوستىڭىزنى ئايالىدىن قورقىدۇ، دەپ ئەيىبلەپ قاراملارچە ئەرلىك ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئالچاڭلاپ، ئايالىڭىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئويلاپ مەلۇم بىر تەرەپ-

لەردە ئۆزىڭىزمۇ ئۇھ تارتىپ قويىدىغانسىز.

ئىقتىدارسىز ئايال قانداق قىلىپ باشقىلارنى جەلپ قىلىشنى بىلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئۇنداقتا بۇنى قانداق بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىدىسىدىن چىقالايدىغان، پەرزەنت تەربىيىلىيەلەيدىغان، بىر ئەر كىشىنى ئەر قىلىپ تۇرالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھەقىقىي مېھرىبان، سەپەرداش بولۇپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۆزىنىمۇ تۇتالايدىغان، ئىپادىلىيەلەيدىغان ئاياللىق سەنئىتىگە ئىگە دېگىلى بولسۇن، بىر ئائىلىدە كىم قايسى ئىشنى قاملاشتۇرۇپ قىلىپ مەلۇم ئۇنۇمگە ئېرىشەلىسە ئەر ـ ئايال كېلىشەلىسە شۇنى داۋاملاشتۇرۇۋەسە بولىدۇ.

بىر ئائىلىدىكى ئەر ياكى ئايالنىڭ قايسى بىرسى قارشى تەرەپنى مايىل قىلىۋالسا، قارشى تەرەپ قوبۇل قىلالىسا بۇ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. قارشى تەرەپكە قايىل بولغان ئاساستا يول قويۇش ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم ئاساس.

ئەگەر ئاياللاردا ئازراق بولسىمۇ مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان تەپەككۇر، ئاچچىقىنىمۇ، تاتلىقىنىمۇ كەلتۈرەلەيدىغان مىجەز ـ خۇلق، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئىپادىلەش سەنئىتى بولمىغان بولسا ئەرلەر مەڭگۈ بويتاق ئۆتكەن بولاتتى. مۇھەببەت دېگەن نەرسىمۇ قىممىتىنى يوقاتقان بولاتتى ياكى مەۋجۇت بولمايتتى.

**2000 ـ يىل. قاراقاش**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇلار مېھىرگە موھتاج

پەرزەنتلەرنىڭ يۇقىرى ساپادا تەربىيىلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان تەلىپى بولۇۋاتقان بۇ دەۋردە، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ۋە ئۆگىنىشى يەنە نۇرغۇن توسالغۇلارنىڭ ئەكس تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇلار ئىچىدە مەدەنىيەتكە ياتىدىغان ئامىللارمۇ، ئىقتىسادقا تاقىلىدىغان ئامىلارمۇ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي كەيپىياتقا بېرىپ تاقىلىدىغان ئامىللارمۇ بار. بىراق ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، پەرزەنتلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىغا بىۋاستە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدىغان، پەرزەنتنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش، ئىستىقبال تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچى ھەم تەرەپتۇر.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆز تۇرمۇش يولىنى قايتىدىن تاللاش، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەركىنلىكى بولسىمۇ، بىراق ئارىغا پەرزەنت قىستۇرۇلغاندىن كېيىن بۇنداق ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، پەرزەنت ۋە ئائىلىگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. شۇ ئەر ۋە ئايالغا نىسبەتەنمۇ بۇنداق ئورۇنۇش خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئاخىرى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئاتا - ئانىسى تىرىك تۇرۇپ يېتىم بولغان پەرزەنتلەرنىڭ چەكسىز مۇڭ ئىچىدە بىچارىلەرچە، سۇلغۇن مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ئىلتىجالىرى ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز مۇجۇپ تۇرىدۇ.

شۇڭا ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ يۈكسەكلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ دادا ۋە ئانا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان كۈندىن باشلاپ، ئۆز بەختىنى، ئۆز خۇشاللىقىنى پەرزەنت ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغانلىقىدا، ھەممىنىڭ ئالدىدا پەرزەنتىنى قويۇپ، ئۇنى ياخشى بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپالىق تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھايات كەچۈرۈشىدە. ئاخىرى ئاشۇ ئۇرۇنۇش-

لار كەم ئۇچۇن، دادا ۋە ئانا بولغاندىن كېيىن، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز پائالىيەتلىرىمىزنىڭ، قاتلاملىرىدىكى دىققەتلىرىدە پەرزەنتىمىزگە باغلانغان ئۈندەشلەر بىزنىڭ رولىمىزنى بۇراپ، نىشان بەلگىلەپ تۇرىدۇ.

نىكاھتىن ئاجراشقان ئەر - ئاياللار، قايتا تۇرمۇشلۇق بولۇشتا، ئالدى بىلەن پەرزەنتىنى ئويلاپ، پەرزەنتىگە ياخشى ئاتا - ئانا بولالايدىغان، ئۆگەيلىك قىلمايدىغان لايىق تاللاشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى، بىرگە تۇرمۇش كەچۈرۈپ باقمىغان بولغاچقا، تويدىن كېيىن بارا - بارا قارشى تەرەپنىڭ تۇرغۇن مىجەز - خاراكتېر، ئىش - پائالىيەتلىرىدە ھېس قىلىدۇ، بايقايدۇ. ئۆگەي ئانا ۋە دادا بولغۇچىمۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئەگرى - توقايلىقلاردا، قولايسىزلىقلاردا يېنىدىكى بالىغا ئىچكىرىلەپ تۇرۇپ دىققەت قىلىپ، مۇئامىلىدە نورمالسىزلىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ ياكى بالىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن سۇس، ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان مۇئامىلىسىدىن سوۋۇش ۋە يېقىمسىزلىق ھېس قىلىش تۇيغۇسىدا بولىدۇ. پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق پەرۋىشى، ئەركىلىتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە زوقلىنىپ قاراشلىرى، بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ تۇرۇپ كۆيۈنۈشى بىلەن ئۆزىنى بەختىيار، شوخ ۋە تېتىك ئەڭ بەختلىك، خاتىرجەم ھېس قىلىدۇ. يىمىرىلمەس ئۆزىنى قوغدايدىغان، پەرۋىش قىلىدىغان مۇستەھكەم قورغاننىڭ نازارىتىدە بەختىيار ياشاۋاتقاندەك، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. دوستلىرىغا، ساۋاقداشلىرىغا، ئاتا - ئانىسى بىلەن ساياھىتى، كۆڭۈللۈك ئائىلىۋى پائالىيەتلىرى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەربىيىلىرى، ئىستىقبالى، كەلگۈسى ھەققىدىكى ئېيتقانلىرى، ئېيتىپ بەرگەن قىزىقارلىق ھېكايىلىرى ھەققىدە ماختىنىپ، سۆيۈنۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق خۇشال ساغلام كەيپىياتتا تۇرغان بالىلارنىڭ، ئىللىق ئائىلىسىنىڭ پارچىلىنىشى، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئاتا - ئانا مېھرىنىڭ ئوتتەك يالقۇنلىرىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ، ئۆزى ئۈچۈن يۈرىكىنىمۇ سۇغۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدىغان مېھرى - مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قېلىشى، بالىلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ روھىي

بېسىم. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسماندىن يەرگە تاشلىۋېتىلگەندەك، قانات-سىز قالغاندەك ھېس قىلىدىغان، ئەڭ چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان زور يوقىتىشتۇر.

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاجرىشىشى، بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئى-شەنچىسىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ كىرسىز قەلبىدە، مەڭگۈلۈك جارا-ھەت ئىزى پەيدا قىلىدۇ. بالىلار ئۆزىنى ئەتراپىدىكى بالىلاردىن تۆۋەن كۆرۈپ، ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. شوخلۇقى، تېتىك، جانلىقلىقى يوقاپ، خىيالچان، غەمكىن بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بالىلىق سەبىيلىكى، چاپچىپ تۇرىدىغان شوخلۇقى، ھەممە نەرسىگە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان قىزىقىشلىرى يوقاشقا، خۇراشقا، ئۆزىگە ئىشەن-مەسلىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەقلىي تەرەققىياتى، تە-پەككۇرى، ئىجادچانلىقى، ئەركىن ـ ئازادە تۇسالغۇسىز، تەسەۋۋۇرغا باي روھىي دۇنياسىدا، زور داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنى كەمسى-تىش، كۆزگە ئىلماسلىق ئاساسىدىكى ئىرەنسىزلىك، قاتاللىق، ھورۇن، قاششاقلىق ئۇلارنى زەھەرلەشكە باشلاپ، بارا ـ بارا ھەممىگە پەرۋاسىز ۋە يامان كۆرۈش تۇيغۇسىدا قارايدىغان خاراكتېر يېتىلىپ قالىدۇ.

ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئاتا ـ ئانىغا بولغان چەكسىز ھۆرمەتتە چوقۇنۇش ھېسسىياتىغىمۇ ئاللىقاچان دەز كېتىدۇ. قەلبىدىكى يۈك-سەكلىكىنىڭ ئورنىنى بىر خىل ئاغرىنىش، ئۆچ بولۇش، ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىگىلەيدۇ. ئۇلارغا ئىچ ـ سىرىنى دېمەيدىغان، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆزىنى يەككە ـ يېگانە، باشپاناھسىز ھېس قىلىدىغان، شۇنداق ھېس قىلغانسېرى تېخىمۇ ياۋايى، قاششاقلىنىشى-دىغان، ئۆگەي ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆچ ئېلىش ھېسسىياتىدا بولىدىغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق بىچارە، ئېتىبارسىز يېتىم قالغانلىقىنى ئۆگەي ئانا ياكى ئۆگەي دادىسىدىن كۆرىدۇ. ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان دادا ياكى ئانىنىڭ خۇشاللىقىدىن مەھرۇم بولۇپ تۇرغاندا، قېپقالغان تاق لىنىيىلىك يەنە بىر مېھىر خۇشاللىقىنىمۇ، ئۆيگە پەيدا بولغان يات بىر ئادەم تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى يىراققا ئىتتىرى-ۋەتكەندەك، ئۆزى ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالغاندەك، ئېتىبارسىز

مېھىرسىز قالغاندەك تۇيغۇ بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ئازابلىنىدۇ. ئەتراپىدىكى دوستلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئائىلىسى توغرىلىق گەپ - سۆز چىقىپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتا - ئانىلىرى بىلەن خۇشال جەم بولۇشۇپ ئېلىپ بېرىشقان پائالىيەتلىرىنى ئاڭلاش، ئۇنىڭ يېغىرىنى تاتىلاش ھېسابلانغاچقا، دوستلىرىدىنمۇ قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكۈزگەن خۇشال كۈنلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئەسلەيدۇ. يالغۇز ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، گەپ - سۆزسىز، كۈلكە - چاقچاقسىز، ئېتىبارسىز قىلىنغان ھالەتتە، كۈچلۈك سۇلغۇنلۇق ھالىتىدە كۈنلىرىنى ئۈنسىز، ئۈمىدسىز ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ، ياكى ئائىلىسىدىن قېچىپ كۈنبويى كەپسىز، تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان باللار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىپ، سىرتتىلا يۈرۈيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

كىچىك تۇرۇپلا روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بۇنداق باللارنىڭ دۇنيا قارىشى ساغلام يېتىلەلمەيدۇ، ئەقلى تەرەققىياتىدىمۇ زور چېكىنىش بولغانلىقتىن، كېيىنكى ئىستىقبال، خىزمەت، تۇرمۇش ئىشلىرىغا زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالىيجاناپ، يۈكسەك ئائىلە قارىشىغا دەز كېتىدۇ. باللىقىنى ئويلىغاندا، غەمسىز، شوخلۇقىنى، ئاجايىپ كۈچلۈك مېھىر بىلەن پەپىلىنىش، خاتىرجەملىكىنى ئەمەس، چوڭقۇر ئازاب ۋە چۈشكۈنلۈكنى ھېس قىلىدۇ. شۇنچە يۈكسەك ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان سەبىيلەر، ئاتا - ئانىسىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، شەخسىيەتچىلىكى، كالتە پەملىكى تۈپەيلىدىن، روھىي دۇنياسى قاتتىق سىلكىنىپ، تالان - تاراج قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ. مەڭگۈلۈك ئازاب تامغۇسى پېشانىسىگە كىچىك تۇرۇپلا بېسىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئۇلار ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر ئۆيگە جەم بولۇشىنى ئويلايدۇ، چەكسىز ئارمان بىلەن ئارزۇ قىلىدۇ - دە، بۇ بارلىق باللارنىڭ كۆڭۈل توقلۇقى، باللارچە شوخلۇقى.

قايتا تۇرمۇشلۇق بولغان ئائىلىلەردىكى، ئاياللارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئائىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشى، بۇ مەسىلىنى ھەل

www.uyghurkitap.com

قىلالايدۇ. پەرزەنتى بار ئەرلەرگە ياتلىق بولغان قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان مۇئامىلىسى، شۇ ئايالنىڭ ئېرى، جەمئىيەت ۋە ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، قارىشى، باھاسىغا، شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئاياللىق ئەخلاقىغا، ئادەملىك ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇھىم تەرەپ.

بالىلىق قەلبى ئازار يېگەن پەرزەنتلەر يېڭى ئانىسىنى ئەلۋەتتە، قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بىراق ئۇ تېخى، نۇرغۇن پەرۋىشكە، تەربىيىگە موھتاج. سەبىي، دۇنيا قاراش، خاراكتېرى يېتىلىپ بولالمىغان، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقىنى، مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىپ، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان ساددا، قەلبى بوش كىچىك بالا. ئانا بولغۇچى، ئۆزىنى ئاشۇ بالىنىڭ باشپاناھى، يۆلەنچۈكى، سىرداشى، تەربىيىچىسى، پەرۋىشچىسى دەپ ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن كۆيۈنۈشنى بىلىشى، شۇ ئاساستا ئۇنى ئۆزىگە مايىل قىلىشنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۆگەي ئانا بىلەن بۇ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۆگەي ئانىنىڭ مۇشۇ ئائىلىدىكى ياخشى ھول ـ ئاساسقا ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقى، پەرزەنتىنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىش، ـ تەربىيىلەنمەسلىكىگە باغلىق ھالقىلىق تەرەپ.

ئۆگەي ئانا بولغۇچى، كىرسىز قەلبى جاراھەتلەنگەن سەبىينى چۈشىنىشى، ئاڭا ھېسداشلىق قىلىپ، ئەگەر مېنىڭ ئۆز يۈرىكىمنى يېرىپ چىققان بالام مۇشۇنداق كەچمىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسا قانداق قىلاتتىم دېگەننى ئويلاپ، بۇ گۇناھسىز، قەلبى جاراھەتلەنگەن بالىغا تېخىمۇ ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، تېخىمۇ كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ كىچىك نۇرۇپلا مۇزلاشقا باشلىغان قەلبىنى ئىللىتىشى، ئانا مېھىر ـ مۇھەببەت بىخلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىشنى بىلىشى كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي ئاياللىق خىسلەت، ئاياللىق قەلب ۋە روھ.

ئۆگەي ئانا شۇنى چۈشىنىشى ۋە ھەرىكەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىشى كېرەككى، ئەرنىڭ بۇرۇنقى ئايالى ئۇنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، ئۇ مۇشۇ ئائىلىنى تۇتقان، مۇشۇ ئەرنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ۋە مۇشۇ

بالىنى تۇغۇپ، جاپا تارتىپ كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، پەپىلەپ چوڭ قىلغان، ئۆزىنىڭ دەردىنى ئۆزى بىلىپ، پارتىلىيالماي ئاران يۇرۇۋاتقان جاپاكەش ئايالدۇر. ئۇنىڭدا تېخى يۈكسەك ئانىلىق قەلبى بولغان، مۇئەييەن ئەگرى ـ توقايلىق ئىچىدىكى ئاياللىق ئاچچىق كەچمىشكە ئىگە بولغان. ئۇنى چۈشىنىشكە ۋە ھېسداشلىق قىلىشقا تېگىشلىكى، كۆزى كىچىكلەرچە بىكاردىن بىكارغا ئۆچمەندىلىك قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىغا، لېۋىنى لىۋىگە چىشلەپ تۇرۇپ قالدۇرۇپ كەتكەن، ھاياتىدىن مۇھىم بىلىدىغان، قىممەتلىك تەۋەرۈكى بولغان پەرزەنتىنى خورلاش، يىرىگلىك قىلىش، ئادىمىي پەزىلەتتىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن ياۋۇزلۇقتۇر. ئايال كىشى تۇرۇپ، ئانا بولغۇچى تۇرۇپ، ئايالىنى، ئانىنى خورلىغانلىق، ئانىنىڭ، ئايالىنىڭ قەلبىنى دەپسەندە قىلىپ، قەدىر ـ قىممەت غۇرۇرىنى خورلىغانلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# دوستلۇق سادالىرى

زاماننىڭ ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، تۇرمۇش رېتىمىمىزنى تولىمۇ ئىتتىكلەشتۈرۈۋەتتى. تەبىئىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ماشىنىلىشىشى ۋە يەن - تېخنىكىنىڭ ھەدەپ بىزگە جەڭ ئېلان قىلىشى، ئۆزىمىزنى يېڭىلاشقا پۇرسەت بەرمەيۋاتىدۇ. مەنۋىيىتىمىزنىڭ بوش جايلىرىنى زامانىۋى ئالىڭ فورمىلىرى قاپلىۋالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئەسلىي تەبىئىتىمىز بىلەن جان بېرىش ئۈچۈن تىرمىشىۋاتقان ھازىرىمىز ئوتتۇرىسىدا غېرىبانە بوشلۇق بار.

روھىي كىرىزىس چوڭقۇرلاشقانسېرى ھەممە نەرسىلەر ساپ ھالىتىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. كىتاب ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ روھىي پائالىيەتلەرنىڭ چېكىنىشىدىكى يەنە بىر ئارقا كۆرۈنۈش. ئۆزئارا ماددىي مەنپەئەت قوغلىشىدىغان كىشىلەر مۇناسىۋىتى، ئادىمىيلىك تۇيغۇنى خىرەلەشتۈرۈۋاتىدۇ. شۇڭىمۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىشىشتا چوقۇم «مەلۇم مەقسەت»، «پايدا - زىيان مەنپەئەت» بولۇش گۇمانى زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ نورمال قارىشىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئالىيجاناپ ھېس - تۇيغۇدىكى پىكىرداشلىق، سۆھبەتداشلىق مۇناسىۋىتى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇمكىن بولمايدىغان «رومانتىك، غايىۋى» ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

نۇرغۇن قىز - يىگىتلەر ۋە ئەر - ئاياللار نەزىرىدە بۇ خىل مۇناسىۋەت توغرا چۈشىنىلمىگەندىن سىرت، ئانچە - مۇنچە چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈنمۇ ئەخمەقلىق، بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ھېسابلاندى. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل ئەخلاق قارىشىنىڭ غۇۋالىشىشىغا ئەگىشىپ، ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىغا ئىشەنمەيدىغان، قارشى جىنىستىكى كەسىپداشلىرى بىلەن سالام - سائەتمۇ قىلىشالمايدىغان ئەھۋال بار. دېمىسىمۇ ئازراق يوچۇق تاپسىلا قىڭغىر دەسسەش تەمەسىدە يۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئوي - خىيال ۋە بەزى ھەرىكەتلى-

رى، كىشىلەرنىڭ چوقۇم بىر ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنى غەيرىي مەقسەت باردەك تۇيغۇغىمۇ ئەكېلىپ قويىدى. بۇ خىل پاجىئەلەرنىڭ ئەۋجىدە كىم نۇرغۇن شېئىر يوق دەيدۇ؟ شۇنداق، بىز ئىزچىل شېئىرسىراۋاتىمىز. چۈنكى شېئىر ئەڭ ساپ بولىدۇ! مۇشۇنداق تۇيغۇدا پىكىرداش ئوغۇل دوستلاردىن كەلگەن بىر قانچە پارچە خەتنى زامانداشلىرىمغا سۇندۇم. ئورتاقلاشسام دەيمەن. چۈنكى تىلەمچى بىزگە: «ھەي ھاماقەت سەن ماڭا سەدىقە بەردىم دەپ خۇشاللانما، سەنمۇ ئالىيجاناپلىقنىڭ تىلەمچىسىغۇ!؟» دېگۈدەك.

1

ھۆرمەتلىك خانىم، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

بەلكىم مۇنۇ نامەلۇم بىرسىنىڭ خېتىدىن چۈشىنىكسىز تۇيغۇغا كەپقالارلا، مەنمۇ ھەم بۇ خەتنى خىرە - شىرە تەنھالىق ھەم ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. سىلىنىڭ مەنىۋى ئاڭلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىغان دوقاللىرىدا دائىم سىلى بىلەن سىردىشىپ تۇرۇشنى خالايمەن. شېئىرنىڭ مۇساپىر كۆزلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ بالىلىق بىلەن خوشلاشقۇزغان بىر خىل قېرى مىجەزىنىڭ ماڭا قانداق ئۆزلىشىپ قالغىنىنى بىلمەيمەن. سىلىنىڭچە 90 - يىللاردىن كېيىن پەيدا بولغان، ئۇسلۇبى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتكە ئوخشاشمايدىغان شېئىرلارنى گۇڭگا شېئىر دەپ ئاتاشقا، يەنە كېلىپ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، ئورتاق بىر نام بىلەن قارىقويۇق بىر كوچىغا سولىۋېتىشكە بولامدۇ؟

ئەمدى سىلىدىن دوستلارچە ساداقەت بىلەن شۇنى سورىۋالغۇم كېلىدۇ. مەدەنىيەت ئاياللىشىش دېگەن پىكىرگە قوشۇلامىلا؟ ئاياللار ئازادلىقى دېگەن ئۇقۇمنىڭ كونكرېت مەنىسى نېمە؟

شائىرلارنىڭ جەريان بىلەن تازا خۇشى يوق. ئەمما «ھەممە خوراز ئۆزى بىلگەنچە چىللار» دەپ مېنىڭ قەلىمىم جەريان بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ، توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىزگە چەكسىز مەنىۋى شادلىق تىلەيمەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قەلەم تۇتقان قوللىرىڭىزغا دەرت كەلمىگەي. يەنە سىزگە خەت يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. چۈنكى بارلىق ئازابلىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەردىن ئۆزۈمنى تىلىۋالغۇم كېلىدۇ.

تەرجىمىھالىڭىزنى ژۇرنالدىن كۆرۈپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يېرىم سائەت كۈلدۈم. ئاندىن سىنىپىمىزدىكى يىگىرمە بەش ئورۇندۇقنى ئىگىلەپ ئولتۇرغان سىز دېمەتلىك قىزلارغا، شۇنداقلا قاسقاندىكى هور ناندەك ئىششىپ ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىم بۈگۈنكى دەۋر ستۇدېنتلىرىغا قىزىقسىنىپ قاراپ قويدۇم. خۇددى يىراقتىن كەلگەن مۇساپىرلارغا تۇنجى قېتىم قارىغاندەكلا، ئەلۋەتتە ئۆزۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە. شۇندىلا مەن «ئادەمنى كۆرۈپ ئادىمىيلىكنى تونۇيدۇ» دېگەن قاراشنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك بولدۇم. يازغان ئەسەرلىرىڭىزدىن مەن ئەسلىدە سىزنى 30 ياشتىن ھالقىغان دەپ پەرەز قىلغانىدىم. تەرجىمىھالىڭىزنى كۆرۈپ ئىشەنمەي قالدىم ۋە كۈندىن - كۈنگە سۇسلاپ كېتىپ بارغان ئىرادەم ئېتىقادىمغا، مىللىي ئىپتىخارىمغا يەنە بىر كۈچ ئۇلۇۋالدىم. بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشالمەن! بۇ يەردىكى سىز دېمەتلىك ستۇدېنتلىرىمىزدىن قورساق بېقىش ۋە ئاتمىش ئوچۇن تىرىشىشلاردىن باشقىنى بىلمەيدىغانلار 95% نى ئىگىلەيدۇ، تېخىمۇ تىرىشىڭ! . . .

ئەمما ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى كۈچەپ تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىۋاتىدۇ. باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا بىز ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قارىشى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەچكە، تەبىئىي ئاساستا ئائىلىدە ئەرلەر، ئاياللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز، ئاياللار بەربىر ئەرلەردىن تۆۋەن ئورۇندا، ئاياللارنىڭ «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەپ قارايمىز. ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى يۈكى بەك ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىشى، يېتىلىشىگە، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك ئەمەس. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئاياللار قانداق قىلىشى كېرەك؟

ئۇلاردىن بەك چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتۈش ۋە چوڭ شان - شەرەپلەرنى كۈتۈش، ئورۇق ئېشەككە ئۆزىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىرلىق

تىكى يۈكنى ئارتىپ قويۇش بولامدۇ ـ قانداق؟ تۆۋەندىكى سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرسىڭىز.

1 ـ تولىمۇ جاپالىق بولغان بۇ يول قانداق بولۇپ سىزنىڭ تاللاش يولىڭىز بولۇپ قالدى؟ ئەدەبىياتتىن بىزار بولۇپ باقتىڭىزمۇ؟

2 ـ ئەدەبىياتتىكى تۈرلۈك «ئىزىم» لارغا قانداق قارايسىز؟ ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى قانداق؟

3 ـ سىز بۈگۈنكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزغا قانداق قارايسىز؟ قانداق قىلساق ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولار؟

4 ـ ئەدەبىياتىمىزدا بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان يېڭىچە شېئىرىيەت بىلەن كونا شېئىرىيەت ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە توختاپ قالدى. بۇنىڭدىن قانداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن؟

5 ـ كلاسسىك شېئىرىيەت بىلەن يېڭىچە شېئىرىيەت ئوتتۇرىسىدا بەزىلەر ئېيتقاندەك يىراقلىشىش مەۋجۇتمۇ؟

6 ـ پىروزا بىلەن شېئىرىيەتنىڭ چەت ئەل ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى تەسىرى قانداق، بۇ توغرىسىدا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

7 ـ بەزىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئالدى بىلەن رېئالىزىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دەپ قاراۋاتىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

8 ـ ئەدەبىياتتىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

9 ـ پەلسەپە شېئىرغا چوڭقۇر سىڭىشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟ ئەسەرلىرىڭىزنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ باقسىڭىز.

10 ـ ئىجادىيەتتىكى ئۇسۇلىڭىز، ۋاقىت كۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

11 ـ هازىرقى تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزغا قانداق قارايسىز؟

12 ـ ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتىمىزدا ئىلمىي ھەم يېتەرلىكمۇ؟

13 ـ شېئىرغا بولغان قانداق كۆز قارىشىڭىز بار؟ شېئىر دېگەن نېمە؟

14 ـ تەھرىرلىك خىزمىتىدىن قانداق ئۈمىد كۈتىسىز؟

15 ـ ھاياتىڭىزدا (ھازىرغىچە) قانچىلىك شېئىر يازغانسىز؟ ئېلان قىلالمىغان ئەسەرلىرىڭىزدىن ئەپسۇسلىنامسىز؟

16 ـ سىزمۇ بىر ستۇدېنت، ئۇلاردىن ئۆتۈنىدىغان قانداق تەلەپلىرىڭىز بار؟

17 ـ مىللىيلىككە قانداق قارايسىز؟ چەت ئەلنىڭكى قانداق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك؟

18 ـ كېيىنكى ئىجادىيەت پىلانىڭىز قانداق؟

19 ـ تىل ئۆگىنىش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

20 ـ قايسى ژۇرناللارنى ياقتۇرىسىز؟ (ئۇيغۇرچە) كىمنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرىسىز؟

1 ـ بۇ يولغا زورۇقۇپ كىرىۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ يولغا كىرىشىمگە كىچىكىمدىن باشلاپ يېتىلگەن بىر خىل تراگېدىيە، مۇڭ ـ ھەسرەت ئېڭى ۋە قىممەت قارىشى، سەنئەتنى سۆيۈشۈمگە سەۋەبچى بولغان بولسا كېرەك. ئۆزۈمدىن بىزار بولغاندا ئەدەبىياتقا، جۈملىدىن يېزىقچىلىققا مۇراجىئەت قىلىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ بەرگەن تەسەللىسىگە قانائەت قىلماي، پارتىلىيالماي، ئېتىلالماي، بېسىم ھېس قىلىپ ھەممىدىن بىزار بولۇپ كېتىمەن. ئەمما بۇنىڭ ئۆزى چوڭقۇر مۇھەببەت، تەخىرسىز تەشنالىق.

2 ـ ئەدەبىياتتىكى تۈرلۈك «ئىزىم» لار ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەشتىكى ئىچكى ـ تاشقى شەكىل ئامىلى تۈپەيلىدىن ئايرىلغان. ئەدەبىياتىمىزدا ئۇ بارغانسېرى ئۆزىمىزمۇ مۇھىم ھېس قىلمىغان ئاساستا تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر ئىپادىلىنىۋاتىدۇ.

3 ـ بۈگۈنكى ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئىجتىمائىيەت تەرىپىدىن يۈكلىنىۋاتقان يۈكى ئېغىر، ھەر جەھەتتىن چەمبىرەكلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن روھىمىزنىڭ تۈنجۇقۇپ قالغان ھېسلىرى ئۈلگىيىپ چىقىۋاتىدۇ، شۇكۈرى. ئەدەبىياتىمىز ھەقىقىي ماھىيەتكە ھەر ھالدا يېقىنلىشىۋاتسا كېرەك. ئايرىم ساندىكى ئەسەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمىي يۈزلىنىش ياخشى. ئەدەبىيات ئەسلىگە ئۆزگە ئىگىدارچىلىق قىلالىسىلا تەرەققىيات زور بولىدۇ.

ئەدەبىياتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمىنى ساپ سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىساق، ئىنسان روھىي چوڭقۇرلۇقىغا نەزەر سالساق بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا، پاكىزە، ساپ ئەسەرلەرنىڭ، ئاپتورنىڭ ئىنسانلىق روھىي ۋە ئىگىگە سادىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دۇنياغا يۈزلەندى، دېسەك بولۇۋېرىدۇ.

4 ـ شېئىرىيەت ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرىنىڭ توختىشى، يېڭىچە شەيئىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىشىۋاتقانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

5 ـ كلاسسىك شېئىرىيەتتىمۇ، ھازىرقى يېڭىچە شېئىرىيەتتىمۇ، ساپ سەنئەت ئامىللىرىمۇ، جەمئىيەت ۋەزىيەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن يازغان چاپلىمىلارمۇ بار. پەقەت پىكىر ئىپادىلەشلا ئوخشىمايدۇ، ھېس تۇيغۇ ئوخشاش، يىراقلىششنى مەيدانغا چىقىرىش توغرا ئەمەس، يىغىنچاقلىغاندا ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن سۆيۈنۈشىمىز كېرەك. ئۇ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىۋاتىدۇ.

6 ـ قايسى «ئىزىم» نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زورۇقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەركىن قويۇۋېتىش كېرەك، ھەر كىم نېمىنى قاملاشتۇرالىسا، قايسىسىنى ۋايىغا يەتكۈزەلىسە شۇنى قىلىدۇ. ھەر قانداق ئەسەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم كىتابخانلىرى بولىدۇ. تەسىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس.

7 ـ مەزمۇننى قايسى خىل شەكىل ئوبدان ئىپادىلەپ بېرەلىسە شۇ خىل شەكىلدە يازسا بولىدۇ. بۇ خۇددى كىيىم كىيىشكە ئوخشايدۇ. مەزمۇن تېتىملىق بولسا ئۇنى ئەركىن قويۇۋېتىش كېرەك، شەكىل قانداق شەكىلدە بولسۇن ئۆزلۈكىدىن چىقىپ قالىدۇ. پەقەت ھېس ـ تۇيغۇمىزغا سادىق بولساقلا، شەكىل غەلىتە بولسىمۇ كېرەك يوق. ئىشقىلىپ بىز دەيدىغاننى دەۋېلىپ بوشىنىۋالساق، ئارمان قالمىسا بولدى.

8 ـ ھەر قانداق ئەسەرگە پەلسەپە سىڭىدۇ. ئۇ تەبىئىي شۇنداق، شېئىرىي تۇيغۇدا پەلسەپىۋى پىكىرلەر چوڭقۇر ۋە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئەمما شېئىر يېزىۋاتقاندا، بۇ ئۇقۇم بىزنىڭ ئېڭىمىزدا يوق،

www.uyghurkitap.com

پەقەت ھېسلىرىمىزنى يېڭىلاشلار بار. ئەلۋەتتە ھېس - تۇيغۇمىز مەلۇم ھايات ھەقىقەتلىرى ئەۋجىدىكى ھاسىلاتلار بولغاچ ئۇلار پەلسەپىگە تويۇنغان بولىدۇ. ئىپادىلەش، تىل ئىشلىتىش مەسىلىسىدە دىققەت قىلسىلا كۇپايە، شېئىرىي دىت، شېئىرىي كەيپىياتى ھامان مۇئەييەن پەلسەپىۋى قاراشنىڭ جۇلاسى.

9 - مەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا مۇھىتىمنىڭ ئەركىن - ئازادە ۋە تىپتىنچ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم شۇنداق بولمىسا يازالمايمەن. ماقالىنى تېز يازىمەن، شېئىر يازغاندا بولسا ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئىپادىلىشىمدىن رازى بولماي، ئاخىرى شېئىرغا ئايلىنىپ كېتىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق كۈچلۈك بېسىم ئىلكىدە ئولتۇرۇپ كېتىمەن. ئىپادىلىيەلمەيمەن، يېزىشتىن ۋاز كېچىپ يىغلاپ كېتىدىغان ئەھۋالمۇ بار.

10 - تەرجىمىھال ئەدەبىياتىمىزدا ئاخبارات ۋە ئوچېركىنىڭ يەتكۈزگەن تېپى ياخشى، بۇ دېگىنىم بىزنىڭ ئاخباراتچىلىقىمىز باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ئېچىلمىغان، تەرجىمە ئەسەرلىرى ئىچىدە ئاخبارات ۋە ئوچېركلاردىن سۆيۈنىمىز، ئەمما ئۇلار يېتەرلىك ئەمەس. بەزى ئاددىي، قىسقا ھېكايىلەرمۇ ياخشى.

11 - بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا نىسبەتەن ئەدەبىي تەنقىد تېخى تولىمۇ ئىپتىدائىي ھالەتتە مەۋجۇت، ئىلمىيلىكىدىن سۆز ئېچىش، تولىمۇ ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە بىزنى خۇرسىندۇرۇپ قويىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىن مۇنداقلا ئەمەس خېلى بەك ئارقىدا، «ئىلمى» دېگەن سۆزنىمۇ تولۇق ئىستېمال قىلالمىغان بولساق كېرەك.

12 - مېنىڭچە ياخشى شېئىر، ئاپتورنىڭ ساپ تۇيغۇلىرىغا سادىق بولغان نازۇك ھېسلار چوڭقۇرلۇقىدا، پەقەت تىل بىلەن مۇۋاپىق ئىپادىلەپ بېرەلىسىلا، بۇ مەيدانغا چىقالايدۇ. شېئىر يېزىلىش جەريانىدا روھىنى قايسى يول بىلەن مۇۋاپىق ئىپادىلەشتىن باشقا، ھېچقانداق يۈك ۋە بېسىمنى ھېس قىلمايدىغان كەيپىياتتا يېزىلىشى كېرەك. شۇ پەيت ئىلاھ، سەنئەت، يۈكسەكلىكتىن باشقا مەۋجۇتلۇق بولمايدۇ. ھەممە ئەسلىگە قايتىدۇ. مەنىۋىيەتكە، روھقا ئىگە ھەر

قانداق ئادەمنىڭ ئۆزى بىر شېئىر. شېئىر يازالايدىغانلار ئۆزىنى ئىپادىلەشنى ئازراق بىلىدىغانلاردۇر.

13 ـ ئەستايىدىل تەلەپچان، پەرۋىشكار ئانا پەزىلىتى تەھرىردە بولۇش كېرەك.

14 ـ هازىرغىچە 200 پارچىدەك شېئىر يازغاندىمەن. ئۇنىڭ يېرىمى ئېلان قىلىنغاندۇ. ئەمما ئېلان قىلىنمىغانلىرى ئۇچۇن ئەپسۇسلانمايمەن. سەۋەب، تەھرىرلەرنىڭ ئەدەبىي، بەدىئىي دىتى، ياقتۇرۇشى ئوخشاشمايدۇ ھەم مېنىڭ ئويلىغانلىرىم شۇنچىلىك يۇكسەك سېزىم بىلەن قەلبىمدە بولسىمۇ، قەغەز يۈزىدىكى ئىپادىلىنىش تىل سەنئىتى ۋە شەكلى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلمىغاندۇر. ئەڭ مۇھىمى مەن شېئىرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن تولغاقتىن كېيىن بوشىنىپ، تېنى يېنىكلەپ قالغان ئانىغا ئوخشاپ قالىمەن. مۇشۇمۇ يېتەرلىك تەسەللى.

15 ـ بۇگۈنكى ستۇدېنتلار بۇگۈنىنى ۋە «ئۆز» نى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى تېخنىكىلىق قېزىپ چىقىشى كېرەك.

16 ـ مىللىيلىك مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ روھىي. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەسىرىدە تەبىئىي ھالدا ئۆزگىچىلىك، ئۆز سەۋىيىسى، كۆزىتىشى، بايقىشىغا ماس بىر خىل روھ ۋە قاراش بولىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر، چەت ئەلنىڭكىنى تېخنىكا جەھەتتىن كۆزىتىپ قويساق بولىدۇ.

17 ـ كېيىن ئۇچۇن ئىجادىيەت پىلانى تۈزگۈممۇ يوق ھەم تۈزمىدىم. ئادەمنىڭ قېنىدا بار، تەبىئىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان نەرسىلەر ھامان تاشىدۇ. كەيپىيات، تۇرمۇشۇمدىكى ھەممە نەرسىلەر بەيگىگە چۈشكەن قىياپەتتە دەپ تۇرسام كېيىن قايسىسى ئۆتۈپ چىقسا مەن شۇنىڭغا قايىل، بۇ ئەمەلىي، تەن بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە.

18 ـ جاھاندارچىلىق ئۇچۇن تىل ئۆگىنىش مۇھىم. ئەمما ماھىيەتتە ئۇ بىر خىل ۋاقىت ئىسراپچىلىقى. ئاشۇ ۋاقىتتا يېڭى ـ يېڭى ئىجادىيەت ۋە تەپەككۇر مەيدانىغا چىقىشى كېرەكتى، مېنىڭچە بولغاندا ھەممە ئادەم «بىردىن تەرجىمە ئاپپاراتى» بولۇشى كېرەك. ئۇ، بىر مېخانىك پائالىيەت.

19 ـ قايسى ژۇرنالدا مەن ياقتۇرىدىغان ئەسەرلەر بولسا مەن شۇنى ياقتۇرىمەن، كىمنىڭ ئەسىرى ھەقىقىي سەنئەت ماھىيىتى بىلەن ساپ ۋە روھقا سادىق بولسا، نازۇك ۋە چوڭقۇرلۇق بولسا شۇنىڭ ئەسىرىنى ياقتۇرىمەن. بىر تىلەمچىنىڭ، بىر قاتىلنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىي ھەرىكىتىدىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ، ئىمتىياز، سەنئەت ۋە تەبىئىيلىك بىلەن قارىمۇ قارشى.

ھۆرمەت بىلەن:

## 2

بۇرۇنقىدەك نوقۇل ھەسرەت بېكىنمىچىلىكى بىلەن مۇڭلىنىشتىن بىزارمەن. بىراق مەۋجۇتلۇقۇمنى، بىر قەۋەت چاڭ باسقان يىگىتلىك غۇرۇرۇمنى ئادا قىلىش، پاكلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىم ئىچىدە كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىش بىردىنبىر خۇشاللىقىم. سىز بۇ روھىي ھاسىلاتلىق ئامىلنى قوللىغىنىڭىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئارقامدىن كۈلۈشى تەبىئىي.

ئۆزۈمنى قايسى جەھەتلەردىن بولمىسۇن تېپىۋېلىشىمغا يېقىندىن ياردەمدە بولدىڭىز، تەسەللى، رىغبەتلەندۈرگىنىڭىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! سىز ئېيتقاندەك بەزى ئىشلارغا زورۇقۇشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ يوقكەن، ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن كىشىلەردىن نەپرەتلەنسەممۇ، بەزىدە ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالىدۇ. ۋايساش، چۈشكۈنلۈكتىن شۇ قەدەر يىراق ياشاشنى خالىسامىمۇ، بارلىق ئىمكانىيىتىم شۇدەك ھېس قىلىمەن. ئۇ ماڭا تىنچلىق بېرەلمىدى.

يېڭىچە شېئىرىيەتتىكى روھىي كرىزىسكە يۈزلىنىپ، مەنىۋى تراگېدىيىلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىشنىڭ ئۆزى، شېئىرىيەتتىكى ئىلگىرىلەشمۇ ياكى چېكىنىشمۇ؟ بەزىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنى يىغلاڭغۇ شېئىرلار، كىشىلەرگە ئۈمىدسىزلىكتىن باشقا ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. سىزنىڭچە بۇ شېئىرلارنىڭ، كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن تەنقىدى يېتەكلەپ، روھىنى تاۋلاش، ئادىمىيلىكنى تونۇتۇپ قويۇش، ئەكسەرتىپ تۇرۇش رولى بارمۇ ـ

يوق؟ شېئىرلار ساپلا خۇشاللىق، تەنتەنىلا يېزىش كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا هېيت ـ بايراملىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىلا بازار تېپىشى كېرەكمۇ؟ يېڭىچە شېئىرىيەت بىلەن بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئوبزورچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى قانداق؟ هازىرقى ئەهۋالدىن قارىغاندا يېڭىچە شائىر، يازغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرىمۇ ياكى ئۇنى تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرىمۇ؟ سىزنىڭچە يېڭىچە شېئىرلارنىڭ قانداق مۇهىم ئالاهىدىلىكلىرى بار؟ ئەگەر يېڭىچە شېئىرلارنىڭ ئۇيغۇر روهىي قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى خېلى چوڭقۇر تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنىڭ كىتابخانلىرى ئاز؟ ياكى بىزنىڭ مەدهىيە ئوقۇلغان شېئىرلارغا كۆنۈپ كەتكەن خەلقىمىز، ئۆز روهىدىكى تىنىدۇرمىلارنى ئىپادىلىگەن بۇ شېئىرلارنى قوبۇل قىلىپ بولالمىدىمۇ؟

روهىمدىن يۇتكەن ئاداققى قۇياشنىڭ تال ـ تال نۇرلىرى كۆز يېشىمغا چىلىنىپ، شۇ ئازاب دەقىقە مېنى سىلكىشلەپ ئويغاتتى. خاتا قەدەم ماڭا هەممىنى تونۇتتى. مەن شۇ ئاساستا قايتىدىن بۇرۇن يىتتۇرۇپ قويغان قىممەتلىك نەرسەمنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلگەندەك يوچۇن شادلىقتىن هەيران بولدۇم، شۇنداق ئادەم ئۆزگىرىشكەن، هەقىقىي سەبىيلىك، پاك خىسلەتلەر بىلەن قەلبىم روهىمدىن يالتايمىدى. ئەمما مەن رېئاللىققا يۇزلىنىشنى ئۆگەندىم.

سىزنىڭ گۇلگۇن چېهرىڭىزدىكى سەمىمىيەت، قىزلىق غۇرۇردىكى ئۆزگىچە پاساهەت، ۋىجدان، ئىمكانىيەت مەيدانى ئەكچىمەيدۇ، پاتىنمايدۇ، ماڭا بۇلار زور تەسىر كۆرسەتتى. سىزگە رەهمەت! يەنە خەت يېزىپ تۇرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

* * *

ئەسسالام، بىز ئالاقىلاشمىغىلىمۇ بىر ئايدەك بولۇپ قاپتۇ. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم، گويا باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بۇ دۇنياغا يېڭىدىن تۇغۇلۇپ، ئەمدىلەتىن هاياتلىق بوسۇغىسىغا يېقىنلىشىۋاتقاندەك، هاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار، مۇقەددەس نەرسىلىرىمنى قايتىدىن تېپىۋالغاندەك هېسقا چۈمدۈم. سىزنى يىگىتلىك

غۇرۇر، يىگىتلىكنىڭ ھەقىقىي ئالتۇن ئەسناسىدا تۇرۇۋاتقان ھاياجانلىق قەلبىمنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. شۇ ۋەجىدىن ھەم دوستلۇق ھەم سۆھبەتداش ھەم زامانداشلىق قەلبىمىز ئازدۇر - كۆپتۇر دىلداشلىقتا، ئۆزۈمچىل ئورتاقلىقتا ئىگىدۇر، مۇيەسسەردۇر بەلكىم.

ئېسىمنى يىغقىنىمدىن بۇيان مەن قەدىرلىك دەپ قارىغان تالاي نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ئەھمىيەتسىز، ئەھمىيەتسىز دەپ قارىغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئەسلىدە تۇپراقتا كۆمۈلۈپ قالغان گۆھەردەك ئىنتايىن قىممەتلىك بىباھالىق مۇقامغا كۆتۈرۈلدى. بۇ تۇرمۇشۇمغا ئاجايىپ دۇنيا ۋە مەنىلەرنى ئېلىپ كەلسىمۇ سۆھبەتداشلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. نىمىسىنى دەي ئاز - تولا ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغاندىمەن. ئادەم ھامان سىردىشىشقا، ئەسرارلىشىشقا موھتاج بولىدىكەن. يەنە سىز بىلەن سۆھبەتلىشىش، بۇنىڭ قانچىلىك قىممىتى، ئىززىتى بولار؟ ئەمما پاكلانغان يىگىتلىك روھىمنىڭ ھامان غەرەزسىزلىكىنى، ئۇنىڭ بىر يۈكسەك مەركەزنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىسىز.

سەن يۈرەكتىن چىقىرىپ پاراڭ قىلمىساڭ، باشقىلار نەدىن چىقىرىپ پاراڭ قىلىدىكىن - تاڭ؟! . . . بەلكىم سىزمۇ، شۇنداق يۈرەك ئىگىلىرىگە موھتاج، ئەمما سىزدەك تەپەككۇردا تاجاۋۇزچى، تەنھا مۇقەددەسلىكىگە سەممىيەت يانداشقان ساھىبجامال قىزغا نىسبەتەن، ھەقىقىي ئادىمىيلىك كۆرە ھەقىقىي بەختىيارلىقىنى ئىزدەپ، يەلكىسىگە ئاجىز بولۇشقا قارىماي ئاجايىپ ئېغىر غېرىبلىق يۈكى ئارتىۋالغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ.

سىزنى ھۆرمەتلەيمەن، ئەمما تۇرمۇشىڭىزغا ئارىلىشىش ھوقۇقۇم يوق، سىزدىن بىر خىل ئۆزگىچىلىككە ئىگە تەپەككۇر يالقۇنلاپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ھەم بىزنىڭ بىردىنبىر پاجىئەيىمىز ھېسسىيات - ھېسسىيلىق قۇربانى بولغان تەپەككۇرسىزلىك بولغىنى ئۈچۈن، سىزگە شۇنداق دەۋاتىمەن. سىزدىن ئاجايىپ ئۈمىدلىنىمەن ۋە سۆيۈنىمەن، ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەت ئالدىدا نازۇك ئېھتىياجىڭىزنى كۆزلىشىڭىز شەخسىيەتچىلىكمىكىن دەيمەن. سىز چوقۇم

تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالدىرىماسلىقىڭىز كېرەك. ئۆزىنى زىبۇ - زىننەت بۇيۇمى چاغلايدىغان ئاياللارنىڭ ھاياتى ئاجايىپ ئېچىنىشلىق، مۇبادا سىزمۇ شۇنداق ئويدا بولۇشقا تەمشەلسىڭىز ئىسمىڭىزنى ھازىرلا ئۆزگەرتىۋېلىڭ!

كەچۈرۈڭ، سىزنى چىن قەلبىمدىن ھۆرمەتلىگەن ھەم ئەزىزلەيدىغان بىر ئىنساننىڭ سوغۇق قان ئويلىرىنى چۈشىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

سىزگە بەخت ۋە خۇشاللىق تىلەيمەن.

3

سالامەتمۇ سەن؟ سېنى نېمىشقا «سەن» دەيدىغانلىقىمنى، نېمە ئۈچۈن خەت يازىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئالدى بىلەن پوزىتسىيەمنى كەچۈرگىن.

. . . ئېڭىم يورۇغان ئەسىرلەردىن تارتىپ سېنى كۆرگەنلىكىمنى، سېنى ھېس قىلالىغىنىمنىلا بىلىمەن. ساڭا نېمە ئۈچۈن خەت يازىمەن؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئويلىنىشتىن قورقسامدۇ، بىراق ماھىيەت بىلىۋالغۇچىلارنى بەك ئازابلايدۇ. . . خېتىڭدە دېگەندەك بەكلا رېئاللىققا قايتىپ كەتسەڭ شۇڭا «بىر نەرسە يازدىڭمۇ؟» دېسەم «يازمىدىم» دەپ خەت يازىسەن. مەن شۇڭا ئەسلىدىكى لىرىك، غۇبارسىز ھالىتىمنى بەك سېغىنىمەن. ياز! نېمىشقا يازمايسەن؟ چۈنكى «ياز» بىر سۆيۈملۈك سۇيىقەست! . . . ئەگەر يازمىساڭ سېنى تونۇشۇم مۇمكىنمىدى؟ . . . شارائىت، پارائىت! قوي ئۇنداق گېپىڭنى؟ ساڭا ھەرگىز ياراشمايدۇ؟ ئەسلىدىكى جۈرئىتىڭنى ساقلاپ قال! ھەي! ماياققا قارا، سەن ئۆزەڭ بىللە ئىشلەۋاتقان ۋە ياشاۋاتقان ئادەملەردىن پەرقلەنمىسەڭ (ئەھمىيەتلىك ئالاھىدە پەرقنى دېمەكچى) نېمە ئۇ مەۋجۇتلۇقۇڭ؟ دېمىسەممۇ، دۇنيانى مۆتىۋەرلىك ئادەملەر يارىتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ياكى ئاددىيغىنە ئائىلە ئايالى بولاي دەمسەن؟ بىراق مەنمۇ قايىلمەنكى بىزدە ياشىسۇن تەرتىپ! دېگۈم كەلسىمۇ، ئۆزۈمگە قىلچە قانائەت ھاسىل قىلمايمەن. ھەممىمىز چەللە باراڭدەك

www.uyghurkitap.com



ئىدىيىگە توشقانلارمىز. شۇڭا روھىمىزنىڭ سايىسى مۇكەممەل ئەمەس. لېكىن مەن مۇكەممەللىك توغرىسىدا گەپ ئاچتىممۇ؟ ئەمما سەن ۋە مەنمۇ ئوخشاشلا ئۆزىمىزدىن قورقىمىز!

. . . ساڭا نېمىلەرنى دېگەندىمەن؟ نېمىشقا خەت يازىدىغاندىمەن؟ بۆسۈپ چىقىشىڭ كېرەك سۆز بىلەلىمىدىم؟ ياق. . .

خەير! دەپ مەن.

رېئاللىق مېنى ھەم ھېسسىياتسىز ھەم قورقۇمسىز قىلغىلى تۇرۇۋاتىدۇ مەن نېمىگە ئىگە بولدۇم؟ بۈگۈن ۋە تۈنۈگۈن نېمىگە ئېرىشتىم؟ قەلبىمدىكى ئۈنسىز خىتابلارنى ساڭىلا دېگۈم كېلىدۇ؟ ھاياتىمدا ئۇچرىتىپ باقمىغاندىن سەنلا بار. سەندىكى شۇ نەرسىگە بەكمۇ بەك قايىلمەنكى، سەندىكى سۇسلۇق، مۇھەببەتتىن بەكرەك يۈكسەكلىككە ھالقىپ كېتەلەيدىكەن، سېنىڭ ئادەمنى ئازابلايدىغان تەرىپىڭمۇ ئويلاندۇرىدىغان تەرىپىڭمۇ شۇ بولسا كېرەك. . .

تالاي ئايلارنىڭ ماڭا ئاتا قىلغىنى ئۆز قەلبىمنى چۈشىنىشتەك ئازابلىق ئىش بولۇپتۇ. دادامنىڭ، ھەققانىيلىقى، ئانامنىڭ ماڭا ئوخشاپ كېتىشى، مۇلايىم ساددىلىقى، جەسۇرلۇقى، ھەممىسى مېنى شېئىرغا غەرق قىلىدۇ. ساڭا دېگەندەك بىچارە بولغۇم يوق. نېمىشقا مەنمۇ ئالىي ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، پاكىزە ـ ئازادە ياسىنىپ، شەخسىي پىكاپلارغا چىقىپ، كىشىلەرگە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ ئۆتمىگۈدەكمەن؟ (مانا بۇ نۇقتىدا شەيتاننىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى يەنىمۇ چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن. چۈنكى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مەندىكى بۇ تۇيغۇ ئالاھىدە شۆھرەتپەرەستلىك تۇيغۇسى!) رېئاللىققا بەكرەك غەرق بولۇپ كەتسەڭ (قانداق غەرق بولۇشۇڭ ئۆزۈڭگە باغلىق) ئۇ چاغدا جۇرئىتىڭنىڭ بەكرەك كۈچىيىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مەنمۇ ھەم شۇ مەن مەڭگۈ يوقلۇققا قاراپ يۈرۈش قىلالامدىمەن؟... قانداقتۇر ساڭا ئوخشايدىغان ۋىلىسىپىتىڭ بىلەن رېئاللىقتىن بۆسۈپ چىقىپ، رېئاللىققا قايتىشىم لازىممىكىن ـ يا؟

سېنىڭ ئەستايىدىللىقىڭ، مېنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى ياق، ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى بىپەرۋالىقىمنى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى، شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئازاب ئۇچۇن ئەڭ ياخشى دورا ـ بىپەر-

ۋارلىق! نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەن بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىمنى خالامسەن؟

خەير سالامەتمۇ سەن؟

يەنىلا نېمە ئۈچۈن «سەن» دېگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، بۇ پوزىتسىيەمنى چوقۇم كەچۈر. قەغەز ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن سالامىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم.

مېنىڭ ھېس قىلالىشىمچە سەن ئايرىم تىپتىكى قىز! ئەمما قانداقتۇر بىر ماھىيەتتىكى ئاغرىنىشلارغا بەنت بولۇپ، شېئىرىڭغا سىقىپ چىقىرىلغان قىممىتىڭنى ئانچە تونۇپ كېتەلمەيۋاتقانسەن؟ مەن ساڭا شۇنىلا سىگنال بېرىپ قويماقچى!

مەن سەندىكى ئىرادىگە ۋە جاسارەتكە ھەقىقەتەن راستىنى ئېيتسام بەكلا قايىلمەن. دېمەكچى، روھىڭنى ۋە روھىڭ ياشايدىغان زېمىنىڭنى پاك تۇتۇپ ۋە تېخىمۇ پاكلاشتۇرۇپ، سەرخىللاردىن بولۇشۇڭنى قەتئىي ئۈمىد قىلىمەن!

«ئۆلۈمدىن باشقىسىنىڭ تاماشا» ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىمەنيا! بۇنىڭ ئۆزۈڭگە تۇتقان پوزىتسىيەڭمۇ ياكى ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيەڭمۇ؟ جاۋاب بەر ئاياللار ئازادلىقىنىڭ سەردارى! ساڭا شۇنىلا تەۋسىيە قىلىمەنكى، ساڭا ھازىر كونا ئەمەس، يېڭى، گۈزەل چۈمپەردە كېرەك! . . . ئۇقتۇڭمۇ. . . ۋەھالەنكى تەبىئەتنىڭ شۇنداق بولۇپ قالسا مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرگەن بولىسەن! . . . ئۆزۈپ چىق! ئۆزۈپ چىق! ... ھايات ئۆزۈپ چىققانلارغا مەنسۇپ! گويا ئەمدىلا سۇ كۆلچىكىدە يۇيۇنۇپ بېشىمنى سىلىكىگەن قىزلار كەبى... بىرەر رېئاللىق سېنىڭ ۋە مېنىڭ قەلبىمگە مەھكەم ئورناپ كەتكەن... مەن سەندىن ئۈنى كۈتمەيمەن! ...

مەن گويا دۆتلا بولۇپ قالدىم. دۆت بولساممۇ دۇنيا مېنى چاقىرمىدى. ئەقىللىق بولسامچۇ شۇ. لېكىن دۇنيانىڭ چاقىرىشىنى كۈتۈش كېرەكما! ھاياتىمىز پۈتۈنلەي داۋاملىق بۆسۈپ كىرىشى، داۋاملىق ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. رەھمەت ساڭا! نېمىشقا ئۆزۈڭگە بولغان ئۈچمەنلىكىڭ، مېنىڭ ئازابلىق كۆلكەم بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ دەيمەن!؟ چۈنكى مەن سېنىڭ كۆلۈپ تۇرغان مەغرۇر تۇرقۇڭغا

www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇنغان، يۈرەك تىۋىشلىرىڭنى ئاڭلىيالايمەن ئەمەسمۇ؟ سەن مەنىۋى چۈشتىن ئويغىنىپ بولالمايسەن! بەلكىم، ئويغانغان ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويارسەن. . . مەن، سەن ئۈچۈن ئازابلىق تەبەسسۇم قىلىپ قول شىلتىپ قالارمەن. . . ئۆز روھىڭدا يۈيۈنۈپ، رېئاللىقتا سوقۇلۇپ كېلىۋاتقان سەنمۇ شۇ؟ . . . شۇنداق دېئاگنوز قويۇپ باقسام سەن ئاشكارىلاشنى خالىمىغان نەرسىلەر قەتئىي قەلبىڭدە تولۇپ يېتىپتۇ ئەمما ئۇنى سەنلا كۆرەلەيسەن، بىلەلەيسەن، ھەي، سەنزە كەلگۈسى ئايالىلارنىڭ ئەۋلىياسى سۈپىتىدە پەخىرلىنىشكە ئەرزەرسەنمۇ ۋە ياكى قارشى تەرىپىڭدىكى قاغىشقا؟ شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن يوقاپلا كېتەرسەنمۇ ۋە ياكى ئىسيانكارلىقىڭ بىلەن، ئەنئەنىۋى خۇراپاتلىق ئالدىغا سېلىنىۋالغان خەلقىمىز ئۈچۈن ئەجنەبىي ئاۋازىڭ بىلەن توۋلاپ قويۇپ يەكلىنىپ قالارسەنمۇ؟ ماقالىلەر توپلىمىڭنىڭ ئاخىردىكى ئەبجەش خاتىرىلەردىكى ئىچ - ئىچىڭگە پاتماي پارتلاپ چىققان چۇقانلىرىڭ بەلكىم ساڭا ئوخشاش ئۇيغۇر قىزلىرىمىزنىڭ ئورتاق نىداسى بولسا كېرەك! سەن توغرىلىقلا جىق ئويلاپ قالىمەن.

ئەگەر قۇم باسقان شەھەردە تۇرۇپ ئاشۇ ئەتلەس كۆڭلىكىڭ بىلەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈشنى خالىساڭ، مەن يەنىلا سېنىڭ ئاشۇ بىر سادايىڭنى «چۈنكى مەن ھايات» دېگەن سادايىڭنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرۇشنى خالايمەن! شۇنداق، ھاياتلىق بىزلەردە قارار تاپقاي، بۈگۈنمۇ بىز، ئەتىمۇ بىز! . . .

ساڭا بۇ خەتنى يازغان مۇشۇ مىنۇتتا پوشكىنىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى: «كەڭلىكنى سۆيگەن ئەقىل يۈرەكنى سىقار! » سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ باقسام، بولۇپمۇ سەن ئاشۇ خىل ھالەتتە! . . . مەنمۇ بىر نەچچە يىل ئىلگىرى شۇنداق يۇمران، ساددا، بەكمۇ رومانتىك بالا ئىدىم. نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتى، ئەنە شۇ چاغدا خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازالايتتىكەنمەن، ھازىرچۇ؟ ئۆزەمگە ئەڭ يېقىن جايدىكى تىۋىشلارمۇ ماڭا بەك ئېغىر كېلىدىغان. . . ھەي! . . . ئىشقىلىپ سەممىيىتىمدىكى نازۇكلۇقىمغا قانداقتۇر قوپاللىق ۋە تەشۋىش ئالمىشىپتۇ. قاياققىلا قارىسام،

رېئاللىقنى ئىنكار قىلساڭ زىيان تارتىسەن! دېگەندەك ئاجىزلاپ كېلىۋاتقاندەكلا، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قەتئىي ئۆزۈمنى تاشلىۋەتكۈم يوق، ئون يىل جىمجىت باش ئېگىپ ياشاشقا رازى ئەمەسمەنكى، بىر مىنۇت بولسىمۇ ھاياتنىڭ قۇترىغان بورىنىدا ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۆزەم بىلەن خوشلىشىشقا رازى.

سەن خېلىلا جىق نەرسىلەرنى چۈشەندىڭ ھەم چۈشىنىۋاتىسەن! شۇڭلاشقىمىكىن سەندىكى تۇيغۇ، ھېسسىيات نازۇكلۇقىڭ ئورنىغا بىر خىل ئېرەنسىزلىك ۋە غايەڭگە بولغان بىپەرۋالىق ئالماشقاندەك. . . سېنى ھېس قىلىپ ۋە ياكى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، سەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلايسەن. مەيلى تىمتاس كۆۋەجىشىڭگە غەرق بولغىن ۋە ياكى ئۆزۈڭنىڭ سۆيۈملۈك ھەسرىتىڭدىن سىرغىپ چىققىن، ھامان سەن رېئاللىقنىڭ يۈرىكىنى ئەمەس، رېئاللىق سېنىڭ يۈرىكىڭنى قاماللاپ تۇرىدىغانلىقىنى سەل ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىسەنغۇ دەيمەن؟ تەبىئىتىڭدىكى نازۇك مەغرۇرلۇقۇڭ قارىماققا سېنىڭ پەللەڭ، ئەمما شۇنىمۇ ئەستىن چىقارمىغىنكى ئادەم مەڭگۈ ئۆزىگە ئوخشاپ بولالمايدۇ. ھالبۇكى، سېنىڭ يۈرۈش قىلىۋاتقىنىڭ دەل مۇشۇ.

مەن قانداقتۇر قىياپەتلەر بىلەن سېنى سىناپ باقتىم، لېكىن سەن بۇنى بىلمەيتتىڭ! خوش بولغان يېرىم شۇكى، سەن ھەممىدىن بەك ئۆزۈڭنى ئىزدەشنى خالايدىكەنسەن!؟ بەربىر ھاياتىمىزنىڭ ھەممە قىسمى سىناققۇ ئاخىر! مەن سېنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن. سەن خېلىلا سۆيۈملۈك ئادەم! بىز نېمىشقا تىترەڭگۈ بولۇپ قالغۇدەكمىز؟ سەن دېگەندەك زېرىكىشتىن تەشنالىق ئەلا بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئاشۇ تەشنالىقتا ئۇرۇنغۇچى، مەنىۋى چاڭقاقلىقتا ئۆتكۈچى ئەمەسمۇ؟

نېمە ئۇ، ھەسرەت، نادامەت! بىزدىن ئىلگىرىكى تالايلىغان ئادەملەرمۇ شۇنداق ھەسرەت چېكىپ ئۆتكەن ئىكەن. . . مىڭ يىل قايغۇرۇپ ئون مىڭ پارچە شېئىر يېزىۋەتسەكمۇ دەرەخ يەنە شۇ ئۆز ئورنىدا، يوللار يەنە شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدىكەن. . . بىز ئۆزىمىزنى خورىتىش بەدىلىگە ئېھتىمال بەزى قىممەتلەرگە ئېرىشەرمىز؟ ئەمما، ئاشۇ قىممەتنىمۇ يارىتىپ بولغىلى بولمايۋاتسا! بۇ نۇقتىدا ئۈمىد

دېگەن نەرسىنى تىلغا ئالىمىز، ئاشۇ ئۇمىدىمۇ قاپقارا بەختى ئىچىدە غايىپ بولۇپ كېتەر. تىرىشچانلىقىمىزمۇ ئەمەلىيەتتە ئۈمىد ئۈچۈنلا··· ۋاي - ۋۇي نېمىلەرنى بىلجىرلاپ كەتتىم ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا تەسەللى بېرىپ ساپلىقتا ئېرىشىشقۇ ئاخىر! بولدىلا، يوقالسۇن چۈشكۈنلۈك!

ساڭا شاد كۈنلەرنى تىلەيمەن!

ئەتراپ تۇمانلىق، سوغۇق شامال چىقىپ تۇرىدۇ. بىر خارابە ئىشىكتىن كىرىپ - چىقىش بىلەن مەجبۇرىيەتلىنىدىغان تۇرمۇشۇمدا قەلبىمنىڭ كىمگىدۇر بىرسىگە ئېچىنىشاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. شۇنداق نەقىل كەلتۈرەلەيمەنكى، «ھەممە بەرسە بىزەر ئۆزىدىن» (ئارنولور. ۋە ۋېسكېر ئەنگىلىيىلىك) قەلبىدىكى چىنلىقلارنى بوشىتىشۋالغان ئادەملا خېلىلا بەھۇزۇر ياشىيالىسا كېرەك بەلكىم.

ھەر نۆۋەت ئۆزۈمنىڭ شېئىر دۇنياسىنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا دەيدىغان گېپىم تولا ھاللاردا يالغان گەپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بىر شائىرنىڭ ئازابى چىنلىقكەن ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ گېزىتتىكى «شېئىردىن قېچىش» دىن ئىبارەت ئىككى پارچە شېئىرىڭنى كۆردۈم. ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى بەكلا ياخشى چىقىپتۇ. مەن بەزى يېڭىچە شېئىرىيەتچىلەرنى تىل مۇرەككەپلىكىدىن ھېسسىياتنىڭ مۇرەككەپ چوڭقۇرلۇقىغا كۆچسە، ئاددىي، مەنىلىك تىل ئارقىلىق چوڭقۇر مەنىۋى قاتلامنى يەڭگىل ئىپادىلىسە ياخشى بولاتتى دەپ قارايمەن؟ قانداقتۇر يۈكسەكلىك بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئاچ روھىڭ ئۆتتۈرىسىدىكى دىلغۇللۇقۇڭ ياكى كاساتلىقىڭ سەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى تولىمۇ ئاجىز رەۋىشتە زاھىر قىلسا كېرەك.

سەن ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىش، ئۆز نوپۇزىنى، ئىمتىيازىنى قانداق تىكلەش ھەققىدىكى كونكرېت قاراشلىرىڭنى «قىز - ئاياللارغا مەسلىھەت» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىڭدا ئېنىق ئىپادىلىدىڭ. سېنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسۇڭ ئائىلىدە كۆيۈمچان، مەسئۇلىيەتچان، خىزمەت ئورنىدا قابىل ئايال بولۇشتىن ئىبارەت، مېنىڭچە تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىنكى بىر ئايالنىڭ تەرەققىياتىدا، شۇ ئايال بىلەن بىرگە ياشاۋاتـ

قان ئەرنىڭ رولى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. ئايال كىشى ئائىلىدە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇپ ئادا قىلىدىغان، خىزمەتتىمۇ ئىقتىدار-لىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياشاۋاتقان ئەر ئۇنى قوللىمى-سا، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىت بىلەن تەمىنلىمىسە، ئۇ ئايال يەنە نەتىجە قازىنالىشى ناتايىن. يەنە بىر تەرەپتىن ئايال كىشىلا تىرىشسا، ئەر كىشىدە بۇنداق مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىلغار قاراش بولمىسا، بۇ ئايال ئۆز ئائىلىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ ئامالسىز قېلىشى ـ ھەتتا ئەرنىڭ ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە لاياقەتسىز ئايال دەپ قارىلىشى مۇمكىن. سەن بۇلارنى چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىڭ كېرەك. قانداق قارايسەن؟ مەن بىلىپ تۇرۇۋاتى-مەنكى، سەن ئېرىشسەڭلا يوقىلىدىغاندەك . . . ئۆزلۈكسىز ھالدا كونا ئورنىدا تۇرۇپ يېڭىلىنىۋاتقان تۇرمۇش ئۆزىنى سەندەك ۋە مەندەكلەر-گە تەبىئىي ئېتىراپ قىلدۇرۇشنىڭ كويىدا . . . بەزىدە بىھۇدە ئىشلار-نىڭ ئادەمنىڭ قىزغىنلىقىنى سوۋۇتۇشقا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى سەن-مۇ بىلىسەن چوقۇم، سەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزىچە بىردىنلا قىممىتىڭنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىۋالغانسەن. ئەمما ئۇلار ساڭا بىر ۋاستىغۇ خالاس.

سېنىڭ ئەسەبىيلىكتىن كېيىنكى تۇرقۇڭغا دىئاگنوز قويۇپ باق-سام، سەن ئۆزلۈكسىز ھالدا رېئاللىققا قايتىپ كېلىۋېتىپسەن، نې-مىنىدۇر تاللىساڭ بولىدىغاندەك ياكى بولمايدىغاندەك . . . بىر خىل مەجھۇل ھەل سەندە قارار تېپىپتۇ. بىر يەرلىرىڭدىن نېمىگىدۇر قىيالماسلىقىڭ ھەم چىدىماسلىقىڭمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ دەرىجىسىدە تۇرۇپ دەڭسەۋاتقاندەك ياكى دەڭسەشتە قىيىلىنىۋاتقاندەك قىلىسەن. دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىشنىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىلىش ئىكەنلىكىنى ساڭا ئېيتىپ يۈرمىسەممۇ، سەندىكى خەۋپسىرەش يەنىلا چولپانلىقىڭنى تۇغدۇرالايدىغاندەك قىلىدۇ. شۇن-داق ئەمەسمۇ، نەرسە نېمىلا بولمىسۇن ئېغىرراق بولغان ياخشى. گۇناھىمىز نېمە دېگەندە بىزدە ئېغىرلىق يوق، لېكىن تاشتەك چۆكۈپ كېتىشنى غەلىبىمىز دەپ قارايمىز، سەن ھالقىپ چىقىشىڭ كېرەك، پارلىشىڭ كېرەك، سەن شۇنداق قىلالايسەن، ئۇقتۇڭمۇ كالۋا! ؟...

www.uyghurkitap.com



مەن سەندىن نەتىجە كۈتىمەن! شان ـ شەرەپ كۈتىمەن. بۇ خۇدا خالىسا جەزمەن روياپقا چىقىدۇ! ئەمما ئىنسانلىقىڭدىكى ئاجىز ـ ئازغۇن ھېسلارنىڭ قەلبىڭگە داغ پەيدا قىلىشىنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭمۇ خالىمايسەن ھەم مەنمۇ خالىمايمەن. تەكەببۇرۇڭغا ئېلىپ ئەجەپ نەسىھەت قىلغۇدەك، باشقۇرغۇدەك بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ دەرسەن، شۇنى بىلىپ قالغىنكى بۇ مېنىڭ سەمىمىي سۆزۈم!

ساڭا ئەھمىيەتلىك قەدەم تىلەيمەن!

كەلگەن خەتلەرنى بىر قۇر ئوقۇيمەندە، ئۆزۈمنىڭ تۇرقىغا قايتىدىن تىكىلىپ، گويا دوستلىرىم مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك مەن ئۇلارغا ۋە ئۆزۈمگە يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك تۇيغۇ بىلەن كۈچلۈك ئىرادە ۋە غەيرەتكە تولىمەن.

ئىنسانىنىڭ روھىي دۇنياسى تۈرلۈك مەنالارغا باي تولىمۇ كەڭ بوشلۇق، بىز ئۇنى توغرا تونۇپ، ئېنىق ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئەستايىدىل پەرۋىش قىلالىساقلا ھەربىرىدىن ھاياتقا چوقۇم ئاجايىپ خۇش پۇراق گۈللەرنى تەقدىم قىلىپ، قىسقىغىنە ئۆمرىمىزدىكى ھايات مۇساپىمىزنى مەنىلىك باسالايمىز.

دوستلۇق، مېھىر ـ شەپقەت تۇيغۇسىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ، ساغلام روھىي پەرۋازىنى، ئاۋازىمىزنى، ئۆزىمىز بوغۇپ قويۇپ، تار دائىرىگىلا چۈشەكىلىۋاتقان نېرۋىلىرىمىزنى ھالسىرىتىۋاتىمىز. ئىنسانىنىڭ روھىي قاتلىمى، مەنىۋى ئېھتىياجى بۇنداق يۈزە، بۇنداق خۇنۇك ئەمەس، ئۇ ئەسلىدىنلا قات ـ قات تىلسىماتنى شەكىللەندۈرگەن مېھىر ـ ۋاپا، گۈزەللىك مەنبەسى، چۈنكى ئەسلىدىنلا ھەممىمىز گۈزەللىككە، دوستلۇققا، مېھىرگە مۇھتاج ئىدۇق، ئەتراپىمىزدىن كېلىۋاتقان دوستلۇق سادالىرى بىزنى ھاياتقا چەمبەرچاس باغلىۋەتكەندى.

1999 ـ يىل. قاراقاش

# ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويماڭ

تويى سىلىقى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ يىگىتلەرگە بېسىم بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە، كەسىپچانلىقى كۈچلۈك بەزى قىزلارنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان مەنىۋى سىلىقى تويى قىلىشتىن قورقىدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ قىزلار: تويى قىلىش بىر خىل ئېغىر يۈك. كەسىپتە ئاز - تولا نەتىجە يارىتاي، ئىزدىنەي دېسەڭ كۆپرەك زېھنىي - قۇۋۋىتىڭ، ۋاقتىڭ شۇ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئائىلىگە تازا دېگەندەك ئېتىبار بېرەلمەي قالساڭ، ئەر بولغۇچىلارنىڭ چاندۇرماي سېنى قوللاپ كېتىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك، بولغاندىمۇ مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن يەنىلا چاندۇرىدۇ، ياكى سەن تويى قىلغاندىن كېيىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىختىيارسىز ئەسلىدىكى غايەڭ، ئىزدىنىشچانلىقلىرىڭنى يوقىتىپ، ئائىلە ئىشلىرى ۋە ئادەمگەرچىلىك قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىسەن. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن زېھنىڭ، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ، ئۈمىدۋارلىقىڭ، كەتسە قايتىپ كەلمەيدىغان بىباھا ياشلىقىڭ سىلىنچا بولۇپ كېتىدۇ. بىز بەرگەن شۇ بەدەلگە لايىق مېھىر - مۇھەببەتكە، ساداقەت، بەختكە ئېرىشەلەمدۇق - يوق، يەنى كېلىپ بىزدەك قىزلارنىڭ مەنىۋىيەتكە بولغان تەشنالىقىمىز يۇقىرى، تۇرمۇشقا بولغان تەلىپىمىز قاتتىقراق بولغاچقا، تويى قىلغاندىن كېيىن ئىشلار ئويلىغىنىمىزدەك چىقمىسا، تەقدىرگە تەن بەرگۈمىز كەلمەيدۇ - دە، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەردە تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرمايمىز ھەمدە مىڭلىغان سوئاللار قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىپ، مىجەز - خاراكتېرىمىز ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلىشىپ كېتىمىز. شۇڭا بۇنداق ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق يۈكنى يۈكلىۋېلىپ نېمە قىلىمىز، دەپ تويى قىلىش ئائىلىلىك بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتىدۇ.

مۇكەممەل، ھەقىقىي گۈزەل ۋە قۇدرەتلىك بىر ئايالنىڭ ئوبرازى ئىككى خىل مەسئۇلىيەتنىڭ بىرلىكى بىلەن نۇرلىنالايدۇ، چۈنكى

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇشۇنداق قىزلارنىڭ جاسارىتىگە موھتاج بولۇپلا قالماي، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت، پەرزەنتلەرنى سۆيەتلىك تەربىيىلەشمۇ مۇشۇنداق قىزلارغا موھتاج. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپ ئېڭى ھەم تۇرمۇشى بۇنى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ كېتەلمىگەچكە، بۇ خىلدىكى قىزلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا زەربە بولىدىغان ھەرخىل بېسىملارمۇ بولىدۇ. تەبىئىي، ئىجتىمائىي شارائىتمۇ ئۇلارنى قىستاپ ئامالسىز قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل قىزلار روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، يېتىمسىراپ قالىدۇ. . .

قەدىرلىك دوستۇم يا بېلىق تۇتالماي، يا قارماقنى ۋاقتىدا تارتىۋالالماي تېڭىرقاپ تۇرۇۋېرەمسىز؟!

شۇنىمۇ ئۇيلاڭكى، سىزگە ئوخشاش ئالغا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تىرىشچان، ئەقىل ـ ئىدراكى جايىدا بىر قىز ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئىنتايىن گۈزەل ۋە بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقالايدۇ.

بىر قىزنىڭ ياكى ئايالنىڭ ئاياللىق سەنئىتىدىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە جەزبىدارلىقى مەڭگۈ سېھرىي كۈچىنى يوقاتمايدۇ. بۇ سېھرىي كۈچ ئائىلىدىلا تولۇق ماھارەت كۆرسىتىدىغان سەھنىگە ئىگە بولالايدۇ.

سىز ئاشۇ گاڭگىراش ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۆز تىرىشچانلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرسىڭىزلا كەسپىتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسىز، خاتىرجەم ئائىلىگە، سىزنى قوللايدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، رىغبەتلەندۈرىدىغان تايانچقا ئېرىشەلەيسىز. سىز ئاشۇنداق ئۇلۇغ مەجبۇرىيەت، يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئالغاندىلا، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي لەززىتى، بەختنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلەيسىز.

سىز ئۆزىڭىزگە، يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزگە ئىشىنىڭ. ئورۇنسىز غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالىي بولۇپ، ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك، خۇشال ـ خۇرام بۈگۈننىڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىڭ. ئەتىدىن قورقۇپ، بۈگۈنىڭىزنى غەم بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ، چۈنكى ئەتىڭىز بۈگۈنىڭىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن تۇغۇلىدۇ.

1999 ـ يىل. قاراقاش

# بىز يەنە شېئىرسىراۋاتىمىز

روھ ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. شېئىر چەكسىزلىككە سىڭىپ كەتكەن روھىمىز مونولوگلىرىنىڭ ناگان ـ ناگاندا بىز ھېس قىلىپ قالىدىغان خۇرسىنىشلىرى، سىلكىنىشى، ئۆزىنى تىڭلىشى. ئۇ بىزنىڭ ئادىمىي چۇقانلىرىمىز ئىچىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ، شۇنىڭدىن بۇيان شېئىر بىزنىڭ قېنىمىز بىلەن بىرگە ھاياتلىقىمىزدىن بېشارەت بېرىپ كەلدى. دېمەك، بىزنىڭ ئادەملەرگە خاس تۇيغۇمىز، پىنھانە پىچىر ـ پىچىرلىرىمىز، تەبىئەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھىممىتى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئاۋازلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان زېھنى شېئىر بولۇپ تۇغۇلدى. رېئاللىقنىڭ يۇگۇر ـ يېتىملىرىدا نەپسانىيەت ۋەسۋەسچىلىكىدىكى يەم بولۇشلار ئىچىدە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈرلەركى، ھېلىمۇ ئۆزىمىزنى تونۇشقا، روھىمىزنى تازىلاشقا، تەبىئەت سىرلىرىنى بىلىشكە، ئۇنىڭ تەڭ مەرتىۋە يۈكسەكلىكىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرىكىپ كېتىشكە، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشقا بىزگە مادار ۋە تىرەنلىك ئاتا قىلىنغان ھىممەت ـ شېئىر!

بىزنىڭ قەلبىمىز چەكسىزلىككە سوزۇلغان شېئىر، بىز مانا مۇشۇ شېئىرنىڭ پەش ـ چېكىتلىرىدە توختاپ ھېس قىلىشىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىيلىكىنى تونۇپ تۇرىمىز. ئىنسان روھىنىڭ مەنىۋى قاتلاملىرى شۇنچىلىك نازۇك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئەپسۇسكى قەلبىمىزدىكى ئاشۇ شاۋقۇنلارنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەكىل تىل بەك نامرات، سەزگۈ بەك قاتمال بولغاچقا بىزنى، دېيىلمىگەن، ئىپادىلەنمىگەن ھېسلىرىمىزنى لايىقىدىراق دەپ بېرەلەيدىغان تىل شەكلى بىلەن بىزگە ئاڭلىتىپ ئىچ ـ ئىچىمىزدىن ئازادىچىلىك ھېس قىلدۇرالايدىغان، چىڭىپ بېسىم ھاسىل قىلىۋاتقان روھىمىزنىڭ يۈكىنى ئازايتىپ، بىزدىكى تەنھالىقنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدىغان شېئىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لار بەك ئاز.

ئەدەبىيات ئەمدىلا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش باسقۇچىغا كىردى. ئۆزىنىڭ ئەسلىي فۇنكسىيىلىك ماھىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان شېئىرىيەت، غەيرىي ئەدەبىيات جاكارچىلىقىدىن ئىبارەت مەغلۇبىيەت قاينىمىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلىپ ئەسلىگە قايتىۋاتىدۇ. بىر كەملەردىكى شۇئارۋازلىق، پۈرسەتپەرەس نەزمىچىلىك قاپلىغان شېئىرىيەت قاينىمى ئېچىنىشلىق تراگېدىيە ئىكەنلىكىنى سۆرەپ ئەكىرىپ، نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ھەتتا ئۆزىنى ئىنتىراپ قىلىشقىمۇ مادارى بولمىغان سەزگۈمىزنى سەگىتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قاپىيىلىك سۆزلەر تىزمىسىدىن بىزار بولۇپ ئېچىرقاپ كەتكەن شېئىر تۇيغۇمىز، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلىشقا باشلىدى. بۇنداق روھىيەت قاتلاملىرىنىڭ نازۇك تەرەپلىرىگە بىمالال ھۇجۇم قىلالىغان شېئىرلار، ئەلۋەتتە كۆنۈكۈپ كەتكەن تۇيغۇ ئىككىمىزنى تېگىرقىتىپ قويدى. مانا تېخىچە تېگىرقاشنىڭ گىرىمسەن جىلغىلىرىدىن چىقىپ بولالماي ئاۋارىمىز! بۇ شېئىرلاردىكى گۈزەللىك دەل بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ ئۆزىمىزگىمۇ غىل - پال تۇيغۇ بېرىدىغان، ئاللىقانداق سىرىمچانلىقتىكى نازۇكلۇق ئىدى. بىزنىڭ قەلبىمىزدە، مەنىۋىيىتىمىزدە ئۆزىمىز تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان مەنىۋىيەت چاڭقاقلىقى، تەنھالىق تولۇپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ قاپىيە تۇراق بوغۇم دائىرىسىدىكى چەكتىن قانائەت تېپىپلا كەلگەن شېئىرىيىتىمىزدىكى خېلى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن ئاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا قوبۇل قىلىش بىلەنلا شاللاش ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەرلىك زىددىيىتى يۈز بەردى. ھەتتا ئىككى ئېقىمدىكىلەر ئىلمىيلىكتىن مۇنازىرە شەكلىدىن ھالقىپ شەخسىيەتكە تېگىدىغان گەپ - سۆزلەردە بولۇپ، ئۇنى شەخس دائىرىسىگىچە سۆرەپ ئەكىردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىر مىللەت ئەدەبىيات ئىلمىي ئۈستىدە مۇھاكىمە، مۇنازىرە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەدەبلىك سۈپىتىدىن ھالقىشىپ، ھەتتا سورۇنلاردا ئىككى ئېقىمنىڭ ئادەملىرى ئۇچرىشىپ قېلىشسا ئۆزئارا ھال ئەھۋال سوراشمايدىغان، سالامىمۇ قىلىشمايدىغان ھالەتكە كېلىشتى. دەرۋەقە ئارىدىكى بوشلۇقتىن پايدى-

لىنىپ يېڭىدىن كۆز ئېچىۋاتقان بۇ ساھەدىن شېئىر قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، خالىغانچە جۆيلۈپ ئۆزىگە شائىرلىق ئاتىقى تەلەپ قىلىدىغان ھاماقەتلەرمۇ مەيدانغا چىقىشتى. بۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەچىلەر ئۈچۈن پايدىسىز مۇھىت يارىتىلىپ، يېڭىچە ئۇسلۇبتا ياخشى شېئىر يېزىۋاتقانلار ئۈچۈن ئەمدىلا تەمتىلەپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان بالىغا ئېغىر ۋە كېلەڭسىز ئاياغ كىيگۈزۈپ قويغاندەكلا بىر ھالەت يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئارىدىكى مۇرەسسە توغرا، ئىلمىي، ئەستايىدىل پوزىتسىيىنى، پايدىلىق تەرەپتىكى پىكىرنى قوبۇل قىلالماي، مەيدانغا چىقىرالماي ئاقساپ يۈرۈپ، ئەمدىلەتىن ھوشىنى تېپىۋاتىدۇ.

روھىمىزنىڭ، ئېڭىمىزنىڭ قايتىدىن ئۆزىنى تونۇشى، ھېس قىلىشى بىلەن مەيدانغا چىققان ياخشى يېزىلىۋاتقان، تەبىئىتىمىزنى، روھىي دۇنيارىمىزدىكى غۇۋالىقنى، ھەقىقىي شېئىري تۇيغۇلار نازۇكلۇقىنى يېقىشلىق، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ، تىلدىكى غۇۋالىقنى ئەمەس، ھېستىكى غۇۋالىقنى ئىپادىلەپ بەرگەن بىر تۈركۈم شېئىرلارنى قانداقتۇر يېڭىچە شېئىرلار، گۇڭگا شېئىرلار دەپ ئاتاشمۇ مۇشۇ خىل تېگىرقاشلىرىمىزنىڭ مەھسۇلى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزگە، مەنىۋىيىتىمىزگە ھېچقاچان گۇڭگا ۋە يېڭى ئەمەس. بىز بۇ يەردە ئۇسلۇبى ئوخشىمايدىغانراق شېئىرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىدۇق. ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىن پەرق قىلىشقا تەمشەلمىدۇق. بەزى ياخشى شېئىرلارنى بىزگە يېڭى ۋە گۇڭگا تۇيۇلدۇرىدىغان نەرسە، بىزدىكى ھازىرغىچە كەلگەن جۈرئەتسىز، ئېتىراپ قىلالماي كەلگەن مەنىۋى بېكىنمىچىلىك، ھېسسىي نازۇكلۇقىمىزدىكى شەكلەنلىككە كۆنۈكۈپ كەتكەن قالقان. ئەسلىمىزدە بار نەرسىلەرنى، روھىمىزنىڭ پىچىر - پىچىرلىرىنى ئاڭلاش بىزگە گۇڭگا ۋە ياتمۇ؟ ياق بىزدە روھ بولغان ئىكەن ئازابلىنىش خۇشال بولۇش تۇيغۇلىرى بولغانىكەن بىز ئەزەلدىنلا بۇنداق ھېسلارغا باي ئىدۇق، ئەمما سەزگۈچانلىقىمىزدا، ئۇزاق ـ ئۇزاققا سوزۇلغان سوكۇتلىرىمىزدە نېمىلەرگىدۇر تەشنا بولۇپ، نېمىلەرنىڭدۇر كەملىك قىلىۋاتقانلىقىنى، روھىمىزنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئاۋازلارنى ئاڭلاپ پەرق ئېتەلمەي يۈرگەنلىكىمىزنى، تەنھالىق ھەۋەسلىرى-

مىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتۇق... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن شېئىر، شېئىرىي سېزىم ئىدى. دېمەك بىز ئاجايىپ - ئاجايىپ شېئىرسىراپ كەتكەندۇق قەلبىمىز يېزىلمىغان شېئىرلار قاپلاپ كەتكەن يانار تاغ جىمجىتلىقىدىكى ماگمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئەپسۇسكى، مۇشۇ قاغجىراپ كەتكەن چاڭقاقلىقتا مەلھەم بولغۇدەك شېئىرلار بىزدە بەكمۇ كەم. ئاندا - مۇندا يېزىلىۋاتقانلىرىمۇ مەتبۇئات ئورۇنلىرىدىن تېگىشلىك نوپۇزغا ئىگە بولالماي كېلىۋاتىدۇ.

بۇ نۇقتىدا بىز ئەنئەنىۋى شېئىرلارنى چەتكە قاقماقچى ئەمەس. بۇ يەردە مۇرەسسە مەيداندىكى شېئىرلارمۇ نوقۇل ھالدىلا ئەنئەنىۋى شېئىرلارغا قارىتىلغان ئەمەس. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىمىزدا ھازىر بىز تىلغا ئېلىۋاتقان شېئىرىيەت ئېقىمىدا بولىدىغان ئىلغار ئەمۇنىلەر بولغان. ئادەمنىڭ روھىنى تىترىتىپ زىلزىلە قوزغىغۇدەك لەززەت بېغىشلايدىغان شېئىرلار ئاز ئەمەس. بىراق ئۇ دەۋر ئۆتۈپ كېتىپ، بىزنىڭ شەكلەنلىكتىكى ئەنئەنىنى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز دەپ سۆرەپ ئەكىرىشكە ئۇرۇنغان پۇچەك شېئىرلار ھەقىقەتەن بىزدە كۆپ يېزىلىپ كەتتى، داۋراڭمۇ سېلىنىشتى. بايراملىق شېئىر يېزىپ ئېھ، پاھ بىلەن شائىر بولۇۋالىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. قانداقتۇر پارقىراق، دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزىمىزنى روھىمىزدا كۆرۈشتۇرۇپ پەقەت سەزگۈدىلا ھېس قىلغىلى بولىدىغان مەنىنى ئىپادىلەش، ئاندىن ئۇنىڭغا ئويناقلىق، مەزمۇنىغا مۇۋاپىق سۆز قوللىنىش قاتارلىقلار شېئىرىي سېزىم بىلەن دىت مەسىلىسى. مانا بۇ يەردە ھەقىقىي شېئىر مەۋجۇت. ئارىمىزدا شېئىرىي قىينى بارلاردىن كۆرە، تىل سەپدەش ۋە قۇراشتۇرۇۋېلىپلا، ئۇقسا بىر ئاھاڭدارلىق شەكىللەندۇرۇپلا شېئىر يېزىۋالىدىغان ياكى تاغدىن - باغدىن تېپىشماق ئېيتىپ قويۇپلا يېڭىچە شېئىر يېزىۋالىدىغانلار كۆپىيىپ، شېئىرىيەت قوشۇنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. گاڭگىراپ قېلىۋاتقان بەزى مەتبۇئات ساھەلىرى بىلىپ - بىلمەي ئېلان قىلىۋېرىپ تېز سۈرئەتتە شېئىر ياساۋاتىدۇ. بىر ئادەمنى ئارتۇقچىلىقى بار دەپ تۆت - بەش قېتىم ماختاۋەرسە باشقىلاردا

راستلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغىنىدەكلا بىر قانچە شېئىر بىلەن ئۆزىنى شائىر ساناپ ھەم شائىر ئاتىلىپ يۈرۈۋاتقانلار ئاز ئەمەس، ئەمما ھەقىقىي شېئىرىي ھېسقا تويۇنغان شېئىرلارنى خېلى تەستە تاپىمىز.

ئادەمنىڭ تەبىئىتىنىڭ چىنلىق بىلەن مەنىۋى دۇنياسىنى ماھىرلىق تىل سەنئىتى بىلەن ئەۋرىشىم ئىپادىلەشتىن كۆرە، شېئىرىيەت نەزەرىيىسىدىلا چۆرگىلەپ قالىدىغان، پوچەك، سۆز ئويۇنى قىلىپ قويىدىغان ھەم مەلۇم بىر ئىشنىڭ جاكارچىسى بولۇپ، پۈرسەتپەرەسلەرچە جان باقىدىغان شېئىرلاردىن بىزارمىز. گالىستۇك تاقاپ، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگۈزۈلۈپ، ئۆزىنىڭ سالاپىتىدىن ئۆزىمۇ ھەم باشقىلارمۇ ئەيمىنىپ، قاتۇرۇپ قويۇلغان شېئىرىيەت قىتىغۇرلۇقى بۇزۇۋېتىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىكى سالاپەت، ئۆزىدىكى تەبىئىي ھەرىكەتچانلىقنىمۇ بوغۇپ قويىدىغان، قورۇق كىيىم سالاپىتىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئىي سالاپەتنىڭمۇ، تەبىئىي قاملاشتۇرۇلغان چاكىنىلىقنىڭمۇ ئىزناسى يوق. ئۇ ھەر ئىككىلىسىنى قاملاشتۇرالمىغان جانسىز، خۇنۇك، ئوبرازىمۇ يوق، تەسىرى خۇددى ھېجىيىپلا تۇرىدىغان يا ئاچچىقىنىڭ يا تاتلىقىنىڭ تايىنى يوق، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان ئارىلاشما ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق شېئىرلاردىن ئۇيغۇرنىڭ قېنىنى، ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار بۇرمىلىنىۋېتىلگەن.

مەيلى يېڭىچە دەپ ئاتىۋالغان شېئىرلاردا بولسۇن ۋە يا ئەسلىدىكى شېئىرىيەت ئېقىمىمىزدىكى شېئىرلاردا بولسۇن، تىلىنى ئەنگلىيىدىن، تۇيغۇسى ئاۋستىرالىيىدىن، قۇرۇلمىسى ئامېرىكىدىن ئەكېلىپ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، خاتىرىلىنىۋاتقان شېئىرنى قانداقمۇ ئۆز يۈرىكىمىزنىڭ ئاۋازى، قەلبىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشى، مىللەت روھىنىڭ نامايەندىسى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىپادىسى دېگىلى بولسۇن؟! بىزگە ئىنسان تەبىئىتىگە سادىق، ھەقىقىي تويۇنغان ئۇيغۇر پۇراقلىق شېئىرلار كېرەك. پەقەت بىزدە سېزىم ساپ، ئۇنى بايقايدىغان سېزىم ساپ بولسىلا، ئەينەن ھېس قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسىلا، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇۋاپىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىسىلا شېئىرىيەت شەكىلدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شېئىردىكى ھېسسىيات ـ شېئىرنىڭ قېنى، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى شېئىرىيەت ئىلمى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئەستايىدىل ئېتىراپ قىلىشقا يۈزلىنىپ بېرەلىسەكلا شېئىرىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولىدۇ. ئەلۋەتتە ھەر قانداق بىر ئېقىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىز تەرەپلىرى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز ئاشۇلاردىكى ئۆزىمىزگە كېرەكلىك دېتاللارنى تاللىۋالساقلا پايدىلىق يۈزلىنىش باسقۇچىدا تۇرالايمىز. تاللاش ۋە شاللاشتا بىزگە ئەڭ مۇھىمى ئەستايىدىللىق كەم، ئۆزىمىزنى ھېس قىلىپ بېقىشىمىز، تۇيغۇلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ بېقىشىمىز گال بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھەقىقىي شېئىر ـ شېئىرىيەت نەزەرىيىسىدىن جۇغلانغان چەكتە ئەمەس، ئۇ ھەممىمىزنىڭ قېنىدا يۈرىكىدە! سەزگۈمىزگە ئىشىنەيلى، ئۆزىمىزنى دەڭسەپ باقايلى. مانا ھەممىمىز ئاللىقاچان شېئىرغا ئايلىنىپ، شېئىرسىراپ، ئۆزىمىزنى ئېچىشنى، ئىپادىلەشنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمىزغۇ؟!

1998 ـ يىل. ئۈرۈمچى

# گۇڭگا گۈزەللىك شېئىردىكى پەزىلەتلەرنىڭ بىرى

ئادەمنىڭ ھاياتى بىلىشنىڭ چەكسىزلىكىدە تۈگەيدۇ. ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزى ۋە ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى بىلىشى تېخىمۇ تاكامۇللاشقانلىقى يوق. سەۋەبى ھەر قانداق يېڭى بىر بىلىش ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان زېمىندا يىلتىز تارتىۋاتقان سوئاللارنى تۇغىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن ئۆتۈۋاتقان ھەر بىر كۈن، ھەربىر مىنۇت ـ سېكۇنت بىزگە ئۆزىمىز ھەققىدە، تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدە ئۆزگىچە تەسىراتلار ئىچىدە نۇرغۇن سوراق ۋە كۆپ چېكىتلەرنى قالدۇرىدۇ. ئېڭىمىز ماددا بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس مونولوگ ۋە دىئالوگلاردىكى غۇۋا ئوبراز كۆلەڭگىلەرگە تولۇپ، قاتمۇ ـ قات چۆكمىگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل يوچۇن ئوبرازلار روھىيەت سىجىللىقىمىزغا نامەلۇم ئەكس سادالارنى قالدۇرۇشى بىلەن تىنچسىز، ئېچىرقىغان ئازابلىق تۇيغۇلارنى باشلاپ كىرىدۇ.

مىڭ مەرتىۋە شۇكرىلەركى ئاجايىپ مۆجىزە بىلەن تەڭداشسىز سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئاپىرىدە قىلىنغان ئىنسان، رېئال ياشاش مۇھىتى ۋە ئىقتىدارى بىلەن جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئېرىشسە، ئۆزىنىڭ مەنىۋى زېمىنىدا ئۆز قىممىتىنى دەڭسەش كامالى بىلەن ياشاش بەختىگە، ھەسرەت بىلەن پاكلىققا، سەنئەت بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ.

شېئىر روھنىڭ ئۆزىدە ئاپىرىدە قىلغان سەنئەت دۇنياسىدىكى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنئىي مەۋجۇدىيىتى بولۇپ، قەلب ئالەمىمىزدىكى تۈگۈنلەر ئۇرۇلۇشىدىن چېقىلغان چاقماقتۇر. ئۇ شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتىكى پىسخىك داۋالغۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى، توقۇنۇش ـ زىددىيەتلەرنى سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ئۆزلىرى قايسىدۇر بىر ۋاقىتلاردا تەلتۆكۈس ھېس قىلىپ لەززەتلىنىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان گۈزەللىكلەرنى ۋە ئۇلاردىكى مەنىلەرنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھېسسىي بىلىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ مەلۇم نەرسىنى بايقاش، بىلىش، مۇئەييەن يېڭى پىكىرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىكى مەۋھۇم بىر قۇتراتقۇلۇقنى، تەلپۈنۈشنى، كەملىكنى ۋە يېتىرقاشنى، ئاندىن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سېزىملاشقانسېرى كەيپىياتلاشقان سېھرىي رېئاللىقتا شېئىر تىلىدا سۆزلەشكە باشلايدۇ. دېمەك، ھەربىر ئىنسان ۋۇجۇدىدا خاتىرىلەنمەي قالغان نۇرغۇن شېئىر غۇۋالىق ئىچىدە ساقلانغان بولىدۇ. بۇ خىل ھېس - تۇيغۇ پەقەت ئۆزىگە رەڭداش ياكى ئۆز ئۇچۇرمىلىرىنىڭ پەرۋازى بولالايدىغان ھېسسىياتتىن تېز سىزىما قالدۇرالىغان سۆز - جۈملىلەر يەنى شېئىرلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئاندىن ھاياجانلىق بىر بايقاشنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ نۇقتىدا ھەممە ئادەم، ئادەملەرگە خاس ئازابلىنىش، خۇشاللىق ۋە چەكسىزلىككە ئىنتىلىش دۇنياسىدا ئۆز قەلبىنىڭ ئەڭ سادىق شائىرى، ئۇلار ئۆز قەلبىگە مەھكۇم، سۆزلەشكىلى تىلى، يېزىشقا قولى ئاجىزلىق قىلىدىغان، ھېسسىياتقا تويۇنغان تىلغا نامرات شائىر. چۈنكى شېئىر ھەرىكەت، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدە پانىي دۇنيانىڭ سايىسى، ئۇ تەرىپىدە نۆل بىلەن ئىپادىلەنگەن جىمجىتلىقنىڭ سايىسى. روھىمىز قەۋەتلىرىدىكى ھەربىر ئىستەك توختىماي پۇرسەت كۈتىدۇ. ئۆزىنى روياپقا چىقىرىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان چەكلىك بىر شەكىلنى بايقاشتىن بۇرۇن قاراڭغۇ ھالەتتە تۇرىدۇ. بىزمۇ ئۇنى بىلەلمەيمىز، شەكىل بايقالغان ھامان تىترەشكە باشلايمىز. چەكسىزلىكنىڭ شەكىل ئىچىدىكى بۈيۈك تەۋەللۇتى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق شەكىللەر گويا بىزنىڭ لۇغىتىمىزگە ئايلىنىدۇ، ئىستەكلىرىمىز ئەقلىمىزدىن بۇيرۇق كۈتمەيلا، ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى تاللاپ، ئىپادىلىنىشىنىڭ بۇرمىسىمان كۈنەكلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. مانا مۇشۇنداق روھىي قايتىش بىلەن گۈزەل بىر ئەپسانە رېئاللىقنىڭ غۇۋا قۇچىقى بىزنى ئۆز باغرىدا قايتىدىن يارىتىدۇ، يۈكسەك مەنىۋىيلىك بىزگە سوۋغا قىلغان گۈزەللىكنىڭ لەززىتى خۇددى ئاجايىپ گۈزەل خۇلۇقتا ۋە تەڭداشسىز ھۆسن - جامالغا ئىگە ساھىبجامال قىزنىڭ نېپىز پەردە ئىچىدىن بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي قېلىۋاتقان لاتاپىتىنىڭ خۇش تەبەسسۇمىنىڭ ۋۇجۇد - ۋۇجۇدلىرىمىزغا باشلاپ كىرگەن ئېقىمىدەك ھاياجانلىق

ئىلاھىيلاشقان بولىدۇ.

بىز ھازىرغىچە ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى دەپ بېرى كەلدۇق. مەن ھېسسىياتنى ئانىغا ئوخشاتسام، شېئىرنى ئانىدىن تۇغۇلغان بوۋاققا، شېئىردىكى گۈزەللىكنىڭ بۇ بوۋاقنىڭ جېنىغا ئوخشىتىمەن. چۈنكى ھېسسىيات بولمىسا شېئىرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس بولغانلىقىغا ئوخشاش كىتابخاننى روھىي تىلسىمات ئالەمىگە باشلاپ كىرىپ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلاندۇرالمىغان، ئۆز روھىنى تىڭلاشقا تەسەۋۋۇر بوشلۇقى بەرمىگەن شېئىر، ھەقىقىي شېئىر ئاتىقى بىلەن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

شېئىردا پىكىرنى قانداق يېزىش توغرىسىدا رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى لېۋ تولستوي: «لاۋۇزىلىشىپ قېلىشتىن قورقماسلىق، ھەممە سۆزۈڭنى ئوچۇق ئېيتىشۋەتكىن» دېگەنىدى. شېئىردىمۇ بىز تولستوي ئېيتقاندەك لاۋۇزىلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن پىكىر تىرەنلىكىدىن يىراقلاشمىغان ئاساستا شېئىر كەيپىياتنى ئىمكانقەدەر گۈڭگا بەرگىنىمىز ياخشى. بۇ يەردىكى گۈڭگىلىق مۈجمەل بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ پىكىرنىڭ ئۆزىدىكى يارقىنلىق بىلەن قارىمۇ قارشى ئەمەس، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقىنى ئىپادىلەش ماھارىتى مەسىلىسى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەدەبىياتى تەرەققىي تاپقان باشقا مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇسى ئاڭنىڭ ماددىيلاشقان دېتاللىرى ئارقىلىق دراماتىك ئۆتۈشمە ھالەتتىكى پىكىر يوللىرى بىلەن سىتېرولۇق تۇيغۇ پەيدا قىلىش مەنزىلىدە ئىپادىلەنمەكتە. مۇنداق شېئىرلاردا گەۋدىلەندۈرۈلگەن پىكىرنى كىتابخان مەلۇم دەرىجىدە كاللا ئىشلىتىپ ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشكەن ئالمىغا قارىغاندا شاخلار ئارىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ ئۈزۈپ يېگەن ئالمىنىڭ تەمى لەززەتلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ. شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى چۈشەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىلھام بېرىش ۋە ئويغا سېلىش، لېكىن بۇنداق ئويغا سېلىش ھەرگىزمۇ كىتابخاننى مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدىغان قاراڭغۇ، سىرلىق جاڭگالغا باشلاپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا شايى پەردە كەينىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن كەڭ، رەڭدار بولغان شېئىرىي زېمىننى تەقدىم قىلىش دېگەنلىك. بىز ئۆزىمىز ھەققىدە، دۇنيا ھەققىدە ئوي سۈرگەندە زېرىكىش ياكى تەلپۈنۈش

www.uyghurkitap.com



سىزىملىرى ۋۇجۇدىمىزنى تىترىتىپ ئۆتىدۇ. بىز بۇ خىل لەرزىگە سېلىش ئىچىدە ئاللىقانداق بېسىم بىلەن پارتلىيالمايۋاتقان تۈگۈنلەرنى، ئەڭ نازۇك، ئەڭ ساپ بايقاشلىرىمىزدا ھېس قىلىپ قالىمىز. بۇ ۋاقىتتا مەۋجۇتلۇق دائىرىمىزدىن ھالقىپ يۈكسەك بىر مەنىۋى كامالەتتىن ئۆزىمىزنى ئىزدەشتۈرىمىز ـ دە، تەڭرى بىلەن سۆزلىشىش، ماددىۋىيلىك بىلەن مەنىۋىيلىك ئايرىلىقىدىكى مۇساپىدە ئۆلۈش ۋە تىرىلىش قۇدرىتىگە ئېرىشىمىز. رېئاللىقنىڭ نەپسانىيەتلىكلىرىدىن خالىي بولغان بۇ جەريان بىزنىڭ بىردىنبىر بايلىقىمىز بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز ھاياتىدىن ھالقىغان، دۇنيا ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسۇلدا تەمسىلەش ئىچىدە زاھىرلىنىدۇ.

ئەگەر ئىنساندا روھ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپا ـ ساداقەت، ۋىجدان قاتارلىق پەزىلەتلەر بولمىغان بولسا ئۇلار ئاللىقاچان دۇنيا مەئىشەتلىرى ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالغان، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلاردا ئۆزلىرى ھەققىدە، رېئاللىق ۋە روھىي دۇنيا ھەققىدە ئىزدىنىش ھەم بۇ ھەقتىكى نەتىجىلەرنى خاتىرىلەش، ئۆزىنى قېزىپ چىقىش شەكلى، مەدەنىيەت، تارىخ قالدۇرۇش، ئېڭى پائالىيىتى بولمىغان بولاتتى. بۇ يەردىكى بىزنى خۇشال قىلىدىغان تۇيغۇنىڭ مەركىزىدە ياتقىنى گۈزەللىكنىڭ كامالىتى ئەمەسمۇ؟ ئەمما شۇ كامالەتنىڭ شولىسى روھىمىز قەۋەتلىرىدە غىل ـ پال چاقنىغاندا بىزدىن شېئىر چىقىدۇ. شېئىرىي گۈزەللىك مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا گۇڭگا گۈزەللىك دېمەكتۇر. ھەر قانداق نەرسە روشەنلەشكەن ھامان ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش سېھىرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. مېنىڭچە شېئىر ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ مەنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن بېشارەت بېرەلىشى، زوقلانغۇچىنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىيالىشى كېرەك. چۈنكى بىر شېئىردىكى مەنا مەنزىلى زوقلانغۇچىغا تولۇق ئاشكارا بولغان ھامان بۇ شېئىردىن زوقلىنىش پائالىيىتى تاماملانغان بولىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ كىتابخاننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇزاققىچە زىلزىلىگە سالالىشىمۇ شېئىردىكى يوشۇرۇن بېشارەتلەرنىڭ كىتابخاننىڭ ھايات كەچۈرمىشىگە، تەجرىبىسىگە نىسبەتەن كاتالىزاتورلۇق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى قاتلاممۇ قاتلام چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا يېتەكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن، تۆۋەندىكى شېئىرغا قاراپ باقايلى:

1

كۆلەڭگىلەر
كېتىدۇ. . .
كېلىدۇ.

2

يۈرەك غازاڭلار
رەستىلەردىن رەستىلەرگە

3

ئىشىك قېقىپ يۈرىدۇ شامال ئەگەشتۈرۈپ پەسىللەرنى

4

توختايدۇ ئاي
ئورۇۋېلىپ موخۇركىسىنى
يۈرۈپ كېتىدۇ

5

ئۈزۈك پويىز ئاۋازى
ياشلار بىلەن نەمدەلگەن

6

بۇركۇتسىز ئۇۋا
بۇ شەھەر. . .
(ئەخمەتجان ئوسمان: بۇركۇتسىز ئۇۋا)
ناۋادا بۇ شېئىردىن ساپ ئىدىيە ئاختۇرىدىكەنمىز، شېئىرنىڭ

ئۆزىدىكى ئىچكى مەنتىقىگە ھۆرمەت قىلمىغان بولىمىز. ئاپتورنىڭ مەيۈسانە ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى تامامەن كەيپىياتلاشقان ھالدا چۈشسىمان رېئاللىقنىڭ ئىچىدە جىلۋە قىلىپ، تۇيغۇنىڭ ئويناقلىقى جەھەتتىكى يارقىنلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن. خاھىش ئېنىق بولدى دېگەن سۆز ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تۇيغۇ سۇسلاشتى دېگەن سۆز. ئوقۇرمەن يۇقىرىقى شېئىرنى ئوقۇپلا سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى يوق بولغان ئالتە خىل شېئىري مۇھىتنى چېلىقتۇرىدۇ. . . ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم تۇرغاندىمۇ شائىر ھېسسىياتىنىڭ دەقىقە ئىچىدىكى غۇۋا سۈرىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. (ھېسسىياتنى سۆز بىلەن سۈرەتكە تارتقاندا، بۇ سۈرەتنىڭ غۇۋا تەسىرات بېغىشلىشى تۇرغانلا گەپ). بىراق سەكرەتمىلىككە ئىگە قىلىنغان ئالتە خىل شېئىري مۇھىت مۇتىناسىپ ھالىتىدە قۇراشتۇرۇلۇپ، تەسەۋۋۇرنىڭ بوشلۇقى بارغانسېرى شارسىمان رەۋىشتە كېڭەيگەندە، بىر پۈتۈن يۇمىلاق ئوبراز قۇرۇلمىسى كېلىپ چىققان. نەتىجىدە ئوقۇرمەن بۇ شېئىردىن ھەم شائىرنى كۆرەلەيدۇ ھەم ئۆزىنى كۆرەلەيدۇ. دەل مۇشۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتىمىزكى، ئوقۇرمەننىڭ شېئىر ئوقۇشى شائىرنى چۈشىنىش جەريانى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ شېئىرنىڭ ئىچىدىكى جەرياندا، بىر تۇرۇپ سۈزۈكلۈك ھېس قىلىشى، يەنە بىر تۇرۇپ غۇۋالىقتا بولۇپ، ئوقۇرمەننى ئاشۇ غۇۋالىقتىكى سىرلىق گۈزەللىكنىڭ خۇش پۇيىدىن مەست قىلىدۇ.

كىشىلەر ھازىر شېئىردىكى غۇۋالىقنى پىكىردىكى مۇجمەللىكنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشماقتا ياكى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ناچار ئۇنۇم دەپ ھۆكۈم قىلىشماقتا. راست شۇنداقمۇ؟ بىز مۇنداق بىر تەرەپكە دىققەت قىلىپ باقايلى: ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدا ۋاقىت بوشلۇق جەھەتتە ئارىلىق ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئارىلىق مۇقەررەر ھالدا چۈشىنىش جەھەتتىكى تولۇقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئارىلىقنى بوشلۇق نۇقتىسى دەپ ئاتىساق، بۇ نۇقتا ئاپتور ۋە ئوقۇرمەندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تۈزۈلىدۇ.

ئاپتور گۈزەل تەسەۋۋۇرنىڭ قۇرۇلمىسىنى قاتلاممۇ قاتلام قۇرۇپ چىقىۋاتقاندا، ئوقۇرمەننىڭ ئايلىنىشىغا مۇمكىنلىك بېرىدىغان

سانسىز نۇقتىلارنى ئىستىخىيلىك ھالدا قالدۇرۇپ قويىدۇ (بۇ ئوقۇر-
مەننى ھەقىقىي سۆيىدىغان شائىرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ). ئوقۇرمەن-
چۇ؟ ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ پىسخىك تەسەۋۋۇر مۇھىتىنى چىقىش قى-
لىپ، ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى ئوبراز قۇرۇلمىسىنى نىسپىي ھالدا
ئۆزىگە خاسلاشتۇرىدۇ. بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ روھىي، يەنە بىر
تەرەپتىن ئوقۇرمەننىڭ روھىي بىر قەۋەت پەردىنىڭ ئىككى تەرىپىگە
چۈشۈپ، روھىيەتلىك تۇمانلىنىشىش كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، غۇۋا-
لىق سەنئەتتە مۇقەررەر، شۇنداقلا زۆرۈر نەرسىدۇر. مۇنداقچە ئېيت-
قاندا، غۇۋالىق سەنئەتنىڭ سۈپىتىدۇر. داۋىنچىنىڭ مۇنالىزا ناملىق
ئەسىرى بىر قانچە ئەسىرلەردىن بېرى سەنئەت ئەھلى ئۈچۈن سېھىر-
لىك دۇنيا بولۇپ كەلدى. مۇنالىزانىڭ تەبەسسۇمىدا ھەسرەت بار دەپ
ئېيتالامسىز؟، خۇشاللىق بار دەپ ئېيتالامسىز؟، بۇ تەبەسسۇم ئۆز
ئىچىگە ئالغان سېھىر ھەربىر ئادەمگە ئوخشىمىغان تۇيغۇلارنى بەخش
ئېتىپ، قەلبىمىزنى نازۇك تىترىتىپ ئۆتىدۇ.

شائىرلار مانا مۇشۇنداق ھېس - تۇيغۇنى مۇۋاپىق تىل بىلەن
ئىپادىلىيەلەيدىغان ئەۋزەللىكى بىلەن شائىرلىق ئىمتىيازىنى تىكلىيە-
لىگەن. شېئىر ئىلاھ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتىكى دېئالوگلۇق
دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەرىپلىنىشكە ئېرىشكەن. (ۋىتمان فرانسى-
يىلىك بىر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ سۆزىنى شەرھىيلىگەن ۋاقىتتا: ئەڭ
ئۇلۇغ شائىر ھەرگىزمۇ ئەڭ ياخشى ئىجاد قىلغان شېئىر ئەمەس،
بەلكى ئەڭ كۆپ ئىلھام بېرەلىگەن شېئىردۇر. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ
ئەھمىيىتىنى بىرلا قاراپ كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇ نۇرغۇن نەرسى-
لەرنى سىنىڭ ئىزدىنىشىڭگە، چۈشىنىشىڭگە، تەنقىد قىلىشىڭغا قالدۇ-
رىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېنىڭ ئورۇنلىشىڭغا قالدۇرىدۇ...
ھەقىقىي ئىجادىي ئىقتىدارغا ئىگە شائىر باشقىلارغا بىرەر نەرسىنى
سىڭدۈرۈشنى كىتابخانىلارغا، ئوبزورچىلارغا كۆپرەك قالدۇرىدۇ. شې-
ئىرىيەتتە لىرىك بوشلۇقى دەپ ئاتىلىدىغان شېئىرىي بوشلۇق ماھى-
يەتتە شەيئى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پىسخىك ھالەتتۇر. بۇ
ئارىلىق بەك يېقىن بولۇپ كەتسە، شېئىرىي بوشلۇق يوقايدۇ. بەك
يىراق بولۇپ كەتسە، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

باغلىنىش ئۈزۈلۈپ، بۇ بوشلۇق يەنە يوغىنايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز شەيئىنى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھالىتى ۋە خۇسۇسىيىتىدىن ھالقىپ مۇئەييەن مەنىۋى مەنزىلگە باغلاپ كۆزىتىشىمىز كېرەك. كىتابخان مانا مۇشۇ ئارىلىقتىكى شېئىريي بوشلۇق ئىچىدە شېئىرنىڭ ئۆزىدىكى مەزمۇنىدىن باشقا تېخىمۇ كەڭ، ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ھېس قىلىدۇ.

شېئىردىكى لەززەت، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئەينەن ئىپادىلەنگەن مەنىلەردىنلا زوقلىنىش ئەمەس، بەلكى ئادەمنى يىغلىتىپ تۇرۇپ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا سالالايدىغان يوقىتىش ۋە ئېرىشىش ئىچىدىكى مەنىۋى مۇساپىنى تەسەۋۋۇر بىلەن بېسىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ساختىلىق بىلەن ھەققانىيەتلىك، ۋاپا بىلەن ۋاپاسىزلىق، رەزىللىك بىلەن دىيانەتلىك، ياشاش بىلەن ئۆلۈم، نەپسىمىز بىلەن روھىي غالىبلىقىمىز ئوتتۇرىسىدا سانسىز باغلىنىش ۋە يىراقلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تورى، بىزگە شېئىر تىلىدا مەردانە پىچىرلايدۇ. بۇ خىل تۇيغۇنىڭ شۇنچىلىك ساپ ۋە يۈكسەكلىكى دەل ئاشۇ چەكسىزلىككە سوزۇلغان روھىي پائالىيەتنىڭ ھەربىر ئاراچىلىرىدىن سىغدىلىپ، چېنىقىپ چىقالىغانلىقىدا. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تۇيغۇلىرىغا سادىق بولالىغانلىقى، ئۇندىن يوچۇن گۈزەللىكنى قېزىپ چىقالىغانلىقى بىلەن زامان ۋە ماكان، مىللەت ۋە دىن دائىرىسىدىن ھالقىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەت روھىغا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتەلەيدۇ! ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ خاسلىقىغا ئىگە بولغان روھىي بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزگىچە تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىپ ئوخشىمىغان سېھىرلەرگە بەنت قىلىپ قويىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا نازۇك ھېسلارنى ئەكس ئەتتۇرگەن شېئىرلارنى گۈڭگا شېئىر دەپ ئاتىۋېلىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ھەقىقىي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شېئىر چوقۇم ساپ ھەم چەكسىز روھىي دۇنيادىكى ئۆزگىرىشچان ھېس ـ تۇيغۇنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىشى كېرەك. بۇ ساپ سەنئەتنىڭ شېئىرغا قويغان تەلىپى. بۇ يەردىكى غۇۋالىق قانداقتۇر شەكىل ياكى تىلدىكى غۇۋالىق بولماستىن بەلكى ھېسسىياتتىكى، كەيپىياتتىكى غۇۋالىقنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇشى كېرەك. تۆۋەندە پەرھات ئىلياسنىڭ قەبرە تەزكىر-

سى ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

قەبرە تەزكىرىسى
تۇغۇلدى ئۇ
تۇغۇلمىنىڭ ئېمىلىكىنى بىلمەستىن تۇرۇپ
ياشىدى. . .
قېرىدى. . .
چاچلىرى ئاقارماي،
يۈزىگە قورۇقمۇ چۈشمەستىن تۇرۇپ
ئۆلدى ھەم شۇنداق
لەۋلىرىنى تامشىپ قويۇپ ئۇ
ئۆزىچە
ئويلايدۇ يەنە بىر تۇغۇلغان بولسام. . .

بۇ شېئىردا ھەرخىل ئىستىلىستىكا ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ تىلنى بېزەش سىرلىقلاشتۇرۇش يوق. سۆزلەر شۇنچىلىك ئاددىي ـ ساددا ۋە ئەركىن. ئەمما شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئادەمگە بېغىشلىغان چەكسىزلىكى، خىرە ـ شىرە ئازابلىق ھېس ـ تۇيغۇسى ئىچىدە سۇزۇلۇپ قالغان قىممەت چاقناقلىقى بىزنى، چوڭقۇر بىر تراگېدىيە ئىچىدە ھاياتلىق ھەققىدە ئاجايىپ كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ جەرياندا شېئىردىكى ھەربىر مىسرا، ھەربىر جۈملىنىڭ بىزگە بېغىشلايدىغان روھىي كەڭلىكىنىڭ ھەربىر ۋاراقلىرىدا ھاياتنىڭ ئېرىشىشلىرى ۋە يوقىتىشلىرى ئىچىدىكى گۈزەل سېزىم بىزنى ئاللىقاچان سېھىرلەپ قويغان بولىدۇ.

پۈتكۈل ۋۇجۇدىمىز دەھشەتلىك شاۋقۇنلاپ، روھىي ئالىمىمىزدە ئاستا ـ ئاستا سانسىز چاقماق چېقىلىش نۇقتىسى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن، ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدىمىزدىن ياشاش ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى شېئىرسىمان زارىقىش ۋە يۇلقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. بىز خېلى ئۇزۇنغىچە شېئىرىي كەيپىياتتا نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىپ شېئىرغا ئايلىنىپ كېتىمىز. . .

www.uyghurkitap.com



تۇغۇلدى ئۇ
تۇغۇمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەستىن تۇرۇپ
دەپ مۇشۇ مىسرانى ئالسىمۇ ياكى
ياشىدى. . .
قېرىدى. . .
چاچلىرى ئاقارماي
يۈزىگە قورۇق چۈشمەستىن تۇرۇپ
دېسىمۇ ۋە ياكى
ئۆلدى ھەم شۇنداق
ئەزرائىل جېنىنى ئالماستىن تۇرۇپ

دېسىمۇ، مۇشۇ ئۈچ خىل ئىپادىلەشنىڭ ھەربىرى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرۇپ قەبرە تەزكىرىسى دېگەن تېمىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر بۇ شېئىرغا بۇنداق تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنى قالدۇرماي، ئاپتور مەدداھلىق قىلىپ ھايات دېگەن مۇنداق قىممەتلىك، ئۆلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىسەنەي، ئۇ ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلمەيدۇ يەي… دېگەنگە ئوخشاش ھەممە ئادەمگە يادقا بولۇپ كەتكەن بىر مۇنچە يەكۈنلەرنى چىرايلىق ئىستىلىستىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ قاپىيداش، رېتىملىق قىلىپ بىر مۇنچە ئېزىپ ئىچۈرسۇن، ئۇ ۋاقىتتا شېئىر ھازىرقىدەك شېئىردەك تەپەككۇر بوشلۇقى بىلەن كۈچلۈك تراگېدىيىلىك ئېكىمىز قوزغىغان ھايات ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى قىممەتنى، بولۇپمۇ ھاياتنىڭ شۇ قەدەر قەدىرلىنىشچان ۋە گۈزەللىكىنى بۇنداق چوڭقۇر ھېس قىلدۇرالمىغان بولاتتى.

بۇنداق بولغاندا ئاپتورمۇ، ئوقۇرمەنمۇ، شېئىرىيەت بېغىشلايدىغان يۈكسەكلىكتىن مۇستەسنا بولۇپ، لاۋزىلىشىپ قالىدۇ. مانا بۇ شېئىرنى شۇنچىلىك قىممەتكە ئېرىشتۇرۇپ تۇرالىغان نەرسە، دەل ئۇنىڭدىكى تەسەۋۋۇرغا پەرۋاز بېغىشلاپ، ئىلاھىي يۈكسەكلىك چوققىسىدا تۇرۇپ ئىگە بولۇنغان غۇۋا، ساپ قىممەت ۋە ھاياتنىڭ گۈزەللىكىدۇر. شۇڭا ئابدۇقادىر جالالىدىن شائىرغا ھەققىدە: «ئۆزىنىڭ زىددىيىتىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئازابلىنىش بەختىگە ئېرىشەلىگەن شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىستىلىستىكا، شەكىل، ماھارەت دېگەنلەرنى

ئۆزلۈكىدىن پارتلاپ چىقىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئىپادىلىگەن.

غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ شېئىرنى رېئاللىقنى تەسۋىرلەش بولماستىن، بەلكى رېئاللىقنى تەرجىمە قىلىش دەپ قارىشىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان. رېئاللىقنى بىز ھەر كۈنى كۆرىمىز، ئۇنىڭدا ياشايمىز. ئۇنداقتا ئۇنى نېمىشقا تەرجىمە قىلىدۇ؟ بۇ يەردىكى رېئاللىقنى بىلىش ماددىيلاشقان بىلىش بولماستىن، دەل ئىلاھىيلاشقان بىلىشتۇر. بىزگە ئەنە شۇنداق تەرجىمانلار بولمىسا دۇنيا مۇشۇ، ياشاش مۇشۇ دەپ ياشاۋېرىمىز. گەرچە ئۇلار قەلبىدە غىل ـ پالنى بىر نەرسىلەرنىمۇ ھېس قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنى تەرجىمانلارغا ئوخشاش تەرجىمە قىلالمىغاچقا ئۇنى ئوبدان چۈشىنەلمەيدۇ ـ دە، شۇنچە چەكسىز روھىي ئالىمى، مەنىۋىي دۇنياسى، شۇنچىلىك تار، نامرات ۋە قاتمال ھالەتتە پەرۋىشسىز قالىدۇ. ئۆزلۈك قىممەت ئېڭىمۇ ئۆزىنى ئېنىق ھېس قىلالمايدۇ. بۇ ئادەتتىكىدەك تەرجىمە قىلىش بولماستىن، رېئاللىقتىكى ھەربىر نەرسىنىڭ روھىمىزدىكى سۈرەتلەرنى يەنە روھىسمان تەرجىمە قىلىپ ئۆزىمىزگە قايتىش ئارقىلىق يېڭىدىن يېڭى گۈزەل نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇرىدىغان تەرجىمە قىلىشتۇر.

شېئىردا رېئال تۇرمۇش مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى خۇددى سۈرەت تارتقانغا ئوخشاش ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇش كېرەك دېگەن ئەمەس. شېئىر لىرىكچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان سەنئەت شەكلى بولغاچقا، ئۇ بىپايان، سىرلىق دۇنيا توغرىسىدىكى پىكىر قىلغاندا تۇرمۇشنى ئاددىي، مېخانىك، يۈزەكى ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ قويماسلىقى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولغان تۇرغۇن ھالەتتىكى بىلىملەرنى ئىزاھلاش شەكلىدە كۆرسەتمەسلىك لازىم. چۈنكى شېئىرنىڭ ئۆزى سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئەقلىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان پائالىيەت. شۇنداقلا تارىخىي نەرسىلەرنى مەنىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرىدىغان لوگىكىلىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئوبرازلىق ئىستېتىك ئىجادىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان جەرياندۇر. ئۇ دۇنيانى شائىرنىڭ قەلبىدىن ئىبارەت بىردىنبىر روجەك ئارقىلىق كۆز-

تىپ، ئوبيېكتىپ چىنلىقنى قەلب چىنلىقىغا، تۇرمۇش چىنلىقىنى سەنئەت چىنلىقىغا كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى «مەن» شەكلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا شائىرلارنىڭ بىلىش ئوبيېكتى شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي ئېڭى بولۇش، شېئىرنىڭ چىنلىقى شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ھايات چىنلىقىغا سادىق بولالىغان قەلب چىنلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىشى كېرەك.

شېئىردىكى بۇنداق پۇراق، غۇۋا گۈزەللىك قانداقتۇر 90 ـ يىللاردىن كېيىنكى شېئىرىيەتتە ياكى يېقىنقى زامان شېئىر ئىجادىيىتىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولماستىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەنىدى. 1400 ـ يىللاردا ياشىغان ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، بىز ئەمدىلەتىن قوبۇل قىلىۋاتىمىز دەۋاتقان مۇدېرنىزملىق ئۇسۇلنىڭ ئاللىقاچان نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ناھايىتى قويۇقلۇقىنى ھېس قىلىمىز. نەۋائى:

ئەي نەۋائى، خىرخەسىن بەردى، كارامەت ئەيلەدى،
كەم ماڭا تەرتىبى ۋەجھى رەھنى سەھبا قىلدى شەيخ.

دەپ يازىدۇ. يەنى (ئەي ناۋائى، شەيخ شۇنداق كارامەت ئىش قىلدىكى، بىرىنچىسىنى بېرىپ، مېنىڭ نېسىگە مەي ئېلىپ ئىچىشىم ئۈچۈن يول تېپىپ بەردى) دەيدۇ. نەۋائىي ئۆزىدىكى مۇھەببەتنى، ئېتىقادنى شۇنچىلىك تەسىرلىك ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكى، ھەتتا كەيپ ـ ساپا، مەي ـ شارابتىن، جاھان خورلۇقلىرىدىن مۇستەسنا بولۇپ، پەرھىز يولىغا مېڭىش ئۈچۈن ئۆزىنى دۇئا ـ تىلاۋەتكە ئاتىغان شەيخنىڭمۇ نەۋائىينىڭ ئېتىقادى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلغانلىقىنى يازىدۇ. بىز شەيخنىڭ چەكسىز گۈزەللىك ۋە ئېخمۇ كۈچلۈك ئېتىقادى ئىچىدە سۇسلاپ كەتكەن ئېتىقادىدىن يۇلقۇنۇپلا چىقىپ، كۈچلۈك بىر ئېتىقاد نۇرى ئاستىدا تاتلىقىقىنە ئىللىق كۈلۈمسىرەيمىز. شەيخ ئېتىقادى بىلەن نەۋائىينىڭ ئېتىقادى ئوتتۇرىسىدىكى يىراقلىشىش ئىچىدىكى ئەڭ چوڭقۇر مەنا، قەلبىمىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە زىلزىلىگە سېلىپ، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يۈكسەك كامالىتىدىن بىزنى مەست قىلىدۇ.

نەۋائى شېئىرلىرىدا «ياز» بىلەن «فەنە يوق ـ بولۇش» ئىدىيە-

سى كۆچلۈك بولۇپ، سىمۋول ۋە گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللە-
سىگە يەتكەن. بۇ نەۋائىينىڭ ھەقىقەت - يار، ئېتىقاد - خۇدا
دېمەكتۇر دەيدىغان ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قىزىنىڭ
تەسەۋۋۇرى بىلەن بىرلىشالىغان «يار» - «خۇدا» ۋە «ھەقىقەت» كە
ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ئومۇمىي ئىدىيە قۇرۇلمىسىنىڭ
غولى بولۇپ، پۈتكۈل ئىجادىيىتىگە باشتىن - ئاخىر سىڭگەن. ئۇ
تىلغا ئالغان ئۆلۈشمۇ ماھىيەتتە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان
ۋىسالنىڭ، ھەقىقىي ئاشىقلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، ئۇ ئې-
رىشمەكچى ۋە تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئەڭ يۈكسەك ھەقىقەتتۇر.
ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان نەۋائىي ۋە تەسەۋۋۇپ دېگەن ماقالىسىدە مۇن-
داق دەيدۇ: شائىرنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇپ زاھىدلارنىڭ، سوپىلارنىڭ
شەكىلۋازلىق قىلىدىغان رىيا تەقۋىسى ئەمەس، بەلكى ھەق ۋۇجۇدىدا
ئۆز ۋۇجۇدىنى يوق قىلىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش ئىدى. شۇڭا شائىر
ئۆز - ئۆزىگە قارىتىپ شۇنداق دەيدۇكى: «ئەي نەۋائىي فانىيلىق (يوق
بولۇش) ھەققىدە لاپ ئۇرۇشنى قوي! ۋىسالغا ئېرىشمەكچى بولساڭ
فانىيلىق ئوتىدا كۆي! شام ئوتنى ئايلانغان پەرۋانىغا ئوخشاش،
ئۆزەڭنى شولىغا پەرۋانىدەك ئۇر! ۋۇجۇدۇڭدىن ئەسەر، بارلىقىڭنى
ئارقاق - ئۇرۇشلىرىدىن نىشان قالمىغاندىلا، مەقسەت ئۈچىدە تىلىگە-
نىڭگە ئېرىشىسەن! خالايىق بۇ ماجىرانى بىلمىسە، بىلمەۋەر-
سۇن!» ئەمدى مانا شۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ نەۋائىينىڭ پەلسە-
پىۋى قاراشلىرىدىكى ئىپادىلىرىگە نەزەر سالايلى. شائىر شۇن-
داق دەيدۇ:

قىلدى مە زاھىردا خىيال زۇھۇر،
تاپقالى ئول ھۆسن كەمال زۇھۇر.
جىلۋەئى ھۆسنۈڭەچۈ يوق ئىردى ھەد،
كۆزگۈ كېرەك بولدى ئاڭا بىئەدەد.
ئاچتى بۇ گۈلشەندىكى رەڭىن ئېرۇر،
ھەر گۈل ئاڭا ئائىنەئى چىن ئېرۇر.
ۋەئى ھۆسن ئولغالى زاھىن ئاڭا،
بولدى بۇ مىر ئات مەزاھىر ئاڭا.

شائىر بۇ مىسرالىرىدا پۈتۈن كائىنات ھۆسن مۇتلەق (مۇتلەق

گۈزەللىك، يەنى خۇدا) نىڭ ئۆز ھۆسنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە يارىتىلغان دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ يەنە شۇنداق يازىدۇ: «كۆچلۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە ئۆركەشلەرنى پەيدا قىلىپ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ نەقىشلەر دەممۇ دەم يوقىلىپ يەنە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن بۇ ھادىسىگە ياخشى نەزەر سالساڭ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تۈرلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن، چۈنكى ئۇ ھامان دېڭىز يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ. دېڭىزدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يوقالغۇچىدۇر».

ئەنە شۇ چەكسىز دېڭىز ھەق ۋۇجۇدىدىن ئاددىي بىر نەمۇنىدۇر. ئۇنىڭ يۈزىدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەر بولسا، بۇ ئالەمدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەردىن ئىبارەتتۇر. مەنە ئەھلىلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان بۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئىچىدە قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن مەۋجۇتلۇق بولۇپ، شەكلى جەھەتتىلا كۆزگە چېلىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. . . ئەگەر ھەربىر كىشىدە ئەقلىدىن ئەسەر بولسا شۇنى بىلسۇنكى، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلدىن تائەبەتكىچە بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەس، پەقەت شەكىل جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە، تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىنىڭ ئۆزى بولغان بۇ مەزمۇنلارنى يەنە ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك، ئاللاغا بولغان سادىقلىق پەقەت ئاللانىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك، نەۋائىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

زاھىد ئۇ جىماغ تىلەدىيۇ ياردىن مەن ھەم ئۆزىن،
ياردەم، ئۇشبۇ ئىككى مەتلۇب بەرابەرمۇ ئېكىن

(زاھىد جەننەت تەلەپ قىلىدىكى، مەن يارنىڭ ئۆزىنى تەلەپ قىلدىم. بۇ ئىككى ئارزۇ ئوخشىمايدۇ) . شۇنداق بولغاچقا زاھىد يار ئۈچۈن جېنىنىمۇ پىدا قىلالمايدۇ.

ئاشىقنىڭ مىڭ جانى بولسا ئايماس مەشۇقىدىن،
ئار ئىستەرسەن زاھىرا بىر جانىڭنى قۇربان ئەتمەكتىن.

شۇڭا ئۆزلىرىنى مەشۇققە چىن دىلىدىن ئاشىق دەپ ھېسابلىغان دىدار تەلەپ ئاشىقلارنىڭ نەزەرىدە قەلب كۆزىنى يورۇتماستىن (يەنى

چىن دىلىدىن قىلماستىن) قارىغۇلارچە ئەگىشىپ شەكىللۋازلىق قى-
لىش ياكى ھەقكە بولغان سادىقلىق ئەمەس، بەلكى رىياكارلىق،
ساختىلىق دەپ قارالغان. ئۇلارنىڭ پىكرىچە، ھەقكە بولغان ساداقەت،
پەقەت قەلبىدىكى چەكسىز ئىشىق ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. ۋۇجۇدى
ھەقىقىي ئىشىق بىلەن تولغان چىن ئاشىقنىڭ قەلبىدە مەشۇق سۆيگۈ-
سىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ تىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنىڭ
گېپىنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ دىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنى خىيال قىلمايدۇ.
زاھىدلار بولسا كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈنلا شارابىدىن
بىھۇش بولۇپ، ساقىدىن مەي تەلەپ قىلىپ ھارمايدىغان دىدار تەلەپ،
ئاشىق شائىرلارنىڭ زاھىدلارنى، زۇھىد - تەقۋانى سۆكۈپ قامچىلى-
شىدىكى تۈپ سەۋەب.

مانا بۇلار نەۋائىي ئىدىيىسىنىڭ شېئىرىي غۇۋالىقتا ئەكس ئەتتۇ-
رۇلگەن يارقىن كۆرۈنۈشى، نەۋائىي شېئىرلىرىنىڭ جېنىنى ھېساب-
لىغاندا بۇ خىل پۇراقنى، ھازىرقى مۇدىرنىزمچىلارمۇ ئۇنچىلىك
ۋايىغا يەتكۈزۈپ بولالمىدى.

«يوقلۇق - بارلىقنىڭ كۆز ئالدىڭدا يوقلۇقى، ھىجران ۋىسالى-
نىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلۇقى، ئاچلىق - توقلۇقنىڭ شۇ چاغدىكى
يوقلۇقى، خەستىلىك - سالامەتلىكنىڭ تەندە يوقلۇقى» بولۇپ،
بۇلار ئارىسىدا رېئاللىنى ھەقىقەت ئۆز ئىچىگە سىڭدۈرگەن بارلىق بىلەن
يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە يېقىن، ئەمما پاراللېل شۇنداقلا
چەكسىز مۇساپىنىڭ بىزگە بېرىدىغان تەسىراتىدىن نۇرغۇن مەنەئى
مۆجىزىلەرنى ئۆزىدە ئاپىرىدە قىلغان مەنبە - دەل ئۇنىڭدىكى غۇۋا
گۈزەللىكتۇر. ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملى-
رى بىلەن كۆرۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى
ساقلانغان. ئىنساننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي كۆز كۇپايە،
ئۆز خوجىسىنى ئېتىمۇ، مۇشۇكىمۇ كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيەتلى-
رىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك كېرەك. بۇ ئۆزلۈك ئەينىكىدۇر (ئۆز-
لۈك - ئۆزىنى بىلمەك) ئىنساننىڭ ئۇلۇغ تەبىئەت تەبىئەت ئالىمى
سۈپىتىدە تۇرغان ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ساۋاتسىزلىقتىن
ئىبارەت خالاس. شېئىر مانا مۇشۇ ئۆزلۈكنىڭ سەنئەت زېمىنىدىكى

www.uyghurkitap.com



بىر خىل ئەينىكىدۇر. بىز بۇ ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىمىزنى كۆرگىنىمىزدە ئىزدەشلىرىمىز، قەدىرلەشلىرىمىز، بۇگۈن ۋە ئەتە ھەققىدە ئويلىنىشلىرىمىز، ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئاچچىق - چۈچۈكلەردىكى گاھ ئازابقا، گاھ تەشنالىققا، گاھ يوقىتىشقا، گاھ ئېرىشىش ئىچىدىكى گاڭگىراشقا ئوخشاش تۇيغۇلاردا، ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىمىزنى غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولىمىز.

بۇ يەردىكى ئەينەك ئارقىلىق كۆرۈپ، ھېس قىلىپ يېتەلىگەن قىممەت - گۈزەللىكتۇر. بۇ خىل گۈزەللىك ئۆز ئىچىگە ئالغان تەركىبلەر سىمابتەك لىغىرلاپ، ھەربىر تىترىگەندە ئوخشاش بولمىغان تەسىراتقا باشلايدۇ. بۇ خىل گۈزەللىكنىڭ سەنئەت زېمىنىدىكى قىممىتى شۇ يەردىكى ئۇنىڭ نەتىجە - سەۋەب ۋە زامان - ماكان مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ قايناق، مۇرەككەپ روھىي دۇنيانى يەنە رەڭدارلىق ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېس - تۇيغۇلارنىڭ زىددىيەتلىك قاتلىمى بىلەن ئۆز ئەسلىگە سادىق ھالدا ئىپادىلىگەنلىكىدە. ئەگەر بىز ئۇنى كونكرېت ئەمەلىيەت بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، مەلۇم بىر ئوبيېكتنىڭ ئىچ - باغرىنى بىر - بىرىدىن چۈشەندۈرمەكچى بولساق، بۇ ۋاقىتتا بىز ھېلىلا ئىگە بولغان چەكسىز بىر روھىي گۈزەللىكنىڭ ھۇزۇرىنى يوقىتىپ قويىمىز.

شۇڭا بۇ خىل گۈزەللىك ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇغا باشلىيالايدىغان سېھرىي كۈچىنى پەقەت ئاشۇ ھەربىر غىل - پالنى چاقنىشىدا ھەرخىل تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتنىڭ بوسۇغىسىغا باشلىيالايدىغان پائالىيەتچانلىقىدا ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل پائالىيەتچانلىق دەل ئۇنىڭ بىر پۈتۈن روھىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە يىلتىز تارتقان كۆپ قاتلاملىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان گۈڭگا سېزىمىنى ئۆزىنىڭ مەنىسى قىلغان. ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتى، رېئاللىق مەۋجۇدىيەت ۋە روھىي مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلىكى دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا روھىي مەۋجۇدىيەت دەل ئىنسان تەبىئىيىتىدە يوشۇرۇن ساقلىنىپ، مۇئەييەن گۈڭگالىق ئىچىدە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن پائالىيىتى جەريانىدا گاھ ئىجابىي، گاھ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ بارىدۇ. شۇڭا گۈزەللىك قارىشىمۇ ئۆزلۈكسىز يېڭى مەنىلەرگە

ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى دەل شۇنىڭ سېھىرلىك تۇيغۇلۇشى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنسان ئۆزىنىڭ گۈزەللىك سەزگۈسىنى يوقاتمايدۇ. گۈزەل نەرسىلەرگە تەلپۈنۈپلا ياشايدۇ.

مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ پسىخىك تەرەققىياتنىڭ نازۇك، شەكىل، رەڭ، ئۈن ئۆزگىرىشلىرىنىڭ دەقىقە ئىچىدىكى تېز سىزىمىسى بولغان شېئىرلار ئۈچۈن ئۇ بېغىشلايدىغان خىرە گۈزەللىك، گۈڭگا تەسىراتلار ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يېڭىدىن يېڭى لەززەتلىنىش، ئازابلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان روھىي پاكلىنىش، تراگېدىيە ئىچىدە ئۆزىنى بىلىش ۋە چەكسىزلىك يارىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شېئىرلاردىكى گۈڭگا گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كارامىتى بولۇپ، بۇ شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ بىرىدۇر.

1999 - يىل. ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كىتابخانىلار ھەرگىز ئالدانمايدۇ!

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. لېكىن شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئەدەبىيات كىشىلەرگە ئىستېتىك تۇيغۇ بېرىشى ۋە شۇ ئاساستا كىشىلەرنى تەربىيىگە ئىگە قىلىشى، روھىي دۇنياسىنى تاۋلاشتىن ئىبارەت نىشانىدىن چەتنەپ كېتىدىكەن، ئۆزىنىڭ رولىنى پۇچەكلەشتۈرۈۋالىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا نېمە بولسا شۇنى ئۆز پېتىچە، ھېچقانداق تاشلاش - شاللاشتىن، يازغۇچىنىڭ پىششىقلىقىدىن ئۆتكۈزمەي، رېئال ئەھمىيىتى بار - يوقلۇقى بىلەن كارى يوقلا قۇراشتۇرۇلغان ئەسەرنى يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي دىتى ۋە روھىي ئىدىيىۋى ئانالىزىدىن ئۆتكەن ئەدەبىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ.

يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە ۋە يارىتىلغان پېرسوناژلارغا مەسئۇل بولۇشى، كىتابخانىلارنىڭ چوڭقۇر روھىي قاتلىمىنىڭ ئىنكاسىغا ئېتىبارسىز قارىماسلىقى، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ ھەرقانداق قارىشىنى مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، مەجبۇرى ھالدا كىتابخانىلارغا بوپا قىلىپ يۇتكۈزۈپ قويماسلىقى كېرەك. بۇنداق قىلىش سەنئەت - ئىستېتىكا قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولۇپ، شۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بىراقلا يەرگە ئۇرىدۇ. كىتابخانىلار ھەر جەھەتتىن ياخشى باھالىغۇچىلاردۇر. ئۇلار نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، شۇ ئەسەرنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان باھالىيالايدۇ. يازغۇچى شۇنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەككى، كىتابخانىلار مەن نېمىنى تەرغىپ قىلسام، نېمىنى ماختىسام شۇنىڭغا قوشۇلىدۇ، ئەگىشىدۇ، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب دەپ چوتنى خاتا سوقماسلىقى، كىتابخانىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرى قويۇشى كېرەك. كىتابخانىلارنىڭ كۆزى ئەڭ ئۆتكۈر، يازغۇچىنىڭ ئەقلى كۆزىدىن ساقىت قىلىنغان، ئۆز ھېسسىياتى بويىچىلا قۇراشتۇرۇلغان ئەسەر،

يازغۇچىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىلا بولالايدۇ، خالاس.

يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان ئا. نەسىر يۇنۇس (ياۋايى) نىڭ «جاۋاب كۈتمىگەن خەتلەر» ناملىق ھېكايىسى مەتبۇئاتقا تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن سۇنۇلغان ئەنە شۇنداق كۈندىلىك خاتىرىدىن ئىبارەت.

ئاپتور نورمال ئادىمىلىك ھېس - تۇيغۇ، ئاياللىق مىجەز - خاراكتېرىدىن مۇستەسنا بىر ئايالنىڭ ئېرىگە يازغان خېتىدىن باشلانغان بۇ ھېكايىدە، ئايالغا ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي، ئايالنىڭ ئېرىگە ۋە 3 - شەخس ھېسابلىنىدىغان مۇنىرەگىمۇ ئالاھىدە ھېسداشلىق قىلغان. مۇنىرە بىلەن ئەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا دەپ قاراپلا قالماي، بېرىلىپ، ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن ئايالنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى كۆككە كۆتۈرگەن، دېمەك، ئۈچبۇرجەك مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن ئەر - ئايال ۋە 3 - شەخس مۇنىرە قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ باردى - كەلدىلىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋەت - مۇئامىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىغا نائىل بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا تىرىشقان. ئاپتور كىتابخانلارنى ئۆزىنىڭ جاۋاب كۈتمىگەن خەتلىرىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايدۇ، كىتابخانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان سوراقلارغا جاۋاب بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك.

مۇنىرە تېخى پراكتىكانت بولغاچقا دانىيە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاتا - ئانا ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن (باشقىچە ئالاھىدە تاسادىپىي ئەھۋالمۇ يوق) گۈلچېھرە بىلەن توي قىلىدۇ. ھەر قانداق ئاتا - ئانا پەرزەنتىنىڭ تېزراق توي قىلىپ زېممىسىدىكى پەرھىزنى ئادا قىلىشنى ئويلايدۇ. بۇ پەقەت دانىيەنىڭلا بېشىغا كەلگەن ئىش ئەمەس. دانىيەنىڭ بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش مەسىلىسى، پوزىتسىيە مەسىلىسى. گۈلچېھرە توي كۈنىدىن باشلاپلا دانىيەنىڭ كۆڭلىدە يەنىلا مۇنىرەنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. دانىيەنىڭ چىرايىدىن مۇڭ، ھەسرەت، سېغىنىش ئۆكسىمەيدۇ. كېچىلىرىمۇ مۇنىرەنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ جۆيلۈيدۇ. گۈلچېھرە رەشىك، كۈندەشلىك دەردىدە ئىچى لەختە - لەختە

قان بولسىمۇ، يەنىلا دانىيەگە ھېسداشلىق قىلىدۇ.

مۇنرەنىڭ دانىيەگە يازغان خېتى قولىغا چۈشۈپ قالغان، ھەتتا مۇنرە بىلەن دانىيەنىڭ ئەر - خوتۇندەك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، ھېسسىيات جەھەتتىكى تەپسىلىي بايانلارنى، مۇنرەگە ئېلىپ بەرگەن سوۋغاتلارنى گۈلچېھرە، مۇنرەنىڭ خېتىدىن تەپسىلىي بىلسىمۇ، ئازراق بولسىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىن ۋە يا ئەقلىي جەھەتتىن ئاچچىقى كېلىش تۇگۇل، دانىيەنىڭ ئېسىل ئادەملىكىنى تەكرار - تەكرار ئېيتىدۇ.

گۈلچېھرە خېتىدە: «ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشى، ئۇنىڭغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشى كېرەك! . . . دانىيە بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئالدىمدا تەخىسلىق تارتماسلىقىڭىزنى، كۆڭلىڭىز خالىغان ئىشنى ئەركىن - ئازادە قىلىشىڭىزنى چىن يۈرىكىمدىن ئۆتۈنىمەن. بىز ئاجرىشىپ كەتسەكمۇ مەيلى» دەيدۇ. بۇنى بەلكىم ئايالنىڭ ئېرىدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن دېگەن گېپى دەپ تۇرايلى. گۈلچېھرە يەنە مۇنرەنىڭ دانىيەگە يازغان خېتىدىكى مۇنۇ تەپسىلاتلارنىمۇ ئوقۇغان. «سىز ماڭا خەت يېزىۋەردىڭىز، پەيلىڭىزدىن زادىلا يانمىدىڭىز. ئوقۇغانسېرى سىزنىڭ ماڭا بولغان سۆيگۈ - مېھرىڭىزنىڭ قىلچە ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، سۇسلاشمىغانلىقىنى بىلىپ سىزگىمۇ خەت يازدىم. شۇنداق قىلىپ بىز يەنە بارا - بارا تەبىئىي ھالدا، بىر - بىرىمىزگە شۇنداق يېقىنلىشىپ كەتتۇق. مەن سىزنى كۆڭلۈمدە يەنىلا توي قىلمىغاندەك سېزەتتىم. سىزمۇ مېنى خۇددى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئەركىلىتىپ كېتەتتىڭىز، ھەر قېتىم مەن سىزنىڭ باغرىڭىزدا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ شېرىن لەززەت ئىچىدە ياتقاندا . . . دىرىلدەپ تىترەپ سىزگە تېخىمۇ مەھكەم چاپلىشاتتىم. سىز يۈزلىرىڭىزنى يۈزلىرىمگە سۇركەپ، ياشلىق كۆزلىرىمگە، پېشانەمگە مىڭ - مىڭ مېھىر بىلەن، ئېھتىيات بىلەن سۆيەتتىڭىز. مەن ئايالىمنى قويۇۋېتىمەن. بىز توي قىلىمىز مۇنرە، بىز مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمىز، دەيتتىڭىز».

«سىز ماڭا پەۋقۇلئاددە ھېسداشلىق قىلاتتىڭىز، مېنى بىر قانچە قېتىم شەھەرگە ئاپىرىپ، ئۇنىمىساممۇ ئالتۇن ئۈزۈك، كىيىم -

كېچەك ئېلىپ بەردىڭىز. يىغلىسام يىغلايتتىڭىز، كۈلسەم كۈلەتتىڭىز . . . »

«توڭغانسىز؟ ئازراق بىر نەرسە يەۋالايلىمۇ!
ياق، بىرگە كىرىپ كېتەيلى،
ئەمسە ياتاقتا كىرىپ كېتەيلى، جۇرۇڭ! . . .

ياتاقتا كىرىپلا ئىشىكنى ئېتىپ، مېنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋالدىڭىز ، مۇزدەك يۇزلىرىمگە يۇزلىرىڭىزنى يېقىپ، مېنى تويماي پۇرايتتىڭىز . . . سىز مېنى كارۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن پەلتۇيمنى سالغۇزۇۋەتتىڭىز. ئاندىن بېشىڭىزنى ئىككى كۆكسۇم ئارىلىقىغا قويۇپ، تولىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدىڭىز . . . »

گۇلچېھرە ئالدى بىلەن بۇ خەتنى تەپسىلىي ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئېرىگە يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: . . . «دانىيە، سىزنىڭ قانچىلىك ئېسىل ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى، ھەقىقەتەن بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەپ، سۆيۈپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بۈگۈن يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم. سىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنسىز! . . . مەن سىزدەك ئالىيجاناپ ئىنساننى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆز - ئۆزۈمدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن، ئۆز - ئۆزۈمدىن مەڭگۈ رازىمەن» .

ۋاھ، ماۋۇ لامزەللە، تايىنى يوق ئالىيجانابلىقنى كۆرۈڭ. مەيلى ئۇ توي قىلىشتىن بۇرۇن قانداق مۇناسىۋەتتە بولسۇن، باشقا بىر ئايالنىڭ تەقدىرىگە، بەختىگە مەسئۇل بولۇپ توي قىلىپ بولۇپمۇ يەنە باشقا بىر خوتۇننى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ بەرگەن ئېرىدىن پەخىرلىنىدىغان، بۇنى ئالىيجاناپ دەيدىغان ئالجىپ قالغان خوتۇنلار ھەر قانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ جەمئىيەتتە يوقتۇ؟! يەنە كېلىپ كۆندەشلىكى ھەر قانداق مىللەت ئاياللىرىنىڭكىگە قارىغاندا كۈچلۈك كېلىدىغان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئوبرازى بولۇپ يارىتىلمىغان گۇلچېھرەنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى ۋە ئىدىيىسىدىن غەيرىيلىك ھېس قىلماسلىقنىڭ ئۆزى مىللەت پسىخىكىسىغىلا ئەمەس، ئادەملىك ھېس - تۇيغۇغىمۇ ماس كەلمىسە كېرەك. چۈنكى ئەر - ئاياللىق

مۇناسىۋەت 3 ـ شەخسنىڭ ئىشلىرىغا يەر شارىدىكى ئىدىيىسى ھەر قانچە ئىلغار، ئىلمىيلىشىپ كەتكەن، ئىجتىمائىيلىشىپ، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردە ئىشىكنى ئازادە ئېچىۋەتكەنلەرمۇ ئېرى ياكى ئايالى توغرىلىق يۇقىرىقىدەك تەپسىلاتلارنى بىلسە، ئۆزى بىۋاسىتە كۆرگەندەك تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن يۇقىرىقىدەك خەتنى ئوقۇسا، ئېرىگە غەزەپلىنىش، ھېچبولمىسا، ھېسسىيات جەھەتتىن رايى يېنىش تەرەپدار بولماستىن، ئۇنىڭ ئالىيجاناپلىقىنى كۆچەپ ماختايدىغان لاۋزۇدلىق، ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇش، ھېسسىياتىنى خورلاشتەك ئىنسانغا يات قىلىقنى قىلمايدۇ. بۇنداق بولۇشى رېئاللىقتا ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە چىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئۇچۇن ھەرقانداق قىيىنچىلىق تارتىسمۇ، جاپا تارتىسمۇ چىدايدۇكى، ئۆزىنى ـ ئۆزىنىڭ ساپ قەلبىنى، ساپ ھېسسىياتىنى خورلاشقا، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ھۆرمەتلەيدىغان ئىشىنىدىغان، قەلبىدە مەبۇد قاتارىدا كۆرىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كىرسىز قەلبىنى دەپسەندە قىلىشىغا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇنداق قىلغان ئادەمنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيدۇ!

دەل ئەكسىچە، گۈلچېھرە ئېرىنى ماختايدۇ. ئېرىدىن پەخىرلىنىدۇ! گەرچە بۇرۇن ئارىلاشقان، ياخشى كۆرۈشكەن قىز بىلەن توي قىلالمىغىنىغا ئىچ ئاغرىتىش رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما ھېكايىدە بۇ خىل قەلبىدە ياخشى كۆرۈش شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇنى ئەلۋەتتە گۈلچېھرەمۇ بىلدى ۋە مۇنىرەنىڭ خېتىدىن ئوقۇدى.

ھېكايىدىكى 3 ـ شەخس ھېسابلىنىدىغان مۇنىرە ئەر ـ خوتۇندەك جىسمانىي ۋە روھىي بىرىكىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. دانىيەنىڭ ئائىلىسىگە ئورتاق بولغان مېھىر، خۇشاللىق، روھىي جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي بىرىكىش، باشقا بىر قىز بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى، ياخشى كۆرۈش دائىرە سىزىقى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ خىل ياخشى كۆرۈشنىڭ قەلبىنى، روھىي ياخشى كۆرۈش ئەمەس، يەنە تەنىمۇ ياخشى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى بىلگەن يۇمشاقباش، ئۆزىنى

قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان، ھېسسىياتسىز (ھېكايىدە ئۇ دەرىجىدىن تاشقىرى تەسىرلەنگۈچى ھېسسىياتچان ئايال) گۈلچېھرەنىڭ ئېرىنى ۋە مۇنىرەنى ماختىغىنىغا ھەيرانمەن ۋە ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئېچىنىمەن! ! ! . . . .

مۇنىرە بىلەن دانىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ئوچۇق - ئاشكارا ئاشىندارچىلىق مۇناسىۋەت. چېكىدىن ئاشقان مۇناسىۋەت! ئەجەبا جەمئىيەتتىكى بىر ئائىلە ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشۇاتقان ئاياللارنىڭ ھالال بەختىنى تارتىۋالىدىغان 3 - شەخسلەرگە ھېسداشلىق قىلىشنى، شۇنداق ئازابلىنىش، مەسئۇلىيەت ئېڭى يوق ئەرلەر ماختىلىشى كېرەكمۇ؟

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، گۈلچېھرە بىلەن دانىيە توي قىلمىسا زادى بولمايدىغان ئالاھىدە ئەھۋالمۇ يوق، مۇنىرەدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان مازپايىنەك دانىيە ئەر بولغاندىكىن گۈلچېھرە بىلەن توي قىلماسلىق تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالسا بولۇۋېرەتتى. گۈلچېھرە بىلەنمۇ توي قىلىپ، مۇنىرە بىلەنمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاش نورمالسىز ئارىلىشىپ يۈرگەن ھەزىلەك دانىيەدىن يا ئايالى، يا ئارىلىشىۋاتقان خېنىم نەپرەتلەنمەيدۇ.

بىر مىللەت ئەدەبىياتى مىللەت روھىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەجەبا مىللىتىمىزدە مۇشۇنداق غەلىتە مەخلۇقلار پەيدا بولۇپ قالغانمىدۇ؟ روھى بۇلغانغان مىللەتنى ھېچقانداق كۈچ، سەۋەب قۇتقۇزالمايدۇ. زامان تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن ئەخلەتلەر تەرەققىياتقا ئەگىشىپ كىشىلەر روھىغا سايە تاشلىغان بولسىمۇ، تېخى ھېچكىمنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان ھۆجەيرە، نىرىپ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەزالىرى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئەمەس. ئادىمىيلىك ئىززەت - ئابرۇي، غۇرۇرى روھىدىن، ۋۇجۇدىدىن ساقىت قىلغىنى يوق!

گۈلچېھرە شۇنچە خورلانغۇدەك ئۇنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ گۇناھى بار دېيىلسە، ئۇنىڭ ھەممىگە يول قويغان، ئاچچىقى يوق قاپاق لازا، ئۆزىنىڭ قەدرىنى ئۆزى قىلمايدىغان لامزەللىكى بار، بىلىپ تۇرۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا سۆھبەتلىشىپ يا مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئېرىنى خىجىل قىلىپ، ئۇ يولدىن تارتىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ئىزچىل ماختاپ، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئەر - خوتۇندەك ئۆتۈ-

ۋاقىتلىقىدىن مىننەتدار بولۇپ، پەخىرلىنىشتىن ئىبارەت ئايال زاتىنىڭ تەبىئىيىتىگە يات، خائىن روھىي بار. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خائىن روھىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندۇ؟ ئەمما ئادەم تۇرۇپ، ئادىمىيلىك ھېس ـ تۇيغۇ، كۆندەشلىك يوق ئىنسان مەۋجۇت ئەمەس!

ھېكايىدە مۇنىرەنىڭ ئاكىلىرى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئەجەبا ئۇيغۇر كىشىلىرى ئىچىدە سىڭلىسىنىڭ ئاشنىسى ئەكەلگەن پۇلغا ئانىسىنى داۋالىتىشقا قوشۇلىدىغان، ئۆزلىرىنى قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ سىڭلىسىنىڭ ئاشنىسى ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭسا، بىچارە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ بارلىقىغىمۇ ھەيرانمەن!

مۇنىرە تېخى دانىيەنى ئانىسىنىڭ نەزىرىسىگە كېلىپ باش بولۇپ بېرىشكە چاقىرىدۇ. دانىيە ئۇ نەزىرىگە قانداق نام ـ ئاتاق، قانداق سالاھىيەت بىلەن بېرىپ باش بولۇپ بېرىدۇ؟ مۇنىرەنىڭ تۇغقانلىرى، يەنە كېلىپ خوتۇنى بار بولغان بىر ئەر، مەن مۇنىرەنىڭ لايىقى ئىدىم، شۇڭا باش بولغىلى كەلدىم دېيەلەمدۇ؟ بۇنىڭغا مۇنىرەنىڭ ئاكىلىرى يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرامدۇ؟ ئەل ـ جامائەت نېمە دەيدۇ؟ گۈلچېھرە خېتىدە دانىيەنىڭ بارىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئاپىرىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېرىگە پۇل تەييارلاپ قويغان. مۇنىرەنىڭ ئانىسى مۇنىرەگە: «دانىيەنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالما قىزىم، مەندىن كېيىن قالساڭمۇ ئۇنى ھەرگىز ئۇنۇتما! . . .» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. ئەجەبا ئانا بولغۇچى قىزىغا قىزىنىڭ بۇرۇنقى يۈرگىنى بولسىمۇ، كېيىن خوتۇن ئېلىپ بولغان تۇرۇقلۇق، قىزى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرۈۋاتقان بىر ئەرنى ئۇنۇتما، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئارىلاش دېگەن مەنىدە نەسىھەت قىلامدۇ ياكى ئائىلىسىنى بۇزمىغىن، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ سەنمۇ بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇرمۇشۇڭنى ئورۇنلاشتۇر، دەمدۇ؟

ئۇيغۇر مىللىتى بۇنداق مەسىلىلەرگە ھەر قانداق مىللەتكە قارىغاندا يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى ۋىجدان، ئىنسانىي غۇرۇر ۋە قەدىر ـ قىممەت دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر يىگىتلىرى سىڭلىسىنىڭ 3 ـ شەخس بولۇپ ئارىلىشىۋاتقان ئەر دوستىدىن پۇل سوراپ

ئىشلىتىش، ئۆزلىرىنىڭ ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىش، نەزىرىسىگىمۇ ئۆزلىرىنى قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ باش بولۇشىغا قاراپ تۇرۇش، يول قويۇش ئەمەس، ئۇنداق ئەرنى كۆرگەن يېرىدە بىر ـ ئىككى تېپىك، پەشۋا بىلەن جايلىمىغان تەقدىردىمۇ، چىرايىغا قارايدىغان ئەلپازىدىمۇ مۇئامىلە قىلمايدۇ. شۇنداق ئەرنى ئۆيىگە باشلىغان، ياردەم سورىغان سىڭلىسىنى بوش قويمايدۇ. پەقەت ئۇلار پۈتۈن بەدىنى ئىشلىمەيدىغان پالەچ بولۇپ قالسىلا، ئاكىلىرى پالەچ بولۇپ قېلىپ سىڭلىسى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى، مىللەتنىڭ ئېسىل ئۆرپ ـ ئادىتى، شەرمى ـ ھاياسى، ئەل ـ جامائەتنىڭ ئەيىبلىشى بۇنىڭغا ئەسلا يول قويمايدۇ.

تۇرمۇش چىنلىقى ۋە رېئاللىققا ماس كەلمەيدىغان ۋەقە، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىگە قەتئىي چۈشمەيدىغان مۇناسىۋەت ۋە خاراكتېرلەردە يارىتىلغان پېرسوناژ بىلەن ئاپتور ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان. ھېكايىدە قانداق مىللەت تۇرمۇش پۇرىقى بار ئىكەن؟ لېكىن بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. زامان تەرەققىي قىلىپ ئادەملەر تۇرمۇشىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇردىكى قان، تەبىئىي خاراكتېر يەنىلا مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە باش رولچى بولىدىغىنى ئۇلاردىكى ئەنە شۇ خاراكتېر ۋە قاندىن ئىبارەت. ئۇلار نۇقتىلىق، ئاچقۇچلۇق يەرلەرگە كەلگەندە، ئۆزىنى ئۇنداق پەسلەشتۈرمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئەر ـ ئائىلىق مۇناسىۋەتكە ئەڭ چىڭ قارايدىغان، قارام ۋە ئەسەبىي مىللەت بولۇپ، بۇ خىل قاراملىق ۋە ئەسەبىيلىك ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن! شۇڭا ئۇيغۇر ئەرلىرىنى باشقىلار ئاناڭنى دېسە ئالاھىدە ئاچچىقلانمايدىيۇ، خوتۇنۇڭنى دەپ سالغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ.

ئەپسۇس، زامانىۋى بۈگۈندە مەدەنىيەتلىكلەر تۇرمۇشنى ئىنتايىن كەڭ قورساقلىق بىلەن تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئاپتور بۇ نۇقتىنى تامامەن ئۇنتۇپ، ئىلمىيلىكنى تامامەن لاۋزىلاشتۇرۇۋەتكەن ۋە بىر خاتا ۋە چاكىنا غەۋغادا مىللەت ئېڭىغا سىغمايدىغان ئىدىيىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تولىمۇ بىمەنىلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئائىلىلەردىكى

3 ـ شەخس مەسىلىسىنى توغرا چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلغان! بۇ خىل قاراش ئاپتورنىڭ كۆڭلىدىكى خاتىرىسىدىلا قالغان بولسا بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى ئىدى. ئەمما بۇ مەتبۇئاتقا كەڭ كىتابخانلارغا سۇنۇلغاندە! بۇنى چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ، زىيالىيلارمۇ ئوقۇيدۇ، ھەممەيلەندە پەيدا قىلىدىغان تەسىر، قوزغايدىغان ھېس - تۇيغۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

مەن ھەرقانداق ئاپتورنىڭ رېئاللىقتا، ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىدىيە قاراشلىرى ئارقىلىق مەتبۇئات يۈزىنى پاخاللاشتۇرماسلىقىنى، شۇنداقلا كىتابخانلارنى ئالداشقا ئۇرۇنماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتورلار بىلىشى كېرەككى، كىتابخانلار ھەرگىز ئالدانمايدۇ!!!...

2002 ـ يىل. قاراقاش

# مۇنازىرمۇ، تىللىشىشمۇ؟

ئۆز ماھىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئويغىنىشقا باشلىغان ئەدەبىيات 80 ـ يىللىنىڭ ئاخىرى 90 ـ يىللىنىڭ باشلىرىدا مېۋە بېرىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇدى. مەزمۇن، تېما، ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئىپادىلىنىۋاتقان يېڭىلىقلارنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى دېيىشكە بولىدۇ. مەيلى تىپىك ئەسەر ۋە ياكى شېئىر ئەسەرلەر بولسۇن، يېڭىچە روھ يېڭىچە شەكىل بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر، كىتابخانلار تەپەككۇرىغىمۇ جانلىق ئىنكاس ئېلىپ كىردى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېلەچىكىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ، يېتىلىپ چىقىۋاتقان بىر تۈركۈم ئوت يۈرەك قەلەم ئىگىلىرى، خەلقىمىز روھىدا ئېتىبارسىز قېلىنىۋېرىپ ياكى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىق سەۋەبىدىن قاتمۇ ـ قات تىلسىماتقا ئايلانغان قەلب دەرۋازىسىنىڭ ھەسرەتلىك بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرەلمىدى. يېڭىچە شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ، نۇرغۇن مەنىۋى قاتلىمىمىز ھۆرۈنلۇقتىكى ئىللەتلەر پاش قىلىنغان ماقالىلەر مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى.

خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن چەتنەپ، خەق يىغلاۋاتسا، كۈلگەن قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ، قۇرۇق، ئورۇنسىز، مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇپ، خەلقنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ بىزار قىلغان مەتبۇئات بىلەن خۇشى قالمىغان كىشىلەر، ھەقىقىي ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى كۆرۈپ، ئۆز ھەسرەتلىرىگە دادىل تىكىلىپ تەسىرلىنىپ كەتتى. ئىچىنى بوشىتالىغانلىقىدىن، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى، ئۆزلىرىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئاڭلىيالىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ خارابلىققا ئايلانغان مەنىۋى دۇنياسىغا تىكىلگەنلىكىدىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئازادىلىك ھېس قىلالىدى.

بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېڭىچە شېئىرلارنى «گۇڭگا» دەپ

ئاتمۇپلىشقان، ئۇنىڭ ھەسرەت تامچىپ تۇرسىمۇ، تىرەن، ھەققىي ئاۋازلىرىدىن ئاغرىنىدىغانلار چىقتى. دېمىسىمۇ بىزنىڭ روھىمىزنى قېزىشقا، ھەققىي ئىپادىلەشكە تۇتۇنغان بۇ شېئىرلاردا، بىزدە نېمە بولسا شۇ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېھ، پاھلار بىلەن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، زورۇقۇپ، قاپىيە ئىزدەپ شېئىر يازىدىغان شائىرلارنىڭ شاللىنىپ قېلىشى ئۇلارغا زور بېسىم بولدى. شېئىرنىڭ ئۆزى روھقا ئەڭ سادىق ساپ سەنئەت سۈپىتى بىلەن ئۇنى ئەينەن ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىشى كېرەك، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بار دېيىلسە، ئادەمنىڭ روھىنى ئازادلىقكە ئېرىشتۈرۈش، يۈرەكنىڭ بېسىملىرىنى يۈكىنى يەڭگىللىتىش رولى بار. شەكىل ۋە مەنتىقە، پەلسەپە ئېلېمېنتلىرى ئۆزلۈكىدىن چىقىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ روھىي چۇقانلىرىمۇ، مۇئەييەن ئاڭنىڭ ۋە ئىدىئولوگىيە سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى.

دەسلەپتە ھەسرەتلىك باشلانغان يېڭىچە شېئىرلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ، يىغلىسپ قالغان روھىي تىندۇرمىلارنىڭ يېتىم قالغان ئاۋازلىرىنى يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە تەبىئىيلىككە، دادىللىققا، نېمە بولسا شۇنى، ھازىرقى ھاسىلاتلارنىڭ تېز سىزىمىسىنى سىزىشقا كۆچتى. بۇ خۇددى قىلىدىغان ئىشلىرى كەينىگە چۈشۈپ دۈۋىلىنىپ قالسا، ئىش بېجىرگۈچىنىڭ بېسىم ھېس قىلىپ سەل - پەل تېرىككەك بولۇپ قالىدىغانلىقىدەك ئاددىيلا بىر چۈشىنىشلىك روھىي جەريان، يېڭى شەيئىنىڭ غەيرىي تۇيۇلۇشى.

ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەمنىڭ قەلبى ساناقسىز شېئىرلار توپلىمى، ھەربىر ئادەم ئۆز قەلبىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان سانسىز تۇيغۇلارنىڭ ئەبجەشلىكىدە ياشايدۇ. شائىرلار پەقەت ئاشۇ تۇيغۇغا ئىسىم تېپىپ، ئات قويۇپ قەغەز يۈزىگە چىقارغانلار. باشقا ئادەملەر ئۇ خىل تۇيغۇلىرىنى قەغەز يۈزىگە سىزالمىغانلىقى ئۈچۈنلا شائىر ئاتالمىغان. ئەمما ئۇلار ئۆز تۇيغۇلىرىنى قەغەز يۈزىدە باشقىلار قولى بىلەن سۈرەتلەپ چىقىلىدىغانلىقىنى، ئۆز روھىدىكى چۇقانلارغا رەڭداش روھىي چېقىنلارنى ئۇچراتقاندا ھاياجانلىنىدۇ. شۇڭا شېئىرنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلار بارلىققا كەلگەن. قانداق شەكىلدە يېزىش مۇھىم ئەمەس، ئەڭ

مۇھىمى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىرىمىزنى تولۇق، دادىل ۋە ئىنچىكە-لىك بىلەن ئىپادىلەش. 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەختەم ئۆمەرنىڭ ماقالىلىرى كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 2000 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇلئە-ھەد ئابدۇرېشىت بەرقىينىڭ ماقالىلىرى كىتابخانلارنىڭ تالىشىپ ئو-قۇشىغا سازاۋەر بولدى. ئەختەم ئۆمەرنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىكى ئىللەتلەرنى پاش قىلغان ماقالىلىرىغا قارىتا، بىز خەقتە چۈشكۈنلۈك، يامان ئىللەتلەر بار ئوخشىمامدۇ، . مىللەتنى رىغبەتلەندۈرمەي، تىللا-ۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى، ئاغرىنىپ، كەچكىچە تىللاپ يۈرگۈچە باشقا يەرگە چىقىپلا كەتسە بولمىدىمۇ، دېگەندەك ئاپتور خاھىشىنى خالىغان-چە يورغىلىتىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەنىدى.

ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ۋە ئابدۇلئەھەد ئابدۇرېشىتنىڭ ماقالە-لىرىغىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلار پەيدا بولدى. «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» توپلىمى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ھەممە كىشى ئالدىراپ ـ تېنەپ بۇ كىتابنى ئىزدەپ سوراپ سېتىۋېلىشتى، بىر ـ بىرىگە ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىشتى. بەزى كىشىلەر قۇرمۇ قۇر، جۈملىمۇ جۈملە تەھلىل قىلىشىپمۇ بېقىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر كىتابقا ھەر جەھەتتىن يۇقىرى باھا بەرگەن بولسىمۇ، يەنە بەزى كىشىلەر بۇ كىتاب بىر ئاربلاشما ھاسىلات دۆۋىسى ئىكەن، ئۇنىڭغا ئىستېتىكا، پەلسەپە، سەنئەت ئىلىمىنتلىرى، ئىجتىمائىيەت مەسىلىلىرى ۋە روھىيەتنىڭ شېئىرىيەت ئېلىمېنتلىرىمۇ ئەبجەشلەرچە ئارىلاشتۇرۇلىۋېتىپتۇ، بۇنى قانداق ماقالىلەر توپلىمى دېيىش كې-رەك؟ دېگەندەك بىمەنە قاراشلاردا بولدى. ئۇلارنىڭچە ماقالىلەر چو-قۇم، سوئال ـ جاۋاب تەرتىپىدە ياكى ئىنچىلارغا ئايرىلىپ، نەق گەپنىڭ پوسكاللىسىنى پولتۇكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك ئىكەن. بىرەر ھادىسىۋى مەسىلىلەر، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپ-لىق ئويلىنىپ، كەلگۈ دائىرىلىك مۇلاھىزە قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي سەۋەبلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدەپ، ئۇنى ئىجتىمائىي مەنىۋى ياقتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ مەيدانغا چىقارغان ماقالىلەرگە، باشقىدىن ئىسىم ئىزدەش ياكى ماقالىلەر دېمەسلىك كېرەك ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭچە ماقالە دېسە بىر مۇنچە نەزەرىيىلەرنىڭ يېشىمى، ئەسىر دېسە خاسلا، پاھ - ۋاھلار يېزىلىشى، ئېستېتىكا، ئىدىئولوگىيە مەسىلىلىرى ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلماي، مەنىۋى ۋە ماددىي ياقى-تىن كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىلمەي مېخانىكلا يېزىلىشى كېرەك ئىكەن.

ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان ھەر قانداق بىر ئىدىيە، كۆز قاراش مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە ماددىي ئاساسقا ئىگە بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە، مەلۇم دەرىجىدىكى روھىي قاتلام، مەنىۋى ھاسىلاتلارنىڭ مەھسۇلى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرلى-كىدە يورۇتۇپ بېرىش، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىزدىنىپ، ئۇنى تەنگە ۋە جانغا ئىگە قىلىپ، جانلىق مەيدانغا چىقىرىش زۆرۈر. چۈنكى، ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلارمۇ جانلىق ئادەملەردە، شۇنداق قىلىشلا ماقالىلەرنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

مۇشۇ تۆت، بەش يىلدىن بۇيان يېڭىچە ئىجادىيەت ئېقىمچىلىرىدا ئۆز ئىچىدىن تالاش - تارتىش، سەپ تارتىش، گۇرۇھ ئايرىش ھادى-سىلىرى كۆپەيدى. «ئىشچىلار ھەرىكىتى ژۇرنىلى» دا پەرھات تۇر-سۇننىڭ «يامغۇردا قالغان تاۋۇس ئەللەيىن» ناملىق ماقالىسى بېسىل-دى. ماقالىدە ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەتجان ئوسمانلارنىڭ ئىجا-دىيەت ئۇسلۇبىنى يوققا چىقىرىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە، ئىززەت - ئابرۇيىغا داغ يەتكۈزىدىغان سۆز - جۈملىلەر ۋە ۋەزنى ئېغىر گەپلەر مەيدانغا چىقىرىلدى. بۇ ھال زىيالىيلار، ستۇدېنتلار ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغاپ، ئابدۇقادىر جالالىدىن ۋە پەرھات تۇرسۇن گۇرۇھچىلىرى شەكىللىنىپ، تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ ئابدۇقادىر جالالىدىن بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنى كەينىگە سېلىۋېلىپ، ئۇلارنى چوقۇندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا غادىيىپ، ئۆزىگە شايكا توپلاپ، مۇنار تىكلىۋې-لىپ يۈرىدۇ دېگەن گەپلىرىگە، بىر قىسىم ستۇدېنتلارنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ھەتتا شۇنداق دېگۈچىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرغۇچىلارمۇ پەيدا بولدى. ئاندىن پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىنى ھەرخىل ئىدىيە كۆز قاراشلار بىلەن تىللاپ،

تەقلىدلەپ، يوققا چىقارغۇچىلارمۇ ئاۋۇپ كەتتى. بۇ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ، يېنىچە يېتىپ ھاردۇق ئېلىۋاتقان 80 ـ يىللارنىڭ، 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى مۇنازىرچىلەرنىڭ بۇ يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، كەسكىن دادىللىق بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان ياشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ يېتىشقانلىرىمۇ بولدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇنازىرىنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىلمىيلىكتىن، ئەستايىدىللىقتىن ھالقىپ كەتكەندە، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەستايىدىللىقتىن، ئىلمىيلىكتىن ھالقىپ كەتكەن مۇنازىرىنى تىللاش دېسىمۇ بولىدۇ. تىللىشىش بىر خىل شەخسىي مۇناسىۋەتكە مەنسۇپ خۇسۇسىي ئىش بولۇپ، ئۇنى ئاۋامنىڭ مۇنازىرە سەھنىسىگە تارتىپ ئېلىپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداق قىلىنىدىكەن بۇ ئىككى تەرەپنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپلا قالماي، ئىدىئولوگىيە ساھەسىنىمۇ بۇلغايدۇ. ئىجادىيەت تەرەققىياتىنى بوغىدۇ. بۇ ماھىيەتتە شۇ خەلق، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە زىيان سېلىشتۇر.

دەرۋەقە ئابدۇقادىر جالالىدىنغا ھۆرمەت قىلىدىغان ستۇدېنتلار ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانلار، ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىدىغانلار. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان ھەربىر ئوقۇغۇچىدا تەبىئىي ئاساستا ئۇنىڭغا قارىتا ھۆرمەت قوزغىلىدۇ. چۈنكى، ئابدۇقادىر جالالىدىن ھەربىر سائەتلىك دەرس ئۈچۈن بىر كۈن ئەتراپلىق ماتېرىيال كۆرۈپ، باشقا تىللاردىن پايدىلىنىش قىممىتى بار نۇرغۇن چېتىشلىق بىلىملەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزگە تەبىئىي باغلاپ تۇرۇپ دەرس سۆزلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر ۋە ئاجايىپ كەڭرى كەتكەن تەپەككۇر دۇنياسىغا، ئىزدىنىش ئالىمىگە باشلاپ كىرەلەيدۇ. ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانسېرى ئادەمنىڭ نېرۋىلىرى ئېچىلىپ، ئادەم مېڭىسى ئاستا ـ ئاستا باشقىچە جانلىنىشقا، ئىدىيىسىدىكى، تەپەككۇرىدىكى قاراڭغۇلۇق سۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. بارلىق پەنلەر گويا زەنجىرسىمان ھالەت شەكىللەندۈرۈپ، چوڭقۇرلۇق ۋە چەكسىزلىككە بوي تارتىشقا، ئادەمنى سەگىتىشكە، ئويغىتىشقا باشلايدۇ. پىكىر جانلىقلىقى، يېڭىچە

www.uyghurkitap.com

ئىزدىنىشلەرنى تىنىمسىز غىدىقلاپ، ئادەمنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، شەكلى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا، ھەممىنى يېڭىدىن، قانداق ئۇسۇلدا باشلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى خېلىلا مۇكەممەل بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ تۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئۆگىنىشكە، ئاندىن تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا بىلگەنلىرىنى ئاغزىدا، بولۇپمۇ دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق ۋە جانلىق يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئاجايىپ ناتىقلىق سەنئىتى بولۇپلا قالماي، ئادەمنى يەنە ئۆزى ھەققىدە تىنىمسىز ئويلىنىپ، ئۆزىنى قېزىپ چىقىشقا، ئادىمىي قىممىتىنى تونۇپ، شۇ ئاساستا ياشاشقا دەۋەت قىلىدىغان ۋە بىۋاستە تەسىر بېرەلەيدىغان جانلىق ئوقۇتقۇچىلىق ئوبراز بار. بۇ بىر تەبىئىي جەريان.

ئۇ، ئوقۇغۇچىلىرىغا گاھ ئۇستاز، گاھ دوست بولۇپ، ئۇلارغا يۈرىكىدىن كۆيۈنىدۇ. ئۇ دەرس سۆزلەۋاتقاندا، ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ئوبرازىنىلا ئەمەس، شامدەك، مەشئەلدەك يېنىۋاتقان يۈرىكىنى، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان يۈكسەك پەزىلىتىنىمۇ كۆرەلەيدۇ. بايقىيالايدۇ. بىر سائەتلىك دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۇ سەرپ قىلىۋاتقان روھىي ئېنېرگىيىنى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بېرىلىپ، ئىچ باغرىدىن چىقىرىپ سۆزلەۋاتقانلىقتىن قانچىلىك دەرىجىدە چارچىغانلىقىنى ئوقۇغۇچىلار ھېس قىلىپ ئولتۇرالايدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىلىرىدىكى تەبىئىي ۋە بىۋاستە سېزىم، ئۇنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ ئاددىي ۋە مەنىلىك بولۇپ، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش ئاندىن مەنىۋى ھاسىلاتلارنى يېزىش، ئۈزلۈكسىز تىرىشىش بىلەن ئۆتىدۇ. كىچىك پېئىل، مۇلايىم ۋە كۆڭۈلچەكلىكى ھەممىدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار، ئۇنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش ھاياتى بىلەن بىۋاستە ۋە كۆپرەك ئۇچراشقۇچىلار ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ، ئۇلاردا تەبىئىي قوزغالغان تۇيغۇ.

پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانىغا كەلسەك، بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى روھىي پاجىئەلەرنىڭ، ئىنسان روھىيىتىنىڭ تەنھا، ئەسەبىي چۇقانلىرىنىڭ ئەستايىدىل خا-

تىرىلىنىشى، ئۆزىنى ئىپادىلىمەي، ئۆزىگە سىغمايۋاتقان، شۇنداقلا ئۆزىگە، دۇنياغا پاتماي، پارتلىيالماي، مۇۋاپىق تەسەللى بىلەن ھاياتتىن مەنە تاپالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارنىڭ ئۆزى بىلەن كېتىپ قالغان، تىرىكلەرگە قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرىسى. غەيرىي ھېمىڭۋايدەك قەلبى ئويغاق، ئۆلۈمنى تاللىغانلارنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ قاتۇرۇلغان قەبرە تېشى. رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاپتورنىڭ بۇ رومانغا قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى، روھىي تەپسىلاتلار ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنى بىزدىن ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق كىشەنلىرىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلساق، ئىنسان مەنىۋىيىتى نۇقتىسىدىن ئوپېراتسىيە قىلىپ باقساق، ئاندىن ئۇنىڭ يارىتقان مەنىۋىيىتى يۈكسەكلىك چوققىسىدىن، روھىي جەريانلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىپ چىقالىغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرىمىز. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كىرىستقا مىخلانغان ئەيسا پاجىئەسىنى قايتا ئەسكە ئالىمىز.

ئەمما بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولغان يازغۇچى چوقۇم شۇ مىللەتنىڭ ئېتىقادىغا، مىللىي ئەنئەنە، دىنىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. شۇنداقلا ئۆزىمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ئىجتىمائىي كەيپىياتى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، ئۇلاردىن ئىلھام، رىغبەت، ئوزۇق ئېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ھەم ئۇلارغا مەنىۋى ئوزۇق بېرىشنى تاللىۋالغانلىقى ئۈچۈن، چوقۇم شۇ مىللەتنىڭ ئېتىقادىدىن چىقىشى، ئۇنى ھۆرمەت قىلىشى، ئاڭا ھاقارەت قىلماسلىقى ئەقەللىي ئۇقۇم. ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئېتىقادىي، غۇرۇرى ھۆرمەت قىلىنمايدىكەن ئۇنىڭغا سۈكۈت بىلەن چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. پەرھات تۇرسۇننىڭ، بۇ تەرەپتىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىگە، ئاپتورنىڭ رومانغا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ.

رومانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى، ئەخلاق، مىللەت رامكىسىدىكى جاھىل تەرسالىققا قورشىلىپ قالماي تۇرۇپ، چوقۇم مۆئەييەنلەشتۈرۈش، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئەمما پەرھات تۇرسۇننىڭ «يامغۇردا قالغان تاۋۇس ئەللەيىن» ناملىق ماقالىسى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن، ئىلمىيلىك ۋە ئەستايىدىللىق چۆرۈپ تاشلىنىپ ئەسەبىيلەرچە مەيدانغا چىقىلغان ماقالە. بۇ ماقالە مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، باشقا كىشىلەرمۇ، نۇرغۇن ئاپتورلارنىڭ ئەسىرگە ئەمەس ئۆزىگە ئوبزور يېزىشتى. ئوبزورچىلىق ساھەسى ئۆز خاھىشى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان جەڭگە - جېدەل سەھنىسىگە ئايلاندى. ئوبزورنىڭ پەنلىك، ئىلمىلىق ۋە ئىلمىيلىك سۈپىتى بۇزۇۋېتىلىپ، ئەدەبىياتىمىزغا پايدىسى يوق، قورساق بوشىتىۋېلىشقا پايدىسى بار بىر قىسىم سەكرەتمە ئوبزورلار، ئوبزورنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ قويدى. ئىللاش، شەخسىيىتىگە تېگىش ئاساسى سالماقنى ئىگىلەپ قالغان بۇ خىل ئەسەرلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىيات ساھەيىمىزنى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى بۇلغىدى. ئارىلىقتا سەكرەپ يۈرۈپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ جان باقىدىغانلارمۇ، ئۆزىچە بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىدىغانلارمۇ چىقتى.

پەن — ئەدەبىي ئىجادىيەت دېگەن كامىل ئەقىدە، سەمىمىي ساداقەت ئەستايىدىل پوزىتسىيە، يىراقنى كۆرەر نەزەر، ئالىيجاناپ پەزىلەت بىلەن شەخستىن، ئۇنىڭ غەرەزلىك تۇيغۇلىرىدىن ھالقىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىلمىي پائالىيەت، قاچانكى مۇشۇ تەرەپلەر نەزەردىن ساقىت بولىدىكەن ئۇنىڭ پەنلىك، ئىلمىيلىك خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، پايدىلىنىش قىممىتى يوقايدۇ. مىللەت، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فۇنكسىيىسىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارغا يامان تەسىر بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يازغۇچى، شائىر دېگەن بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدىغان، تالىشىپلا يۈرۈيدىغان، پىتنىخور، ھەسەتخور بىر نېمىلەر دېيىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل قارىشى بىكار پەيدا بولمىغان. بىز خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن ئوبرازىمىزنى، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى، نىشانىمىزنى قايتىدىن ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك.

مەيلى پەرھات تۇرسۇن بولسۇن، مەيلى ئابدۇقادىر جالالىدىن بولسۇن ھەر ئىككىلىسى يېڭى ئويغىنىش ھەرىكىتىدە مول ئەمگەك مېۋىلىرى بىلەن زور ھەسسە قوشقان، پىكىر ئۆزگىچىلىكى بىلەن

چاقناپ تۇرۇۋاتقانلار، ھەممە ئادەم ئوخشاش بىر ناخشىنى ئوخشاش ئاۋازدا، ئوخشاش ئۇسلۇبتا ئوقۇۋەرسە بولمايدۇ. بىزگە ھەرخىل ئۇسلۇبتىكى يېڭى - يېڭى ناخشىلار كېرەك. ھەم ھەممىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاماشىبىنلىرى، قوللىغۇچىلىرى بار. نىشانىمىز بىر، پەقەت مېڭىۋاتقان چىغىر يوللىرىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن بىر - بىرىمىزگە خىرىس قىلىشىمىزنىڭ، يەنە شۇ چىغىر يوللاردا مېڭىپ سالغانلارنىمۇ ئۆچ كۆرۈپ، چىشلەپ تارتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بىر - بىرىمىزنى يوققا چىقىرىشقا، ئىنكار قىلىش ۋە ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە زورۇقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى كەڭ كىتابخانلار ھەممىسى، ئۆزىگە كېرەكلىكىنى ئىلغاپ ئۆزى ھۇزۇرلىنالايدىغان، پايدىلىنالايدىغانلىرىدىن ئۆزى پايدىلىنىدۇ. ئۆزى باھا بېرىپ، ئۆزى بايقىغىنى بويىچە مۇئامىلە قىلالايدۇ. ئۇلارغا خاھىش بەلگىلەپ، گۇرۇھ تىزىملىكى تارقاتمىساقمۇ بولىدۇ. شەخسىي ئاداۋەت بولسا، ئۇنى مەتبۇئات يۈزىگە سۆرەپ ئەپچىقىپ، ئىجادىي پائالىيەتلىرىدىن باشلاپ چىشلەپ تارتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ، تولىمۇ تەنتەكلەرچە قىلىنغان نادانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەتبۇئات يۈزى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى ئىپادىلەيدىغان، شەخسىيگە ھۇجۇم قىلىدىغان سورۇن ئەمەس، خەلققە سۇنۇلغان ئىلمىي قىممەتكە، ئىزدىنىش قىممىتىگە ئىگە ئاممىۋى سورۇن.

تەنقىد ماقالىلىرى پەقەت ئەسەر، ئىجادىي ئەمگەك ئۈستىدىلا بولسۇنكى، ئۇنى يازغان ئادەملەرنىمۇ سۆرەپ ئەكىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىللىشىشقا ئۆرۈنغان، چاكىنا، ئۆچ ئېلىش پائالىيىتىگە ئايلىنىپ قالمىسۇن.

مۇنازىرىلىشىش ياخشى ئىش، ئەمما مۇنازىرىنى سورۇنغا ئېلىپ چىققۇچىدا مۇنازىرىلىشەلىگۈدەك ساپا، مۇنازىرە سەنئىتى، مۇنازىرە ئەخلاقى بولمايدىكەن، ئۇ تىللىشىش بولۇپ قالىدۇ. تىللىشىشنى ئاۋامنىڭ مەتبۇئات سورۇنغا چىللاشنىڭ ئۆزى ئاۋامنى ئەخمەق قىلغانلىق خالاس.

1999 - يىل. خوتەن

# ماركوسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىن نەزەر

بۇ روماندا كولۇمبىيىدىكى كىچىك بىر كەنتتە يەنى ماكوندۇ كەنتىدە ياشىغۇچى بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، مۇشۇ بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى خاسلىقى، قىزىقىشى، ئىش - پائالىيەتلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل بىر جەمئىيەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن بىشارەت بېرىلگەن، بوئىندىيىلەر ئائىلىسىنىڭ بەرپا بولۇش، گۈللىنىش، كۈچىيىش ۋە ئاخىرى ھالاك بولۇشى جەريانىدىكى ئىنچىكە تەپسىلاتلار بىزگە بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپلا قالماي، يەنە شۇ مىللەتنىڭ، جۈملىدىن، سىرت بىلەن ئالاقىسى يوق ئىپتىدائىي بىر بىغەملەر كەنتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخى ۋە شۇ مىللەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىزگە ئوبدانلا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ يۈز يىللىق تارىخىنى، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان بۇ رومانىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيەت چىنلىقىنى ئەدەبىيات يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، جانلىق ئوبراز بىلەن تىپ يارىتىپ بىزنى سېھرىي تارىخىي چىنلىققا ئىشەندۈرۈپ، قولىمىزدىن يېتىلگەنچە ئاجايىپ بىر سېھرى تەپەككۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرەلىگەنلىكىدە، ئالدى بىلەن بىز ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىن رېئالىزمغا سادىقلىق بىلەن مەيدانغا چىققان قەدىمكى ئەپسانە، سىرلىق تۈسكە ئىگە قىلىنغان ۋەقە ھادىسىلەر بىلەن تارىخ تۇيغۇسى ئىچىدىكى مۇبالىغە بەدىئىيلىكىدە تۇتقان ئورنىغا دىققەت قىلىپ قالىمىز. روشەنكى بۇ يەردىكى قۇيرۇقلۇق تۇغۇلغان بالا، سېغىز ۋە سازاڭ يەيدىغان قىز رىسكا، ئاسمانغا ئەديال بىلەنلا چىقىپ كەتكەن ساھىبجامال دېمەستىن ۋە ئۇنىڭ كۆيىنەكسىز يۈرۈشىگە، مۇنچىغا كىرىشكە ئامراق خاراكتېرى، ئاركاردىئو 1 -، 2 -

لەرنىڭ ئاجايىپ خاراكتېرىنىڭ ھەممىسى ئەپسانە تۈسكە كىرگۈزۈل-
گەن، سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ۋەقە ۋە ئوبرازلار بولۇپلا قالماي،
تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، ھەم ئەدەبىي قىممەتكە ھەم تارىخىي
قىممەتكە ئىگە قىلىنغان بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئېڭىمىزدا،
مەدەنىيەت، ئاڭ، تۇزۇلمىنى چۆرىدىگەن ئىجتىمائىيەت قايىنىمىدىكى
غۇۋا ھالسىز سۈكۈتنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. بىز ئانچە قىزغىن بولمىغان
شۇ سۈكۈتىمىزنىڭ راۋاجى بىلەن رومانغا خاس كەيپىياتتا، بۇ سېھىر-
گە تولغان رېئالنى تراگېدىيىنى ئوقۇپ تۈگىتىمىز.

ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، ھاياتلىق ئېستېمال ئېھتىياجى بىلەنلا قانا-
ئەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ، ياۋايى ئىپتىدا-
ئىي خاراكتېرىدە قۇتراۋاتقان ئەسەبىي كىشىلەرنىڭ، ياۋايى ئىپتىدا-
ئىي خاراكتېرىدە قۇتراۋاتقان ئەسەبىي چاكقاقلىق، مۇھەببەتسىز،
مېھىرسىز پائالىيەت دائىرىسى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ جاھىل روھىي دۇنيا-
سى، ئەبجەق ياشاش رامكىسىغا رەھىمسىزلەرچە بەنت قىلىۋەتكەن.
ئۇلار گەرچە نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىپ تۇسالغۇسىز، ھايا-
سىز، بىمەنە ھالدا ياشاپ خېلىلا ئەركىنلىككە ئېرىشكەندەك قىلىسى-
مۇ، ماھىيەت ئۇلارنىڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ بىمەنە ئەركىنلىك ئالىمىدە
يوقىلىشقا باشلىغان چۈشكۈن ھالىتىنى يوشۇرالمايدۇ. خوس ئاركار-
ئىرنىڭ جۇغراپىيە، فىزىكىغا دائىر ئىزىنىشى، ئورىئانولارنىڭمۇ بې-
يىشى، ھەرخىل ئۇرۇنۇش، ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىز بولۇشى
ئەسەرگە باشتىن ـ ئاخىرى ئۈمىدسىز كەيپىيات بېغىشلاپ، بۇ جەمەت-
نىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار گەرچە شۇنچە ئەركىن ۋە
بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدىغاندەك قىلىسىمۇ، ھەممىسى چۈشكۈنلۈكتىن،
يالغۇزلۇقتىن، يېتىمسىراشتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا
دائىم نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىۋاتقاندەك زېرى-
كىش، ئۆز تۇرمۇشىدىن نارازى بولۇش، يالغۇزلۇقنى خالاش كەيپى-
يات ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچى، ياۋۇز-
لۇققا مايىل ماھىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان يېتىملىك پاجىئەسى بو-
لۇپ، ئۇلاردا ئادەملەرگە خاس مېھرى ـ مۇھەببەتنى، شەپقەتنى،
سېغىنىشنى، مەنىۋىيەتنى ئىزدەشنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار ھەتتا

www.uyghurkitap.com



ئۆزىدە مۇشۇنداق ئامىللار ئىلىمىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزلىرىنىڭ شۇ-نىڭغا موھتاج ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار ئۇچۇن بىر تۇغ-قان قېرىنداشلىرىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن مەيلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋە مەيلى قەستەلىك (قەست) بىلەن ئايرىلىپ قېلىش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى بىر ئىش، ئۇلارنىڭ تۇيغۇسىدا بۇلارغا قارىتا ئەزەلدىن ئازابلىنىش ھېسسىياتى بولۇپ باقمىغان. ئۇلاردىكى بۇزۇپ ـ چېچىش، ئۆز ـ ئۆزىدىن، بىر ـ بىرىدىن ياتلىشىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئاسرىماسلىق، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى چۈشەن-مەسلىك، بىر ـ بىرىدىن تەپتارتماسلىق، جىنسىي نەپسانىيەتچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بىمەنە ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى شۇنچە خۇنۇكلەشتۈرۈپ ھايات ۋە ئۆلۈمنى ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. رومان ۋەقەلىكى مانا مۇشۇنداق خۇنۇكلۈك ئىچىدە روشەنلە-شىپ راۋاجلىنىدۇ، يۈكسەك بىر ئىدىيە تىمتاس كەيپىيات بىلەن يا يىغلىغىلى يا كۈلگىلى بولمايدىغان ھېسسىيات تىنچلىقىدا ئاستا ـ ئاستا بالقىپ چىقىدۇ. بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلىرىدە ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئۆزلۈك ئېڭى، ئازابلىنىش تۇيغۇسى، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ماددىۋىي، مەنىۋى لازىمەتلىكلىرىنى بايقاش، قوغ-داش، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق. ئۇلاردا ئىنتىلىش بار دېسە بار. ئەپسۇسكى ئادەملىك ھېس ـ تۇيغۇدىن ئايرىلىپ، نوقۇل ھالدىلا ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۇستىگىلا قىلىنىۋاتقان بۇ خىل ئۇرۇ-نۇشنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كەلگىنى سوغۇق، چۈشكۈن ئېرىنىش، لەز-زەتسىز قېنىشتىن ئىبارەت خالاس.

روماندىكى ھەربىر شەخسنىڭ ئادەملىك ھېس ـ تۇيغۇدىن مۇس-تەسنا ھالدا قىلىنىۋاتقان ئىشلىرى، مۇشۇ خىل ئۆلۈك ـ كەيپىياتتا دۇچ كەلگەن ئەگرى ـ توقايلىقلىرى، پۈتكۈل ماكوندولۇقلارنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش جەريانىدىكى ئوخشاشلا چۈشكۈن، ئىپتىدا-ئىي ئېڭى باشلاپ بارغان پاجىئەسىدىن دېرەك بېرىدۇ. چەت ئەللىك-لەرنىڭ بانانزارلىق بىنا قىلىشى، ئىشچىلارنى باستۇرۇشى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قاتارلىقلار كىچىك بىر دۆلەت، نادان خەلقنىڭ مونو-پول قىلىنىپ، تالان ـ تاراج ئىچىدە يوقىلىشقا ئوخشاشلا نەتىجىدىن

دېرەك بېرىدۇ. بۇ يالغۇز كولۇمبىيىدىكى كىچىك بىر ئارالنىڭ ئەمەس، ھەر قانداق بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مونوپول قىلىنىش ئەھۋالىنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن سىمۋولى بولۇپ، روماننىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشىپ، ئۆلمەس ئەسەر بولالىغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى. روماننىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتى شۇكى، ئاپتور بىر جەمەت كىشىلىرى ئىچىدىكى يەتتە ئەۋلادقا كەينى - كەينىدىن ئورنىئانو 2 . . . دېگەندەك ئوخشاش ئىسىملارنى قوللىنىپ، ئوخشاش ياشاش مۇھىتى ئىچىدە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھالدىكى خاراكتېرى بىلەن غەيرىيلىكىنى ئىپادىلەپ، ھەربىر پىرسوناژ ئۈستىدە كىتابخان ئېڭىدا ئۆزىگە خاس تەپەككۇر بوشلۇقى ۋە پەرقلىق تەسىرات بوشلۇقى قالدۇرالىغان، كىتابخان ئېڭىدىكى تەسىرات غارايىباتلىرىنىڭ جۇغلىنىپ ئاخىرقى نەتىجىسىنى يەكۈنلىيەلىشىگە پەلسەپىۋى، مەنەئى، تۇيغۇ لىنىيىسىنى بىلىندۇرمەستىن ھازىرلاپ بەرگەن. ئاپتور، چۈشكۈنلۈكىنى، بىمەنىلىكىنى تەسۋىرلەپ، بىزگە چوڭقۇر مەنىنى ھېس قىلدۇرالىغان. مانا بۇ سىرلىقلىق باشلاپ كىرگەن ئويئوچۇق، ئېنىق رېئالىي دۇنيا.

روماندا باشتىن - ئاخىرى ئالاھىدە پەرۋىش بىلەن يارىتىلغان پىرسوناژ ئورسۇلا بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭغا 7 - ئەۋلادقىچە ياشىيالايدىغان ئۇزۇن ئۆمۈر، مادار ۋە ئىدراك ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئىدىيىلەر جەمەتنىڭ بىردىنبىر سۇنماس تۈۋرۈكى، ئائىلە ئىگىلىكىنى تىكلىگۈچىسى قىلىپ تەسۋىرلىگەن مەردانە، تېتىك، چىداملىق ئورسۇلا بىر قېتىملىق جىنسىي نەپسانىيىتى ئۈچۈن ئەۋلادىنىڭ نامىغا، غۇرۇرىغا داغ چۈشۈرۈپلا قالماي، يەنە ئەۋلادىنىڭ خارابلىشىشىغا قاراپ يۈزلىنىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قېرىنداشلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان جىنسىي پاراكەندىچىلىكلەر بۇ جەمەتنى ئەخلاق، مۇھەببەت ۋە قەدىر قىممەت ئېڭىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىدۇ. ئورسۇلانىڭ يېشى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالسىمۇ يەنىلا پىچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇپ، گۈللۈكلەرنى بەرپا قىلىشى، ھەتتا كۆزىنىڭ كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئائىلىسىدىكىلەردىن يوشۇرۇپ، ئۆزىنىڭلا ئەمەس ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، قېرىلىقىغا تەن بەر-

مەسلىك، تەمكىنلىكى قاتارلىقلار ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بىر خىل مەردانىلىكنى ۋە پەرۋىشكارلىقنى، جاسارەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ نەۋرىلىرىنى پات ـ پات ئەدەبلەپ تۇرۇشى، ئائىلىدە پات ـ پات ئەنئەنە تۈسنى ئالغان ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى ئەسكەرتىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىستىقباللىق بولۇشىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۈمىدىنى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق بىر قانچە قېتىم ئۇنتۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپلا قالماي ئۆز قەدرىنى، ئەخلاقىنى، ئېسىل مەدەنىي مېۋىلىرىنى خارلىغان بۇ جەمەت ئەزالىرى ئۇرسۇلادەك بىر مومىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇشقانىدى. ئۇرسۇلا ئاخىرقى ئۆمرىدە خوس ئاركادىئو تەجرىبە ئۆيى قىلغان ئۆيگە بېكىنىۋالغىنىدا ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەۋلاد نەۋرىلىرى ئۇرۇپ ـ تارتىپ، ئاستىغا بېسىۋېلىپ، ئويۇنچۇق قاتارىدا ئوينايدۇ. ئاخىردا ئاچ ـ مادارسىز قالغان ئۇرسۇلا ئۆز جەمەتىنىڭ قولى بىلەن ھالاك بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇرسۇلا ئاخىرى ئۆزى دەپسەندە قىلىغان ئائىلە ئەخلاقىنىڭ خورلىشى بىلەن، ئۆز خاتالىقىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

رومانىدىكى يەنە بىر ئەپسانىۋى، ئىلاھى يارىتىلغان پېرسوناژ ئوبرازى مىرگادىس بولۇپ، ئۇنىڭ پات ـ پاتلا پەيدا بولۇپ قېلىشى، بۇ ئىندىيە ئائىلىسىدە، ئۇلارنىڭ 7 ـ ئەۋلادىغىچە ياشىشى، بۇ ئىندىيىلەرنىڭ كېلەچەكى ھەققىدىكى ئاقىلانە ئالدىن بىلىپ خاتىرە قالدۇرۇشى، ئۇلارغا ھە دېگەندە ئەقىل ئۆگىتىشكە ئۇرۇنۇشى قاتارلىقلار رومانىنىڭ سېھرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. مىرگىلاس گۈزەل ئارزۇنىڭ مۇجەسسەملىنىشى، ئارماندا كەتكەن ئىلەكنىڭ نەتىجىسىز بەربات بولۇشىدۇر. دەرۋەقە ماكوندولۇقلار، جۈملىدىن بۇ ئىندىيە ئائىلىسىدىكىلەر مىرگادىسقا ئوخشاش ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يول باشلىشىغا تەشنا ئىدى. ئەمما ئۇلاردىكى بىخۇدلۇق ھەممىنى ھالسىزلاندۇرۇپ، ئۈمىدسىزلەندۇرۇپ ئاخىرى ھەممە ئۇرۇنۇشلارنى يوققا چىقىرىۋەتتى. ئاخىرى بۇ كىچىك كەنتنىڭ قارا بوران ئىچىدە، ئىز ـ دېرەكسىز ھالدا غايىب بولۇشى نادان، قالاق، ئىپتىدائىي، چېچىلاڭغۇ، ئۆز ـ ئۆزىنى كۈچەيتىش، ساقلاپ قېلىش ئىڭى يوق،

ئورتاق ئېتىقاد يوق مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىپ، ئۆلارنىڭ بىچارە، خۇنۇك، نام ـ نىشانسىز ئۆتكەن غېرىبانە ھاياتىغا ئېچىنىشلىق قەبرە تېشى ياسىدى! مانا بۇ چوڭقۇر پاجىئە ئۆزىگە سىڭدۈرگەن تىراگېدىك ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەقەللىي كۆرىشى، بارلىق ئەقىل ئىگىلىرىگە، ئىنسانىيەتكە بېرىلگەن سىگنال. غېرىبلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە نەتىجىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان نالىلەرنىڭ پىغانلىق ئىلتىجاسى.

1998 ـ يىل. ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# «گىدونى كۈتۈش» درامىسىدىن ئۈزلۈككىچە

گىدونى كۈتۈش درامىسى بۈگۈنكى زامان فرانسىيە يازغۇچىسى مۇئىل بېككېت (1906 ـ 1998) نىڭ بىمەنىچىلىك تىياتىر ئېقىمى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۇنجى درامىسى بولۇپ، بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسى ۋە كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە تۇنجى درامىسى بولۇپ، بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئىزدىنىشىنىڭ بەدىئىي يەكۈنى سۈپىتىدە غەرب بىمەنىچىلىك تىياتىر ئېقىمى ئىجادىيىتىدە ۋە پۈتكۈل مۇدېرنىزم ئەدەبىياتىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. شۇڭا بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نەزەرىيە ساھەسىدە ئەڭ جەلپ قىلارلىق تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.
بۇ ئەسەرنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا شۇنچىۋالا كۈچلۈك داغدۇغا قوزغىشى ئەسەرنىڭ دەل ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، مىللەت ۋە ئىرق چېگراسىدىن، ماكان ۋە زامان چۈشەنچىسىدىن، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەر دۇنياسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كېلەچىكىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ھالدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ئاجايىپ چوڭقۇر پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئېچىپ بەرگەنلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىنسانىيەت دۇنياسى گەرچە ئىنتايىن قۇرغاق، قاقشال ۋە تولىمۇ بىمەنە تۈس ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بىز ئەسەردە ئىپادە قىلىنغان بۇ خىل بىمەنىچىلىك ئىدىيىسىنىڭ دەل ھازىرقى زامان غەرب جەمئىيىتىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىگە ۋە ئۆز جەمئىيىتىگە بىۋاستە يىلتىز تارتقان-

لىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئەسەردە ئىپادە قىلىنغان ئىدىيىنىڭ ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتسىز ئەمەسلىكىنى، ئەسەرنىڭ غەرب كىشىلىرىنىڭ ھازىرقى مەنىۋى نامراتلىق ھالىتىگە نىسبەتەن ئۆزىنى ھېس قىلدۇرۇشتا ناھايىتى چوڭقۇر ئىدىيىۋى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شۇنداق ئىكەن «گىدونى كۈتۈش» درامىسى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ـ بۈگۈنكى دەۋردىكى كەڭ كىشىلىرىمىزنىڭ غەرب دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئۆزگىچە ئىدىيىۋى قاتلىمىدىن زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە، شۇنداقلا كىشىلىرىمىزنىڭ غەرب مۇدېرنىزم ئەدەبىياتىغا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا مەن بۇ ماقالىدە «گىدونى كۈتۈش» درامىسى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى قىممىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

«گىدونى كۈتۈش» درامىسى غەرب مۇدېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماي، پۈتكۈل دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىسىدە قاتتىق ئالقىشلاندى. بۇ دراما سەھنىدە ئوينالغاندا 1 ـ پەرد ئاخىرلاشقان چاغدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا بېكىتنى قوللىغۇچىلار بىلەن بېكىتنىڭ بىمەنىچىلىكىگە قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ كەتكەن. كېيىن ھەتتا كىشىلەر «نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دېگەن سوئالغا «گىدونى كۈتۈۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بىمەنە ھالەت شەكىللەنگەن.

«گىدونى كۈتۈش» درامىسى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەنلا ئەمەس، مەزمۇنى بىلەن پۈتكۈل دۇنيا ئەدەبىياتىدا زور ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئۇ مۇشۇ ئەسىرى بىلەن يېڭى بىر ئېقىمنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى ياراتقان ۋە مۇشۇ ئەسەرنىڭ نوپۇزى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان.

ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمى تەسىرى ئۈستىدە توختالغاندا، بىز مۇشۇ ئەسىرى بىلەن بىمەنىچىلىك تىياتىرىنىڭ باشلامچىسى بولغان ساموئىل بېككېت توغرۇلۇق ئازراق توختالماي تۇرالمايمىز.

ساموئىل بېككېت بىمەنىچىلىك ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

بۈگۈنكى زامان فرانسىيە شائىرى، يازغۇچىسى، ئوبزورچىسى، دراماتورگى، بېككېت 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فرانسىيىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇرۇشتىن كېيىن مەخسۇس يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ پىروزا ۋە دراممىلىرى ئۆزگىچە شەكىل ۋە يۇنان تراگېدىيىلىرىدەك پاكلاش روھىغا ئىگە بولغاچقا 1969 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بېككېتنىڭ ئىجادىيىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1952 ـ يىل تۇنجى بىمەنە تىياتىرى «گىدونى كۈتۈش» نى ئىجاد قىلىش بىلەن بىرگە «مارويى» ، «مالونىنىڭ» ، «ئىسمىز ئادەم» قاتارلىق رومانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىرلوگىيىنى يازدى. ئۇنىڭ يەنە «ئاقمۇەت» ، «ئەڭ ئاخىرقى بىر لېنتا» قاتارلىق دراممىلىرى بار. بېككېتنىڭ بىمەنىچىلىك ئېقىمىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇكسەك بولۇپ، مۇشۇ ئېقىمنىڭ پەيدا بولۇش ۋە شەكىللىنىشىدىكى رولى ئەڭ گەۋدىلىك. بىمەنىچىلىك تىياتىرىنىڭ ۋەكىللىرى يونېسكۇ، سامۇئىل بېككېت، ئاداموف، رېيىنى قاتارلىق بولۇپ، تۇنجى ئىجادچىسى يونىسكونىڭ پەلسەپۋى ئاساسي مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپسى. ئۇلار: «ئادەم دۇنيانىڭ خوجايىنى ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ قۇربانىمۇ ئەمەس، ئۇ دۇنيا ئالدىدا ئامالسىز، ئۇ دۇنيانى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ مەڭگۇ دۇنيا ئالدىدا يالغۇز» دەيدۇ. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ ئىدىيىۋى دولقۇن ۋە ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ ھېسابلانغان. مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى ئۇرۇش ھارپىسىدا فرانسىيىدە گۈللىنىپ، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كېڭەيدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا ۋە شەرق دۇنياسىغا يېتىپ باردى. بىمەنىچىلىك تىياتىرى ۋە يېڭى پىروزىچىلىققا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ژان. پائول سارتىرى مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتى بايرىقىنى تۇنجى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازدى. سارتىرى پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدە «مەۋجۇتلۇق ماھىيەتتىن بۇرۇن» ، «دۇنيا مەۋھۇم» ، «ئەركىن تاللاش» دېگەن ئۈچ ئاساسي پرىنسىپنى تەشەببۇس قىلدى. بىمەنىچىلىك تىياتىرىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئېقىم

ئالدى بىلەن پارىژ سەھنىسىدە پەيدا بولدى. 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يۇنىسكو، ئاداموف، بېككېت قاتارلىقلار دراما ئىجادىيىتى جەھەتتە كونىلىقنىڭ ئورنىغا يېڭىلىقنى دەسسىتىپ، بىمەنە دۇنيانى بىمەنە شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

«ئورۇندۇق» ، «تاجاۋۇز» ، «گىدونى كۈتۈش» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئەسەرلەر جۈملىسىدىندۇر. بۇ خىل دراملاردا ئادەتتە سىستېمىلىق، كونكرېت سيۇژېت بولمايدۇ. مۇكەممەل قۇرۇلما ۋە مۇناسىپ توقۇنۇش، باغلىنىشلىق تىل، روشەن ماكان، زامان بولمايدۇ، پېرسوناژلار غەلىتە، كۈلكىلىك بولىدۇ، ئۇلار درامىدا كىشىلىك ھايات ئازابلىرى، بىمەنىلىكلىرى ۋە ئۆلۈم ۋەسۋەسىلىرىنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدۇ.

دېمەك، بىمەنىچىلىك تىياتىرىنىڭ ئۆزگىچە غەلىتە شەكلى بىمەنە مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە تازا ماس كەلگەن. 20 ـ يىلدىن بۇيان بىمەنىچىلىك تىياتىرى غەربىي ياۋروپا، جەنۇبىي، شىمالىي ئامېرىكىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر قوزغىدى. كىشىلەر بىمەنىچىلىك ئۇقۇمىغا ئىنتايىن قىزىقتى.

بىمەنىچىلىك ئېقىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى روشەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە. بولۇپمۇ شەكىللىنىشى بىزگە غەرب جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى ھاۋاسىدىن سىگنال بېرىدۇ.

ئۇنىڭ كىشىلىك قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچەپ، مەنپەئەت ئۈچۈن بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىۋاتقان، مۇھەببەتسىراپ، مېھرىسىراپ تۇگىمەس مەنىۋى ئاچارچىلىققا دۇچار بولغان غەرب جەمئىيىتى ۋە ھارغىن نالە قىلىۋاتقان فىرانسىيىنىڭ روھىي مەغلۇبىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا 1 ـ ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا خانىۋەيران بولغان غەرب ئەللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق پەريادىنى شىكايەت تەرىقىسىدە يوشۇرۇن ئىپادىلەيدۇ. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پاتپاراقچىلىقى ماددىي ۋە مەنىۋى كرىزىسلىرىنى تۈگىتىپ ۋە تولۇقلاپ بولالماي تۇرۇۋاتقان فرانسىيە خەلقى شۇ ھالىتى بىلەنلا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ شىددەتلىك بومبىسىغا دۇچ كېلىپ ئەندىكىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خۇددى چۆگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك ھوشىنى تاپالماي يۈرۈۋاتقان فرانسىيە

www.uyghurkitap.com



خەلقى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئۇلارغا ياشاش بىمەنە، ئەھمىيەتسىز، تۇرمۇش مەنىسىز تۇيۇلۇشقا باشلاپ، بىمەنىلىك ئۇقۇمى زورىيىپ ھەرخىل ئۇسۇل ۋە شەكىل ئارقىلىق مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىمەنىچىلىك ئېقىمى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئېقىمى بىلەن بىرلىشىپ مۇكەممەل بىر ئېقىم بولۇپ قالدى.

بىمەنىچىلىك ئېقىمى بىلەن مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ھەر ئىككىسى دۇنيا بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق يوق دەپ قارايدۇ، لېكىن ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. يەنى بىمەنىچىلەر بىمەنە دۇنيانى بىمەنە ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بىمەنىچىلىك ئېقىمىنىڭ ئەڭ تىپىك ئۈلگىسى بولغان «گىدونى كۈتۈش» دراممىسىدىكى ئىپادىلەش ۋە مەزمۇن مۇنداق: ئەسەر ئىككى پەردىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بارى يوق بەش پېرسوناژ بار. بىرىنچى پەردىدىكى ئەھۋال مۇنداق: گوگوم، يېزىدىكى بىر يولنىڭ ياقىسىدا قۇرۇپ كەتكەن بىر توپ دەرەخ، ئاستىدا گوگو توپا دۆۋىسىدە ئولتۇرۇپ ئايىقىنى يېشىۋاتاتتى، ئۇ قانچە كۈچەپمۇ ئايىقىنى تارتالمايتتى، دى دى گوگوغا يېقىنلايدۇ. ئۇلار پاراڭلاشسىمۇ پارىڭىدا مەركىزىي تېما يوق، دائىرە يوق، تاقىقا ــ تۇققا، ئۇلار بىردەم قايتا ئۇچراشقىنىنى تەبرىكلىمەكچى بولىدۇ، بىردەم تۇنۇگۈنكى كېچىنى نەدە ئۆتكۈزگەنلىكىنى تالىشىدۇ، بىردەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ھەرەڭ ــ سەرەڭ گەپلەر، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ بىر ــ بىرىگە چەك باسمايدۇ، گوگو دى دىغا بىز ماڭايلى دەيدۇ، دى دى بولسا بىز گىدونى كۈتەيلى دەيدۇ. ئۇلار كۈتىدۇ، كۈتىدۇ، ئۇلار ئېسىلىپ ئۆلۈش ئويۇنىنى خىيال قىلىشىدۇ، سەۋزىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقچى بولىدۇ. ئۇلار ئۇزاق كۈتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈتكىنى بوجو ۋە شىنيۇر بولۇپ چىقىدۇ، گو گو بىلەن دى دى بوجونى گىدو دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بوجو ئۆزىنىڭ ئىسمىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار گىدونى تونىمىسىمۇ يەنە شۇنداق كۈتۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بوجونىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش كىشىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى. ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قۇلدارلىق سالاھىيىتىنى كۆز ــ

كۆز قىلىپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ، شىنيۇرغا ئۇنى ئال، بۇنى ئال
دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. تۇرۇپلا ئۇسسۇل ئوينايدۇ، تۇرۇپلا نۇتۇق
سۆزلەيدۇ، بىرئازدىن كېيىن شىنيۇرنى ئالدىرىتىپ گۇگۇ ۋە دى دى
بىلەن خوشلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گىدونىڭ ئەلچىسى سۇپىتىدە بىر بالا
كېلىپ، گىدونىڭ ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق گۇگۇ بىلەن
دى دى كۈتۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى پەردىدىكى ئەھۋال مۇنداق: ئەسلىدىكى قاقشال دە-
رەختە 4 ـ 5 تال يوپۇرماق، گۇگۇ بىلەن دى دى بۇرۇنقى جايدا
گىدونى كۈتىدۇ. ئۇلار يەنە تۈنۈگۈن ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئىز-
دەيدۇ، بىراق ئەسلىيەلىگەنلىرى ناھايىتى مۇجمەل. ئۇلار بىر ـ
بىرىنى تىللاپ خوشلىشىۋاتقاندا، بوجو بىلەن شىنيۇر سەھنىگە چىقى-
دۇ. بوجو ئۆزىنىڭ ئەمالىقىنى، شىنيۇرنىڭ گاچىلىقىنى ئېيتىدۇ.
گۇگۇ ئۇخلاپ قالىدۇ، دى دى بوجو ئىككىسىنىڭ كېتىشىگە قاراپ
تۇرىدۇ. بۇ چاغدا بالا سەھنىدە پەيدا بولۇپ، گىدونىڭ بۈگۈن ئەمەس
ئەتە كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار ئۆلۈۋېلىشنى ئويلايدۇ.
بىراق ئارغامچا يوق ئىدى. تاسما بولسا پۇختا ئەمەس ئىدى. ئۇلار
بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى. ئەگەر ئەتە گىدو كېلىپ قالسا، ئۇلار
قۇتۇلدۇرۇلغان بولاتتى، ئۇلار ئايرىلىشتى، بىراق پەردە چۈشكەندە
ئۇلار جايىدىن قىمىرلىماي تۇرۇشىدۇ. ئەسەرنىڭ تەپسىلاتى مانا مۇ-
شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

ئەسەردە تىلغا ئالغۇدەك ئىش ـ ھەرىكەت، ۋەقە، گەپ ـ سۆز
شۇنداقلا سەھنە كۆرۈنۈشىمۇ يوق. يېزىدىكى يول ئۈستىدە قاقشال
دەرەخ تۈۋىدە تۇرۇپ گىدونى كۈتۈۋاتقان گۇگۇ بىلەن دى دىنىڭ
باش ـ ئاخىرى يوق ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئېگىز ـ پەس گەپ
سۆزلىرى ۋە قولاشمىغان ھەرىكەتلىرى، سەھنە قىياپىتىدىن پېرسو-
ناژلار قىياپىتىگىچە ئادەمگە بىر خىل بىمەنىلىك، مەنىسىز، چۈشكۈن
تۇيغۇ بېرىدۇ. گۇگۇ بىلەن دى دىنىڭ قىلغان پاراڭلىرىدا ھېچقانداق
مەركىزىي تېما دائىرىسىنىڭ بولماسلىقى، ھەرىكەتلىرىنىڭ قولاش-
ماسلىقى، گىدونىڭ كىملىكى، ئۇنى نېمە ئۈچۈن كۈتىدىغانلىقى ۋە
ئۇنىڭ قاچان كېلىشىنى بىلمىسىمۇ يەنىلا مەنىسىز، چۈشكۈن رەۋىش-

تە كۈتۈۋېرىشى، شۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا تۇرمۇش ۋەھىمە، چۈشكۈنلۈك ۋە ئاچلىقتا بۇرۇختۇرمىچىلىق ئىچىدىكى كۈتۈش بىلەن ئۆتۈۋاتقان فرانسىيە خەلقىنىڭ قۇرغاق تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئوبدان ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بۇ خىل ئادىمىيلىك ئاڭ ھەرقانداق بىر ئادەمنى بۇ ئەسەر بىلەن تونۇشقاندىن باشلاپلا، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىقىنىڭ ئىنتايىن يېقىنلىقىنى، ھەر قاچان ئاشۇ دائىرىدىن چېكىنمەي ئايلىنىپلا كۈتكەن، نېمىگىدۇر ئىنتىلگەن ۋاقىتلىرىدا ئەسەرنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالىدۇ.

«گىدونى كۈتۈش» بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بوشلۇقلارغا تەلپۈنۈشلەرگە ئورتاق بولغان ئومۇمىي فورمۇلانىڭ نامى بولۇپ، خۇددى ھەربىر ئادەم تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىككى قانۇنىيەتنىڭ ئورتاق بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق كۈتۈشلىرىگە ئورتاق ماس كېلىدۇ. ياشاشنىڭ ئۆزى تۇغۇم ۋە ئۆلۈم ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئالدىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېرىشىش ۋە يوقىتىش ئىچىدىكى پاجىئەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ كۈتۈش ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ كۈتىدىغان تىراگېدىيىنىڭ مەھسۇلىدۇر. گىدو بىر مەنىۋى ئوبراز، تېپىكلىك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، قاتلىمى كۆپ ئېھتىياجنىڭ جۇغلانمىسى. بۇنى كۈتۈش ئىنسانلارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا يېڭى تەلپۈنۈش، ئەسلىي تەبىئىتىنى ئىزلىشى، ھېچقانداق تۇسالغۇسىز ھالدا ئۆزىگە سادىق ھالدا ھەرىكەت قىلىشقا ئۇرۇنۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رېئاللىقنىڭ ئاچچىق، سوغۇق كەلمىشلىرى ئىچىدە سىقىلىپ ئازاب، ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەر نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، ئىنتىلىشلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا نېمىلەرنىدۇر كۈتىدۇ. ئاچچىق يۇتۇپ يۈرۈپمۇ، ئازابلىق تولغىنىپ تۇرۇپمۇ بىردىنلا باشقىچە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغاندەك ياكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشلار ئويلىغاندەك بولىدىغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. ئىنسانلار قېرىپ تۈگەيدۇ، ئەمما بۇنداق تەلپۈنۈشلەر، كۈتۈشلەر ئىنسانىيەت روھىغا سىڭىپ قېلىۋېرىدۇ. شۇ ۋەجە-

لار ئەرلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى، ئىپادە - ھەرىكەتلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى كېرەكتەك، قىز - ئاياللارنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكىگىمۇ چوڭ بىر توسالغۇ ۋە چەك سايە تاشلاپ تۇرىدۇ.

ئائىلىلەردىمۇ ئەرلەر ئاجرىشىپ كېتەيلى دەپ ئاياللارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسا بولىدىغان، ئەمما ئاياللاردا ئۇنداق ھوقۇق يوق، ئۇنداق قاراشنىڭ بولۇشى ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە قۇترىشىدىن دېرەك بېرىدىغاندەك، بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىقمۇ ئايال بولغانلىق گۇناھىنىڭ مەھسۇلى.

ئەرلەر كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلىسە، نېمە ئىش قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسا ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇيدۇ، ئۇلارغا يارىشىدۇ - يۇ، ئاياللارنىڭ ئۇنداق قىلىپ كېتىشى چېكىدىن ئاشقانلىق، ئۆزىنى قويۇۋەتكەنلىك دېيىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈن - تىنسىز ھەممىسىنى قوبۇل قىلىش، ھەممىنى قەلبىگە سىغدۇرۇۋېتىش بەدىلىدىكى ئېغىر ئۇھسىناشلار، غەۋغاسىز يوقىتىشلار ۋە پارچە - پۇرات يۈگۈر - يېتىملار ئىچىدە ھەسرەتلىك ئىپادىلىنىشى كېرەك!

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە چوقۇم ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ ئائىلە قارىشى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىر ئائىلە ئۈچۈن ئايالنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئائىلىدىكى ئانىلىق، ئاياللىق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت پەرزەنت ۋە ئەرگە بېرىدىغان مېھىر - مۇھەببەت ۋە پەرۋىش، رىغبەت، ئەر - ئايال، پەرزەنت ۋە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى باردى - كەلدىلەر ئايالنىڭ تەڭشەكلىك رولى ئاجايىپ چوڭ. ئايال ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل، يېقىملىق ۋە پەرۋىشچان نەزەرلىرى ۋە مۇئامىلىلىرى بىلەن ھەممىنى ماھىرلىق بىلەن تەڭشەپ، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا فۇنكسىيىلىك رولىنى تەڭشەپ تۇرالىشى، ئاخىرىدا ھەممىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئائىلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىشى، توغرا بولغان پايدىلىنىش، قېزىش ۋە تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە ماھىر دىپلومات، ئەڭ ماھىر مۇناسىۋەتشۇناستۇر.

ئاياللاردا ئەرلەردىكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى سەزگۈرلۈك، ئەرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە چىدام - غەيرەت بول-

دۇ. شۇڭا ئاياللار ھېس - تۇيغۇغا باي، سەنئەتلىك ئىشلارغا، نازۇك ئىشلارغا ئەرلەردىن ماھىر كېلىدۇ. بىر ئىشلارنى بايقاشتا ئەرلەردىن تېز ۋە ئۆتكۈر بولغانلىقتىن، گۇمانخوردەك، ئۇششاق سۆزدەك تەسىر بېرىپ، ئەرلەرنى تەرسالاشتۇرۇپمۇ قويىدۇ. ئوخشاش بىر ئىشنى ئەرلەر بىلەن تەڭ ۋاقىتقىچە قىلىشتا، ئەرلەر ئاسانلا تاۋان تاشلايدۇ. ئاياللار سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەرلەر ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ تېز چىقىشىغا ئالدىرىسا، ئاياللار قەدەم باسقۇچلارغا ئېتىبار بەرگەن ھالدا ھەممىگە چىدايدۇ. ئاستا - ئاستا پەرۋىش قىلىشنى بىلىدۇ. شۇڭا ئادەتتىمۇ ئەرلەر ئاخىرقى نەتىجىگە، ئاياللار جەريانىغا قىزىقىدۇ.

ئائىلىنىڭ ئىچكى ھالقىلىرىدا جەمئىيەتنىڭ ھەربىر مۇناسىۋەت دوقاللىرىدا، مەجبۇرىيەتلىك يۈكۈر - يېتىملار ۋە پەرۋىشلەردە يۈگرەپ يۈرۈپ، ئوڭ - سولىنى بىلەلمەيۋاتقان ئاياللارنىڭ، ئۇھ دەپ ئۆزىنى ھېس قىلغۇدەك، ئۆزىگە تىكىلگۈدەك ھەپىلىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىق ئاتىقى ئۈستىگە ئالغان بۇرۇقتۇم يۈكىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى قېزىشى، بۆسۈپ چىقىپ شان - شەرەپكە ئېرىشىش يىگىنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە جاپالىق ئىش.

ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى چەكلىمىلەرنى، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئەرلەرگە قارىغاندا ئائىلىدە تۈگىمەس، تىنىمسىز ئىشلەپ، ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئەرلەرگە قارىغاندا يەنە تۇرمۇش ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەشەببۇسكارانە ئىللىق كەيپىياتىنى ساقلاپ قېلىشى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئالمىغان تەقدىردىمۇ، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا جىسمانىي جەھەتتىن كۆپ ئاجىز كېلىدۇ. تۇغۇت ۋە تۇغۇت چەكلەش جەريانىدا ناھايىتى ئاغرىقچان ۋە ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. زېھنىي قۇۋۋىتى، ئەقلىي كۈچى تۆۋەنلەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، مۇشۇ توسالغۇلاردىن ھالقىپ يەنە ئۆمىلەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ، شان - شەرەپ ۋە نەتىجە يارىتىشى، ئاياللارنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، لېۋىنى چىشلەپ، جاپالىق، تىنىمسىز تىرىشىشىنىڭ نەتىجىسى. ئاجايىپ زور بەدەل ۋە قۇربان

بېرىشلەردىن كېيىنكى مىڭ بىر جاپادا يەتكەن مەنزىل دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما ئەرلەرنىڭ نەتىجە قازىنىشىنى ئاياللارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداق دەرىجىدە زور بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ. ئەرلەر بىر ئىش قىلاي دېسە، ئائىلىدە تەييار تامىقىنى يەپ، تىنچ مۇھىتتا ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاياللار ئۇلارغا شۇنداق مۇھىت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. بىراق ئاياللار خىزمەتتىن ھېرىپ - چارچاپ كېلىپ تاماق قىلىدۇ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرىدۇ، بالىلارنى تاماقلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھاجىتىدىن چىقىدۇ، كىرىنى كۈتىدۇ. بىر ئىش قىلاي دېسە ھېلىقى بالىسى پېشىگە ئېسىلىدۇ، ھېلى بالىلار بىر - بىرى بىلەن جېدەل قىلىپ ئۇنىڭغا ھال ئېيتىدۇ، ھېلى ئېرى بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆينىڭ ئۇچ ۋاخ تامىقى جايىدا، كىيىملەر يۇيۇلغان، دەزماللانغان، تۈرلۈك لازىمەتلىكلەر سېتىۋېلىنغان، تۈرلۈك باردى - كەلدىلەرگە، ئادىمگەرچىلىكلەرگە جايىدا مېڭىلغان بولۇشى كېرەك. ئەرلەرنىڭ زىممىسىدە بۇنداق يۈكلەر بولمايدۇ، يارىدەملىشىشنى خالايدىغانلىرىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ ۋە تەشەببۇسكار ئەمەس. ئايالنىڭ خىزمىتى جىددىي بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىدىكى يۈكىنى بولسىمۇ يەڭگىللىتىش، كۆپىنچە ئەرلەرنى گويائەرلىك غۇرۇرى ئاجىزلاپ كېتىدىغاندەك، ئەرلىك ھوقۇقىنى جايىدا ئىشلىتەلمىگەندەك تۇيغۇغا ئەكىلىپ قويىدۇ. ئاياللىمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئادەم، مەن ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مېنىڭ ئۇنى ئەمرىمگە ئېلىپ خوتۇن قىلىشىم، ئۇنىڭ جىسمانىي، روھىي تەئەللۇقاتلىرىنىڭ، ئارزۇ - ئۈمىد ۋە خىياللىرىنىڭ ئىستىقبالىنىڭمۇ مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەممىنى مونوپول قىلىۋالىدىغانغا مېنىڭ قانداق سالاھىيىتىم بار، ھېچكىمنىڭ بىر ئادەمنىڭ جىمى تەئەللۇقاتىنى مونوپول قىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق. ھېلىمۇ ئۇ ھەممىگە يېتىشىپ، ئۈلگۈرۈپ بولۇۋاتىدۇ. مەنمۇ ئادەمغۇ، ئاخىر ۋىجدانى قەرزدارلىق تۇيغۇسىدا ئازابلىنىپ قالماي، بىر ئۆيدىكى بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقى قارشى تەرەپنىمۇ خۇشال قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، خىزمەتتىمۇ، كەسپىتىمۇ نەتىجە قازى-

www.uyghurkitap.com



نىپ ياشىشى، كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولۇشى مەن ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، ئۇنىڭ ماڭا ۋە ئائىلىمىزگە بولغان مۇئامىلىلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى، پەرۋىشكار ۋە كۆڭلى - كۆكسى توق، ئازادە، خۇشال كەيپىياتتا بولۇشىغا زور ئەھمىيەتلىك رولى بار دەپ قارايدىغان ئەرلەردىن، ئەرلەرنىڭ سەممىمىي، ئەستايىدىل مۇئامىلىسىدىن قانچىلىك ئۇچرىتالارمىز؟

ئاياللارنىڭ جانلىق بىر مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئۇلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنى قەدىرلەش ۋە ئۆزلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇرۇقتۇم بولۇپ قالغان روھىي ھاسىلاتلىرىنىڭ كۈچكە، ئەقىلگە، ئىجادىي مېۋىگە ئايلاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەت ۋە ئەرلەرنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى.

نېمىشقا قىزلار دەسلەپتە جەمئىيەتكە قەدەم باسقان، خىزمەتكە قاتناشقان يىللىرى ناھايىتى تىرىشچان، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۇرغۇن ئىجادىي پىكىرلەر ۋە گۈزەل ئارزۇلارغا تويۇنغان، ئۈمىدۋار، ۋۇجۇدىدىن جاسارەت ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولدىيۇ، توي قىلىپلا ياكى بالىلىق بولۇپلا بۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ، ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەرلەرمۇ قىزلارنىڭ ئەسلىدىكى شۇ خىل ھالىتىگە ئاشىق بولۇپ، ئارقىسىدىن پالاقشىپ يۈگرەپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ كېيىنكى يوقۇتۇشلىرىدا، روھىي ھالەت ئۆزگىرىشلىرىدە سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار يوقمۇ؟ سىلەرنىڭ ئۇلارنى قوللىماسلىقىڭلار، ئۇلارنى پەرۋىش قىلماسلىقىڭلار، ئۇلارغا شەرت - شارائىت، مۇھىت يارىتىپ بېرەلمەسلىكىڭلار يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭ شۇنچە قۇربان بېرىشلىرى، تۆلىگەن بەدەللىرى كىم ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، بىز شۇنىڭغا لايىق جاۋاب قايتۇرالىدۇقمۇ - يوق؟ دەپ ئويلىنىپ ئۆزۈڭلارنى سوراققا تارتىپمۇ باقتىڭلارمۇ ئەرلەر!؟ ئايالىڭلارنىڭ قانات قۇيرۇقىنى بوغۇپ قويغىنىڭلا، ئىستىقبال يولىغا پۇتلىكاشاڭ، روھىي دۇنياسىغا كۆلەڭگە بولۇپ قالغىنىڭلاردىن ۋىجدانى ئازاب تارتىپ باققان ئەرلەر زادى قانچىلىك؟

ئەرنىڭ، ئائىلىنىڭ، ئىنسانلار قاتمال روھىنىڭ، چاكىنا قاردىشىنىڭ چەكلىمىسى ئايالنى چەمبەرچاس ئوراپ تۇرغان مۇھىتتا، بىز سۆيۈنگۈدەك، ئاياللارنىڭ، ئانىلارنىڭ چىقىشى ئاجايىپ چوڭ مۆجىزە! ئايالىق گۇناھىدىن ھالقىيالىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىنساندۇر.

2005 - يىل، خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# گادايلىقتا تۇتقۇن قىلىنغان مۇئەللىم

بىز ئادەتتە «گاداي» دېگەن سۆزنى نامرات مەنىسىدە قوللىنىمىز. بۇ ئەلۋەتتە مەنىۋى ۋە ماددىي نامراتلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە بولىدۇ. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان گادايلىقمۇ مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق نامراتلىقىنى، قاقشاللىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

«دېھقان بولماق تەس» ناملىق شېئىر جەمئىيەتكە تارقىلىپ، زىلزىلە قوزغىغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا گويا دېيىشىۋالغاندەكلا «ئوقۇتقۇچى بولماق تەس» ناملىق چۇقان باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مەنمۇ شۇ توپنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىم ئۈچۈن بۇ چۇقانلار ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى جەمئىيەتتىكى باشقا كەسپلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى، خىزمەت ئۇسۇلى، باشقۇرۇلۇش تۈزۈلمىسى، كۈندىلىك پائالىيەت دائىرىسى، تەپەككۇرى، ئەقىل ۋە زېھنى قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىش، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى، باشقا تۇرمۇش، خىزمەت كاپالىتى، نورمىسى، ئىجادچانلىق روھىنىڭ بولۇشى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ باقتىم.

شۇنداق ھېس قىلدىمكى «ئوقۇتقۇچى بولماق تەس» دېگەن بۇ چۇقاننىڭ راستىنىلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىي ئالىمىدىن زىلزىلە قوزغاپ پارتلاش خاراكتېرىدە چىققانلىقىنى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شۇنداق دەيدىغان يەرگە ئاللىقاچان بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئوقۇتقۇچىنى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنىرى»، «يەتتە قەدەم يىراقتىن سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر» دەيدىغان گەپلىرىمىز بار. (ھازىر ئۇنچە كۆپ ئېيتىلمايدىغان بولدى) بۇنداق مەدھىيە سۆزلىرىمۇ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان

ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنىڭ، غورىگوللا رەسمىيەتكە ئېچىلغان تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە ئاندا - مۇندا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈپ كېتىلىدۇ. يىغىن تۈسىنى ئالغان بۇنداق پائالىيەتلەردە، سەھنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالىدىغىنى ئوقۇتقۇچىلار ئەمەس، سۆزگە چىققانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىگە ھېس قىلدۇرۇپ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى بايرىمىنىڭ مۇنچىلىك بولسىمۇ، نەزەرگە ئېلىنغىنىغا خۇشال بولۇپ كېتىپ، چاۋىكىنى ئايىماي چېلىپ ئولتۇرغىنى ئوقۇتقۇچىلار.

ئادەمنى ھاياجانغا سالغۇدەك تەبرىكلەر، چىن يۈرەكتىن چىققان سەممىي سۆزلەر بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ قەلبىنى ئۆزلىرى تىڭشاپ، ئۆز خىزمىتىدىن ئۆزى سۆيۈنۈپ، قەلبىگە يەنە ئۆز روھىدىن، ئۆز رىغبىتىدىن چىراغ ياققۇچىلار يەنە ئوقۇتقۇچىلار، ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەرگۈچىلەر، ئۆزىگە ئۆزىدىن تەسەللى ئىزدىگۈچىلەر يەنىلا ئوقۇتقۇچىلار! «شۇنداق چوڭ شەھەرلەردە قانداقكىن، بىزنىڭ بۇ رايونلىرىمىزدا ئوقۇتقۇچىلار تەر تۆكۈشكە، چۈمۈلىسىمان ئوزۇق توشۇشقا تېگىشلىك بوشلۇقلار شۇنچىلىك كۆپ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھارغان - ئاچقان يېرىگە بېرىپ، ئۇلارنى بىردەمگىنە ئۆز مېھنىتىگە يارىشا ئىگە بولۇپ سايداشقا، ھاردۇق ئېلىشقا بوشىتىلغان بوش ئورۇن، بوشلۇق دائىم بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىسىلچىلىق تۈپەيلىدىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايىقى چىقماس كۈتۈشنى سەۋرچانلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇشقا تەشنا. تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە بىر يەرلەردىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا، ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش يىغىلىشلىرىدىكى كۆپرەك ئادەم تەلەپ قىلىدىغان شەكىل مۇلازىمەتلىرىدە، مائارىپتىن ئىبارەت بۇ مول ئادەم زاپىسىغا ئىگە قوشۇن ئەڭ ئالدىدا ئويلىنىلىدۇ.

«ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يولىنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ گۈلدۇراس ئالقىش» ياڭرىتىپ تۇرسۇن، چاۋاكىنىڭ رىتىمى ئوخشاش، ۋاقتى ئۇزۇن بولسىمۇ، كىيىملەر ئوخشاش، ھەممەيلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرسۇن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار قوللىرىدا گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ، چاڭ - دۇمباقلارنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ تۇرسۇن. ئوقۇتقۇچى

www.uyghurkitap.com



ئوقۇغۇچىلار سەپ بولۇپ رىتىمغا كېلىشتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىسۇن، شەنبە ـ يەكشەنبە مەكتەپلەر دەم ئالماي ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ كوچىغا تەشۋىقاتقا چىقسۇن، ھەربىر ئايدا كېلىدىغان تۈرلۈك ئات قويۇلغان پائالىيەت مەزمۇنلىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تۈرلۈك مەزمۇندىكى تەشۋىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتكە يۈزلەنسۇن، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، زۆرۈر تېپىلسا نورمالنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى، باج تەشۋىقاتى، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش تەشۋىقاتى، سۇ قانۇن تەشۋىقاتى... قاتارلىق تۈرلۈك تەشۋىقاتلارنى تۈرلۈك شەكىللەردىن پايدىلىنىپ جانلىق ئېلىپ بارسۇن. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن مۇۋاپىق كۈچ تەشكىللىنىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلسۇن. كىمكى سەل قارايدىكەن، ئۆز خىزمىتى ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار، خىزمەتتە سەۋەبسىز قالغانلار قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ بالىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئولاش ـ چولاش بۇ يەرلەرنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ سۇ چېچىۋەتسۇن، بۇمۇ ياخشى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى تەربىيىسى، بۇنداق قىزىق بازارنىڭ كۆنۈشنى پەيدا قىلىپمۇ بولدى. تۈرلۈك ھۆججەت يىغىنلار روھىنى يادلىتىشچۇ تېخى! ؟

ئۇنىڭدىن سىرتمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسى چەتتە قېلىپ يۈكلەنگەن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشۋىقاتچانلىق ۋەزىپىسى، توشقۇزۇلىدىغان مەزمۇن ئەمەس شەكىل تەلەپ قىلىدىغان 30 دەپتەر توققۇز خاتىرىسى، رايون خاراكتېرىدىكى يۇگۇر ـ يېتىم ۋەزىپىلىرىمۇ ئۇلارنى ئوقۇتقۇچىغا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ قىزىق پارىڭىغا ياندىشىپلا يۈگۈر يېتىم ئىشلىرىغا سالىدىغان ئىشچىلىرىغا، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ سابىق غالچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاس ـ تاسلا قېلىۋاتىدۇ. گويا ئۇلار ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مەركەزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك. ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتمۇ ئۇلاردىن ئەۋلادلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ سوقۇۋاتقان يۈرەكنى سىقىپ، دىققىتىنى، كۈچىنى چېچىپ، ئۇلاردىن بىر مەركەزنى ئا-

ساس قىلىپ تۇرۇپ باشقا تەرەپلەردىن ۋاستىلىك پايدىلىنىشنى ئويلىماي، قايسى ئىشنىڭ بازىرى چىقسا شۇنىڭغا يۈگۈرتۈپ، روھنى يوقىتىشقا، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاق ۋە پەزىلىتىنى سۇسلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئىگىلەشنىڭ، مەرىپەتنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى بولماستىن، قىزىق بازارنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى بولۇشقا يۈزلىنىپ، شەكىلگە ئېتىبار بېرىپ، سۈپەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان بىر خىل كېسەل مائارىپ قوشۇنىمىزغا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ.

ۋەزىپىگە قويۇشتا، كەسىپ ئەھلىلىرىنى شۇ كەسىپكە مەسئۇل قىلىپ بېكىتمەستىن، خارەتنى ئەكىلىپ ئاشپەزچىلىككە، قاسساپنى تىككۈچىلىككە قويۇشتەك تەقسىمات ئۇسۇللىرىنىڭ ئانچە - مۇنچە كۆرۈلۈپ تۇرۇشى شۇ كەسىپنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدۇ. باشقۇرغۇچى چوقۇم ئۆزى مەسئۇل بولغان ساھەنى مەمۇرىي جەھەتتىن جانلىق باشقۇرۇش، كەسپىي جەھەتتىن ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم شۇ كەسىپنى چۈشىنىشى، قانۇنىيىتىنى بىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، كەسپىي خادىملاردىن توغرا پايدىلىنىش، ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىشلا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ - دە، ئۆز كەسپىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان، كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

دەرۋەقە، مۇھىتىمىزدا مانا مۇشۇنداق ئىشلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىزنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. يەنە كېلىپ مائارىپ قوشۇنىمىزغا نىسبەتەن بۇ خىل مېخانىك باشقۇرۇلۇش، قائىدە - قانۇنىيەتكە، كەسىپكە، ماھىيەتكە ھۆرمەت قىلماي، شەكلەنلىككە ئېسىلىۋېلىش بىز ئۈچۈن، تەرەققىيات ئۈچۈن، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن بېسىلغان نادانلىقتىن باشقا قەدەم ئەمەس.

مائارىپ كۆپرەك سېلىنما تەلەپ قىلىدىغان، ئۇزاقتا ئۈنۈم بېرىدىغان، شۇنداقلا بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدىغان ساھە بولۇشى بىلەن سەۋرچانلىق بىلەن كۈيۈنۈشنى، پەرۋىش قىلىشنى ۋە كۈتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياخشى تۈزۈلمە، ئاكتىپ ماسلاشقۇچىلار ۋە

ئاقىل ۋە قابىل باشقۇرغۇچىلار قوشۇنى، شۇنداقلا مول بىلىم مەنبەزاپىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئون نەچچە يىل كۈتۈش ۋە ئۈزلۈكسىز ئاساسنى ياخشىلاش كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماسلىقتەك ئالاھىدىلىكى، قاچان تەختتىن چۈشۈپ كېتىشنى بىلەلمەي، تېز - تېز ئۈنۈملۈك ئىشلىرىنى ئاۋامغا كۆرسىتەلمەي، پالاق - پۇلۇق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن مەنسەپدارلارنى قىزىقتۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا ئالمىشىپ تۇرغان رەھبەرلىك ۋە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقىنىمىزدا، مائارىپقا كۈچەش، ئۇلارغا نىسبەتەن دېگىنىمىزغا تالقان چالغاندەكلا زېرىكىشلىك ئىش بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان «ئېتى بار، ئۆزى يوق» ، «ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق» بىر ئىش. پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق، نۇر تېزلىكىدە پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىۋاتقان، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى، قاتلىنىشى، يىلدىن - يىلغا تېزلىشىۋاتقان بۇ دەۋرگە نىسبەتەن، ئوقۇتقۇچىلار ئۈزلۈكسىز بىلىم يېڭىلاپ، ئۆزىنى ۋەزىيەتكە ماس ھالدا قوراللاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە بۇنداق پۇرسەتكە بىرەر قېتىم ئېرىشەلەيدۇ، بولمىسا يوق. بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنىمىز ئىشتىن ئايرىلىپ، بىلىم يېڭىلاش ياكى تولۇقلاشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىشى ناھايىتىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. تۇرمۇشىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، خىزمەتتىكى رەسمىيەتلىك ئىشلارنىڭ ھالسىرىتىشى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم تولۇقلىيالايدىغان ئۆزى ئاجراتقان ۋاقتى، خىزمەت قىلىۋاتقان شارائىتتا ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

ھازىر ئەسلىي ھەربىر ئادەم تەخمىنەن ئالتە يىلدا بىلىمىنى يېڭىلاپ تۇرغاندىلا جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ، بىراق بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى كىگىز كىتابلارنى، قۇرۇق نەزەرىيەلەرنى دۈم يېتىپ يادلاپ ئۆگىنىۋالغان بىچارە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىن، مائارىپ سېپىمىزدە ھازىرمۇ بىر قىسمىلىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم

ئاشۇرۇپ كېلەي دەيدىغانلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن تەۋەلىك تۆلەپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئوقۇشقا بارغۇچىنىڭمۇ مائاشىدىن مانچە پىرسەنت دەپ تۇتۇشى، ئادەمنى راستىنلا ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار ئەسلىدە پەن - مەدەنىيەتتىكى ھەربىر يېڭىلىقنى، ھەربىر بىلىم سىستېمىسىنى ئەڭ بۇرۇن ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق ھازىرقى ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. بىلىمنىڭ، ئىدىيىۋى ساپاسىنىڭ تولۇقلىنىپ تۇرۇلماسلىقى، بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى ۋە شارائىتلىرىنىڭ يوقلۇقى، خىزمەتتىكى سۇسلۇق، يېڭىلىق يارىتىش، ئىزدىنىش روھىنىڭ بولماسلىقى، ئەسلىدىكى پەۋرىشكار، ئۈمىدلىك، ئوخچۇغان روھىنىڭ قاششاق كۆنۈكمىلىككە، بېكىنمىلىككە ئاسسىمىلياتسىيىلىنىشى، باشقۇرۇلۇش ۋە ئىچكى تۈزۈلمىدىكى شەكىلۋازلىق، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماقتا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ بولالماسلىقى سەۋەبىدىن، دەرسلىكلەرنىڭ قاتماللىقى، تەكرار - تەكرار ھەر يىلى ئوخشاش رەۋىشتە ئۆتكۈزۈلۈۋەرگەن دەرسلىك كىتابلار، جەمئىيەت ۋە ئۆز ساھەسىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىسى، ئۇلارغا بولغان تونۇش، مۇئامىلىلەرنىڭ ياخشى بولماسلىقىمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھورۇنلاشتۇرۇپ، چۈشكۈن كەيپىياتقا سۆرىمەكتە.

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ھەم تولۇق كەسپلىشىپ بولالماسلىق سەۋەبىدىن دەرس سائىتى كۆپ، خىزمەت مىقدارى ئېغىر بولۇپ قالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىراش كۈنلىرىگە ياندىشىپلا كەلگەن، تۈرلۈك سىياسىي، تەشەببۇس خاراكتېرلىك ئۆگىنىشلەر، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشۋىقاتلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا چۈشۈرۈلگەن ئالۋاڭلار، توشقۇزىدىغان نەچچە خىل رەسمىيەتلىك، شەكىلۋازلىق قىلىنىدىغان خاتىرىلەر، يېزىلاردا تېخى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيىدىن يىغىپ ئەكىلىپ دەرس ئۆتۈشلەر، كەچتىكى ئۆيگە بىللە كېلىدىغان دەستە - دەستە تاپشۇرۇقلار... ئوقۇتقۇچىنى ئاجايىپ ھار-

www.uyghurkitap.com



غۇزۇۋېتىدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە، يىل بېشىدىن ئاخىرىغىچە، مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىلىقىدىلا پالاقشىپ، مۈكچىيىپ تېتىك قەددىنى، رېھنىي قۇۋۋىتىنى، ۋاقتىنى، ئۆمرىنى، كۆز قۇۋۋىتىدىن باشلاپ قەدەملىرىگىچە شۇ كىچىككىنە ئارىلىقتا خوراپ تۈگىگەن بىچارە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈن - تىنسىز، غورىگۈل ھاياتى، خۇددى كىشىلەر ئوقۇتقۇچى دېسە كۆز ئالدىغا كېلىدىغان، كونا ۋېلسىپىتىنى غىچىرلىتىپ تېپىپ كېلىۋاتقان ھارغىن، ۋىجىككىنە گەۋدىسىدەكلا، پەرىشان، ئېتىبارسىزلا غايىب بولىدۇ... ئۆي بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدىلا باغلانغان ھايات، چىرمالغان تەقدىر، مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىن بوشىنىشقا ئامالسىز، ھالسىز، ۋاقىتسىز قالغان نەزەر دائىرە، ئوقۇتقۇچىنى، دۇنيانىڭ يەنە نۇرغۇن چوڭ كۆزنەكلىرىدىن خەۋەرسىز قالدۇردى. ئۆز كەسپى ۋە سەبىلەرگە باغلانغان رىشتە ئوقۇتقۇچىلارنى دۇنيانىڭ يەنە نۇرغۇن ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە مەئىشەتلىرىدىن مۇستەسنا قىلدى.

كىچىك باللارنى ئاشۇ ئۆيلىرىدە باشقۇرالماي، گەپ ئاڭلىتالماي، بىر نەرسە ئۆگىتىش تۇگۇل، جېدەل چىقارماي ئويناشقىمۇ كۆندۈرەلمىگەن ياۋا باللارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاڭا ئىنسانلىق سۈپەت ۋە ياشاش ئىقتىدارى ئۆچۈن ساۋات، بىلىم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاشۇ باللارغا باغلىنىپ كەتكەن جىمى تەئەللۇقاتى، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تاۋلىدى. گويا قاچانلا قارىسا ئۇ پارچە - پۇراتلار ئۆچۈن تىرمىشىپ يۈرگەندەك، قاچانلا قارىسا خىيالچاندەك، چۈشكۈندەك، قاچانلا نېمىگىدۇر سېزىمچانلىقى، ئەستايىدىللىقى ئېشىپ كەتكەندەك، ھېلىلا كىچىك باللارغا تەربىيە بەرگەن كەبى سۆزلەپ كېتىدىغاندەك تەسىر ۋە ئوبراز بىزنى قاماللاپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئوقۇتقۇچى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئاشۇ كەپسىز، كىچىك باللارغا تەربىيە ئىشلەپ، ئۇلاردا ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرگەچكە، ئۇلاردا ئاجايىپ ئىنچىكە نازۇك ئەستايىدىللىق ۋە ئىلمىيلىك ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. كىشىلەرگە دەل ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرى بىنورمال تۇيۇلىدۇ. چۈنكى باشقا كەسىپتىكىلەر بۇنداق ئەستايىدىل ۋە سەۋر-

چان، ئىنچىكە ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى، باشقىلارغا كەچكىچە كىچىك بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ مىجەزى، دۇنيا قاراش، تەپەككۇر جەھەتتە، مەكتەپتىن ھالقىيالمىغاندەك، پىششىق ھەم ئەخمەقلەرچە ئەستايىدىللىدەك تۇيغۇ بېرىپ، كىشىلەر نەزىرىدىكى ئوقۇتقۇچى ئوبرازىنى بىچارە ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ قويىدۇ.

ئەمەلىيەتتە كىم، نېمە بىچارە؟

ئوقۇتقۇچىلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمىگەن، ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالمىغان، مائارىپ ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتالمىغان، مائارىپنىڭ كۈچى ۋە ئىمتىيازىغا سەل قارىغان توپ، كىشىلەر بىچارە بولۇشقا ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك.

ئوقۇتقۇچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېتەرلىك ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆز -ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئەركىن قويۇۋېتىپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، جەمئىيەت ۋە خەلقنى ياخشى، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدۇ.

خىزمەت ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇرى، ھەتتا دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى، نەزەر ـ دائىرە قاراشقىچە مونوپول قىلىنغان جەمئىيەتتە ۋە ۋەزىيەتتە قاچانلا بوران چىقسا ئەڭ بۇرۇن كالتەكنىڭ چوقى بېشىغا تېگىدىغان، ھەم ئەڭ بۇرۇن تارتىپ چىقىرىلىدىغان دائىم پاداباققاندا ئالدىدا، ياڭاق چاققاندا كەينىدە قالىدىغان بىچارە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرىكى، قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا زەردىگۈش، قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن. دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلمىيلىكى ياۋاشلىقىنى، يۇمشاق باشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قانداقلا كالتەك بولسا، مائارىپتىن ئىبارەت بۇ تەربىيىلىنىش دائىرىسى كەڭ چېتىلىدىغان ساھەگە ئەڭ دەسلەپتە تېگىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تېخىمۇ ئېھتىياتچان، قورقۇنچلۇق روھسىز قىلىپ قويدى.

ئەرزىمەس جىددىيەتلىكلەر ئۈچۈن، پالاقشىشلار، ئەۋلادلار ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك تەربىيىلىنىش پۇرسەتلىرى سەرپ بولۇپ كېتىۋاتقان، زاپاس زېھنىي كۈچلەرئېچىلماي داتلىشىپ قېلىۋاتقان،

روھىي كىشەن تۈپەيلىدىن تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقان، فۇنكسىيىسى تولۇق قوزغىتىلمىغان، روھىي زەئىپلىك، دات بېسىپ كېتىۋاتقان بايلىقلار…

ھەممىنى يىغىپ ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئوقۇتقۇچىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئويغىتاتتى. ئەپسۇس، رەسمىيەتلەر، شەكىللەر، سۈپەت ئەمەس سان، مائارىپنى چىرمىۋالدى. ھەممە نەرسە روھىدىن ئاجرىغاندەك شەكىل، مودېل، قاسىراق…

ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بەلگىلەنگەن، باشقۇرۇش مۇتەئەسسىپ، جانلىق قوزغىتىش ئەمەس، بىلىم يىغىلاش، ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە يىغىلاش، ئۆگىنىش پۇرسىتى يوق. ئوقۇتقۇچى پەقەت باغلاقتىكى قويغا ئوخشاشلا مەكتەپكە قاتتىق نازارەتتە جىنايەتچى كەبى مەھكۇم قىلىنغان!

ئۇنىڭ ئىزدىنىش ئىشقى، نە جانلىقلىقى يوقالغان. سىقىلغان، يەكلەنگەن، قاغجىرىغان ، قۇرۇق مۇھىتىدىكى يېتىم فۇنكسىيىسى ياتسىرىغان، ھارغان ئېچىرقىغان، مايسىرىغان. ئۇنىڭ تەپەككۇرى مەغلۇپ بولغان، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە روھىنىڭ ھالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي بېسىمى ئۇنىڭدىن ئارتۇق. ئۇ ئىزچىل ئۆزىنى، ئۆزگىنى ئېچىشى، قېزىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار، ئۇنىڭ گۈزەل ئارمانىغا ئايلىنىپ قېلىۋەردى. چۈنكى ئۇ تېخى ئۆزىنى ئۇنچىلىك كۆچەيتەلمىدى. جەمئىيەت تېخى ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك شارائىتنى بەرمىدى، ئامال قانچە؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىشى كېرەك، نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ ھەممىگە ئۈن ـ تۈنسىز قارايدىغان، ئىپادىسىز بولۇپ قېلىۋاتقان، بەزىدەك نىگاھلاردا، گادايى مۇھىتقا قاراۋاتقىنى، گادايى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭ ئاداققى ھارغىن قاداقلىرىدۇر.

ئوقۇتقۇچى ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامرات ئىدى، مانا ئەمدى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ پەرۋىشسىز ئۆزىنى قازاي، بېيىتاي دېسە، شارائىت يارىتىلماي بېكىنمە، نەزەر دائىرىسى تار بولۇش ھالىتىگە مەھكۇم بولۇۋاتىدۇ.

**2002 ـ يىل. قاراقاش — تۈۋەت**

# كەچ كۈز هاسىلاتلىرى

كۈز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ قىش كېلىۋاتىدۇ. قۇرغاق سوغۇق هاۋادىن ئۇرۇلغان ئىس - تۈتەك، دىماغنى قۇرۇغداپ ئېچىشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. دېرىزەم تۈۋىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ، كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى غېرىبانە پۇراقلارنى ئىدراك قىلىۋاتىمەن.

ئېگىز بىنا دېرىزىسىدىن، يالىڭاچلىنىۋاتقان، قىشقا قەدەم قويۇۋاتقان كەچ كۈز ئاسمىنىدىكى تۇتۇقلۇق، قەلبىمگە بىر خىل تەنهالىق، مۇسىبەتلىك كەيپىياتنى چىللىماقتا. ئەنە بىر توپ قۇشقاچنىڭ، ئۇچقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك تۇيغۇدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يىراققا ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆردۈم. يالىڭاچلانغان سۆۋادانىنىڭ لەپەڭلەپ تۇرىدىغان شېخىدىكى ۋىجىك قاغىنىڭ، ئېرىنچەكلىك بىلەن سوزۇپ - سوزۇپ قاقىلدىشى، قەلبىمگە قۇپقۇرۇق بىر يېقىمسىز ئېقىمنى باشلاپ كىردى.

سۈس ئىس - تۈتەك ئۆرلەۋاتقان سېمونت رەڭ ئاسماننىڭ چىرايى زادىلا ئېچىلىپ باقمىغاندەك ئىدى. قۇرۇپ، ئاللىقاچان چۈرۈك هالىتىگە قايتقان غازاڭلارنىڭ كۈزدىكى ئالتۇنرەڭ، نەمخۇش ياپراقلاردەك ئاستا سىرغىپ، لەيلەپ چۈشۈشى يوق. چۈرۈك هەم تۈرمەكلىشىۋېلىپ، خىياللىرىڭغا ئېغىرچىلىق قويۇپ «توككەدە چۈشىدۇ»، يازدىكى ياپ - يېشىللىقى، يۇمران ۋە ئارامبەخشلىكى بىلەن كۆڭۈل رايىنى چاقىرىپلا تۇرىدىغان چىملىق، سوغۇق بىر هۇۋلاشتا ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. مەجنۇنتاللار ئاستىدىكى تاش ئورۇندۇقتا، دىلخۇمار رىشتىلەر ئۇرغۇتقان شوخ كۈلكىلەر ۋە يەڭگىل شىۋىرلاشلار ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەك ئادەمسىراپ تۇرۇپتۇ... ئۈششۈكتە شۈمشىيىپ، شاخلىرىمۇ ئاللىقاچان سۇنۇپ ئۆلگۈرگەن گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى تار، پاكىزە پىيادىلىكلەر يولىدىكى، يازدا ئېتەكلىرىڭىزنى سۆيۈپ، رەڭدار كېپىنەكلەر ۋە هەسەل هەرىلىرى

www.uyghurkitap.com



سىزدىن قورىغان گۈللەر، ئوتتۇن رەڭگىدە قارىيىپ يەرگە چاپلىشىپلا قالغان، ئەتراپىتىكى ئادەملەرنى، كۆزلەرنى ئۇنتۇغاندەك، ئۆز خىياللىرى بىلەن ئالدىراش، ئۆز پائالىيەتلىرى ئۈچۈن يول تېپىش، تۈر تىپىش ئۈرۈنۈشلىرىدىكى ئادەملەر، نېمىگىدۇر تەخىرسىز، يەنە نېمىگىدۇر پەرۋاسىز هالدا ئالدىراش. ئۇلارنىڭ چىرايىمۇ مۇشۇ مەنزىرىدەكلا تۇرگۇن ۋە تۇتۇق بولۇپ، ئېپادىگە باي تۇيغۇلاردىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇلار ئەزەلدىن ئەركىن ـ ئازادە، قېنىپ، ھەقىقىي تۇيغۇلىرى بىلەن ئوقچۇپ، كۈلۈپ باقمىغاندەكلا. ئۇھ… نېمىدېگەن هارغىن بايقاش بۇ!…

گويا، پروگراممىا قاچىلا قويۇپ بەرگەندەكلا، تېز - تېز ۋە مىخانىك قەدەملەردە، كۈندىلىك تۇرمۇشى ئالدىراش رىتىم ئىچىدە ئۆتىدىغان شەھەرلىكلەرگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

باغ ـ ۋارانلاردىن، تەبىئەتنىڭ ساپ، ئىللىق قوينىدىن ئايرىلغان، سۈنئىي يېمەكلىكلەرگە ئۆگىنىپ كەتكەن شەھەر كىشىلىرى ئۆزىنى شۇنچە ئاسرىسىمۇ، تۈرلۈك مۇداپىئە دورىلىرى ۋە قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كېسەلگە يېقىن، يېزا كىشىلىرىگە قارىغاندا تېنى كۆپ ئاجىز، «يېزا كىشىلىرى…» تۇيۇقسىز تىلغا ئېلىنىپ قالغان بۇ سۆزدىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئىللىق ۋە بىغۇبار بىر ئېقىم شۇرىرىدە ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىپ ئۆتتى… شەھەرلىكلەر نەزىرىدىكى قاتتىق قوپال، مەدەنىيەتسىز، كاللىسى ئاددىي، بىكار تەلەت، هاڭۋاقتى، ئەخمەق «يېزىلىقلار» بىردىنلا مەدەنىيەتلىك شەھەرلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرما بولۇشقا باشلىدى…

شەھەرلىكلەر ئىچىدە بىر بىنادا ئولتۇرۇپمۇ بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشمايدىغانلار، پەقەت ئالاقە قىلىشمايدىغانلار كۆپ. ئاستىنقى قەۋەتتە تۇرۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان مەلۇم بىرسىنى سورىسىڭىز تونۇمايمەن، دەپ جاۋاب بېرىدىغانلارنى خېلى ئۇچرىتىسىز. قۇلۇم ـ قوشنىلار كۈندە دېگۈدەك بىر يېرىم قاچىدىن قوشنىدارچىلىق تامىقى سۇنۇشۇپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار ناهايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئايلاپ قوشنىسى ئۆيىدە بولمىسىمۇ، كىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى هېچكىم بىلمەيدۇ. ئۆيدە ئادەم بارمۇ ـ يوق، ئىشىكنى تاقاپ ئىچىگە

بە كۆڭلىمىزدە ھەتتا ھەپتە ئارىلىقلىرىدىكى ئاخشاملاردىمۇ خالىغانچە سورۇن تۈزىدىغان، توي ۋە چايغا ئالدىراپ مېڭىشقان كوچىلاردا بىر - بىرىمىزگە تەكرار دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدۇق. كەچلەردە بالىلار بىلەن بىللە بولۇپ ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئەۋلاد قوغداش ئىشىغا سەل قارايمىزكى، بىرەر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن قېلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلبى دۇنيادىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مۇراسىملارنىڭ مۇزېيىغا ياكى ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندى. بىز ھاراق ئىچتۇق، بىراق ھاراق ئىشلەيدىغان تېخنىكىغا قىزىقمىدۇق. تېلېۋىزور، توڭلاتقۇلارنى ئىستېمال قىلىپ ئىشلەتتۇق، ئەمما ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگەنمىدۇق. غەربچە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، قائىدە - يوسۇنلارنى ئەكىردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادچان روھىنى ئەكىرمىدۇق. خروئىن ۋە ئەيدىز كېسەللىكىنى ئەكىردۇق، بىراق بەدەن ۋە روھنى تاۋلاپ غالىبلار قوشۇنىنى تۇغدىغان رىقابەت ۋىجدانىنى ئەكىرمىدۇق. دېمەك، بىزنىڭ مەدەنىيەتنىڭ شەكلەن ھادىسىلىرىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭ مېغىزى ۋە ماھىيىتىگە يەتمىدۇق. شۇڭلاشقا بىزدە غەربچە ئىستېمالغا ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، ئىچى قۇرۇق ئادەملەر ساماندەك. بىزدىكى نۇرغۇن ھاللىق كىشىلەر چاچلىرىنى 21 - ئەسىرنىڭ زامانىۋى چاچ پاسونىدا ياسىتىپ يۈرسىمۇ، كالىلىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئېڭىمۇ يوق. زامانىۋى چاچ پاسۇن كونا زامانغا مەنسۇپ پىكىر شەكلى... مانا بۇلارنىڭ بىرلىكى بىزدىكى ئاچچىق كومېدىيىلىك قىسمەتنىڭ ماددىي تەسۋىرى.

ئامېرىكا ئىقتىسادشۇناسى سامولسىن ۋە نۇدخوسلار مۇنداق قارايدۇ: نۇرغۇن نامرات كىشىلەر تەربىيە كۆرمىگەن بولىدۇ، ئۇلار ئىقتىسادىي توختاپ قالغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ ياكى شەھەرلەردىكى نامرات رايوندا يېگانە ھالدا تۇرۇپ قالغان. نامراتلىق كىشىنىڭ مائارىپتىكى سۈپىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، مائارىپ جەھەتتىكى سۈپەتسىزلىك نامراتلىقنى نەچچە ھەسسە قاتلايدۇ. بۇ ئاخىر بېرىپ جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ.

سودا - سېتىق بورۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ جانلاندى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت شەخسكە نېمە يېيىش، نېمە ئويلاش، نەدە تۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدىغان ۋەزىيەت، شەخسلەر ناھىيىلەر ئارا، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئارا سودا قىلىدىغان، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسىمۇ بولىدىغان خەلقئارالىق ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى. يېڭى جۇڭگو تارىخىدا كۆتۈرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئەۋزەل ۋەزىيەت 80 - يىللار ۋە 90 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خېلى ئوبدان جانلاندى. 70 - يىللاردا بىر قاپ سەرەڭگە تېپىشمۇ بەسى مۇشكۈل ئىدى. كىشىلەر ھازىر زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشىكى ئالدىدىكى بوتكا ياكى ماگىزىنلاردىن بىمالال سېتىۋالالايدىغان بولدى. يەرلىك خەلق باغ - ۋارانلىرى ۋە ئېتىزلىقىدىن چىقىدىغان بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ساتمايتتى. تارىختىكى يىپەك يوللىرىنى ئېچىپ ھىندىستان، چاڭئەن، ئىراق، ئىران، يۇنانلارغا بېرىپ سودا قىلغان، جاھاندا سودىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزگىلەرگە تونۇتقان بۇ خەلق بىر مەزگىللىك بېكىنمە تارىختىن كېيىن گاڭگىراش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى بۇ خەلق بازارغا بىر نەرسە ئېلىپ چىقىپ سېتىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان غەلىتە دەۋرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ ھەقتە بىھېساب ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈردى. تەئەججۇپكى، ئاشۇ رېئاللىقنى ھازىرقى رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا زامان ئەلپازىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەقەدەر مەنتىقسىز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. مانا ھازىر بازار دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەسەبىيلىك دەرىجىگە يەتتى، گويا ھەممە ئادەم سودىگەر بولدى... كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ ئىززىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ بازارغا يۈزلەندۈردى!

بۇ يەردە شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بۇ جايدىكى سودا بىر بولسا خام ئەشيا سودىسى، بىر بولسا تەييار مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ سېتىش سودىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، كىشىلەرگە قويۇلىدىغان مەدەنىيەت، كەسىپ جەھەتلەردىكى سەۋىيە تەلىپى چوڭ بولمايدۇ... شۇڭلاشقا كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلكىدە پۇل كۆپەيسىمۇ، ئۇلار-

نىڭ سودا ھەققىدە ھاسىل قىلغان بىلىملىرى تەسىراتلار يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇلاردا سودا ۋەزىيىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئامىللىرىنى بىلىشكە قىزىقىشتەك ئىستىخىيىلىك ئاڭ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەھلىل قىلىپ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتنى ئاڭلىق ھالدا يارىتىش، قولدىكى پۇللارنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ مۇلازىمەت، كەسىپ، تىجارەتنىڭ زامانىۋى تۈرلىرىنى بەرپا قىلىش، سالمىقى چوڭ بولغان كارخانا زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگەن سۈپەتلىك ئادەملەرنى تەربىيىلەش، ئۆز يۇرتىغا مەدەنىيەت، بىلىم كىرگۈزۈش، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش قاتارلىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرمىگەنلىكى، يەنە بىرى ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

بىزدىكى سودا ئېڭى ئىپتىدائىي تۈسنى ئالغان مەھەللىۋى سودا ئېڭى بولۇپ، تاشقى سودىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىدا بولغان تونۇشىمىز يېتەرسىز، سىياسەت، قانۇن ئېڭىمىز تۆۋەن. بىز پەقەت تىرىكچىلىك، باققالچىلىق، قاسساپچىلىق، كاۋاپچىلىق ئۇنىڭدىن قالسا، تەييار دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىمىزنى سېتىشتەك ئەڭ ئىپتىدائىي سودىغا ئادەتلەنگەن. يېڭى ئۇچۇر ئىگىلەش، يېڭى مەھسۇلاتقا تۇتۇش قىلىش دېگەنلەر بىزگە نىسبەتەن تېخى يات ئۇقۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئانچە - مۇنچە تىجارەت قىلىۋاتقانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، باشقا دۆلەتلەر ئارا سودا قىلىش تۈگۈل دۆلىتىمىز ئىچىدىمۇ بىمالال سودا قىلىشقا نىسبەتەن تەرەت يوق. ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ باج ئېلىش تۈزۈم - قائىدىلىرىنى ۋە قانۇنىنى بىلمىگەنلىكتىن، ھە دېسىلا قانۇنغا خىلاپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىپ قىسماققا دەسسەۋاتىدۇ. نادانلىق، قىزىل كۆزلۈك، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىروئىن سودىگەرلىرىنىڭ نان تاشلاپ بېرىدىغان لالمىلىرىغا ئايلىنىپ، خىروئىن يۆتكەپ ئۆز مىللىتىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىغا نەچچە ھەسسە پايدا

ئىلىپ زەھەر سېتىپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، زەھەرنى سېتىش ئۈچۈن نەچچىلىگەن ئوغۇل - قىزلارغا مەجبۇرىي زەھەر چەككۈزۈپ، ئۆزىنى، ئۆز قوۋمىنى دوزاخقا ئىتتىرىۋاتىدۇ!

— ئا. جالالىدىن.

تاشقى سودىدا ئالماشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلاتلىرىمىز ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك مەھسۇلاتلىرىمىز كۆپ سالماقنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە تېخى تاشقى سودا قاتلىمىمىز تۆۋەن. شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىدا خام ئەشيا ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلاتلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە مىللەتلەردەك يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەرنى، ئۆز - ئەقىل مېۋىسى سۈپىتىدە بازارغا سېلىش بىزگە نىسبەتەن تېخى تىلغا ئېلىشقىمۇ پېتىنغىلى بولمايدىغان بوشلۇق!

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدىكى تىرىشچانلىق، ئۆگىنەنچانلىق، ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىشكە، مائارىپقا، تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكنىڭ ئىپادىلىرى بولماي نېمە؟!

كېلەچەك، رىقابەت مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچىيىدىغان دەۋر بولۇپ، قايسى دۆلەت ياكى مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئاچالايدىكەن، ئۇ باي، كۈچلۈك بولىدۇ، ھەر ئىشتا تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ ھوسۇل ئالالايدۇ. بۇ ھازىرقى ئارقىدا قالغانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا رىقابەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھازىر ئىشنى ئومۇمىي خەلق مائارىپىدىن باشلىدى، ھەمدە پۈتۈن قوشما شىتاتنىڭ مائارىپ ئىستراتېگىيىسىنى ئېلان قىلدى. ھازىرقى دۇنيادىكى كۈچلۈك رىقابەتچى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ياخشى مائارىپ ئىستراتېگىيە پىلانلىرىنى تۈزۈش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلماقتا. بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ يەرشارى بويىچە ئەڭ ئىلغار ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇپ

چىقىپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىلىم ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى تۈپتىن يۇقىرى كۆتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق 21 ـ ئەسىردىمۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسى، ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى 110 مىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇشىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا 15 ماددىلىق كونكرېت چارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ چارىدە ئائىلە باشلىقى، ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ ھەم ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى مۆلچەرلەپ ۋە سېلىشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى سېزىلسە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى زۇڭتۇڭ مۇكاپاتلاشنى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بەش تۈرلۈك نۇقتىلىق پەن ئوقۇتۇشىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، بىر قېتىمدىلا پۇل ئاجرىتىش ئارقىلىق كۆپ خىل ئوقۇتقۇچىلىق لاياقەتنامىلىرىنى ئىسپاتلاش يوللىرىنى ئېچىش، ھەرقايسى شتاتلاردا شتات باشلىقى مەسئۇللۇقىدىكى مەكتەپ رەھبەرلىرى ئىنستىتۇت ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىنستىتۇتى، قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە بەش تۈرلۈك نۇقتىلىق دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە مەخسۇس مەسئۇل بولۇش، ئوقۇتۇشتا ئالاھىدە ياخشى ئوقۇتقۇچىلار، بەش تۈرلۈك نۇقتىلىق دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى، يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار ۋە خەتەرلىك مۇھىتتا خىزمەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسى ئامېرىكىنى پۈتۈن خەلق ئوقۇغۇچى بولغان دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئامېرىكىدا ھازىر خىزمىتى بارلار ئىچىدە 85% كىشى 2000 ـ يىلغىچە خىزمەت قىلالايدۇ. شۇڭا مەيلى ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىش بولسۇن ياكى كەلگۈسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يېڭى بىر ئەۋلاد ئامېرىكىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

بېرىش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئامېرىكىنىڭ كېلەچەكتىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدىكى ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپكە قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىش يەنى بارلىق ئامېرىكىلىقلاردىن ئۆمۈر بويى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ماھارەت ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. بۇ پاراۋۇز ئامېرىكىنى كرىزىس ئىچىدىكى ھالەتتىن پۈتۈن خەلقى ئوقۇغۇچى بولغان دۆلەتكە قانداق ئايلاندۇرۇشنىڭ بەش مادىلىق چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار: «ئەمگەكچىلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش، خىزمەت ماھارىتىنى تەكشۈرىدىغان ئورۇنلارنى تەسىس قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش تەربىيىسى پۇرسىتىنى كېڭەيتىش ۋە پۈتۈن خەلقى ئوقۇغۇچى بولغان دۆلەتنى شەكىللەندۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئامېرىكا، بايلىق يەردىن قېزىپ ئېلىنىدىغان دەۋردىكى باي، كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. ھازىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئامېرىكىدىكى بۇ ئۈستۈنلۈك مەڭگۈ ئامېرىكىغا مەنسۇپ بولمايدىغان مۇقەررەرلىك مەۋجۇت بولمىغاچقا، ئامېرىكا ئەنە شۇ ئىستراتېگىيىنى تۈزۈپ، مائارىپ ئارقىلىق پۈتكۈل ئامېرىكا خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈش كويىدا بولماقتا. كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ناۋادا ئارىمىزدىن باشقا بىر مەملىكەت 21 - ئەسىردە ئۈنۈمدىنمۇ بەك مائارىپچى مىللەت ۋە مەملىكەت بولۇپ كەتسە ياكى خەلقىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۈنۈمدىنمۇ بەك تېز ماڭىدىغان يولنى تاپسا ئامېرىكىغا ئوخشاش باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئېلىمىزدە ئادەم كۆپ، بىلىم ئىگىلىكىدە ئادەم بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان ئىكەن، بىز مېڭە بايلىقىنى ئېچىش ئۈچۈن مائارىپ ساھەسىدە ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىسىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن ئىستراتېگىيە ۋە چارىلەرگە ئىگە بولساق، ئامېرىكىدەك باي، دېموكراتىك ۋە قۇدرەت تاپقان دۆلەت بولۇشىمىزدا گەپ يوق.

«ئامېرىكىلىقلار ئۆز تەۋەلىكىدىكى يەھۇدىلارنىڭ باي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ پۇلى يەھۇدىلارنىڭ يانچۇقىدا دەيدىكەن. بۇ بىر جۈملە سۆز ئادەمنى ئىختىيارسىز چوڭقۇر ئويغا

سالىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەت ئامېرىكىنىڭ شۇنچىۋالا جىق پۇلى قانداقلارچە ئامېرىكىدىكى شۇنچە ئاز يەھۇدىيلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ قالىدۇ؟ ئامېرىكىدا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تۆت پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىغان يەھۇدىيلار ئارىسىدىن چىققان مىليونېرلار نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا جىق؟

ئىنسانىيەت تارىخىدا غايەت زور روللارنى ئوينىغان ۋە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ھېنېرىخ ھېينى، بېتخوۋېن، ماركس، فىروئىت، سېمىنفوف، سپېنوزا، چاپلىن، گېنسورېلىن، ئاللانپوئى، پىكاسو، ئېينىشتېيىن قاتارلىق مەشھۇر ئالىم، سىياسىئون، سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرگەن يەھۇدىي مىللىتى بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانچە تەبىئىي بايلىقى بولمىغان ئىسرائىلىيىنى قانداق قىلىپ دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەت قاتارىغا كىرگۈزەلىدى؟

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا: يەھۇدىي مىللىتى مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار ۋەتىنى يوق ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى ھەر ۋاقىت بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، لېكىن بىلىم ۋە ھۈنەر مەڭگۈ تۈگىمەس بايلىقتۇر دەپ قارايدۇ. شۇڭا پەرزەنتلىرىگە ئىلىم ھەم ماھارەت ئۆگىتىش يولىدا خانىۋەيران بولۇپ كېتىشتىنمۇ قورقمايدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، بىلىمنى قەدىرلەش ئېڭى، مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى ئۇلارنىڭ دۆلەت سىياسىتىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا ئىسرائىلىيىدە ئىختىساس ئىگىلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن. دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى ئۆستۈرگەن. يەھۇدىيلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، مائارىپى تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، ئېرىشكەن ماددىي ھەم مەنىۋى بايلىقى مول، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى زور بولىدۇ.

«مىللەتنىڭ ئىللىتى شۇ مىللەتنى ھاسىل قىلغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىدىغانلىقى راست. بۇ خىل ئىللەتلەرنى كۆرمەي، ئېتىراپ قىلماي، تۈزەتمەي تۇرۇپ مىللەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدىغانلىقى تېخىمۇ راست. بىزنىڭ مائارىپ ئىككى جەھەتتە دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەردىن كېيىن قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئىلگىرىلەش.»

— ئا. جالالىدىن.

ئاپتونوم رايونىمىزنى ئالىدىغان بولساق يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە مائارىپ تەرەققىياتىدا زور يۈكسىلىشلەر بولدى. ھۆكۈمەت مائارىپقا بولغان سېلىنمىنى ئازايتىپلا قالماي، بەلكى شەخسلەر ئىچىدىنمۇ مائارىپنى قوللىغۇچىلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتى، جۈملىدىن خۇسۇسىيلارنىڭ بۇ ساھەدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىزنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈردى. 1994 ـ 1995 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ مىللىي مائارىپ تارىخىغا ئاجايىپ ئېسىل ئىككى سەھىپە قېتىلدى. بىرى 1994 ـ يىلى ئابلىمىت ھاجىم خالىس قاتارلىق بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر ياش تىجارەتچىلەر بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ، غۇلجا مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتىنى قۇرۇشتەك ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىسى ئارقىلىق ئېچىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشتىكى مەقسىتى خالىس مەبلەغ توپلاپ، خالىس ئىشلىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئىدى.

مەلۇمكى، مائارىپ سېلىنمىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان، ئۈنۈمى ئۇزۇن مەزگىلدە كۆرۈلىدىغان بىر ساھە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خالىس فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئالدىدىكى مۇساپە ئۇزۇن ھەم جاپالىق، لېكىن بىر مىللەت كىشىلىرى بىر نىيەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە مۇنەۋۋەر ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنى يېتىلدۈرۈشكە بەل باغلىسا بۇ ھەرگىزمۇ سەل چاغلىغىلى بولىدىغان كۈچ ئەمەس.

جەمئىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىنتايىن غەلىبىلىك بېسىلدى. جەمئىيەت قۇرۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن 1200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپتىن چې-

كىنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ ئىچىدە 845 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، يەنى كىتاب، ئوقۇش قوراللىرى ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن مەكتەپتىن چېكىنگەنلىكى مەلۇم بولدى. مۇدىرىيەت يىغىنى بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، دەرھال مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش خىزمىتىنى ئىشلەشنى قارار قىلدى. فوندى جەمئىيىتى 84 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

مىللىي مائارىپ خالىس فوندى جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىنىڭ مىللىي مائارىپ تارىخىدا يەنە بىر شانلىق سەھىپە ئېچىلدى. 1995 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 41 ياشلىق نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەرنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېتىملار مەكتىپىنى قۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خۇشخەۋەر تەگرى تېغىنىڭ بويلىرىغا ناھايىتى تېز تارقالدى. بۇ مەكتەپنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ئېڭىي ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلىپ، چاڭچاق يۇرەكلەرگە ئىلىم شەربىتى ئاتا قىلدى.

ۋىلايىتىمىزدىمۇ كېرەم ئىمىن مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەرنىڭ مائارىپنى قوللىشى، ئىلھام ۋە ياخشى ئۈرنەك بولۇپ قالدى. ۋىلايىتىمىز چەت ۋە نامرات رايون بولۇپ، دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن. ۋىلايىتىمىزدە تېخى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى ئومۇملاشتۇرۇشمۇ ئىشقا ئاشمىدى. نامراتلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن قېلىۋاتقان بالىلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. مائارىپقا مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك، 5 ـ يىللىقنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ھەر يىلى تەخمىنەن 100 نەپەر ئىچىدىن 10 نەپەر ئوقۇغۇچى چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا 1000 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 100 نەپىرى، 10 مىڭ ئوقۇغۇچىدىن 1000

نەپرى ھەر يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن دۆلەت پىلانىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىنغان ۋە ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇۋېلىنغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن قوشقاندا بۇ سان ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ! دېمىسىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بالىلىرىنى ئوقۇتقۇچى ھۈنەر ئۆگىنىشكە شاگىرتلىققا بېرىمىز دەپ جېدەللىشىپ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە چىقارتمايدىغان ئەھۋال دېھقانلىرىمىزدا تولىمۇ ئېغىر. مەكتەپلەرنىڭ كۈندىلىك دىجورنىلىك يوقلىمىغا قارايدىغان بولساق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتىنىڭ 60% گە ئاران - ئاران يەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئوقۇشتىن، تەربىيىلىنىشتىن مەھرۇم قېلىپ، كىچىك تۇرۇپ جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن بالىلاردا مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ھادىسىلەر ھەققىدە ئۇلاردا ئىلمىي تونۇشمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ - دە، ئاسانلا يامان ئىللەتلەرنى ئۆگىنىپ، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمەي ۋايساشقا باشلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ قۇرامىغا يەتمىگەن ئوغۇللىرىمىزنى قاۋاقخانا ۋە دېسكوخانىلاردىن، قىزلىرىمىزنى رەستىدىن ياندۇرۇپ بولالماي قالىمىز. ئۇلار بارا - بارا جەمئىيەتنى پاسكىنىلاشتۇرىدىغان ئەخلەت چاۋارلارغا ئايلىنىپ، جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىيات چاقىغا ئېسىلىۋالىدىغان كۈشەندىلەردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆيدىن قېچىپ باشقا يۇرتلاردا ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ قاراڭغۇ تۈرمىلەردە ياشلىقىنى نابۇت قىلىدىغان، ئاتا - ئانا قېرىنداشلىرىنى قاقشىتىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدىمۇ، ھەر ھەپتىدە رېستوران، ئويۇن - تاماشا، مېھماندارچىلىقلار ئۈچۈن غازاڭدەك پۇل خەجلەشكە رازى، ئەمما پەرزەنتىگە كىتابخانىدىن ئۆزى ياقتۇرىدىغان بالىلار ئوقۇشلۇقىدىن بىرنى سېتىۋېلىشقا بەش، ئون يۈەن بېرىشكە ئۇنىمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ مودا كىيىنگەن تۇرقىغا ۋە سورۇن يىغىلىش-

لاردىكى مەرتلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئايلىق مائاشقا قاراشلىق ھۆكۈ-
مەت ئىشچى -خىزمەتچىلىرى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالىمىزيۇ،
پەرزەنتلىرىگە ئوقۇشلۇق ئېلىپ بېرىشكە ئۇنىماي ئۇلارنى نەچچە كۈن
دومسايتىپ، يالۋۇرغۇزۇشلىرىغا قاراپ ئېغىر خۇرسىنغىمىز كېلە-
دۇ. بىز ئۇيغۇرلار مېھماندوستلۇقنى ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇ-
ۋېتىمىز. ئۆيىمىزگە مېھمان كەلسە، ئىلكىمىزدە بارنىڭ ھەممىنى
داستىخانغا تۆكىمىز. بىر - بىرىمىزدىن ئاۋۇي قىلىپ قەرز ئېلىپ
بولسىمۇ مېھمىنىمىزنى ياخشى ئۇزىتىشقا تىرىشىمىز. ئەمما پەرزەنت-
لىرىمىزنى كېلەچىكىمىزنىڭ ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئۇنچىلىك ئې-
تىبار بەرمەيمىز. «ئېغىرنى يەر كۆتۈرىدۇ، رىسقىنى خۇدا بېرىدۇ»
دىن ئىبارەت بېكىنمە قاراش قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ئوخ-
شايدۇ! پەقەت ئاچ قالمىسا، ئۆلۈپ قالمىسىلا بولامدۇ؟، ئۇلارنىڭ
تىرىكلىكىنىڭ ئۆلگەندىن، ياشىغىنىنىڭ ياشىمىغىنىدىن نېمە
پەرقى؟! . ئۇلاردا ئادەمگە خاس غۇرۇر، ئىززەت - ھۆرمەت، ئۆزىنى
قەدىرلەش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى، مەدەنىيەت - ساپا يېتىلدۈر-
مەي ئىشقىلىپ قۇرت - قوڭغۇزلار كەبى ئوزۇقلۇق بېرىپ ئانچە -
مۇنچە قارا ئەمگەككە سېلىپ چوڭ قىلساقلا بولامدۇ؟

ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي تاشلاپ
قويغان، ئاتا - ئانىسى ھايات تۇرسا، ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسىغا كۆز
قىزارتىپ ھەرخىل شۇملۇقلارنى قىلىۋاتقان، تۆت تەڭگە پۇل ئۈچۈن
ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىدىن، ئادىمىيلىك ۋىجدانىدىن كېچىشكە
تەييار تۇرىدىغان ۋاپاسىز، قارا يۈز پەرزەنتلەر ئارىمىزدا ئازمۇ؟!

مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىكى سەۋەب پەقەت بىرلا، ئۇ بولسى-
مۇ، ياخشى تەربىيىلەنمەسلىك. خېلى ئوقۇغان ياشلىرىمىزدىمۇ، ئىل-
مىي دۇنيا قاراش كەمرىنىسى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماسلىق ئې-
غىر. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ھادىسىلەر ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا ئۇلار-
دا مۇستەقىل ئىلمىي قاراش يوق. پەقەت ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن
ھەممىسىلا غەيۋەت تۈسىنى ئالغان ھېسسىيات بويىچە كوتۇلداشلار
بار. جەمئىيەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە ئالىيجاناب، ئەستا-
يىدىل ۋە دادىل بىر تەرەپ قىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى يوق!

www.uyghurkitap.com



قىزىل كۆزلۈك، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش، كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، دادىل ئېتىراپ قىلالماسلىق ئېغىر بەزى ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئەر بولۇپ تۇرۇلۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئاياللاردىكى بەزى يامان ئىللەتلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان. خېلى تەربىيە كۆرگەن بىر قىسىم ئەرلەر يىغىلىسا، ئۇلارنىڭ پارىڭىدا ئايالچە پاراڭلىشىش شەكلى يەنى غەيۋەتخورلۇق، ھەسەتخورلۇق ۋە بىزەڭلىك قىلىش ئاساسى سالماقنى ئىگىلەپ، ئەڭ چاكىنا، ئەرزىمەس تېمىلاردا پاراڭلىشىدىكەن! جەمئىيىتىمىزدىكى بۇ خىل ئاياللىشىش ھادىسىسى، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈنلا ئەمەس بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن زور يوقىتىش!!...

ئاياللاردىغۇ ئەلمىساقتىن بىر قىسىم غەيۋەتخورلۇق، يامان ئىللەتلىرى مەۋجۇت ئىدى. زامان تەرەققىي قىلغانسېرى بىر قىسىم مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى ئۇلارنىڭ ئاياللار، ئانىلار ئۇلۇغلۇق ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزدى. بىراق ئەر دېگەن بىز ئۇيغۇرلاردا ئەلمىساقتىن، ئاياللارنى تىزگىنلەپ، ئۇلارغا يۆلەنچۈك ۋە ئۈلگە بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، باتۇر ۋە چىدامىلىقلىقى شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇش بىلەنلا نۇرغۇن مەنىلەرنى ئىپادىلەپ ئايالىنى باشقۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئەرلەرگە خاس مىجەزىنىڭ ۋەزنى، ئېغىر - بېسىق، ئەمما غۇرۇرلۇق سۈلكىتى بىلەن قەدىمدىن تەرىپلىنىپ، ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن.

زامان تەرەققىي قىلىپ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىكى بەزى ئەرلەردە بولۇۋاتقان بۇ خىل ئاياللىشىش ھادىسىسى ئېھتىمال - خۇدانىڭ بىزدەك نادانلىق، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتقان قوۋمىغا بەرگەن جازاسى بولسا كېرەك! چۈنكى، مىللەت گەۋدىسىنىڭ تۈۋرۈكى ئەرلەر ئەمەسمۇ؟! ئەرلەر مىللەت ئۈچۈن، ئايالى ئۈچۈن، پەرزەنتى ئۈچۈن ئويلىنىشى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىزدىنىشى، شۇ ھەقتىكى يۈكسەك ئوبرازى، ئەقەللىي ۋە دادىل پىكرى بىلەن ئاياللار ۋە باللار قەلبىدىكى تاغدەك يۈكسەك ئوبرازىنى ساقلىشى كېرەك!

بىز مائارىپچىلاردا ھېچقانداق مەسىلە يوقمۇ؟

رەھبەرلىك ئىچىدە خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەنلەرنى ئەمەس، كۆپرەك يول ماڭغانلارنى، بەكرەك خۇشامەت قىلىدىغانلارنى ئىشقا قويىدىغان ئەھۋاللار، مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى باھالاش، كۆزىتىش ۋە توغرا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭغانلار ئارىسىدا، مەكتەپلەرنىڭ سالغان داستىخىنىغا قاراپ باھا بېرىدىغان ئىشلار يوقمۇ؟

شەھەر ئوقۇتقۇچىلىرىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن بىر نەرسە تەمە قىلىپ، قەستەن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزمەيدىغان، ئومۇمىي نەتىجىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان، ئالدىدىكى ئورۇندىن كەينىدىكى ئورۇنغا يۆتكىۋېتىدىغان، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئولتۇرۇشتىن، ناچار ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئولتۇرۇشقا ئالماشتۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىدا، ئوقۇغۇچىلارنى خالىغانچە خۇسۇسىي ئىشلىرىغا سالىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى قوشۇمچە كىرىم توپلاشقا ئەمگەككە سالغاندا، كۆپرەك ئىشقا سېلىپ، يانچۇقىمىزغىمۇ ئانچە - مۇنچە كىرىم قىلىۋالىدىغان ئەھۋاللار يوقمۇ؟

مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى نېمىشقا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟ نېمىشقا ھەر قايسى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەھۋالىمىز شۇنچە كەينىدە تۇرىدۇ؟

بۇنىڭغا ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنلىكى، نامراتلىقى، مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ كەمچىللىكى، ئوقۇغۇچى تۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ چىڭ تۇتۇلۇپ، تەدبىرلىك ئىشلەنمەسلىكى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار سەۋەبچى بولسىمۇ، يەنىلا يېزىدىكى كەسىپچانلىق روھىنىڭ تۆۋەن بولۇش، مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ ئاجىز بولۇشى ھالقىلىق ئامىلدۇر.

مەكتەپلىرىمىزنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس. بۇنىڭدا ناھىيە ياكى ۋىلايەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم مېخانىزمى يوق. مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىش تەكلىپ - پىكىر تۈزىتىشلەرنى بېرىشى يېتەرسىز. ئاددىيسى 40 - 50 ئوقۇغۇچىنى تۇتقۇزغان

www.uyghurkitap.com



سىنىپ مۇدىرلىرى ئۈچۈن، سىنىپ مۇدىرلىق سەنئىتىگە دائىر كۇرس ۋە تەربىيىلەش يوق. ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە سىنىپ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەيرىي كەسپلەردىن ئالماشقانلارمۇ مائارىپتا كۆپ بولۇپ، ئۇلار پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە قاتارلىق قورال دەرسلىكلەرنى ئوقۇمايلا، دەرس مۇنبىرىگە چىقىدۇ. ئۆزىدە ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيەت ئوبراز بارمۇ - يوق، بىلمەيدۇ ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشمايدۇ.

مەكتەپ مۇدىرلىرى خىزمەت ئىستىلىمىزدا، ئۇسۇلىمىزدا مەسىلە يوق، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆيۈنۈپ، ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ دادىل، مائارىپچىغا خاس پەزىلەت بىلەن ئىشلىدۇق دەپ يۈرەكلىك ئېيتالايمىزمۇ؟ قايسىمىز ئۆز نەپسىمىزگە چوغ تارتمىدىم، ئۇنۋان باھالاشلارنى نەزىرىمدىن ساقىت قىلمىدىم، مەن ئۈچۈن يۈگرەپ يۈرۈيدىغانلاردىن كىچىك گۇرۇھ شەكىللەندۈرۈپ، بىيۇروكراتلىق قىلمىدىم، ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئېتىبارسىز قارىمىدىم دېيەلەيمىز؟!...

مۇشۇنداق ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر بىزدە يوق، مەندە ساقلانمىدى، مەن ئۆز مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچۇمنى ياخشى ئادا قىلدىم، تارىخ، مىللەت ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا يۈز كېلەلەيمەن، ئۆزۈمنى ھەققىي خەلقنىڭ چاكىرى دېيەلەيمەن، دەيدىغانلاردىن ئارىمىزدا قانچىسى بار؟!...

بىز مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەكتەپ مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەڭشىشىمىز كېرەك. ئاندىن شۇ ئاساستا ئىجتىمائىي كەيپىياتقا تەسىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەت تەلىم تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

مېنىڭچە مائارىپنىڭ نىشانى تۆۋەندىكىدەك بولغاندىلا ھەقىقىي ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئادەم تەربىيىلەپ چىقالايدۇ:

ئالاقىلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئانالىز ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە پائالىيەتچانلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئۆزىنى، مۇھىتنى چۈشىنىش

ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، بۈگۈنكى دۇنيانى بىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بۇ ئارقىلىق ئادىمىيلىكنى ساقلاش، ئادەمگە خاس ياشاشقا سۆيىپكتىپ جەھەتتىن ئىنتىلىپلا تۇرۇش.

ھالبۇكى بۇلارنى پەقەت مەكتەپلەرگىلا تايىنىۋالساق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. چوقۇم مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ زىچ ھەمكارلىقىغا تايىنىش، ئۈچ تەرەپ مەسئۇلىيەتنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشى، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش، تىرىشىش، كەڭ ساھەدە كەڭ دائىردىكى ئىزدىنىشنى جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى قىلىش كېرەك. پەقەت ئۆمۈرلۈك مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشلا، بىلىم ئىگىلەشكى خىرىسنى كۆتۈۋېلىشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر.

مائارىپ پەقەت مەكتەپلەر، بولۇپمۇ ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ ئىشى دەيدىغان كونا قاتمال كۆز قاراشلارنى ئۆزگەرتىپ، كەسپىي مائارىپ ۋە تور مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئەتراپلىق مائارىپقا موھتاج بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىمۇ كۆپ خىل بولىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىختىساسلىقلارغا موھتاج بولىدۇ. ئوخشاشلا بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئالىي دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئېھتىياجلىق، شۇنداقلا كەسپىي مائارىپنى ياخشى قوبۇل قىلغان مىليونلىغان ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك خادىملارغا، ئىشچىلارغا ۋە پىششىق ئەمگەكچىلەرگە موھتاج. مۇشۇنداق بىر تۈركۈم ئەمگەكچىلەر چوڭ قوشۇنى، ئىلغار پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بولمىغاندا رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مەكتەپ مائارىپى پەقەت مائارىپنىڭ بىر خىل مۇھىم شەكلى، ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتتىكى تەشكىلاتلار، ئاپپاراتلار ۋە گۇرۇھلارمۇ مائارىپ فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار تارقىتىدىغان بىلىم تەجرىبىلەر كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە تور تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى مائارىپنى قەدەممۇ قەدەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭ-

www.uyghurkitap.com

دۇرمەكتە. شۇڭا نۆۋەتتە كەسپىي مائارىپ ۋە تور مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

بىلىم بايلىق، بىلىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر. بىلىم كىشىلەرنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىكى جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتىدۇر. ئادەم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش چوقۇم ئۆمۈرلۈك مائارىپنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلىمنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشى، ئۈزلۈكسىز بىلىم ئېلىشى، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك. كەلگۈسى جەمئىيەتتىكى ساۋاتسىزلىق، خەت تونۇماسلىق ئەمەس، بەلكى ئۆگىنىشنى بىلمىگەن ۋە بىلمەيدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

بىز مۇشۇ ئاساستا ئۆزىمىزگە دىئاگنوز قويۇپ باقساق، قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى، بىزنى قانداق تەقدىرنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ھەممىمىز ۋەتىنىم، خەلقىم، مىللىتىم دەپ ئاغزىمىزدىن دەبدەبىلىك سۆزلەرنى چىقىرىپ سۆزلىيەلەيمىز. بىراق بۇلار ئۈچۈن قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلىدۇق؟ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ئۈچۈن ئاغزىمىزدا شەھەر ئېلىش ئەمەس، زەمبىرەك ئوقىغا ئۆزىمىزنى تۇتۇپ بېرىپ جان تەسەددۇق قىلىشمۇ، يۈرىكىمىزنى سۇغۇرۇپ بېرىشمۇ ئەمەس، بەلكى ئاددىي، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز كېرەك. ھېچبولمىغاندا ئۆزىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرى، كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيىلىسەكمۇ مىللەتنىڭ ساپاسى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بولىمىز. پەرزەنتلىرىمىزنى ياخشى تەربىيە مۇھىتىغا ئىگە قىلساقمۇ مىللەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بولىمىز. مائارىپنى قوللاپ بەزى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاددىيسى قىيىنچىلىقىنى كىتاب، ماتېرىيال سېتىۋېلىشىنى ئۈستىمىزگە ئالساقمۇ، خەلقىمىزنىڭ جۈملىدىن دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەرگە ئاڭلىق ئەكىرىپ بېرىدىغان قىلساقمۇ، ئوقۇشتىن يالتايغان بىر ئۆس-

مۇرگە تەربىيە ئىشلەپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەكىرىپ قويساقمۇ، ھەربىرىمىز ئۆزىمىزگە، ئائىلىمىزگە مەسئۇل بولۇپ، پەن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، بىلىمىمىزنى يېڭىلاپ تۇرساقمۇ يەنىلا مىللەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بولىمىز.

بۇنداق ئىش ۋە مىساللار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ، گەپ شۇنى پەرق ئېتىش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا.

مۆھتەرەم زىيالىيلار، قەدىرلىك قېرىنداشلار، ھېچقايسىمىزنىڭ بۇ چەكلىك ھاياتىمىزدا نام نىشانسىز، قەدىر ـ قىممەتسىز ۋە ھۆرمەتسىز ياشىغۇمىز يوق. ئۇنداقتا بىزدىن تەشكىل تاپقان مىللەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى مەڭگۈ، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئىچىدە بىلىمسىز، ساپاسىز، قەدىرسىز قارىلىپ نام ـ نىشانسىز ۋە نەزەرسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرسۇنمۇ؟ ئەجەبا، بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەردە مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى، ئازابلىنىش ئېڭى، ئۆزلۈك ۋىجدانى يوقمۇ؟ بىز تارىخ، كەلگۈسى ۋە پەرزەنتلىرىمىز ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالايمىزمۇ؟!

مېنىڭچە ھەربىر ئەقىل، ۋىجدان ئىگىسى بۇنداق كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىشىنى، قەدىر ـ قىممەتسىز ياشاشنى خالىمايدۇ! چۈنكى، ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەتلىمىگەنلەرنى، كۆچەيتمىگەنلەرنى باشقىلار ھەرگىزمۇ ھۆرمەتلىمەيدۇ!!...

2003 ـ يىل. قاراقاش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوقۇتقۇچى بولۇش راستىنلا تەس بولۇپ قالدىمۇ؟

4 ـ ماي كۈنى بىر ئوقۇغۇچى «ئوقۇتقۇچى بولماق تەس» ناملىق تەقلىد شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خېلى زور ئىنكاس قوزغىدى.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش كاپالىتى، دەۋرنىڭ، ئىسلاھاتنىڭ ئوقۇتقۇچىلاردىن كۈتىدىغىنى، يېقىنقى يىللاردىكى سىياسىي جىددىيەتلىكلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىغا ئېلىپ كەلگەن بېسىمى قاتارلىق تەرەپلەر كونكرېت يورۇتۇپ بېرىلگەن بۇ شېئىرنى تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتا ئوقۇيدىغان كىچىك بىر قىز دېكلاماتسىيە قىلغانىدى.

نېمە ئۈچۈن 14 ـ 15 ياشلارغا ئەمدىلا كىرگەن بىر قىزنىڭ ئېغىزىغا، شۇنچە كونكرېت تەرەپلەرگە تەسىر قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ھەقىقەتەن جاپالىق، تەس كەسىپ ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ شېئىر يازىدۇ؟ ھازىر دېھقانلارمۇ: «ئوقۇتقۇچىنىڭ كۈنىمۇ ھەقىقەتەن تەس ئىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ تەلىپى بويىچە ئادەم تەربىيىلىمىسە تېخى بولمىغان، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىسا تېخى بولمىغان» دېيىشىدىكەن. نېمە ئۈچۈن كىشىلەردە شۇنداق قاراش شەكىللىنىپ قالدى؟ ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ دەۋرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا قويغان تەلىپىمۇ كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىنىڭ كەسپىي ساپاسى ۋە ئومۇمىي پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى جەھەتتىن كەسكىن تاللىنىش ۋە شاللىنىشقا دۇچ كېلىۋاتقان بۇ پەيتلەردە، ئوقۇتقۇچىلار ئۇچرىغان يەنە بىر خىرىس، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن بالىلارنىڭ ئىشسىزلىقى سەۋەبلىك، ئاڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، قانۇن ئېڭى، مەدەنىيەت ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەن خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە بەرمەسلىك سە-

ۋەيدىن توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپقا بولغان تولىمۇ سۇس پوزىتسىيىسى ۋە قارشىلىقى بولدى. ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇ زىددىيەت ۋە توقۇنۇش دۇچ كېلىشلەرنى ھەل قىلىشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە، يەنە بىر تەخىرسىز ۋە تىنىمسىز ھالدا دۇچ كەلگەن ئىش، كەينى - كەينىدىن كەلگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر، ئوقۇتقۇچىلارنى باش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىياسىي پائالىيەت ھەرىكەتلەر بولدى.

ئوقۇتقۇچىلار مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار، كېلەچەكنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى، ئىگىلىرىنى تەربىيىلىگۈچىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى، بىلىم، ئاڭ قۇرۇلمىسى، كېيىنكىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىدە، دۇنيا قاراش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي نۇقتىئىنەزىرىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، يېقىنقى 3 - 4 يىلدىن بۇيانقى مۇقىملىق خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشنىڭ ئاساسى نىشانىمۇ مائارىپقا بېرىپ تاقالدى. شۇڭا رايونىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇلىشىپ كەلگەن سىياسىي ئۆگىنىشلەر جىددىيەتچىلىكىدە بۇ يىلقى يازلىق تەتىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەتىل قىلىپ باقمىدى. شەنبە، يەكشەنبىلىرىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن دەم ئېلىش قىلمىدى. ئەتىگەن - كەچتە تەتىلدە، شەنبە - يەكشەنبىدە، قايتا - قايتا نەچچە قېتىملاپ يازغان ماتېرىياللارنى، كۈن بويى ئىشخانىغا سولىنىپ ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدا ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ قويۇپ، ماتېرىيال يېزىشقىمۇ كۆنۈپ كەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇندىن تەكشۈرۈش كېلىپ يامان ئەمەس باھالانغان ماتېرىياللار يەرلىكتىن تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئوخشىمىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئۆلچەم قېلىپلىرىغا ماسلىشىپ بولالماي قايتا - قايتا يېزىلاتتى. بەلگىلەنگەن مۇددەتتە، بەلگىلەنگەن شەكىلدە يېزىپ بولمىسا قەتئىي بولمايدىغانلىقى، كەچتىمۇ بىر ۋاقىتچە ئىشخانىغا يىغىلىپ ئولتۇرۇشىدىغانلىقى ئۈچۈن، قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىماسلىقنى ئويلاپ دەرس ۋاقىتلىرىمۇ يېزىشقا مەجبۇر ئىدى... بۇنى ھېچكىم ئېغىر ئالمايتتى. پەقەت ماتېرىيال پۈتسىلا باشقا ئىش بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. شۇڭا ئوقۇ-

غۇچىلارمۇ بارا ـ بارا بۇنى ئاڭلىق تونۇيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. ئوقۇتۇشنى تىلغا ئالىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ھەممىسى پەقەت ماتېرىيال تەلەپ بويىچە يېزىلىدىمۇ يوق، شۇنىلا سورايتتى. مەۋسۇم ئاخىرلاشقاندا ھەممەيلەننىڭ كالېندار پىلانى خېلى كۆپ ئېشىپ قالاتتى. ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك چېكىنگەن بولۇپ، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان نەتىجىسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىمتىھان نەتىجىسى 2 ـ 3 يىلدىن بېرى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ئاتېئىزىم تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەندىن سىرت، جۇمە كۈنلىرى مەسچىت، خانىقالارغا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۇمە نامىزىغا بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باراتتى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئىچىدە يالاڭباش يۈرۈش تەلەپ قىلىنغانلىقى، رامىزان ئېيىدا ئوقۇغۇچىلارغا چۈشلۈك تاماق ئېتىپ يېگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆپ سانلىق دېھقانلار ئوقۇتقۇچىلارنى، مەكتەپنى ئۆچ كۆرۈشەتتى، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە چىقارتمايتتى. سۆيلەپ كىرسە تىركىشەتتى. ئۇلارغا ئىلمىيلىك بىلەن سۆزلەپ چىرايلىق گەپ قىلىپ بالىلىرىنى مەكتەپكە ئېلىپ چىقسىمۇ، كۆڭلىدە بالىلىرىنى ئوقۇتقۇسى بولمىغاچقا يەنە ئولتۇرغۇزۇۋالاتتى.

ئالىي سەۋىيىسى تولىمۇ ئارقىدا قالغان خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆز ۋەزىپىسىنى، مەسئۇلىيەت بۇرچىنى ئادا قىلىش ئەڭ مۇھىم بولغاچقا بۇلارغىمۇ كۆنۈپ كەتكەن، ئاڭلىق قارايدىغان، ۋايىسمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى سۇسلاشقان، روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلىگەن، ئۆزىنى تولىمۇ ھارغىن ھېس قىلىشاتتى.

تۆۋەندە، شەپكىسىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى كېسىپ ئاپىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئىجرا قىلىنغان بەزى سىياسىي ھەرىكەتلەردىكى، ئوقۇتقۇچىلارنى دەرىجىدىن تاشقىرى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، مائارىپ سېپىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە پارتىيە ھۆكۈمەت ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن، مائارىپ قوشۇنىدىكى بەزى پاسسىپ كۈچلەرنى ئوخشاشلا بىر تاياقتا ھەيدەپ، ئوخشاش مۇئامىلە

قىلىنغان ھەرىكەت ـ مۇئامىلىلەر، مائارىپچىلارغا زەربە بولغاچقا، ئۇلار بىز بىر ئۆمۈر پارتىيە ۋە خەلققە سادىق بولۇپ ئىشلەپ تۇرۇپمۇ، يەنە بەزى مەسئۇلىيەتسىز، پاسسىپ تەسىر قوزغىغان ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرىدۇق. بىز رىغبەتكە، تەسەللىگە موھتاج ئىدۇق. يېتىمسىراپ قالدۇق. بىز ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا تازا قىسىلىۋاتىمىز، ئوقۇتقۇچى بولمىقىمىز تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ. بىزنى پارتىيە، ھۆكۈمەت تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن، ئۇلارنىڭ تەربىيىسى بىزنىڭ ئىدىيىمىزدە تۈپ يىلتىزىدىن بىخ سۈرگەن. بىز دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، مائارىپىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرىنىڭ بىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. شۇڭا ھەرقاچان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ئۇنۇتمايمىز. بىراق بىزمۇ تەسەللىگە، رىغبەتكە، ئىشەنچكە موھتاج. ھەممەيلەننى قارا قويۇق بىر تاياقتا ھەيدەش، زاماننىڭ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى، ساپا مائارىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا قويغان كەسپىي قۇرۇلما ساپا تەلىپى، سىياسىي ساپا تەلىپىنىڭ جىددىيەتچىلىكى، خەلقنىڭ مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان سۇس مۇئامىلىسى ئارىسىدا تىنىمسىز يۈگرەۋاتقان، چارچىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھالسىراۋاتقان روھىدىن شۇنداق سوئال تەبىئىي ئاساستا ئېتىلىپ چىقىدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلىق قىلماق ھەقىقەتەن بىزگە شۇنچە زور بېسىم، تەسلىك ئېلىپ كېلىۋاتامدۇ ـ قانداق؟ يېزىدا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارغا كېلىدىغان بېسىم سەل ئېغىر ۋە قاتلاملىق بولۇپ، بەزى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ كۆڭلىمىز دېھقانلارنىڭكىدىنمۇ ناچار بولۇپ قالىدۇ. تېخى تولۇق كەسپىلىشىپ بولالمىغان ئوقۇتۇش شارائىتىمىز، خەلقنىڭ مائارىپقا بولغان تونۇشىنىڭ تۆۋەنلىكى، تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى پۇتاقلاپ، ئىنچىكە كۆپىيىپ قالىدىغان تۈرلۈك يول-يورۇقلارنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئىجراسى ··· ئارىسىدا، تالىجىقىپ ئاران ـ ئاران ئىلگىرىلەۋاتىمىز، بىز بەك ھارغىن، بەك ھارغىن···

2001 ـ يىل. قاراقاش تۈۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بۇ مەدەنىيەت تارقىتىشمۇ ياكى زەھەرلەشمۇ؟

بىز باللارنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا بەك يۇكسەك نۇقتىدىن قارايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خېلى زورىقىپ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىمىغان باللار، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ شۇنداقلا دەپ قويغان گەپلىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ. مۇئەللىم مۇنداق دېگەن، خانىم ئۇنداق دېگەننى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتى، كىيىمىگە قەدەر دىققەت قىلىشىدۇ. ئۆزلىرىچە ئوقۇتقۇچىسىغا ياراشقان كىيىمنى باھالىشىپ چىقىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، گەپ ـ سۆزلىرىنى دورىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئوقۇتقۇچىلار گويا خاتا گەپ ـ سۆز قىلمايدىغان، ئىش ـ پائالىيەتلىرىمۇ ئۆلچەملىك پەرىشتە سۈپەت گەۋدىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە ئوقۇتقۇچىلىق ئوبرازىنى ساقلىيالىغانلارغا ئوقۇغۇچىلار شۇنداق تەسىرانتا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىكى بۇنداق ئوبرازنى ساقلاش كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئىنچىكە دىققەت قىلىشلاردىن كېيىن ئاندىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

كىيىم ۋە تاشقى قىياپەت كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان تۇنجى تەسىرىدۇر. ئوقۇتقۇچىنىڭ تاشقى قىياپىتى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ۋە ئوقۇتقۇچىلىق ئوبراز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئوقۇتقۇچى دېسە، كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، تەربىيە كۆرگەنلىكى بىر پۈتۈن قىياپىتىدىن گەۋدىلىنىپلا تۇرىدىغان، ئىللىق چىراي ئادەملەر كېلىدۇ.

زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەتتىكى بۇرۇلۇشمۇ ئالاھىدە تېز بولدى. چەتنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت

ئېقىملىرى بىلەن كىرىۋاتقان كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى تۇرمۇش سەۋىيىمىزدىن، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزدىن چەتنىگەن ھالدا بىزگە خىرىس قىلىۋاتىدۇ. جۇملىدىن ئاياللارنىڭ ياسىنىش، بىرەر قۇر كىيىم سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئائىلىنىڭ بىر ئايلىق مائاشىنى ھېچ-خەرسىگە ئىشلەتمەيلا سەرپ قىلىسىمۇ، ئىش ھەققى يەتكۈزۈشى تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالدى. باھاسى 1000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن بىر يۇرۇش گىرىم بۇيۇملىرى ۋە بىر قۇر كىيىم كىشىلىرىمىز ئانچە ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ بىر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ مودا كىيىم - كېچەكلىرى، قۇرۇق سۆلەتۋازلىق ياش - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلەش قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئاتا - ئانىنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت ھەققىدىكى پاراڭلىرى، دەتالاشلىرى، ئاندىن مەكتەپلەردىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەس - بەستە مودا قوغلىشىپ رەڭگارەڭ ياسىنىشلىرى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ، مەدەنىيەتلىك يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

دېمىسىمۇ ھازىر بىر قىسىم ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىكى كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتكە، ياسىنىشقا بېرىلىش قىزغىنلىقى، مۇسابىقە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بەزى ئەھۋاللار ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. قايسىبىر ناھىيىدە ئاڭلىسام، ناھىيىدىكى داڭلىق مودا كىيىم - كېچەكلەرنى ساتىدىغان ئىككى - ئۈچ دۇكان ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ تۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ مەكتەپتىكى خانىملارنى يېڭى - يېڭى نۇسخىدىكى كىيىملەر بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بىر دۇكاننىڭ مېلى ئۆز چۆپقىتى ھېسابلانغان خانىملاردىن باشقىلارغا تارقىتىلسا چۆپقەت خانىملار خاپا بولۇپ قالىدىكەن. ئۈچ دۇكان ئۈچ مەكتەپتىكى خانىملارنى ئەڭ مودا كىيىملەر ۋە ئۈچۈرلار بىلەن مەخسۇس تەمىنلەيدىكەن. مال كەلگەن ھامان خانىملار سودىگەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، كېچىنى - كېچە، خىزمەتنى؛ خىزمەت ۋاقتى دېمەي ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۈگۈرەپ بېرىپ، باھاسىنىمۇ كۆپ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەي، بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ تۇرۇپ، كىيىم - كېچەكلەرنى تالىشىۋالىدىكەن.

بۇ خانىملارنىڭ يولدىشى ۋە پەرزەنتلىرىگە بەرگەن تەسىرى،

www.uyghurkitap.com



ئائىلىسىگە كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي بېسىمىنى تىلغا ئالمايلا تۇرايلى، بۇلار ئوقۇغۇچىلارغا قانداق تەسىر بېرەر. ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى كۈندە ئالمىشىپ تۇرغان كىيىم نۇسخىلىرىغا مۇناسىپ ھالدا ئالمىشىدىغان زىبۇ - زىننەتلىرىنى ۋە ياسىنىشلىرىنى، ئاندىن ئۆزىمۇ ھېس قىلالا - قىلماي شەكىللىنىۋاتقان ھەرىكەت ئادىتى، خاراكتېرىنى تەسەۋۋۇر قىلماق ئۇنچە تەس ئەمەس. بۇ تەرەپلەر ئەلۋەتتە ئوقۇغۇچىلاردا يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئۇچرايدۇ، شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىكى ئوبرازىمۇ باشقىچە بولىدۇ.

يەنە مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئىشلەيدىغان بىر خانىمغا بىر تونۇشى چەت ئەلدىن بىر ئۆزۈن پايپاق ئالغاچ كىرگەنىكەن. خانىم بۇ پايپاقنى ئاۋايلاپ، مەلۇم بىر خەيرلىك كۈندە تارتىشقا ساقلاپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى دەرسخانىدا بۇ خانىم ئۆزىنىڭ پايپىقى بىلەن ئوخشاش پايپاق تارتىۋالغان ئىككى - ئۈچ نەپەر قىز ئوقۇغۇچىنى كۆرۈپ غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ - دە، مەنمۇ تېخى تارتىپ باقمىغان پايپاقنى ھەرقايسىڭنىڭ تارتىدىغان نېمە ھالىڭ، سېلىش پايپاقنى بەدبەخ ھارامزادىلەر، دەپ چالۋاقاپ، قىزلارنىڭ پايپاقلىرىنى سالدۇرۇپ، سىنىپتىن يىغىپ ئاچىقىپتۇ. بۇ ئەمەلىي بولغان ئىش. مانا بۇ خانىمنىڭ ئىشىنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى قىزلارغا تەربىيە بەرمەكچى دېگەن تەقدىردىمۇ قىلغان بۇ ئىشى، قوللانغان ئۇسۇلى، قىلغان سۆزى تۈپتىن خاتا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا ناھايىتى ناچار ئىنكاس قوزغىغان، يامان تەسىر بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن نە ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاق ۋە ئوبرازنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاقتا، خانىملارنىڭ بەك كۆپ ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى چاچىدىغان زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاپ كىرىشى، قېنىق گىرىم قىلىشى، پاسونى غەلىتە كىيىملەرنى كىيىشى، بەك قىسقا كىيىم كىيىشى ھەمدە چاچ پاسونىنى غەلىتە قىلىۋېلىپ سىنىپقا كىرىشى مەنئى قىلىنغان. بىراق ئارتىستلاردەك غەلىتە ياسىنىۋالغان، زىيادە گىرىم قىلىۋالغان، ئېڭىشىسىلا يوتىلىرى، مەيدىلىرى ئوچۇق قالىدىغان كىيىملەرنى كىيىۋالغان خانىملارنى خېلى

ئۆچرىتىمىز. بالىلارنىڭ ئائىلىلىرىگىچە خانىملارنىڭ ياسىنىشى ھەققىدە ھېكايە توقۇشۇپ، مەسخىرە قىلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلايمىز، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا ئوقۇيدىغان بىر قىز ئۆيىدە ئانىسىغا: «ئانا بىزنىڭ خانىمنىڭ بوينى قاپقارا تۇرىدۇ، ئەمما يۈزىگە ماس سۈرتۈپتىكەن، ئاپئاق بولۇپ كېتىپتۇ، سەنمۇ ئاشۇنداق مايدىن ئېلىپ سۈرسەڭ بولمامدۇ» دېگەن بۇ ئەمدىلا يەتتە ـ سەككىز ياشقا كىرگەن قىزنىڭ ئىنكاسى.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەھۋاللار بەك كۆپ. خانىملارنىڭ مۇۋاپىق، سۈس گىرىم قىلىپ، ئىللىق ياسىنىپ، مۇۋاپىق قىياپەتتە دەرسخانىغا كىرىشى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي، پەرۋىشكار مۇئامىلە قىلىشى، بۇ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن ئەقەللىي ساۋات.

تېشى هاي ـ هاي، ئىچى قوي ـ قوي بۇ چىرىتكۈچىلەر مائارىپتىكى مىتىلەر بولۇپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئەمەس، بۇگۈنكىدەك يۇكسەك ساپا تەلەپ قىلىدىغان جەمئىيەتنىڭ پۇقراسى، لاياقەتلىك پۇقراسىمۇ بولالمايدۇ. مەدەنىيەتلىك بولۇش، بەلگىلىك بىلىم قۇرۇلمىسى بىلەن جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئاساسىدا، گەپ ـ سۆزدە ئىلمىي، ئىش ـ ھەرىكەتتە سىلىق ـ سىپايە، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا ھۆرمەتتىن باشقا، يەنە باشقىلارنى چۈشىنىش، ئىززەت غۇرۇرىغا يول قويغان، ھۆرمەت قىلغان ئاساستا مۇئامىلە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىنمۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، خىزمەت خاراكتېرىگە مۇناسىپ ھالدا رەتلىك، پاكىز، ئاددىي ـ ساددا ۋە باشقىلارغا يېقىملىق، ھۆرمەت تەسىرىنى بېرىدىغان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مەدەنىيەت بىر مىللەت ۋە خەلقنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىغا قارىتىلغان بولۇپ، كىيىم ـ كېچەك تاشقى پوست خالاس. ئەگەر ئېچىنارلىقى كىشىلىرىمىز مۇشۇ تاشقى پوستنىمۇ ئۆزىگە لايىق، مۇۋاپىق تاللىيالماي، مەدەنىيەتسىزلىكنى تېخىمۇ قاملاشتۇرالماي، چىققان ئۇستىگە جاراھەت چىقىرىۋاتىدۇ. يۇقىرىدا تىپىك مىسال سۈپىتىدە بىر قىسىم ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولمىغۇر ياسىنىش ئادەتلىرىنى مىسالغا ئال-

دۇق. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىيىم ـ كېچەك قىزغىنلىقىدا ھەپسىلىسىنى تاپالماي پالاقشىپ يۈرۈپ، ئائىلىسى، ئېرى، پەرزەنتى بىلەن كارى بولمايۋاتقان، ئۆزىنىڭ پەن مەدەنىيەت ساپاسى، ئاياللىق، ئانىلىق، تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر زامانىۋى، مەدەنىي جەمئىيەتتىكى خىزمەتچىلىك، جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشقۇچىلىك رولىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان خانىملارنى ئەتراپىمىزدا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۆزى شۇنچىلىك چارچىغان، ياسىنىش پەللىلىرىگە يامىشىپ بولالماي، بەس تالىشىشتىن ھەتتە ئۆزىمۇ زېرىككەن بۇ خانىملارنىڭ ئالدىراش قەدەملىرىنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ، ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويغۇم كېلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ پەرزەنتلەر ۋە ئەۋلادلار ئۈچۈن، ئانىلىق، تەربىيىلىگۈچىلىك سۈپىتىدە، مەدەنىيەت تارقىتىش ياكى زەھەرلەش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېقىشقا دەۋەت قىلغۇم كېلىدۇ.

# مەدەنىيلىكنى چۈشىنەيلى

مەدەنىيلىك بىر دۆلەت، بىر مىللەت تەرەققىياتىنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ماددىي مەدەنىيلىكنى كۆپرەك چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىسىمۇ، لېكىن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى چۈشىنىشى ۋە ئۆزىنى شۇ ئاساستا تەربىيىلىشى تولىمۇ يېتەرسىز. مەدەنىيلىك شەھەر بەرپا قىلىش دېسە، شەھەر قۇرۇلۇشىنى يېڭىلاشقا، مۇھىتنىڭ پاكىز بولۇشىغا، هويلا - ئارام، ئىشخانىلارنى، كوچىلارنى گۈل - گىياھلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمىز. بۇلار مەدەنىيەتنىڭ تاشقى پوستى.

ئالدىنقى يىللىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ساھەسىدە مەدەنىيلىك مەكتەپ بەرپا قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. مەكتەپلەر جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىشخانا، سىنىپلارغا گۈل - گىياھ سېتىۋېلىش، كونا قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش، ھەرخىل تەشۋىقات دوسكىلىرىنى يېڭىلاش، دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدىن بىر مېتىر كەلگۈدەك ئارىلىقنى ئاق سىرلاش، دەرسىنى كېيىنگە سۈرۈپ تازىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئەمما بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتايىن سەت تىللىشىۋاتقانلىقىنى، جېدەللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا، كۆرمەسلىككە سېلىپ ۋاقتىدا تۈزەتمىدى. ئوقۇغۇچىلارنى تاماكا، ھاراق ئەكىرىشكىمۇ بۇيرۇدى. مەدەنىيلىك مەكتەپ بەرپا قىلىش شوئارلىرى تاملارغا چاپلىنىپ، رادىئو كانىيى ئارقىلىق ئاڭلىتىپ تەشۋىق قىلىنىدىيۇ، قانداق قىلغاندا مەدەنىيلىك بولغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىدىغانلار ئاساسەن يوق بولدى. ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى پەقەت مۇشۇ بىر مەيدان ۋاقىتلىق شامالدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋېلىش ۋە باھالاشتا تەنقىدكە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈنلا بولدى. نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى سان-

دۇقلارغا مەھكەم سىلىپ ئامبارلارغا بەنت قىلىپ قويۇلغان ھەرخىل ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، تەجرىبە سايمانلىرى، گوزەل سەنئەتنىڭ ئوقۇتۇشىغا دائىر مەدەنىيەت ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆرگەزمىگە چىقىرىپ قويۇلدى. بۇ بىر مەيدان جىددىي پائالىيەتلەرنىڭ خۇلاسىسى چىقىرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ھەممە نەرسىلەر يەنە ساندۇقنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ ئامبارغا سولاندى. ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئەمەلىيىتىدە ئۇلاردىن پايدىلىنالمىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالدى. ئەمەلىيەتتە ئەڭ چوڭ مەدەنىيەتسىزلىك كېلىپ چىقتى.

ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر مەدەنىيلىك بولۇشنى نوقۇل ھالدا كىيىنىشكىلا باغلىۋېلىپ، قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاياللاردا ئېغىرراق بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېشى، بەدەن تۈزۈلۈشى، كەسپى، ئىقتىسادىي، سالاھىيىتىنى ئىنچىكە ئويلاپ كەتمەيلا، سەندىن مەن قالارمەنمۇ دېگەندەك بىر ئايال قىممەت باھالىق كىيىمدىن بىرنى ئالسىلا، ھەممەيلەن شۇ كىيىمنى ئېلىشقا قىزىقىپ ئۆزىگە يارىشىش - ياراشماسلىقىنى ئويلىماي، باشقىلار بىلەن بەسلىشىدۇ. يەنە مېھماندارچىلىقلاردىكى بۇزۇپ - چېچىش، مودا قوغلىشىپ كىيىم - كېچەكلەرنى ھەرخىل چاي سورۇنلىرىدا كۆز - كۆز قىلىش، چاي سورۇنلىرىنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسىنى بارغانسېرى كۆپەيتىپ، كىيىمنى، زىبۇ - زىننىتىنى يەرمەنكە قىلىش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشلار، ئۇ يەردىكى غەيۋەتخورلۇقلار، ھەسەتخورلۇقلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ھەقىقەتەنمۇ غەش قىلىدۇ. توزدەك ياسىنىشقا بىر - بىردىن چىرايلىق ئاياللار سورۇنغا دەسلەپتە ئەيمىنىپ ئاران كىرگەن بولسىڭىز، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىكى مەدەنىيەتسىزلىكىگە قاراپ تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىسىز. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كىيىم - كېچەك بىلەنلا زىننەتلەشنى بىلىپ، مەنىۋى دۇنياسىنى پەرۋىش قىلىشقا، زىننەتلەشكە ئېتىبار بەرمىگەنلىكى مانا مەن، دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ.

ئويلاپ باقسىڭىز مۇشۇنداق بىر ئايال ۋە ئانىغا بىر ئائىلە، ئەر، پەرزەنتلەر قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنى پەرزەنتلىرىنىڭ سانسىز سوئاللىرىغا

توغرا، ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىزىقىش، ئىنتىلىشلىرىنى بايقاپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېتەكلەپ توغرا يولغا باشلىيالايدۇ، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىش ئۈچۈن كەڭ دائىرىلىك بىلىم، يۈكسەك مەنىۋى ساپا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلاشتەك جاپاغا چىداش روھى بولۇشى كېرەك. ئەمما خىزمەتكە بارمىسا، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى، ساتىراشخانا، ماگىزىنلارغا يۈگۈرمىسە، تۈرلۈك مېھماندارچىلىقلارغا جايىدا بارمىسا، چاي سورۇنلىرىغا قاتناشمىسا بولمايدىغان ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن ئاجرىتالايدىغان ۋاقتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق قىيىن ئەمەس.

گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەردە باشقىلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، مېيىپلارنى كۆرگەندە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش يوق، ئۇلارنى دوراش، كەمسىتىش، يېزا كىشىلىرىنىڭ كىيىنىشى ۋە ئۇلارنى دوراش، كەمسىتىش، گەپ ـ سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىش، ئۇلاردىن يىرگىنىش ۋە سوغۇق مۇئامىلە قىلىش بىر قىسىم شەھەر كىشىلىرىنىڭ ئىستىلىدا ساقلانغان مەدەنىيەتسىزلىك ھادىسىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەدەنىيلىكنىڭ تاشقى پوستىنى قارىغۇلارچە سۈيئىستېمال قىلىۋېلىپ، ھەقىقىي مەنىسىنى تەتبىقلىيالماسلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق، ھورۇنلۇقنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە مەنىۋى ساپانىڭ تۆۋەنلىكىدىن، مەنىۋى مەدەنىيلىككە ئېتىبار بەرمىگەنلىكتىن بولىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيلىكنى ھەقىقىي چۈشىنىپ، ئالدى بىلەن ئادەتتىكى گەپ ـ سۆز، مۇئامىلە، كىچىك ئىشلاردىن باشلاش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىگە، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش مۇھىتىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراش ھەممەيلەننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى!

# مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش - ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش ئۈچۈندۇر

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەشۋىقاتلارنىڭ شەكىللىرى ۋە ئۇسۇللىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەڭ ئۈنۈملۈك قوللىنىلىۋاتقان ئۇسۇل تېلېۋىزوردۇر. CD پىلاستىنكىلىرى ئارقىلىق يۈسۈپ كىرىش بولۇۋاتىدۇ، كىچىكتىن باشلاپ قېرىلارغىچە، ساۋاتسىزلاردىن تارتىپ ساۋاتلىقلارغىچە ئائىلە تۇرمۇشىنى، دەم ئېلىش ۋاقىتلاردىن مونوپول قىلىۋالغان تېلېۋىزورلىشىش ھادىسى جەمئىيەت خاراكتېرلىك قاپلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى، تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندى.

تېلېۋىزورنىڭ كىشىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئىختىيارسىز ئىگىلەپ، ئىدىيىسىگە ئۈن - تىنسىز چاڭگال سېلىشى، ھەر قانداق كۈچتىن ئۈستۈن، ئۈنۈمى ھەرقانداق ۋاستىدىن يۇقىرى بولۇۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ دۇنيا قاراش يېتىلدۈرۈشى، ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، مەكتەپ، جەمئىيەت، ئائىلە تەسىرىدىن كۈچلۈك كېلىۋاتقان تېلېۋىزورنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، مەكتەپ ۋە ئائىلە تەربىيىسىدە قائىدە سۆزلەش، مەجبۇر قىلىش ئامىللىرى بولغاچقا، ئۇ، مېخانىكىراق ئېلىپ بېرىلىپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى قىيىنراق، ئۇلارنىڭ قارشىلىشىش تۇيغۇسى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئەمما تېلېۋىزور بولسا، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى جەلپ قىلىش كۈچى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇلارغا ئەڭ تېز ۋە تەبىئىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش يولى بىلەن ئىدىيىسىگە ھېسسىيلىق ئاساسىدا چاڭ سالىدۇ. ئۇلارنى ئىختىيارسىز ھالدا ئەل قىلالايدۇ، ئۆزگەرتەلەيدۇ.

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا، ئۆزىنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىغا، ئىدىيىسىگە

كۆرسىتىدىغان تەسىرگە قارىغاندا، مەزمۇنىدا كەمچىلىك كۆپ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، بەلگىلىك ياشاش سەنئىتىگە ئىگە قىلىشتا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشى يېتەرسىز.

مەزمۇنى پۇچەك، تارقىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى، ھېكايە فىلىملار كۆپرەك، ئادەمنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئىدىيىسىنى قامچىلاپ چىقالايدىغان فىلىملەر بەك ئاز.

رىياسەتچىلەر باشقۇرۇشى بىلەن يولغا قويۇلۇۋاتقان بەزى پروگراممىلاردا ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، ئارتىسلارنى تونۇشتۇرۇش ئاساس قىلىنغان، نەتىقاتچىلار، كەشپىياتچىلار، ئالىم، ئىنژېنېرلارنى تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى، ھېس قىلغان تەسىرات - چۈشەنچىلىرىنى تاماشىبىنلارغا تونۇشتۇرۇش يوق. ئۇلار ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش جەريانىدا ياشلارغا، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە دەيدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى يۈرەك سۆزلىرىنى دەيدىغان سورۇنغا تەشنا بولغىيتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىممەتلىك بىۋاستە تۇيغۇ - تەسىراتلىرى ئۆزى بىلەن بىللە كېتىۋاتىدۇ. ئۆزىدە قېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنى دېگۈزۈۋېلىشنى، ئاڭلىۋېلىشنى، بىلىۋېلىشنى، پايدىلىنىشنى بىلمەيۋاتىمىز. بۇنداق دېيىش، سۆزلىتىش تەكلىپلەر ناخشىچىلارنىڭ قانداق ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنگەنلىك جەريانىنى سۆزلەشكە بېرىلىۋاتىدۇ. گويا بىز ناخشا بىلەنلا جىمى پائالىيەتلەرنى قىلىدىغاندەك، جىمى ئۇرۇق - ئەۋلاد، جەددى - جەمەتىمىزنى ناخشىچى قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالىدىغاندەك، تېلېۋىزوردىن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى تونۇۋاتقان باللىرىمىز بىزدە سەنئەتچىدىن باشقا تونۇغىدەك ئادەملىرىمىز يوق ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. قاچانلا ئاچسا سەنئەت نومۇرلىرى چىقىدىغان قاناللار، تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلارنىمۇ سەنئەتچىلەرگە بېرىدۇ، شۇڭا پەرزەنتلىرىمىز، كىشىلىرىمىز قانداق ئالىملىرىمىز، قانداق كەشپىياتچىلىرىمىز بارلىقىنى بىلمەيدىيۇ، سەنئەتچىلەرنى تولۇق بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق نومۇرلىرى بارلىقىنى، قانداق ئىزساپىقىدە، قانداق

نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى تولۇق بىلىدۇ. دۇنيانىڭ ئىشلىرى ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش بىلەنلا ئوخشايدۇ، دېگەن تونۇشقا كېلىۋالغان پەرزەنتلىرىمىز، جاھان تەرەققىياتىنىڭ قەيەردىن قەيەرگىچە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قانداق، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزچۇ، نېمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەك، مەدەنىيەت ساپايىمىز قانچىلىك؟ دۇنيا تەرەققىياتى قانداق، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزچۇ؟... ئۇنداق بولسا بىز ئۆزىمىزدە قانداق ساپا ھازىرلىشىمىز، نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك؟ ھازىر ئىشنى قەيەردىن قانداق باشلىشىمىز، ۋاقىتتىن ۋە بار زېھنىمىزدىن، ئىجتىمائىي شارائىتتىن قانداق پايدىلىنىشىمىز كېرەك؟... بۇلار ھەققىدە قارا ساۋات پەرزەنتلىرىمىز، ئاتا - ئانىلارغا بېقىنىدۇ، جەمئىيەتكە يۈك بولىدۇ.

كۈندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ تۆۋەن ھېسابتا ئىككى سائەتتىن ۋاقتىنى ئالىدىغان تېلېۋىزورنىڭ پروگراممىلىرى سەرخىل بولۇشى، مەكتەپ ۋە جەمئىيەت كۆرسىتىپ، ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغان تەرەپلەرنى جانلىق، تەسىرلىك كۆرسىتىپ، ئومۇمىي ساپا قۇرۇلمىسىدىكى يېتىشسىزلىكنى تولۇقلىشى كېرەك ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىكىلەر، جەمئىيەتنى، كىشىلەرنى، تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلار بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، يېتىلىشى ئەتراپلىق، ساپالىق كىشىلەردىن بولۇشى، ئۇلار ئۆزلىرىگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇشى زۆرۈر.

ئىككى سائەت ۋاقتىنىڭ بىر سائەت ئېلان بېرىشكە، بەزى ناچار ماللارنى ماختاپ پۇل تېپىشقا چۈشۈپ كەتكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىكىلەردە بۇلارنى ئويلىغۇدەك ھەپىلە يوق بولسا كېرەك. «نېنى كىچىك ناۋاي نېنىنى ماختاپ، ئۇنلۇك تۈۋلاپ ساتىدۇ» دېگەندەك، بەزى ناۋارلار ماختالغانسېرى، كىشىلەردە ياخشى بولسا داۋاملىق ئاغزىدىن ماغزاپ كەلتۈرۈپ ماختاۋېرەمتى، چوقۇم مەسىلە بار. ياخشى مالنى ماختاۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىشلىتىپ باققانلاردىن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئىزدەپ - سوراپ سېتىۋالىدۇ ھەم ئاسان تۈگەپ كېتىدۇ، بازارلىق بولىدۇ، ھارماي ماختىغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭدا

مەسىلە بار دەپ قارايدىغان ئىدىيە شەكىللىنىپ قالدى.

دېمىسىمۇ بىزدىكى تەشۋىقات قارشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن، تۈرلۈك بايراملارنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرخىل پائالىيەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، جۈملىدىن دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بەزىلەر پارتىيىنى، دۆلەتنى كۈيلەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇلما، مەزمۇنغا قەدەر چەك قويۇپ بېرىدۇ، ئەمەلىيەتتەخەلقىمىز پارتىيىگە ھېرىسمەن، ئۆز ۋەتىنىنى، دۆلىتىنى ياخشى كۆرىدۇ، سۆيىدۇ، ئۇلارغا سىزىق سىزىپ بېرىپ مۇشۇ سىزىق ئىچىدە ئۇسسۇل ئوينا، ئاۋاز دولقۇنۇڭ مانچىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇلار تەبىئىي تۇيغۇلىرىنى ئەركىن، ئىختىيارىي ئىپادىلەپ چىقسا تېخىمۇ تېتىملىق، جەلپ قىلارلىق بولىدۇ. بۇنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بۇزۇپ قويىدۇ. شەرت قويۇلغان مەدھىيىدىن، تەبىئىي ئۇخچىغان مەدھىيە تەسىرلىك، جەلپ قىلارلىق چىقىدۇ.

بۇ يەردىكى تەشۋىقاتنى ئىختىيارلىقىغا، تەبىئىيلىكىگە قويۇۋەتكەن تۈزۈك. بىراق تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى، CD پلاستىنكىلىرىنىڭ سۈپىتى، مەزمۇن مەسىلىسى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە، بولۇپمۇ يېقىنقى 3 ـ 4 يىلدىن بېرى يېزىلىپ، ئىشلىنىۋاتقان CD پلاستىنكىلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى ئەمەس. ئەڭ بۇرۇن ئىسلاھ قىلىنىپ، تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئۈن ـ سىن نەشرىياتچىلىقى، گويا ھەممە ئادەمنى سېنارىست، ھەممە ئادەمنى ئارتىس قىلىپ قويدى، ھەممە كىشى ئارتىستەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ كەتتى.

شەخسىي ئۈن ـ سىن ئىشلەش سودىگەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بۇ ساھەدە چاقماق تېزلىكىدە زور تەرەققىيات پەيدا قىلغان بولسىمۇ، سۈپەت مەسىلىسى ياخشى ئويلانمىدى. سان قوغلىشىش خاھىشلىرىدىن ساقلانغىلى بولمىدى، ئىشلىنىۋاتقان CD پلاستىنكىلىرىنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى ياخشى بولسىمۇ، ئارتىسلار غىلجىڭلاشتۇرۇپ قويغان، يەنە بەزىلىرىنىڭ مەزمۇنى پۇچەك، لاۋزا، سېنارىست ۋە رېژىسسورلار نان قېپىلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن، يارامسىز ئەسەرلەرنى خىجىل بولماي، نومۇس قىلماي تاماشىبىنلارغا

www.uyghurkitap.com

سۇنۇپ، يانچۇقلىرىنى تومىلىماقچى بولۇشقان.

تۇرمۇش چىنلىقى يوق، مەركىزىي ئىدىيە مۇجمەل، نېمىنى تەرغىب قىلىپ، نېمىنى پاش قىلماقچى بولغانلىقى نائېنىق مەركىزىي ئىدىيىسى يورۇتۇلمىغان، تېمىدىن چەتنەپ كېتىلگەن، ئىدىيىۋى تەربىيە رولى يوق، ھېچقانداق ئەدەبىي ۋە ئېستېتىك قىممىتى يوق CD پلاستىنكىلىرى ھەدەپ ئىشلىنىپ، خەلقنى غىلجىڭ كۈلكىگىمۇ، ئېچىنىشقىمۇ، چۈشىنىشكىمۇ ياكى چۈشەنمەسلىككىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل گاراڭ ھالەتكە ئەكىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

تەخمىنەن، ئىشلەنگەن ئون پلاستىنكا ئىچىدىن بىرەرسىنى يامان ئەمەسكەن دېگىلى بولۇشتىن باشقا، قالدىلىرىدا دېيىلمەكچى بولغان ئىدىيىنىمۇ بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. بىر نەرسىگە ئوخشاتقىلىمۇ بولمايدۇ، كۈلەي دېسەڭ تېخى، يىغلاي دېسەڭ تېخى، ئادەمگە قانداق تۇيغۇ، قانداق زوق بەرگەنلىكىنىمۇ ئەسلا بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۈزسىز.

تەشۋىقات سەھنىسى بىر دۆلەت ۋە بىر مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ رولىنى باشقۇرىدىغان، مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشىدىكى قوماندانلىق بازا. ئۇنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش، ياخشى باشقۇرۇش، جانلىق ئىشلىتىش مەسىلىسى، ئاجايىپ يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان نازۇك مەسىلە. ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش — ئۇنۇملۇك ئىشلىتىش ئۈچۈندۇر.

# ئەدەبىياتىمىز دۇچ كەلگەن خىرىس

نۆۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىز ئىجتىمائىي رەڭلەر بىلەن بېزىلىشتىن سىرت، يەنە ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار تەرىپىدىنمۇ مەنىۋى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى تۇرمۇش سەۋىيىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىي ـ مەنىۋى بېسىملار بىلەن زاھىرلىنىپ تۇرۇپتۇ. بازار ئېقىمىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرىشى بۈگۈنىمىز ئۈچۈن زور يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. مېنىڭچە مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى بازار رىقابىتىدىكى تاۋار ئورنىدا دەپ قارىساق، ئەدەبىياتىمىز ئاز كۈنگە قالماي پاخاللىشىپ، سەنئەت دالاسىدا ئۆزىمىزنىڭ ئېچىنارلىق قەبرىسىنى تىكلەيدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بازار مۇھىتىغا ئارىلىشىپ قېلىشى بىزنى كەلگۈسى ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. بىزنىڭ قەلەمكەشلىرىمىز نەزەردە تۇتقان بازار ـ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى خاسلىق، ئىزدەنمە تەپەككۇر بازىرى بولماستىن، كىتابخاننىڭ رايىنى قوغلىشىدىغان بازار بولماقتا. قىزىق نۇقتا دېگەندە قاپ بەلدىن گەپ باشلاشنى ئاچچىقنى، ئەسەبىيلىكنى ئىپادىلەيدىغان، چولتا پىكىرلەر بىلەن تولغان ئىجادىيەت ھەۋىسىنى بازارغا سېلىش ۋە بازار قىزغىنلىقىنى قوغلىشىش تولىمۇ كۆلكىلىك رىقابەت ئېقىمى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كىتابخانلارنىڭ ساپاسىغا ماس ھالدا ئەسەر يېزىپ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بازارلىق بولۇۋېلىشنى ئويلاش. بىر ئەدىبكە نىسبەتەن خىجىل بولۇشقا تېگىشلىك ئىش. بۇ يەردە شۇنداق بىر سوئالغا دۇچ كېلىمىز: ئەدىب تۆۋەن سەۋىيىلىك كىتابخان ئورنىغا چۈشۈشى كېرەكمۇ ياكى كىتابخاننى ئىلىم ھېكمەت تۆيۈنغان يۇقىرى سەۋىيىلىك پەللىگە يېتەكلىشى كېرەكمۇ؟ مۇبادا كىتابخاننىڭ سەۋىيىسى نىشان قىلىنسا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى-

دىن سۆز ئېچىش تەسكە چۈشىدۇ. ئەسەرنىڭ سەنئەت قىممىتى ھەققىدە سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تەسەۋۋۇر، تەپەككۇردىكى چوڭقۇرلۇق دېگەنلەرمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

بىر مىللەت يازغۇچىسى شۇ مىللەت روھىنىڭ قانىتىدۇر. ئۇنىڭ پەرۋازى خەلق يۈكسەكلىكىدە بولۇشى، خەلققە نىشان، يول كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، بىر مېھرىبان ئانىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان پەرۋىشىگە خاس ھالدا ئۇنىڭغا مەلۇم مەنزىلنى ھېس قىلدۇرۇپ قويالىشى كېرەك. ئەدەبىياتتا بازار رىقابىتى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئويلاپ باقايلى، بىزدىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان ئەسەرلەرنى خەلقىمىز ياقتۇرۇپ ئوقۇدى، ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى تونۇۋالدى. تىل - ئاھانەت ئاڭلاۋېرىپ چۈشكۈنلەشكەنلەرمۇ بولدى. گەرچە ئۇلارغا ئەمەلىي تەسەللى، سوغۇق قان پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تەرەپلەر كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، كىتابخان يەنە ئاڭسىز رەۋىشتە ئاپتورغا ئاپىرىن ئېيتتى. نەتىجىدە مىللەتنى سۆكۈش، قامچىلاش ئەدەبىياتىمىزدىكى قىزىق تېمىغا ئايلىنىپ ئۆزى ئىچىدىن قايناپمۇ، خەلق رايىدىن پايدىلىنىپمۇ مۇشۇ خىل رېتىمدا ئەسەر يېزىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندە كىتابخانلارمۇ سەل سوغۇق قان بولۇپ، بۇنداق ئەسەرلەردىن بىزارلىق ھېس قىلىپ يەنە يېڭىچە تەپەككۇر، يېڭىچە مەزمۇننى كۈتمەكتە. ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەر پاش قىلىنغان مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاش مەلۇم دەۋردىكى كىتابخانىنىڭ دىققىتىنى ۋاقىتلىق تارتقان ئەسەرلەرنى مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولدى، دېيىشىمىز كېرەكمۇ؟ ياق، بۇنداق دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس تاپالمايمىز. بۇنى لوگىكىلىق مەنە جەھەتتىنلا ئەمەس، تارىخىي تەرەققىيات جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىمىز يوق. ھازىر چاپ - چاپ بولغان ئەدەبىيات بازىرىدا ھېلىقىدەك ئەسەرلەر بولغانىكەن، ئۇنداقتا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ سەنئەت قىممىتى بار ئەسەرلەر ھەققىدە ئويلىنىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدىمۇ؟ ئۇلار بۇ ئاتالمىش بازاردىن شاللىنىپ قېلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا بىزنىڭ

ئەدەبىيات دەپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىدىغىنىمىز كىتابخانىنىڭ ساپاسىغا ماسلاشقان ئەشۇ بىر قىسىم بازارلىق ئەسەرلەر بولامدۇ؟ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسەۋۋۇردىكى يېڭىلىق، قۇرۇلمىدىكى، تېخنىكىلىق مەسىلىلەر نەزەرگە ئېلىنماسلىقى كېرەكمۇ؟ مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىنتىك بولۇپ كېتىشى ئانچە نورمال ئىش ئەمەس. داۋاملىق مۇشۇ يوسۇندا مېڭىۋېرىدىغان بولساق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەمى قالمايدۇ. يازغۇچى، شائىرلىرىمىز بۇ بازارغا بىچارىلىك بىلەن تەلمۈرمەسلىكى كېرەك. ھەركىم ئۆزىنىڭ قاملاشتۇرالايدىغىنىنى قىلسۇن، ھەركىم ئۆز ئاۋازىدا تۇۋلىسۇن. ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە زوق ئاتا قىلالايدۇ. كىتابخان ئۈچۈن سەنئەت قىممىتى يۇقىرى ئەسەرمۇ، ئاممىباب ئەسەرلەرمۇ، تراگېدىيىلىك ئەسەرلەرمۇ، ئۈمىدۋارلىققا، ئىلھامغا باي ئەسەرلەرمۇ كېرەك. مەن ئاشۇنداق ئويلايمەنكى، كىتابخانلىرىمىز ھېسداشلىققا، كۆز يېشىغا باي ئەسەرلەردىن كۆرە، كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالايدىغان باھادىر ئەدىبلەرگە بەكرەك موھتاج.

قايسىدۇر بىر شائىر ئېيتقاندەك خەلقئارا سەھنىلەردە شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەخمەتجان ئوسمان... لارنىڭ شېئىرلىرى، دېھقانلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرلىنىشى، ھەزىم قىلىشى ئۈچۈن روزى سايىتتەك ئاممىباب ئەدەبىيات ئۇستىلىرى كېرەك. يەنە، ئەدەبىياتىمىز ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تۇرمۇشنى، مەنىۋىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئۆلمەس ئەسەر بولۇپ تۇرالىشى ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىيىتىنى كىتابخاننىڭ روھىنى لەرزىگە سالغۇدەك يورۇتۇپ بېرەلىگەنلىكىدە ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى بەدىئىي قۇرۇلمىدا، ئەدەبىياتتىكى سەۋيىمىزنىڭ قانداقلىقى مىللەت روھىنى ئەستايىدىل قېزىپ چىقىپ، نەپىس تىل، مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلما بىلەن بېزەشتىن بىلگىلى بولىدۇ. بىز بۇنداق ئەسەرلەرنى ھەقىقىي ئەدەبىيات قېنىمىز بىلەن ھېس قىلىپ، مانا بۇ ئەدەبىيات! دېيەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئاياللار ئەڭ ماھىر دىپلومات بولۇشى كېرەك

ئادەتتە ئاياللارنىڭ سۆز قابىلىيىتى ئەرلەرنىڭكىدىن ياخشى بولىدۇ. مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، كۆزىتىشلىرىمۇ ئەرلەرنىڭ نەزىرىدىن ئىنچىكە ۋە سەزگۈر بولىدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەستايىدىل، ھېس ـ تۇيغۇغا ئەرلەردىن بەكرەك باي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئائىلىدىكى ئىشلاردا ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك دىتى بولىدۇ. مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمۇ ئەرلەرگە قارىغاندا بەك ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئۇششاق تەپسىلاتلار بىلەن خوشى يوق.

بىر ئايال ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدا ئاتا ـ ئانا بىلەن، بىر تۇغقانلار، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن، خىزمەتداشلار، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن، پەرزەنت ۋە ئەر بىلەن، ئاياللار ۋە ئەرلەر بىلەن، كېلىن ـ قېيىنئانا، يەڭگە ـ كېلىنلەر بىلەن، ھەرخىل مۇئامىلە مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئايالنىڭ ئەر ۋە پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلەردىكى كۆرسەتكەن تەسىرى، سىڭدۈرگەن ئىدىيە ـ خاراكتېرلىرى، ئەر ۋە پەرزەنتنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالىدۇ، روھىي جەھەتتىن ئۇلارغا ئوزۇق بولۇش ـ بولماسلىق، تۈرتكە بولۇش ـ بولماسلىق، ئۇلارنىڭمۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلاردىن ئۆزىگە پايدىلىق، خۇشاللىق ئامىللارغا ئېرىشىپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلارمۇ ئايالنىڭ ئائىلىدىكى مۇئامىلە سەنئىتىدىكى كۆرسەتكەن تەسىرىگە باغلىق، پەرزەنت ۋە ئەر بىلىپ ـ بىلمەي ئائىلىسىدىكى تەسىرنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ ۋە سىرتلاردا شۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى، قېيىنئانا ۋە قېيىنئاتا ئالدىدىكى ئوبرازى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئەرنىڭ ئالدىدىكى تەسىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. تەبىئىي، يېقىملىق، پەم بىلەن سوغۇق قان مۇئامىلىدە بولۇش، قولى ئەپچىل، ئەستايىدىل، ئىلمىي مۇئامىلە سەنئىتى كېلىنىنى، قېيىنئانا ۋە قېيىناتىغا يېقىملىق، ئاقىل، پۇختا كۆرسىتىدۇ.

خىزمەتداشلارغا، قوشنىلارغا قىزغىن، كۆيۈنىدىغان، يۇرەكتىن چىقىرىپ تەبىئىي قىلىنغان مۇئامىلىنىڭ تەسىرىمۇ ئىنتايىن ئۇنۇملۈك بولىدۇ. ھەممە ئادەم سىزگە دوستانە، ئىللىق تۇيغۇ بېرىدۇ. جاھان شۇنچە كەڭرى، ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت ئازادە، دوستلىرىڭىز كۆپتەك، خۇشاللىق ئىچىدە، ئۆزىڭىزنى يەڭگىل، بەختىيار ھېس قىلىسىز.

ئەلۋەتتە ئەتراپىڭىزدا ھەرخىل مىجەز ـ خاراكتېر ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت ساپاسىدىكى ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلارغا ئوخشىمىغان مۇئامىلىنى ئىپادىلىشىڭىز، بەدەنگە ماس كىيىم تاللىغاندەك، ماس مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلىشىڭىز كېرەك.

تۇرمۇش، خىزمەت رىتىمى تېزلىشىپ مەدەنىيەت ساپاسى ئۆسكەنسېرى، ئايالارنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇش ۋە مۇئامىلە سەنئىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئىنچىكە ۋە كۆپ قىرلىق بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھەرخىل قاتلامنىڭ، ھەرخىل ساھەنىڭ ئاياللاردىن كۈتىدىغان تەلىپىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئايالمۇ سەزگۈلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنى تولۇقلاپ، بېيىتىپ، ئۆزىنى توختىتىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك بولۇپ قالدى. تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىنى كۆز يېشىغا چىلىنىپ، يېلىنىپ ئولتۇرۇپ بىچارىلەرچە ئىپادىلەيدىغان ئاياللار زامانىسى ئاللىقاچان ئۆتكەن. دەرىجىدىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشمۇ، ئايالنى بىنورمال ھېس قىلدۇرۇپ، باشقىلاردا ياخشى ئىنكاس قوزغىمايدۇ. دادىللىق بىلەن قىزغىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشىگەندىلا، ئۆزىنى قەدىرلەپ ۋە قېزىپ، ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىلا كۆزلىگەن نىشانغا يەتكى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لى بولىدۇ.

نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز، نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ ئۆزىمىزنى پەرق قىلىشنى ئۇنتۇمايلى. بىر ئايالنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى قەدىر - قىممىتى، ئۆز - ئۆزى قۇرۇپ چىققان مۇئامىلە تورىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىدىن باشلاپ، خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغىچە، ئۇنىڭ مۇئامىلە سەنئىتىنىڭ ئۈنۈملۈك، جايىدا بولۇش - بولماسلىقى بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى تونۇش، توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىنى توغرا چۈشىنىش ئاساسىدا قېزىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى قېزىش، بېيىتىش، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەش، يولۇققان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، بۇ بىر ياشاش ئىقتىدارى. بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان ئادەملەر ئىنتايىن بىچارىلەرچە، ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، يا ئۆزى خۇشال بولغۇدەك ئىش قىلالماي، يا باشقىلارنى خۇشال قىلالماي تولىمۇ بىچارىلەرچە ئۈمىدسىز ياشايدۇ.

بىر ئايالغا نىسبەتەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئېرى ۋە ئەتراپىدىكىلەر ئالدىدا مۇۋاپىق ئىپادىلەپ تۇرۇش، دادىل، ئەستايىدىل، سەممىي ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىككە تىكىلىپ، ئۇنى مۇۋاپىق ئۇسۇل، روھىي ھالەت ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىقتا كۆتۈۋېلىش، قوبۇل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بىر خىل كۆتۈنۈش سەنئىتى، مەن دېگەن مەن، دېيەلەيدىغان ئىشەنچلىك، مەردانە ئايالدىن ئارىمىزدا قانچىلىك باردۇ. ئاددىيسى بىر ئەر خىزمەتدىشىمدىن خىزمەت توغرىلىق تېلېفون كەلسە، ئېرىمىزنىڭ يېنىدا خاتىرجەم، تەبىئىي ئىشخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندەك كەيپىياتتا ئالالايدىغانلار، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق جىددىيلىشىپ كېتىدىغان، ئېرىمىزدە گۇمان، ئاندىن كۆرەڭلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويمايدىغانلاردىن ئارىمىزدا قانچىلىك بار؟ ئەرلىرىمىزگە ئايالدىن تېلېفون كەلسە دەرھال سۈرۈشتە قىلىدىغان، ئۇرۇشىدىغان، كەچكىچە كۆزىگە كىرىۋالىدىغانلار ئارىمىزدا بارغۇ. كۈندەشلىك ئېشىپ كەتكەنچە نورمال بىر تەرەپ

قىلالماسلىقتىن نۇرغۇن ئائىلىلەردە بىرەر نامسىز، خاتا ئۇرۇلۇپ قالغان تېلېفوننىڭ ياكى بىرەر قارشى جىنسلىقنىڭ تېلېفوننىڭ غەلۋىسى. نەزەر دائىرىمىزنى كەڭرەك قىلىپ، سوغۇق قانراق بولۇشقا تىرىشايلى، نۇرغۇن ئىشلار ئەرزىمەيدۇ. جاھىللىقىمىز، تولىمۇ شەخسىيەتچىل، تار نەزەر دائىرىمىز، قارام ھېسسىياتىمىز بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى كۆندەشلىك قىلىش، كوت ـ كوتلۇق ئەرلەرنى بىزار قىلىپ قويىدۇ. بۇ بەك بىچارىلىق ۋە ئاجىزلىق، ئۆزىمىزنى بەك تۆۋەن كۆرگەنلىك، ئۆزىمىزنى خورلىغانلىق!

ئەرنى تىزگىنلىمەكچى، ئاڭا سىگنال بەرمەكچى بولساق، ئۇنى بىزار قىلىدىغان، ئۆزىمىزنىمۇ بىچارە كۆرسىتىدىغان، بۇ ئۇسۇلنى دۆتلەرچە تاللىماي، ئاياللىق سېھرىي كۈچىمىزگە يوشۇرۇنغان پاكلىق، غۇرۇر ۋە جەزبىدار، ئادەمنى ھېيىقتۇرغۇدەك قەد ۋە ئۆزىمىزگە ئىشىنىشتىن كەلگەن تىرەنلىكىمىز، سەمىمىي ئەستايىدىللىقىمىز، ئادىمىي پەزىلەت ـ سۈپەتلىرىمىز، قەيسەر ۋە مەردانىلىقىمىز بىلەن ئېرىمىزگە ۋە باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرايلى، ئۇلارنى قايىل ۋە مايىل قىلىۋالايلى. ئەرنىڭ جىسمانىي، فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج تەلىپىدىن چىقىدىغان، بالىلىرىنى تۇغۇپ، ئاش ـ نان بېرىپ باقىدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىغان خوتۇنلا ئەمەس، ئىللىق قەلبكە، كەڭ نەزەر دائىرىگە، ئاقىل نەزەرگە، مەردانە قەدكە، قەيسەر ئىرادىگە ئىگە جانلىق بىر ئادەم، ئەرگە قابىل بىر ياردەمچى ئىكەنلىكىمىزنى، پەرزەنتكە ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى، ئائىلىگە مېھىر ـ ۋاپا، ئادىمىيلىك جەھەتتىن ئەڭ دانە پەرۋىشچى ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇرايلى.

شۇنداقلا ماھىر دىپلومات بولايلىكى، پۈتكۈل دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە ئىللىقلىق ئاتا قىلىدىغان، ئىنسانىيەتنى ئۆز پەرۋىشى بىلەن گۈزەللىك ۋە مۇھەببەتكە پۈركەپ كەلگەن ئايالنىڭ قەلبى، ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر جاننى، ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك، مېھىرلىك، پاك ۋە ئاقىل تاللىشى بىلەن سېھىرلىۋالسۇن. يىراقلارغا تىكىلگەن نەزەرلىرىمىز بىلەن ھەممىنى ئېنىق پەرق قىلىپ، تىرەنلىك، چوڭقۇرلۇق بويلاپ، ئۆزىمىزنى ئۇزلۇكسىز بېيىتىپ، ئۇلۇغ-

لۇقىمىزنى نۇرلاندۇرايلى. مۇھەببەت، مېھىر ئوغرىسىغا ئايلانغان ۋۇجۇدىمىزنى تېخىمۇ تاۋلاپ، بارچە كائىناتقا پەرۋىشكار، مەردانە، سەمىمىي، قەلبىمىزدىن قەلبلەرگە ئۆتىدىغان مۇئامىلە يوللىرىنىڭ ئەڭ قابىل دىپلوماتلىرىغا ئايلىنايلى! چۈنكى بىز جىمى گۈزەللىك، جىمى مېھىر ۋاپانىڭ مەنبەسى، قىلىچ ۋە زەمبىرەك ئالدىدا ئېگىلگەن باشلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئېگىلىدۇ.

**2005 - يىل. خوتەن**

# بىزگىمۇ ئاسان ئەمەس

مەن ئۆتكەن ئايدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن باشقا ناھىيىلەرگە بارغاندا، ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىنتايىن ئالدىراش، ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ يىراق جايلاردا ناھايىتى جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئائىلىسىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ گېپى چىقسا، ئەپسۇسلانغان كەيپىياتتا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىغانلىقىنى، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ بىردىنلا ئۆيچان بولۇپ قالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. بىر كۈنى بىر ناھىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل خانىم بىلەن تاماقتا بىرگە بولدۇق. تاماق ئۈستىدە ئۇ خاتىرجەم بولالماي، ھېلىدىن - ھېلىغا تېلېفون قىلاتتى. تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم چىقمىغانسېرى تىت - تىت بولۇپ، گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. بۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئىدى. ئۇ ئاخىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قىزىنىڭ چۈشتە ئۆيگە بارغان - بارمىغانلىقىنى، تاماق يېگەن - يېمىگەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق تىت - تىتچىلىقتا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى توشۇشقا ئاز قالغاندا، تاماقتىن قوزغىلىشتۇق. بىز تاماق يەۋاتقان جاي بىلەن ئۇنىڭ ئۆيى ۋە خىزمەت ئورنى بىر يەردە قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپتە ئىدى. ئۇ ئالدىراپ سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن نېمىگىدۇر ئازابلانغاندەك كەيپىياتتا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن قىزى بىلەن كۆرۈشكەن - كۆرۈشمىگەنلىكىنى سورىسام ئۇ، ئەپسۇسلانغان ھالدا، قىزىنىڭ ئانام مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلەرمىكى دېگەن ئۈمىدتە بىر سائەت ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى يولدا تۇرۇپ ساقلىغانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ناھايىتى كۆپ بولىدىغانلىقىنى، بۇ يالغۇز قىزىنىڭ ئۆيدىمۇ كەچلىرى داۋاملىق يالغۇز قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن ئىسسىق تاماق ئېتىپ بېرەلەيدىغان ۋاقتىنىڭ

ناگان ـ ناگاندا چىقىدىغانلىقىنى، قىزىنىڭمۇ كىچىك تۇرۇپ مۇشۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، خامۇش ھالدا سۆزلەپ بەردى. بىز بىرگە تاماق يېيىشكەن ئۈچ خانىمنىڭمۇ بالىلىرىمىز بولغاچقا، ئاچچىق تۇيغۇ ئىچىدە، ئۇزاققىچە بىئارام بولۇشتۇق. ئويلاپ قالدىم، تۈرلۈك كەشپىيات، ئىجادىيەت بىلەن، ئىزدىنىش بىلەن ئۆتىدىغان، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم، فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرىدا يۈگرەپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان ئاياللارنىڭ، مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن جەھەتتىن قىسىلىپ قالىدىغان ئىشلىرى بار. مۇشۇ خانىملارنىڭ ئاياللىق تۇيغۇلىرىنى يېڭىپ، ئەرلىرىنىڭ پەپىلەشلىرى، قىزغىن مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ ۋە جاۋاب قايتۇرۇش دەملىرىدىكى، مەستخۇش شېرىنلىكتىن كۆرە، ھاياتلىقىدىن ئىز قالدۇرۇشنى، ئاشۇ جاپالار ئىچىدىن بەختىنى، خۇشاللىقىنى، ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ مەناسىنى ئىزدىشى ئاسان ئەمەس. ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ھېسسىياتچانراق، ھېسسىيلىققا، تۇيغۇغا باي بولىدۇ. شۇڭا بىر ئايالنىڭ ئاياللىق تۇيغۇسىدىن چىقىپ، بۇنداق زور ئەقلىي كۈچ ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى ۋەزنى ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكە تەييار تۇرۇشى ۋە تۆلىشى، ئىجادىيەت كەشپىيات يولىدا مېڭىشى ئاسان ئەمەس. ئېرى ماسلاشقان، قوللىغان، ئۇنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، مەنىۋى، روھىي تېرەك، يۆلەنچۈك بولغان بولسىغۇ، ھەر ھالدا ئۇنچىلىك كۆپ بەدەل تۆلەش كەتمەيدۇ. بىراق ھەممە ئەرنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيا قارىشى ئاياللارنىڭ ۋە ئەل ـ جامائەتنىڭ ئالدىدا نامايان قىلىپ خوتۇننى ھەر جەھەتتىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە قامال قىلىپ تۇرمىسا ئۇنىمايدىغان جاھىل غۇرۇرى بار. ئەرلىك غۇرۇرىنى تار دائىرىدە چۈشىنىۋالىدىغان، تەنتەنە قىلىشقا ئامراق، كۈشكۈرتۈپ قويسىلا كېلىپ چىشلەيدىغان، روھىي كۈچى ئاجىز، ساپاسى تۆۋەن، تونۇشى قالاق ئەرلەر ئارىمىزدا خېلى بار.

ئايالىمۇ مۇستەقىل بىر ئادەم، بەلگىلىك ئاڭ ۋە ئىدىيىگە ئىگە، مۇستەقىل ياشاش، ئىزدىنىش ئىقتىدارى بار. مۇئەييەن دائىرىدىكى ئەركىنلىككە ئىگە، ماڭا ئوخشاشلا بىر ئىنسان دەپ تونۇپ ئايالىنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ،

ھېچبولمىغاندا تۇسالغۇ بولۇپ، ئۇنى ۋە ئاخىرىدا ئۆزۈمنى ئازابلاپ قويماي دەيدىغانلار، مەردانە مەيدانغا چىقىپ بۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتەلەيدىغانلار بەك ئاز.

بىر ئائىلىگە، ئانا ۋە ئايال بولۇش سۈپىتىدە، بۇ جەرياندا كېلىدىغان بېسىم بەك ئېغىر. بىر ئايال ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىنىڭ بويۇن قىسىپ قېلىشقا قاراپ تۇرۇش، پەرزەنتلىرىگە تولۇق مېھرىنى بەرگىلى ۋە ئۇلارنىڭ مېھرىگە قانغىلى پۇرسەتنىڭ، ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەت سورۇنىنىڭ بەك كەم بولۇپ كېتىشى، ئېرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىنى كۆرۈش ئىنتايىن ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئائىلىگە تەسەللى، رىغبەت بېرىش، ئۇنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ھاقارەت قىلىش، چەيلەپ خاراب قىلىشنىڭ بېسىمىغا چىداش بەك تەس.

ئەسلىي ئائىلە تۇرمۇش بىر - بىرىنىڭ يوللۇق ئەركىنلىكىنىمۇ سىقىش، بىر - بىرىنى قىيناش، بىر - بىرىنىڭ يوللىرىنى توسۇش ئەمەس، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، بىر - بىرىگە پەرۋىش قىلىش، قوللاش، چۈشىنىش ۋە ئىشىنىش ئاساسىدا، بىر - بىرىنىڭ ھاياتلىق سەپىرىگە پەلەمپەي، كۆۋرۈك، ئىستىقبالىغا شوتا بولۇشى، بىر - بىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قېزىپ، ئاڭا رىغبەت بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. بىراق ئەقىل تىزگىنى بىلەن ھېسسىيات تىزگىنىنى تەڭ تۇتالايدىغان ھەر ئىككىسىدىن ئۆزگىچە زوق، ھوزۇر ئالالايدىغان، ئاڭا ئەجىر - مېھنەت سىڭدۈرەلەيدىغان ئادەمدىنمۇ ئارىمىزدا قانچىلىكتۇ؟ رەھبەرلىك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان، مۇھىم مەسئۇلىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئايـالـلارنىـڭ يۈرۈش - تۇرۇش، ئىش - ھەرىكەتلىرىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە ئۆزىنى تۇتۇش باشقا ئاياللارنىڭكىدىن ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا جەمئىيەتتىكى ھەربىر جۈپ كۆز تىكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنى نازارەت قىلىدۇ، ئۇ دىققەت قىلىشنىڭ كونكرېت ھالقىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدە تۇرۇپ، قاتتىق چارچاپ كەتسىمۇ ئامال يوق. سەل بوشىشىپ قالسىلا، ئۆزىنى سەل قويۇۋېتىپ قالسىلا، بۇ مۇبالىغە شەكلى بىلەن پۈتاقلاپ، كۆپىيىپ، ئەتراپنى قاپلايدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇرلۇك مەيدان،

سورۇنىنىڭ خاراكتېرىگە، ئىجتىمائىي مەنىسىگە قاراپ، كىيىم كې-
يىشتىن باشلاپ، قانداق گەپ ـ سۆز قىلىش، ئىش ـ ھەرىكىتىنە
مۇئامىلىدە بولۇشقىچە ئىنتايىن ئىنچىكە، نازۇك ۋە سەزگۈر بولۇشقا
توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەنە ئەتراپىدىكى ئاياللارغا ئوخشاش، بىر ئۆيىنىڭ،
ئەرنىڭ، پەرزەنتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، تۇرلۇك ئادەمگەرچىلىك
سورۇنلىرىدىن قالماسلىقى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر،
قولۇم ـ قوشنىلارغا لايىقىدا مۇئامىلە قىلىش، ئائىلىگە ئىللىقلىق
ئاتا قىلىپ، ئاڭا پەرۋىش قىلىش كېرەك. ئاندىن يەنە كېلىن ـ
قېينانا مۇناسىۋىتىدىن باشلاپ، رەھبەر بىلەن، ئاما بىلەن، خىزمەت-
داشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ سەزگۈرلۈك ۋە ئەستايىدىللىق
بىلەن پەرۋىش قىلالىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆزى ئوخشاش ۋەزىپىدىكى،
ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان ئەرگە قارىغاندا ئايال رەھبەر بولۇپ
قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇچرايدىغان بېسىمىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ئا-
نا، ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇچرايدىغان توسالغۇ، تۆلەيدىغان بەدەل،
چۈشىنەلمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىدىغان ئاۋارىچىلىقلار ئىنتايىن
كۆپ.

بىزدەك ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشى كېيىن، مەدەنىيەت
سەۋىيە ئىپتىدائىي دۇنيا قاراش ۋە مەسىلىلەرگە باھا بېرىش، مەسى-
لىنى ھەل قىلىش تېخى ئەقلىيلىق، سوغۇق قانلىق، ئەستايىدىللىق
تۈسىنى ئېلىپ بولالمىغان، ھېسسىياتى ھەرقاچان بېشەملىك ۋە قا-
راملىق قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان خەلق ئۈچۈن، ئاياللارغا بولغان
مۇئامىلىمۇ، ئەسەبىي، شەخسىيەتچىلىك قۇتراپ تۇرغان باشقۇرۇشقا
مايىل. ئۇلارنىڭمۇ ئىزدىنىش، تىرىشىش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتى-
دارىغا ئىگە، ياشاش ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ماددىي ۋە مەنىۋى ھوقۇقىغا
ئىگە، ئەقىل ـ ھوش، جاسارەت ۋە غايىگە ئىگە ئىنسان ئىكەنلىكىگە
قارىتا تونۇش، چۈشىنىش چولتا، شۇنداق بولغاچقا دائىم ئۇلارنىڭ
ئىلگىرىلەش يولىغا تىكەن، ئەخلەت ـ چاۋار بولۇپ، پۇتلىرىغا ئىلە-
نىۋېلىپ، دادىل خاتىرجەم ئىلگىرىلىگىلى قويمايمىز. ئۇلارنى ئازاب-
لاپ، خاتىرجەملىكىنى، تىنچلىقىنى بۇزىمىز، ئەقلىي كۈچ،
زېھنىي ـ قۇۋۋىتىنى چاچىمىز.

ئۇلارنىڭ ئائىلە بىلەن خىزمەت، نادان مۇئامىلە، ساپاسىز كۆز قاراش بىلەن خىزمەت، ياشاش ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە چارچىغان، قىسىلغان، ئازار يېگەن، پەرۋىش تەسەللى تاپمىغان، يېتىم قالغان قەلبىدىن بىر ھەسرەتلىك نىدا، خىتابتىن بىزگە شۇنداق ئىلتىجا كېلىدۇ: «بىزنى چۈشىنىڭلار، قوللاڭلار، بىز سىلەرنىڭ قىزىڭلار، ئانىلىرىڭلار، تارىخىڭلارغا، مەدەنىيىتىڭلارغا ئاساس سالغۇچىلار، بىزگە رىغبەت، تەسەللى، ئۈمىد، ئىلھام ۋە كۆيۈنۈش، خاتىرجەملىك بېرىڭلار!»

بىز بۇ دۇنياغا ئايال، ئانا بولۇپ يارالغان ئىكەنمىز، ھەممىگە ئىللىقلىق بەرگۈچى، شۇنداقلا، پەن ـ تەرەققىياتىغا باش بولىدىغان، مەدەنىيەت تارقاتقۇچى، قابىل باشلامچى ۋە مېھرىبان ئانا بولۇشنى خالايمىز.

2005 ـ يىل. خوتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىز دۇنيانى قانداق تەۋرىتىمىز؟

«ئاياللار بىر قولىدا بۆشۈكنى، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ» دېگەن جۈملىنى بىز خېلى كۆپ ئىشلىتىمىز. تۈرلۈك ئاياللار يىغىلىشلىرىدا، ئاياللار يىغىنلىرىدا، نۇتۇقلار ۋە ماقالىلەردە، تۈرلۈك تەبرىكلەشلەردە، بۇ جۈملە ئارقىلىق ئاياللارغا قىسقىچە باھا بېرىپ ئۆتكەن بولىمىز. بىراق بۇ، جۈملىنى قەيەردىندۇر ئاڭلىۋېلىپ، ياراپ قېلىپ، ھەر ھالدا ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى ئورنىغا يۈكسەك باھا بېرىلگەنىكەن، دەپ قاراپ، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ بۇ جۈملىنى چۈشىنىشى، ئۇنىڭ ۋەزنىنى تونۇشى، ھېس قىلىشى قانچىلىكتۇ؟

بۇ جۈملە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنا دائىرىسى ۋە قاتلىمىنى ئەمەلىيەتتە باغلىغان ھالدىكى بىلىشى، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى قانچىلىكتۇ؟ شۇنداقلا ئۆزىنى ئايال، ئانا دەپ قارىغانلاردىن بۇ مەنا چوڭقۇرلۇقىنى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلىپ باققان، ئۆزىنى مۆلچەرلەپ باققان، ئاشۇ جۈملىنى ئۆز ئەمەلىيىتى، ئىدىيىسىگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى دەڭسەپ باققان، ئاشۇ ئېغىرلىق ۋە چوڭقۇرلۇق ئىچىدە ئۆز ئىدىيىۋى ھالىتى ۋە ئەمەلىيىتىگە باغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى دادىل شەرھىلىيەلەيدىغان ئايالدىن ئارىمىزدا قانچىلىك بار؟ بىز ئانا، ئايال بولغۇچىلار، ئائىلە ۋە دۇنيانى تەۋرىتىشتە، ئۆزىمىزنى قانچىلىك بايقىيالىدۇق؟ جەمئىيەتنى، دەرۋىنى، ئائىلىنى قانچىلىك چۈشىنىپ، ئۇ قاتلاملاردىكى، ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى قانچىلىك ھېس قىلىپ، قانچىلىك ئادا قىلالىدۇق؟ ئۆزىمىزنى قانچىلىك چۈشىنىپ، قانچىلىك جارىلىدۇق؟!...

ئادەملەردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىشلەۋاتقان، تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئاياللار بار. ھەربىر ئائىلىدە، ھەربىر ئورۇندا ئايال-

لار بار. ھەربىر ئادەمنىڭ ئەتراپىدا ئانا، ئايال، ئاچا - سىڭىل، قىز ۋە كەسىپداش، خىزمەتداش بار. پۈتۈن دۇنيانىڭ خوجىسىغا ئايلانغان بىر ئەر بار دېيىلسە، ئۇنىڭ يېنىدا چوقۇم ئانىسى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايال بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىغا، مەنىۋى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇزۇق بېرىۋاتقان، ئۇنىڭغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇۋاتقان ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايال زاتى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئۇ ئەڭ قەدىرلەيدىغان، مەنىۋى جەھەتتىن ئەڭ قەدىرلەيدىغان بىر باش رولچىسى بولىدۇ، ئۇ رولچىنىڭ ئورنىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ، ئاشۇ خوجىغا ئايلانغان ئەرنىڭ تۇرمۇش، روھىي - كەيپىيات، خىزمەت، نەتىجە، ئىلگىرىلەش ئامىللىرىنىڭ مەركىزىدىكى تەڭشەك بولۇپ، ئۇنىڭ قانداق بولۇشى ئەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى، خىزمىتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالىدۇ.

يەنە ئۇ، ئەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئەڭ مۇقەددەس ۋە بۈيۈك ئورۇندا تۇرىدىغان، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئۇنىڭ قۇياشتەك ئىللىق مېھرىدىن، ھاياتنىڭ ئىللىقلىقىنى، گۈزەللىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بۈگۈنگە ئاتا مەدەت ۋە بارلىقىنى بېغىشلىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئانا بولىدۇ! ئۇنىڭ يەنە ھەدىسى، سىڭلىسى ياكى قىزى بولىدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ ئەتراپى، روھىي، تۇرمۇشى، ئاياللار بىلەن زەنجىرسىمان ھالەتتە، چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ئاياللار ئۇلارنىڭ قەلبىدە، ئەڭ نازۇك، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئىللىق گۈزەللىك، ۋاپا - ساداقەت مەنبەسىگە ئايلانغان. ئۇلارغا ھاياتنىڭ گۈزەل ۋە رەڭدارلىقىنى ھېس قىلدۇرغان، ئۇلارغا مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچقان. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىدىيە - ھەرىكىتىگە، خىزمىتى ۋە ئىستىقبالىغا ئاياللار ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، ئادىمىيلىك سۈپەتلىرى ۋە ئېلېمېنتلىرىغا ئاياللار رەڭ بەرگەن، ئۇرۇق چاچقان. ئۇلار ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى، گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى، ۋاپا - ساداقەتنىڭ نېمىلىكىنى، كۆيۈنۈشنىڭ، قۇربان بېرىشنىڭ، بەدەل تۆلەشنىڭ نېمىلىكىنى، قىسقىسى، ئادىمىي سۈپەتلەرنى ھېس قىلىپ تونۇغان، چۈشەنگەن ھەرقانداق بىر ئەرنى

www.uyghurkitap.com



ئايالنىڭ شەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئەقىدە ـ ئىخلاسى، گۈزەل پەزىلىتى، ئوتتەك ھارارىتى، جىسمانىي ۋە روھىي گۈزەللىكى، مەنىۋى كامالىتى لال قىلماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەر قانداق مەشھۇر شەخس، قانداق بىر ئۇلۇغ ئىنسان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئالدى بىلەن بىر ئەر، ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھارارەتتە مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنى تونۇغان، ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سېھرىي كۈچتە ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ مەناسىنى، ئەرلىك لەززىتىنى ھېس قىلغان بىر ئەر. ئۇ دادىسىنىڭ ئانىسىغا مەسئۇل بولۇپ ئۇنى ئاسرىغىنىنى، ئانىسىنىڭ ئائىلىگە قىلغان پەرۋىشىنى كۆرگەن. ئاچىسىنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، يەتكۈزگەن ئەجرىنى ھېس قىلغان. ئۆزىنىڭ سىڭلىسى ۋە قىزىغا بولغان مەسئۇلىيەتكار ئامراقلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئۆز روھىي، ئەمەلىي كەچۈرمىشى قىلىپ ئۆتكۈزۈپ باققان. دېمەك ئۇ ۋاستىلىك ۋە ۋاستىسىز ھالدا ئاياللار دۇنياسىغا باغلىنىپ، ئۇنىڭدىن تەسىر ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ ۋە ئۇنى مەلۇم شەكىل ۋە تۇيغۇ ئىچىدە ئاسراپ، قەدىرلەپ كەلگەن.

بۈگۈنكىدەك مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە، ئىقتىسادىي بېسىم ئىچىدىكى سەزگۈرلۈكى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەرلەرنىڭ، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت مۇناسىۋەتلىرى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىچىدىكى سىلجىشلىرىنىڭ ھەربىر قەدىمى، روھىنىڭ ھەربىر تىنىقىدا يەنىلا ئايال بار. ئايالنىڭ تىنىقى، ئايالنىڭ قەدىمى، ئايالنىڭ قولى، ئايالنىڭ مېھرى، ئايالنىڭ پەرۋىشى، ئايالنىڭ ئىلھامى، ئايالنىڭ چاقىرىقى بار. ئايالنىڭ بۈگۈنگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۈگۈنى، ئايالنىڭ ئىزدەشلىرىگە سىڭىپ كەتكەن قەدىمى، ئايالنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە نىشانلىغان ھەرىكەتلىرى، ئايالنىڭ قىزىقىشلىرىغا، تىرىشقان، ئۇچۇم بولغان پەرۋازلىرى بار. ئايال قىزىق نۇقتىلىق مەركەز! ئايالنىڭ ئىلھامى ئەرگە مەدەت، ئايالنىڭ خۇشاللىقى ئەرگە بەخت!. مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدەپ ئايلىنىۋاتقان مۇناسىۋەتلەر، ماھىيەتتە ئەرلەرنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىنىڭ يەنىلا ئايال ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئاخىرقى نۇقتا ۋە باشلىنىش نۇقتىسىدا، ئەرنىڭ ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي تۇتۇۋاتقىنى،

ئەرگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، ئۇنى قىزىتىۋاتقىنىنىڭ يەنىلا ئايال ئىكەنلىكىنى ۋاستىلىك ۋە ۋاستىسىز رەۋىشتە، يەنىلا ئايالنىڭ مەركەز ئىكەنلىكىنى، ماھىيەتتىن تونۇپ يېتىمىز.

تۇرمۇش چاقى ئەنە شۇ مەركەزنى بويلاپ چۆرگىلەپ كەلگەن. بۇرۇنقى ئانىلىرىمىز تۇغۇپ بېقىپ، ئۆي ئىچىدىلا تىپىرلاپ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئائىلىگىلا بېكىنگەن تۇرمۇش رېتىمى بىلەنلا خۇش قىلىپ ئۆتكەن. ئۇلاردا بۈگۈنكى ئاياللاردەك ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ئىشلەش، ئائىلىدە خوتۇن ۋە ئانا، جەمئىيەتتە ئەرلەرگە ئوخشاشلا سىياسىي، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي ساھەلەرگە ئارىلىشىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش، ئىزدىنىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭى كەشپىياتلارغا ئىختىرا قىلىشلار يوق بولغان. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتى 4 ـ 5 بالىنى قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش، قازان بېشى بىلەن بۆشۈك ئارىلىقىدىكى بالىلىرىنىڭ تىپىرلاشلىرى، چۇقان ـ سۈرەن، يىغا زارلىرى ئارىسىدا خوراپ تۈگىگەن. زېھنىي قۇۋۋىتى، ئەقىل ئىدراكى، ۋاقتى شۇلار ئارىسىدىلا خاتىمە بېرىلىپ تۈگىگەن. ئۇلار ئەر بىلەن پەرزەنتنىڭ خىزمىتىنى ئاران ـ ئاران قىلىپ ئۆلگۈرەلىگەن.

بۈگۈنكى ئانىلارچۇ؟ بۈگۈنكى ئانىلار بىر ياكى ئىككى پەرزەنتلىك بولۇپ، پەرزەنتنى سۈپەتلىك تەربىيىلەشنى، ئائىلىنى بۈگۈنگە ماس مەدەنىي، ئىلمىي باشقۇرۇشنى، ئەرگە ياخشى دوست ـ قوللىغۇچى، ياردەمچى بولۇشنى، ھازىرغا ماس پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللىنىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى، قابىل، سەزگۈر ئايال بولۇشنى، ئۆز زىممىسىگە ئالغان، كۆپ ئېنېرگىيە، زېھنى قۇۋۋەت ۋە مېھىر سەرپ قىلىشنى بىلىدىغان ئايال، ئانا بولۇشى كېرەك.

زامانىۋىلىشىشنىڭ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك كىرىزىسىغا دۇچ كەلگەن رىقابەت مۇھىتى، بۈگۈنكى ئانىلارنى كۈتۈۋاتماقتا. ئەسلىدىكى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ بۈگۈنكى تەلەپكە ماس كەلمەيۋاتقانلىقى، ئاياللارنى جىددىيلەشتۈرۈپ، بېسىم پەيدا قىلغان، ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ، خىزمەت قىلىۋاتقان ئاياللار، خىزمەت

ئورنىدا ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىشلەۋاتقان ئەرلەرنىڭ كەينىدە قېلىشىنى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقىنى ھاقارەت دەپ بىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇنىڭغا ئۆگىنىش، بىلىم يېڭىلاپ تۇرۇش، ئىزدىنىش پۇرسىتى بەك ئاز بولىدۇ. ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولىدۇ. بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن ھېرىپ - چارچاپ كەلگەن ئايال، ئۆيگە كىرىپلا يەنە ئۆيدىكى ھاياتنىڭ باشلانمىسى بولۇشى كېرەك. كەچلىك تاماق ئېتىش، قاچا - قۇچا، ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇش، پەرزەنتلىرىنىڭ دەرس تەكرارلاش، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆزىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ، ئېرىنىڭ ئەتىلىك كىيىملىرىنى تەييارلاش، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇش، ھەممە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ غەلۋىسىنى بېسىقتۇرۇپ، ئىشقا، مەكتەپكە يولغا سېلىش، ئاندىن ئۇڭ - سېپىنى تاپالمايلا، خىزمەتكە يۈگرەش، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يەنە تاماق تەييارلاش، ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇپ، ھەممەيلەننى جاي - جايىدا ئۇزىتىپ قويۇش، ئاندىن يەنە ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئۈچۈن پالاقلاپ يۈگرەش، ئەرگە ئوخشاشلا ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان ئائىلىدە ئانا، خوتۇن، ئاشپەز، ئائىلە خىزمەتچىسىنىڭ رولىنى ئۆتەۋاتقان، خىزمەت ئورنىدا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاچ، بىلىمىنى يېڭىلاپ تۇرمىسا تېخى بولمىغان، پەرزەنتلىرىگە ئوقۇتقۇچى، ياخشى تەربىيىچى، پەرۋىشچى بولمىسا تېخى بولمىغان، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ ھەم ئۇنىڭغا قابىل ياردەمچى ھەم دوست بولۇپ تۇرمىسا تېخى بولمىغان، خىزمەت ئورنىدا ۋە جەمئىيەتتە، ئائىلىدە، يۇقىرى - تۆۋەن، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىپ تۇرمىسا تېخى تەڭشەك بۇزۇلۇپ كېتىپ، چاتاق چىقىپ، ئايالغا گۇناھ، ئەيىبلەشلەر ياغقىلى ئاران تۇرغان بۈگۈنكى ئاياللار، ئانىلار ئەڭ تىنىمسىز، ھېرىپ - چارچاشقا يول قويۇلمايدىغان ئاياللارغا، ئانىلارغا ئايلاندى.

بۈگۈندىن قېچىشقا، سەپتىن چېكىنىشكە، يېتىشۋېلىشقا رۇخسەت، پۇرسەت يوق. ياشىغانىكەنسەن، كۆز ئالدىڭدىكى ساڭا يۈزلەنگەن رېئاللىق شۇ، سۆرىلىپ قالساڭمۇ، ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ ئازار يېسەڭمۇ يەنىلا شۇلار ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇرسەن، ئەي بۈگۈنكى

ئايال! ... بۇ ئاخىرقى تاللاش، بۇ بىردىنبىر تاللاش. بۇ خۇددى ھېچكىمنىڭ دۇنياغا كېلىشى، دۇنيادىن كېتىشىنى بەلگىلىيەلمىگەندەك، ئۆزگەرتەلمىگەندەك بىر مەجبۇرەن مەۋجۇدلۇق! ...

شۇڭا بىز چىڭقالغان، چارچىغان، ھالسىرىغان بارلىقىمىزنى ئاستا - ئاستا يىغىۋېلىپ، بايقىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى يەنە دىققەت بىلەن ئېچىشقا، قېزىشقا، ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىشكە موھتاج. چارچاپ ئۆزىمىزنى تاشلىۋېتىشكە رۇخسەت يوق! . بەربىر ياشىشىمىز كېرەك، بىر ئايالغا خاس، بىر ئانىغا خاس، بىر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ خوجايىنى، ئۆزگەرتكۈچىسىگە خاس!

ئەڭ نازۇك، ئەڭ مەسئۇلىيەتچان، ئەڭ پەرۋىشچان نىگاھلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ۋە بىز بىلەن تونۇشقان مۇناسىۋەت زەنجىر - ھالقىلىرىنى كۆزىتەيلى. ئالدى بىلەن بىز بىر ئايال بىزگە تونۇشقان ھاياتلىق پائالىيەتلىرىدىكى بىر پۈتۈن مۇھىتنى مېھىر ۋە گۈزەللىككە، ئىللىقلىققا، پەرۋىشكە پۈركىگۈچى. دوست - بۇرادەر، ھەمسەپەرداشلىرىمىزغا ئىللىقلىق بىلەن گۈزەل قەلبىمىز بىلەن دوستانە مۇئامىلە قىلغۇچى. يولدىشىمىزغا ئاجايىپ جەزبە ۋە ئاياللىق لاتاپەت ۋە سېھرىي كۈچ بىلەن، ساپ مېھىر - مۇھەببەت ۋە تاشقىنلاپ تۇرىدىغان سۆيگۈ ئاتا قىلغۇچى. شۇنداقلا ئاتا خۇشاللىق خاپىلىقلاردا، ھاياتلىق داۋانلىرىدا بىرگە بولىدىغان ئاتا ياخشى، دانا مەسلىھەت، ئىلھام ئاتا قىلىدىغان، ئۇنىڭ روھىنى پەرۋىش قىلىدىغان، ئاياللىق سەنئىتىمىز بىلەن ئۇنى مايىل، ئەقلىمىز ۋە مەنىۋى ساپايىمىز بىلەن ئۇنى قايىل قىلغۇچى. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى بىردىنبىر پەرۋىشچى، ئوقۇتقۇچى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش، دۇنيا قاراش، غايە - ئېتىقاد، ئادىمىي روھ بىلەن پەرۋىشلىنىشى، ئۇلارغا ئادىمىي پەزىلەتلەرنىڭ قاچىلىنىشىدىكى بىردىنبىر تەبىئىي، ئۈنۈملۈك مەنبە. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللىنىشىنىڭ رولچىسى، يېتەكچىسى بولۇش قاتارلىقلار. بىزنىڭ چوقۇم دۈچ كېلىدىغان ۋە دۈچ كېلىۋاتقان تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەركىبىدۇر.

پەرزەنت ۋە ئەرنىڭ ئىستىقبال، بەختىنىڭ باش رولى بىزنىڭ

قولىمىزدا. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمىتى، مىجەز خاراكتېرى، شەيئىلەرگە بەرگەن باھاسى، مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى... قاتارلىقلارغا بىر ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىمىز. ئۇلاردىكى دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قارىشى، بىز بىلەن ئورتاق ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە بىزنىڭ پەرۋىش قىلىشىمىز، سىڭىپ كىرىشىمىز بىلەن يېتىلگەن، مۇئامىلىلەردىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بىز زادى ئائىلىدە قابىل ئايال يېتەكچى، لاياقەتلىك ئانا، تەلەپچان ئوقۇتقۇچى، پەرۋىشكار مۇناسىۋەتچى، پەرزەنت ۋە ئەرنىڭ بىخ ئۈنۈپ چىقىپ مېۋە بېرىشىدىكى ياخشى مۇنبەت تۇپراق بولالىدۇقمۇ - يوق؟ پەرزەنتىنى قانداق ئىدىيە ۋە ساپا بىلەن قايسى تەرەپكە بۇراۋاتىمىز؟ ئەرنى قايسى خىل تەسىر ۋە ئۇن - تۇنسىز سىڭىپ كىرىش بىلەن مەنىۋى ۋە ماددىي ياقتىن، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ياقتىن قايسى خىل تەرەپكە بۇراۋاتىمىز؟ خىزمەتتە، جەمئىيەتتە قانداق تەسىر بېرىپ، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز؟

دۇنيانى ئەڭ تۆۋەنكى پەلەمپەيدىن قورۇپ چىقىش قۇدرىتى پەقەت ۋە پەقەت بىز ئاياللاردىلا بار! بىز ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئىدىيىدىكى سىڭىپ كىرىدىغان، كۆزگە چېلىقمايدىغان، ئەمما شەپىسىز، شەكىلسىز ئىگىلىۋالىدىغان، مونوپول قىلىۋالىدىغان خاسىيەت پەقەت بىز ئاياللاردىلا بار! بىز ئۆزىمىزدىكى ئاشۇ شەكىلسىز، ئاۋازسىز خاسىيەتنى، سېھرىمىزنى ھېس قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئۆز ئالىمىمىزدە، ئۆز تۇرمۇشىمىزدا، ئۆز ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى، ئەڭ تۆۋەنكى پەلەمپەيدىن باشلاپ قانداق قورۇپ چىقتۇق؟!

پەرزەنتىمىزنى ئادىمىي خىسلەت بىلەن، ھازىرقى تەرەققىيات تەلىپىگە ماس ھالدىكى روھىي ۋە ئەقلىي ساپادا تەربىيىلىدۇقمۇ؟ ئۇلار ھاياتىدىكى ھەربىر بوشلۇقنى ئۈنۈملۈك تولدۇرۇپ، روھىي ئىدىيىسىنى تۈيۈندۈرۈپ ماڭالىدۇقمۇ قانداق؟

گاھ تەلەپچان ئانا، گاھ پىداكار ئايال، گاھىدا جەزبىدار، سېھىرلىك مەلىكىلەر كەبى، تۈرلۈك تەلەپ - ئېھتىياجلارغا ماس ھال-

دىكى رول ئېلىش ۋە تولۇقلاشلىرىمىزدا، ئېرىمىزنىڭ روھىي دۇنيا-
سىغا، ئىدىيىسىگە قانچىلىك سىڭىپ كىرىپ، ئۇلار قەلبىدىن قانچە-
لىك ئورۇن ئالالىدۇق. ئۇنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئىنتىلىشلىرىگە
قانداقراق تەسىر كۆرسىتەلىدۇق؟ ئۇلارغا قانچىلىك ھەمدەمدە بو-
لۇپ، قانچىلىك قازالىدۇق؟ ئۇلار بىزدىن ئىلھام، مەدەت ئېلىپ
قانچىلىك ئىشلارنى تەۋرەتتى؟ ئۇلاردا قانداق ئەقىدە، قانداق مەيدان
بار؟ بىز پەرق قىلىپ تەكلىپ ـ پىكىر بېرىپ ھەم تۈيدۈرماي سىڭىپ
كىرىش بىلەن ياخشى تەرەپكە بۇراپ، مېۋىسىنى كۆرەلىدۇقمۇ؟ بىزدە
شۇنچىلىك ئەقىل، سەزگۈرلۈك، ئاياللىق سېھرىي كۈچ، ئادىمىيلىك
ساپا بارمۇ ـ يوق؟ بىز ئېرىمىز نەزىرىدە مەجبۇرىيەتكە ئېلىنغان،
تۇرمۇش قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزى تۇتۇپ، بالىلىق بولغان جىسمانىي،
ماددىي ئىستېمال نەزىرىدىكى خوتۇنمۇ ياكى يۈكسەك ئاياللىق سەن-
ئەت، ئاتىلىق سۈپەت، ئادىمىيلىك ساپا، بۈگۈنكى دەۋرگە مۇناسىپ
سالاھىيەت ھازىرلىغان، ئۆزىنى، ئۆزىنى قېزىش، پەرۋىش قىلىشنى
بىلىدىغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۆز دۇنياسىنى، ئائىلىسىنى، ئاشۇ
ئائىلىگە باغلانغان ئىستىقبال، بەختىنى، تۇرمۇشىنى، ھاياتىنى تەۋ-
رەتكۈچىسىمۇ؟ ئېرىمىز نەزىرىدە بىز قانداق ئايال، بىزنىڭ روھىي
ئامىللىرىمىز، مەدەنىي تەئەللۇقاتلىرىمىز، ئومۇمىي ساپايىمىز قان-
چىلىك ئېتىبارغا، باھاغا ئىگە؟ ئۆزىمىزنى قايتا ـ قايتا ھېس قىلاي-
لى، ئىنچىكىلىك بىلەن تونۇۋالايلى. ئۆزىمىزنى قېزىشقا، بېيىتىشقا
ئىزچىل ئېتىبار بېرەيلى! چۈنكى بىزمۇ ھۆرمەتكە، قەدىرلەشكە،
تۇرمۇشىمىزنى گۈزەل ئىللىق قۇرۇپ چىقىشقا ئىنتىلىمىز، ئاچقۇچ
ئۆزىمىزنىڭ قولىدا.

بىزدىن باشلاپ تور تارتىلغان مۇناسىۋەت زەنجىرلىرىدىكى ئۆزى-
مىزنى پەرق قىلىپ باقايلى! ھازىرقى ئىجتىمائىي كەيپىيات، مەنىۋى
ھاۋا، مەدەنىيەت ساپا قايىنىمىدا بىز قانداق رول ئوينىدۇق؟ باشقىلارغا
بەرگەن تەسىرىمىز قانداق؟ تۈرلۈك مۇناسىۋەت، مۇئامىلىلەردىكى
ئۆزىمىزنى تۇتۇشىمىز، باشقىلارغا بەرگەن تەسىرىمىزنى ئويلاپ باقاي-
لى: خىزمەتداشلىرىمىز دوستلىرىمىز ئارىسىدا قۇرۇق بىر جازا
ئوبرازىمىز بارمۇ ياكى جانلىق ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئەقىل ـ پەزىلەت،

www.uyghurkitap.com



ئۆزىمىزنى تۇتۇش ئامىللىرى سىڭگەن، ھۆرمەتكە مايىل تەسىراتىمىز بارمۇ؟ ئۇلار بىز بىلەن پاراڭلاشسا، بىرگە بولسا بىزارلىق تۇيغۇسىدا بولامدۇ؟ بېسىم ھېس قىلامدۇ ياكى ئىچ ـ ئىچىدىن ئازادىلىك، خۇشاللىق، مەنىۋى ئوزۇق ئالغاندەك تۇيغۇدا بولامدۇ؟

بىز خىزمەت، تۇرمۇشتا تۈرلۈك ئالاقە، مۇناسىۋەتلەردە ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئالاقە سورۇنلىرىدا باشقا ئەرلەرگە قانداقراق تەسىر بېرىۋاتىمىز؟ بىزنى چۇشەنمەي تاشقى قىياپىتىمىزگىلا قىزىقىپ قارىغان ياكى ھەرخىل نەزەر، مۇددىئا بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرگە يولۇققاندا، ئۇلاردا قانداق تەسىر پەيدا قىلدۇق، ئۆزىمىزگە، ئىدىيىمىزگە خاس تەسىرات، جاۋاب بېرەلىدۇقمۇ؟ ئۇلارغا قونچاق تەسىرىنى بەردۇقمۇ ياكى جانلىق، ئىدىيىۋى ساپاسى يۇقىرى، ئۆزىگە، باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدىغان، روھى ساپ، مۇستەقىللىق ئېڭى كۈچلۈك، ئۇلار ئېتىلىسىلا قوبۇل قىلىدىغان قونچاق تەسىرىنى ئەمەس، قابىل، ھېسسىي ئامىللىرىدىن كۆرە ئەقلىي ئامىللىرى كۆزلىرىدىن تېشىپ تۇرىدىغان، مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ۋەزنى بار ئايالنىڭ تەسىرىنى بەردۇقمۇ؟ ئەرلەرگە سىغىنىزخانىنىڭ، تۈلكىنىڭ تەسىرىنى بەردۇقمۇ ياكى خاسلىقىمىز، جەزبىمىز، ئەقلىمىز بىلەن ئۇلاردا ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىيالىدۇقمۇ؟ ئۇلارنى قايىل، مايىل قىلىپ، بىزدىن رىغبەت ئالىدىغان، بىزدىن تەپتارتىدىغان بىزدىن سۆيۈنىدىغان، ئىشلىرى، يولۇققان مەسىلىلىرى ھەققىدە مەسلىھەت ئالىدىغان، تەسىر بېرەلىدۇقمۇ ـ يوق؟

مانا يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى، بىزنىڭ ھەربىر سۆزىمىز، ئىنتىلىشىمىز، ھەرىكىتىمىزدە، ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز رەۋىشتىكى تۇيغۇلىرىمىز بولغاندىلا، بىز ئۆزىمىزدىن تۇتاشقان زەنجىر ھالقىلىرىنى ياخشى، ئۇنۇملۇك، ئەقىل بىلەن تەۋرىتەلەيدىغان بولىمىز.

ھەر قانداق سورۇن، مەيدان، مۇھىتتا ماس ھالدىكى كىيىم تالللاپ كىيىشتىن تارتىپ، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ھەرىكەتتە ئۆزىمىزگە خاس ساپا، خاراكتېر ئىپادىلەش، ئۆزىمىزنى تونۇش، قېزىش، ئۆزىمىزدىكى ھېسسىيات ئامىللىرىنى ئايالىق سېھرىي كۈچ ۋە جەزبىگە

ئايلاندۇرۇپ سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلىدە بولۇش، ئەقىل ئامىل-
لىرىنى قىيىش، ئىككىسىنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈپ بەختلىك، مەند-
لىك، ئىللىق تۇرمۇش مۇھىتى ئۈچۈن ئىشلىتىش، ئۆزىنى تۇتۇش،
چۈشىنىش، بېيىتىش ئارقىلىق بۈگۈنىنى، بۈگۈنى ئارقىلىق ئەتىنى
يارىتىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش بىلەن ئائىلىسىنى، ئەتراپىدىكى مۇھىت-
تىكىلەرنى كۈچەيتىش، ئۇلارغا تەلەپچان بولۇش بۈگۈنكى ئانىلار-
نىڭ، بۈگۈنكى ئاياللارنىڭ، ئانىلىق، سۈپىتىدىكى بىردىن-
بىر تاللىشى!

چۈنكى بۈگۈنكى ئاياللارنىڭ ئاۋازىغا دۇنيا قۇلاق سېلىپ، ئۇلار-
غا سورۇن، سەھنە تەييارلاپ، ئۇلارغا يۇقىرى تەلەپلەرنى قويۇش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆسۈشىگە شارا-
ئىت ھازىرلاپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ساغلام
تەربىيىسى، گۈزەللىكى ئۈچۈن ئەرلەردىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىد-
غانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

ئەرنى، ئائىلىنى، پەرزەنتنى، شۇ كىچىك بىرلىك ئارقىلىق
تۇرمۇشنى، ھاياتنى، دۇنيانى ئۆزىنىڭ مېھرى، گۈزەللىكى بىلەن
پەرۋىش قىلىپ، ئاڭا ئوزۇق، مەدەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىش-
لىقلىقى بىلەن ئىنسانىيەت قەلبىنى نازۇك تەۋرىتىپ كېتىۋاتقان
ئانىلار، سۆيۈنۈشلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزدىن
پات - پات شۇنداق سوراپ تۇرايلى! بىز دۇنيانى قانداق تەۋرىتىۋاتىد-
مىز؟... شۇندىلا بىز زىممىمىزدىكى يۈكنىڭ ۋەزنىنى ھېس قىلىپ،
ئۆزىمىزنى بېيىتىپ، ئۆزىمىزگە مەدەت بېرىپ، ئۇلۇغلۇققا ماس
ھالدا ئىنتىلىپ تۇرالايمىز.

ماختاش، مەدھىيىلەشلەر قايىنىمىدا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قوي-
ماي، جەمئىيەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ھەربىر كارتىنىلىرىدا، قەلبىمىز-
نى داۋالغۇتۇپ ئۆتكەن قىرتاق مەۋجۇتلۇقلارغىمۇ يازلىنىپ، ئۆزىمىز-
دىكى مەسئۇلىيەتنى جاۋابكارلىق بىلەن ئويلاپ باقايلى! كىچىك تۇ-
رۇپ كوچىغا چىقىپ كەتكەن، ئىپپەت - نومۇسى تەلۋىلەرچە، بىھايا-
لارچە بۇلغىنىۋاتقان، ئازراقمۇ خىجىل بولۇش، ئازابلىنىش، تۇيغۇ-
سى يوق، بىزەڭلەرچە ياش، سالاھىيەت، ئادەم تاللىماي، ھەتتا

ئەرلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق، تەلۋىلىك بىلەن نومۇسسىزلارچە ئەرلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىشنى ئەۋزەل كۆرۈۋاتقان، روھىي پۈتۈنلەي ئۆلۈپ، قولىدىن قان تامىدىغان، ئون قولى ئون قارا يىرگىنىشلىك ئالۋاستىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى خانىۋەيران قىلىۋاتقان قىزلار پاجىئەلىرىدە، ھەرخىل لۈكچەكلىك، ئۇرۇپ - سوقۇش، بۇلاڭ - تالاڭ، ئاتا - ئانا قېرىنداشلىرىنى شۇلۇپ، ئۇلارنى سېتىپ قورقۇنچلۇق قانخور، يىرتقۇچ ھايۋان كەبى رەزىللىكلەرنى قىلىۋاتقان ئوغۇللار تراگېدىيىلەردە، بارلىق نومۇسسىزلىقلارنىڭ ئىجادچىسى، باش رولچىسى بولۇۋاتقان پەسكەش ئەرلەرنىڭ، تۇرمۇشىمىزنى خارابلاشتۇرۇپ، مۇھىتىمىزنى بۇلغاشلىرىدا، بىزنىڭ ۋە بىزگە ئوخشاش ئانىلارنىڭ، ئايالLARنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز بارمۇ - يوق؟ پەرۋىشسىزلىكىمىز، كۆيۈمسىزلىكىمىز، ۋاپاسىزلىق ئامىللىرى ئۇلارنى شۇنداق زەھەرلەپ، چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، مېھىرسىز، ۋىجدانسىز، قەدرسىز، ئىنساپسىز ۋەھشىيلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، ئۇلاردىمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى، ئادەمنىڭ تۇيغۇسى، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممەت ئېڭى، ئادەمنىڭ سېزىمى، ئادەمنىڭ خۇشاللىق، خاپىلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇلاردىمۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايدىغان يۈرەك، مۇھەببەت، ئىنتىلىش بار ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ يۈرىكى مېھىر يالقۇنى بىلەن كۆيدۈرۈلۈش بەختىگە، مۇھەببەتنىڭ ئىللىق ھارارىتى بىلەن تاۋلىنىپ، مۇھەببەت، ۋاپا - ساداقەت، يۈكسەك مېھىر - شەپقەت ئالىمىگە باشقىدىن يارىلىش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن مۇزلاپ كەتتى. دۇنيا، تۇرمۇش ئىللىق قوينىغا ئۇلارنى چىللاپ، ئىرىتىپ، تەسىرلەندۈرۈپ ئۇلارنى چاقىرمىدى. ئۇنى تاشلىۋەتتى. ئۇ دۇنياغا، دۇنيانى گۈزەللىككە پۈركىگۈچى، باشقىلارغا مۇھەببەت، مېھىر - ۋاپا ئۇرۇقىنى چاچقۇچى سۈپىتىدە ئەمەس، ۋۇجۇد - ۋۇجۇدىدىن چۈشكۈن، ئېچىرقاش، يېتىمسىراش، موھتاجلىق ھۆۋلىغان، ھەممىمىزگە ئۆچمەنلىك نەپرەت بىلەن تىكىلىدىغان، ئەسەبىي، قۇترانغۇ، ياۋايى نەزەردە تىكىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى مۇز، كۆزلىرى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئايلاندى. ئۇلار ھاياتىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ دىققىتى سىرتىدىكى تاشلاندۇق جايدا، مېھىرسىز،

ۋاپاسىز، پەرۋىشسىز، تەربىيىسىز قالغان نادان بىچارىلەر. گۈزەل تۇرمۇشنىڭ، قايناق ھاياتنىڭ يەكلىنىشىگە ئۇچرىغان، ئۆگەيلەنگەن، نادان قالدۇرۇلغان، يول كۆرسەتكۈچى، يول باشچىغا ئېرىشەلمىگەن تاشلىۋېتىلگەن كىشىلەر.

ئۇلار ئەسلىي كۆيۈنۈشكە، ئىللىتىشقا، يېتەكلەشكە، پەرۋىشكە موھتاج ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئادەم. ئۇلاردىكى يۈرەك ئادەمنىڭ يۈرىكى، ئۇلاردىكى تۇيغۇ ئادەمنىڭ تۇيغۇسى، ئۇلارنى ئانىسى بىزگە ئوخشاشلا توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقان. ناھايىتى گۈزەل تۇيغۇلار ئىچىدە پېشانىسىگە سۆيۈپ، يۈكسەك ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى كۈتكەن.

ئۇلارنى ئاجايىپ چوڭقۇر مېھىر ۋە ئاجايىپ كۈچلۈك مۇھەببەت يالقۇنلاپ ئېرىتىپ، تەسىرلەندۈرۈپ بىھوش قىلالايدۇ. بۇ مۇھەببەتنى بېرەلەيدىغىنى، پەقەت ۋە پەقەت قەلبى مۇھەببەت، مېھىر بۇلىقىنىڭ مەنبەسى بولغان ئانا، ئايال!… دۇنيادا ئانىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرىشكىمۇ تەييار تۇرىدىغان مېھرىدىن، كۆز يېشىغا ئايلىنىپ ئاستا - ئاستا قەلبلەرگە ئۈن - تىنسىز سىڭىپ كېتىۋاتقان ئايالنىڭ پەرۋىشىدىن، ئىللىقلىقىدىن تىترىمەيدىغان يۈرەك، ئېرىمەيدىغان قەلب يوق. پەقەت ئانىنىڭ چەكسىزلىككە سوزۇلغان قەلبىلا ھەممىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئاستا پەيلەپ ئۇنى تىنچلاندۇرالايدۇ. ئاڭا يېڭى روھ يېڭى ئىلھام بېرىپ، يېڭى يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئانىنىڭ قەلبىلا بۇ دۇنياغا تەڭداشسىز بەخت سۈپىتىدە، ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ مۇكاپات، ئەڭ ئىللىق، مەڭگۈ خورىماس پەرۋىشلەر ئالىمى بولۇپ، جىمى مەۋجۇدات، پۈتكۈل ئالەم ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە قوغدايدۇ!

قۇياش كېچىسى ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ، تەپتى كېچىسى يوق. ئانىنىڭ مېھرى كېچە - كۈندۈز، قىش - ياز ۋاقىت تاللىمايدۇ، ئۇنىڭ تەپتى ھەرقاچان ئوخشاش، ئۇ ھەرقاچان پەرزەنتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار. ئۇ ھەرقاچان پەرزەنتى ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرىشكە تەييار! چۈنكى زېمىن ئاپىرىدە قىلىنغان تەڭدىشى

يوق بىردىنبىر مېھىر ــ مۇھەببەت، پەرۋىشلەر تىلسىمى. ئەي ئۇلۇغ ئانا، قاردەك ئاپئاق، قۇياشتىن ھارارەتلىك مېھرىڭ، قەلبىڭ پىلەن زېمىننى ئىللىت، ئاڭا يورۇقلۇق، ئاقلىق، پاكلىق، ئىللىقلىق ئاتا قىلغىن. بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلاردىكى يېتىم ــ يېسىرلار توڭلاپ قالمىسۇن، ئۆزىنى ئاجىز، پەرۋىشسىز، پاناھسىز ھېس قىلمىسۇن. بۇ دۇنيادا پەقەت سەنلا ئۇلارنى ئىللىتالايسەن. بۇ دۇنيادا پەقەت سەنلا ئۇلارنى قۇتقۇزالايسەن! بۇ دۇنيادا پەقەت سەنلا ئۇلارغا يورۇقلۇق ئاتا قىلالايسەن! دۇنيا سېنىڭ قولۇڭدا، سېنىڭ پەرۋىشىڭدە، بىزنىڭ رولىمىز سېنىڭ قولۇڭدا، بىزنىڭ بەختىمىز سېنىڭ ئايىغىڭدا، دۇنيا سېنىڭ پەرۋىش، تەۋرىتىشىڭدە ئانا!

2005 ــ يىل. خوتەن

# ئايالمۇ نازۇك بىر سەنئەت

ئايال دېمەك نازۇك قوراشتۇرۇلغان سەنئەت بۇيۇمى دېگەنلىك بولىدۇ. ئېنىقكى بۇ سەنئەت بۇيۇمى سەنئەتكارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىشى ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئىنسانلار دۇنياسىغا ئېستېتىك زوق ۋە مەنا بېغىشلاش ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلىنغان. دەل شۇنداق بولغانىكەن. ئۇنىڭدىكى ھېسسىيلىق ۋە ھېسسىيات ئامىللىرى ئەرلەرنىڭ ئەقلىيلىك ۋە پەنلىك تۈسىنى ئالغان روھىي قاتلىمىدىن، خاراكتېر تۈزۈلۈشىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئاياللارنىڭ دەل ئاشۇ نازۇك سەنئەتلىك سېھرىي كۈچى ئۇنى ئەڭ كۆپ خىرىسقا ئۇچرىتىدۇ. يامان نەزەر ۋە نىيەتلەرنىڭ ئۇنى خانىۋەيران قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى مۇۋاپىق قوغداشقا ۋە بەلگىلىك چەكلىمە پەرەنجە ئىچىدە ساقلاش، قوغداش ۋە چەكلەش كېرەك بولسىمۇ، بۇ خىل مۇھاپىزەت ۋە چەكلىمە نورماللىقىنى يوقاتسا، ئاياللارغا بولغان روھىي بېسىم، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىگە بولغان توساق بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئورتاق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىۋاتقان، ئاياللار يەڭلىرىنى تۈرۈپ بەيگە مەيدانىغا كەلگەن دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق.

بۈگۈنكى رىقابەت دۇنياسىدا مەردانە ئىلگىرىلەۋاتقان ۋە ئىلگىرىلەشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئاياللار، ئۆزىنىڭ ھەربىر قەدەملىرىدە ئىزدىنىش، ئىنتىلىشلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاياللىقىغا باغلىنىپ قالغان ئاتاقتىكى ئاجىزلىقىغا مەھكۇم قىلىنىپ چەكلىمىگە ئۇچرىغاندا، ئايال بولۇپ يارالغىنىغا، ئۆز قەلبىگە قايتىپ تۈرۈپ ئەڭ بىچارە قىياپىتىنى ھارغىن ھالەتتە ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاياللىق قەلبىدىن چىقىپ تۈرۈپ ئۆزىگە يەنە قايتىدىن تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئورۇندىكى، ئوخشاش مەشغۇلاتتىكى ئەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەقەت ئاياللىق ئاتىقىغىلا قامىلىپ قالغان توساقلارنى ئارتۇقتىن ئارتۇق كۈچ سەرپ قىلىپ پاچاقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئاشۇ توساقلار ئۈچۈن مەردانە مەيدانغا چىققان ئاياللارنىڭ جاسارىتىگە ۋە ئەقلىگە قايىل بولماي، سۆيۈنۈشلۈك مەدھىيىلىرىمىزنى كۆز يېشىمىز بىلەن يۇغۇرۇپ سوغا قىلماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە! چۈنكى بۇ نۇقتىدا بارلىق ئاياللارنىڭ قەلبى بىر تۇتاش، بۇ بارلىق ئاياللارنىڭ ھەربىر ئۇرۇنۇشى، قەدىمىگە بېسىلغان مۆھۈر - ئايال بولۇپ يارالغانلىق گۇناھى!

ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا تۇيغۇغا، ھېسسىياتقا بەكرەك باي بولغانلىقتىن ھەم جىسمانىي ئاجىزلىقىدىن، ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈشىگە، يول كۆرسىتىشىگە، باشپاناھ بولۇشىغا موھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياللارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئەرلەرگە قارىغاندا ئىنچىكە ۋە پارچە - پۇرات بولۇپ، كۆپرەك نازۇكلۇق، ئاياللىق پەم ۋە سېھرىي - كۈچ، سەنئەتلىك تۇيغۇ تەلەپ قىلىدىغان، ئائىلىدىكى ئۇنداق - مۇنداق ئىشلار. ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇش، مېھمان كۈتۈش، تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتىش، ئائىلە ئەزالىرىغا خاتىرجەملىك، ئىللىقلىق ئاتا قىلىش... ئەلۋەتتە ئەرلەرنىڭ چوڭ ئىشلارنى ھەل قىلىپ بېرىشىگە كاللا ئىشلىتىپ كۈچەپ قويۇش، ئەرلىك ۋەزىن، دادىللىق سۈپەتتىكى سۈلكەتتە كۈپايە. ئەمما ئايالنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىرى، نەزىرىنى ئاغدۇرىدىغان بوشلۇق يوچۇقلىرى شۇنچىلىك كۆپ ۋە ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنىڭ كاللىسى نۇرغۇن كۆنەك تۆشۈكلىرى ئالدىدا، ھەممە كۆنەككە شىرنە يىغىش، بىرىنىمۇ ئېتىبارسىز، پەرۋىشسىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇچۇۋاتقان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ، تىنىمسىز ۋە بوشلۇقسىز بولىدۇ.

بىر تەرەپتىن ئاياللار ئەرلەرگە تەگدىم دېگەچكە، ئۇلار چوقۇم ئەرلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش تۇيغۇسىدىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ شۇنداق قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەر دېگەن ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، پەرزەنتىنىڭ بەختى، ئاياللارنىڭ باشپاناھى. ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا ھېسسىياتچان بولۇشىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەرلەرنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە چەكلەپ، باشقۇرۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئاياللار ئۆزىگە شۇن-

داق دەپ تەسەللى بەرسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردىكى، بىمالال ئىلگىرىلىشىگە توساق بولىدىغان چەكلىمىلەرنىڭ ئۆزىگە كىشەن بولۇۋاتقانلىقىدىن ئازابلىنىدۇ.

ئىدارىلەردە ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ مۇنەۋۋەر سايلىنىشى، ئۆستۈرۈلۈش ئوبيېكتلىرىغا نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىشى، ئەرلەرگە قارىغاندا، ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىنىشى، قوبۇل قىلىنىشى تولىمۇ يېتەرسىز، «ئايال دېگەن بەربىر ئايال، تولا ئاغرىيدۇ، ئائىلىدە كۆپ ئىشى چىقىدۇ، زېھنىي كۈچى، دىققىتى تولا چېچىلىدۇ، تۈرلۈك ئىلمەكلەردە ئىلىنىپ، پېشى ھەر جايغا تارتىلغان. ئايال كىشىگە ئىش تاپشۇرۇپ خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ» . دېيىشىدۇ كىشىلەر.

«ئايال كىشى دېگەن ئايال كىشىگە ئوخشىشى كېرەك. نېمە كەپتۇ ساڭا چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، جەمئىيەتتىكى، ئىدارىدىكى چوڭ مەسىلىلەرگە ئارىلىشىپ، تامىقىڭنى ۋاقتىدا ئېتىپ، ئۆي ئىشلىرىنىڭ، بىر كىشىلىك خىزمىتىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىق. گويا بىر يەرلەرگە ئۆسۈپ، چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋېتىدىغاندەك! شۇنداق قىلساڭمۇ بەربىر ئايال كىشىسەن، يەنىلا مېنىڭ خوتۇنۇم، بىر ئەرنىڭ باشقۇرۇشىدا، قولىدا بولىسەن! ...» دەيدۇ ئەرلەر. گويا ئاياللارنىڭ چوڭ مەسىلىلەرنى ئويلاش ئەركىنلىكى، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش سالاھىيىتى يوقتەك، ئۇلارغا ئىشەنچسىز قاراش، ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلىش، جەمئىيەت خاراكتېرلىك كېسەلگە ئايلانغان.

ئادەمنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇلارنىڭ مەركىزىدە ئاياللارغا ئىشەنمەسلىك، مانا مەن دەپلا تۇرىدۇ! توغرا بىز ئاياللارغا ئىشەنمەيمىز. دەل شۇنداق بولغاچقا ئۇلارغا بولغان تۈرلۈك چەكلىمىلىرىمىز كۆپ. بۇ خىل چەكلىمىلەر، ئاياللارنى تېخىمۇ بۇرۇختۇم، ھەربىر قەدىمىنى گۇمانسىراپ باسىدىغان، يۈرەكلىك قەدەم ئېلىپ، دادىل ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان قىلىپ قويغان.

ئىجتىمائىي ئالاقە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئاياللارنىڭ بولۇشى، ئارىلىشىشى، بىزدە چوقۇم ھېلىقىدەك نىيەت ئارىلىشىپتۇ...

دىگەندەك گۇمان، ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بەزى ئاياللارنىڭ بىلىم قۇرۇلما، ئىدىيىۋى ساپاسى راستىنلا ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بەزى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە قونچاق، كۆڭۈل خوشلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان، قۇرۇق سۆلەتۋاز ئاياللارنىڭ بولۇشى، باشقا مۇناسىۋەتلەردىكى قابىل، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ساپالىق ئاياللارنىڭ ئۆز مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدە يوللۇق ھەرىكەت، پائالىيەت قىلىشىنىمۇ چەكلەپ قويىدۇ. ئەنە شۇنداق قونچاقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ۋە ئۇۋالىغا ئۇچراپ كېتىدىغان ئاياللارنىڭ نورمالنى پائالىيەتلىرىنىڭ چەكلىنىشى، ئەركىن تەپەككۇر، ئەقىل ۋە مۇناسىۋەت دائىرىسىدىكى يوللىرىنىڭ ئېتىلىشى، ئۇلارنىڭ كەسىپ ۋە قابىلىيەتتە بۆسۈپ چىقىشىنى بوغۇپ قويىدۇ.

باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان ئاياللار، قابىل ئاياللارغا ھەرقانچە دۆت، قارىما ئەرلەر بولسىمۇ، ئالدىراپ چاكىنا قاراش مۇئامىلىدە بولمايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ. بەزى ئاياللارنىڭ راستىنلا ھەممىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايدىغان، ھەتتا ئەرلەردە قايىللىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان، سىرلىق ۋە ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغان سوغۇق قان مۇئامىلە سەنئىتىنى بىلسەكمۇ، ھېس قىلساقمۇ، ئەمما يەنىلا كۆڭلىمىزنىڭ بىر يەرلىرىدىكى، ئۇنىڭ ئاياللىقىغا باغلانغان گۇمانىي قارشىمىزنى چەتكە قاقالمايمىز. بۇ پەقەت شۇ يۈكسەك پىلانلارنى تۈزۈپ، ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەر ئەمەس، پەقەت ئايال بولغانلىقى سەۋەبىدىنلا بولۇۋاتقان خاتا قاراش ۋە تۇيغۇ. ئايال يارىلىپ قالغانلىق گۇناھىدىكى توسالغۇ ۋە روھىي يۈك.

ئاددىيسى ئائىلىلەردە، ياكى قىز - ئوغۇللار مۇناسىۋىتىدە، قىزلارنىڭ، ئاياللارنىڭ يىگىتلەر ۋە ئەرلەرگە ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشى سەل غەلىتىدەك، ئەخلاق رامكىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك تەسىر بېرىدۇ. گويا ئاياللاردا، قىزلاردا كۆڭۈل، مەنىۋىيەت، مۇھەببەت - نەپرەت يوقتەك، تاللاش ۋە شاللاش، كۆڭلىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكى يوقتەك. ئۇ-

لار ئەرلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى، ئىپادە ـ ھەرىكەتلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى كېرەكتەك، قىز ـ ئاياللارنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكىگە ـ مۇ چوڭ بىر توسالغۇ ۋە چەك سايە تاشلاپ تۇرىدۇ.

ئائىلىلەردىمۇ ئەرلەر ئاجرىشىپ كېتەيلى دەپ ئاياللارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسا بولىدىغان، ئەمما ئاياللاردا ئۇنداق ھوقۇق يوق، ئۇنداق قاراشنىڭ بولۇشى ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە قۇترىشىدىن دې ـ رەك بېرىدىغاندەك، بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىقمۇ ئايال بولغانلىق گۇنا ـ ھىنىڭ مەھسۇلى.

ئەرلەر كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلىسە، نېمە ئىش قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسا ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇيدۇ، ئۇلارغا يارىشىدۇ ـ يۇ، ئاياللار ـ نىڭ ئۇنداق قىلىپ كېتىشى چېكىدىن ئاشقانلىق، ئۆزىنى قويۇۋەتكەن ـ لىك دېيىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇن ـ تىنسىز ھەممىسىنى قوبۇل قىلىش، ھەممىنى قەلبىگە سىغدۇرۇۋېتىش بەدىلىدىكى ئېغىر ئۇھسىراشلار، غەۋغاسىز يوقىتىشلار ۋە پارچە ـ پۇرات يۇگۇر ـ يېتىملار ئىچىدە ھەسرەتلىك ئىپادىلىنىشى كېرەكتەك!

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە چوقۇم ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ ئائىلە قارىشى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. چۈنكى بىر ئائىلە ئۈچۈن ئايالنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئائىلىدىكى ئانىلىق، ئاياللىق بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت پەرزەنت ۋە ئەرگە بېرىدىغان مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە پەرۋىش، رىغبەت، ئەر ـ ئايال، پەرزەنت ۋە ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى باردى ـ كەلدىلەر ئايالنىڭ تەڭشەكلىك رولى ئاجايىپ چوڭ. ئايال ئىنچىكە ۋە ئەستايى ـ دىل، يېقىملىق ۋە پەرۋىشچان نەزەرلىرى ۋە مۇئامىلىلىرى بىلەن ھەممىنى ماھىرلىق بىلەن تەڭشەپ، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا فۇنك ـ سىيىلىك رولىنى تەڭشەپ تۇرالىشى، ئاخىرىدا ھەممىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئائىلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىشى، توغرا بولغان پايدىلىنىش، قېزىش ۋە تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە ماھىر دىپلومات، ئەڭ ماھىر مۇناسىۋەتشۇناستۇر.

ئاياللاردا ئەرلەردىكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى سەزگۈرلۈك، ئەرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە چىدام ـ غەيرەت بولى ـ

www.uyghurkitap.com



دۇ. شۇڭا ئاياللار ھېس - تۇيغۇغا باي، سەنئەتلىك ئىشلارغا، نازۇك ئىشلارغا ئەرلەردىن ماھىر كېلىدۇ. بىر ئىشلارنى بايقاشتا ئەرلەردىن تېز ۋە ئۆتكۈر بولغانلىقتىن، گۇمانخوردەك، ئۇششاق سۆزدەك تەسىر بېرىپ، ئەرلەرنى تەرسالاشتۇرۇپمۇ قويىدۇ. ئوخشاش بىر ئىشنى ئەرلەر بىلەن تەڭ ۋاقىتتىچە قىلىشتا، ئەرلەر ئاسانلا تاۋان تاشلايدۇ. ئاياللار سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەرلەر ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ تېز چىقىشىغا ئالدىرىسا، ئاياللار قەدەم باسقۇچلارغا ئېتىبار بەرگەن ھالدا ھەممىگە چىدايدۇ. ئاستا - ئاستا پەرۋىش قىلىشنى بىلىدۇ. شۇڭا ئادەتتىمۇ ئەرلەر ئاخىرقى نەتىجىگە، ئاياللار جەريانىغا قىزىقىدۇ.

ئائىلىنىڭ ئىچكى ھالقىلىرىدا جەمئىيەتنىڭ ھەربىر مۇناسىۋەت دوقاللىرىدا، مەجبۇرىيەتلىك يۈكۈر - يىتىملار ۋە پەرۋىشلەردە يۈگرەپ يۈرۈپ، ئوڭ - سولىنى بىلەلمەيۋاتقان ئاياللارنىڭ، ئۇھ دەپ ئۆزىنى ھېس قىلغۇدەك، ئۆزىگە تىكىلگۈدەك ھەپىلىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىق ئاتىقى ئۈستىگە ئالغان بۇرۇقتۇم يۈكىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى قېزىشى، بۆسۈپ چىقىپ شان - شەرەپكە ئېرىشىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە جاپالىق ئىش.

ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى چەكلىمىلەرنى، ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ يەنە ئەرلەرگە قارىغاندا ئائىلىدە تۈگىمەس، تىنىمسىز ئىشلەپ، ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىشى، ئەرلەرگە قارىغاندا يەنە تۇرمۇش ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەشەببۇسكارانە ئىللىق كەيپىياتنى ساقلاپ قېلىشى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئالمىغان تەقدىردىمۇ، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا جىسمانىي جەھەتتىن كۆپ ئاجىز كېلىدۇ. تۇغۇت ۋە تۇغۇت چەكلەش جەريانىدا ناھايىتى ئاغرىقچان ۋە ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. زېھنىي قۇۋۋىتى، ئەقلىي كۈچى تۆۋەنلەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، مۇشۇ توسالغۇلاردىن ھالقىپ يەنە ئۆمىلەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ، شان - شەرەپ ۋە نەتىجە يارىتىشى، ئاياللارنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، لېۋىنى چىشلەپ، جاپالىق، تىنىمسىز تىرىشىشىنىڭ نەتىجىسى. ئاجايىپ زور بەدەل ۋە قۇربان

بىرىشلەردىن كېيىنكى مىڭ بىر جاپادا يەتكەن مەنزىل دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما ئەرلەرنىڭ نەتىجە قازىنىشىنى ئاياللارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداق دەرىجىدە زور بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ. ئەرلەر بىر ئىش قىلاي دېسە، ئائىلىدە تەييار تاماقنى يەپ، تىنچ مۇھىتتا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاياللار ئۇلارغا شۇنداق مۇھىت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. بىراق ئاياللار خىزمەتتىن ھېرىپ - چارچاپ كېلىپ تاماق قىلىدۇ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرىدۇ، بالىلارنى تاماقلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ھاجىتىدىن چىقىدۇ، ئېرىنى كۈتىدۇ. بىر ئىش قىلاي دېسە ھېلىقى بالىسى پېشىگە ئېسىلىدۇ، ھېلى بالىلار بىر - بىرى بىلەن جېدەل قىلىپ ئۇنىڭغا ھال ئېيتىدۇ، ھېلى ئېرى بىر ئىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆينىڭ ئۈچ ۋاخ تاماقنى جايىدا، كىيىملەر يۇيۇلغان، دەزماللانغان، تۇرلۇك لازىمەتلىكلەر سېتىۋېلىنغان، تۇرلۇك باردى - كەلدىلەرگە، ئادىمگەرچىلىكلەرگە جايىدا مېڭىلغان بولۇشى كېرەك. ئەرلەرنىڭ زىممىسىدە بۇنداق يۈكلەر بولمايدۇ، ياردەملىشىشنى خالايدىغانلىرىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ ۋە تەشەببۇسكار ئەمەس. ئايالنىڭ خىزمىتى جىددىي بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ ئائىلىدىكى يۈكىنى بولسىمۇ يەڭگىللىتىش، كۆپىنچە ئەرلەرنى گويائەرلىك غۇرۇرى ئاجىزلاپ كەتكەندەك، ئەرلىك ھوقۇقىنى جايىدا ئىشلىتەلمىگەندەك تۇيغۇغا ئەكىلىپ قويىدۇ. ئايالىمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئادەم، مەن ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مېنىڭ ئۇنى ئەمرىمگە ئېلىپ خوتۇن قىلىشىم، ئۇنىڭ جىسمانىي، روھىي تەئەللۇقاتلىرىنىڭ، ئارزۇ - ئۈمىد ۋە خىياللىرىنىڭ ئىستىقبالىنىڭمۇ مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەممىنى مونوپول قىلىۋالىدىغانغا مېنىڭ قانداق سالاھىيىتىم بار، ھېچكىمنىڭ بىر ئادەمنىڭ جىمى تەئەللۇقاتىنى مونوپول قىلىۋېلىش ھوقۇقى يوق. ھېلىمۇ ئۇ ھەممىگە يېتىشىپ، ئۈلگۈرۈپ بولۇۋاتىدۇ. مەنمۇ ئادەمغۇ، ئاخىر ۋىجدانى قەرزدارلىق تۇيغۇسىدا ئازابلىنىپ قالماي، بىر ئۆيدىكى بىر ئادەمنىڭ خۇشاللىقى قارشى تەرەپنىمۇ خۇشال قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، خىزمەتتىمۇ، كەسپىتىمۇ نەتىجە قازى-

نىپ ياشىشى، كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولۇشى مەن ئۇچۇنمۇ پايدىلىق. ئۇنىڭ ماڭا ۋە ئائىلىمىزگە بولغان مۇئامىلىلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى، پەرۋىشكار ۋە كۆڭلى - كۆكسى توق، ئازادە، خۇشال كەيپىياتتا بولۇشىغا زور ئەھمىيەتلىك رولى بار دەپ قارايدىغان ئەرلەردىن، ئەرلەرنىڭ سەمىمىي، ئەستايىدىل مۇئامىلىسىدىن قانچىلىك ئۈچرىتالارمىز؟

ئاياللارنىڭ جانلىق بىر مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئۇلارغا ئىشىنىش، ئۇلارنى قەدىرلەش ۋە ئۆزلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇرۇقتۇم بولۇپ قالغان روھىي ھاسىلاتلىرىنىڭ كۈچكە، ئەقىلگە، ئىجادىي مېۋىگە ئايلاندۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەت ۋە ئەرلەرنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى.

نېمىشقا قىزلار دەسلەپتە جەمئىيەتكە قەدەم باسقان، خىزمەتكە قاتناشقان يىللىرى ناھايىتى تىرىشچان، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، نۇرغۇن ئىجادىي پىكىرلەر ۋە گۈزەل ئارزۇلارغا تويۇنغان، ئۈمىدۋار، ۋۇجۇدىدىن جاسارەت ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولىدىيۇ، توي قىلىپلا ياكى بالىلىق بولۇپلا بۇلاردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ، ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەرلەرمۇ قىزلارنىڭ ئەسلىدىكى شۇ خىل ھالىتىگە ئاشىق بولۇپ، ئارقىسىدىن پالاقشىپ يۈگرەپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا ئۇنىڭ كېيىنكى يوقۇتۇشلىرىدا، روھىي ھالەت ئۆزگىرىشلىرىدە سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار يوقمۇ؟ سىلەرنىڭ ئۇلارنى قوللىماسلىقىڭلار، ئۇلارنى پەرۋىش قىلماسلىقىڭلار، ئۇلارغا شەرت - شارائىت، مۇھىت يارىتىپ بېرەلمەسلىكىڭلار يوقمۇ؟ ئۇلارنىڭ شۇنچە قۇربان بېرىشلىرى، تۆلىگەن بەدەللىرى كىم ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، بىز شۇنىڭغا لايىق جاۋاب قايتۇرالىدۇقمۇ - يوق؟ دەپ ئويلىنىپ ئۆزۈڭلارنى سوراققا تارتىپمۇ باقتىڭلارمۇ ئەرلەر! ؟ ئاياللىڭلارنىڭ قانات قۇيرۇقىنى بوغۇپ قويغىنىڭلا، ئىستىقبال يولىغا پۇتلىكاشاڭ، روھىي دۇنياسىغا كۆلەڭگە بولۇپ قالغىنىڭلاردىن ۋىجدانى ئازاب تارتىپ باققان ئەرلەر زادى قانچىلىك؟

ئەرنىڭ، ئائىلىنىڭ، ئىنسانلار قاتمال روھىنىڭ، چاكىنا قاراشنىڭ چەكلىمىسى ئايالنى چەمبەرچاس ئوراپ تۇرغان مۇھىتتا، بىز سۆيۈنگۈدەك، ئايالىلارنىڭ، ئانىلارنىڭ چىقىشى ئاجايىپ چوڭ مۆجىزە! ئاياللىق گۇناھىدىن ھالقىيالىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىنساندۇر.

2005 - يىل، خوتەن

www.uyghurkitap.com

# گادايلىقتا تۇتقۇن قىلىنغان مۇئەللىم

بىز ئادەتتە «گاداي» دېگەن سۆزنى نامرات مەنىسىدە قوللىنىمىز. بۇ ئەلۋەتتە مەنىۋى ۋە ماددىي نامراتلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە بولىدۇ. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان گادايلىقمۇ مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق نامراتلىقىنى، قاقشاللىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

«دېھقان بولماق تەس» ناملىق شېئىر جەمئىيەتكە تارقىلىپ، زىلزىلە قوزغىغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا گويا دېيىشىۋالغاندەكلا «ئوقۇتقۇچى بولماق تەس» ناملىق چۇقان باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مەنمۇ شۇ توپنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىم ئۈچۈن بۇ چۇقانلار ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى جەمئىيەتتىكى باشقا كەسپلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم. ئوقۇتقۇچىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى، خىزمەت ئۇسۇلى، باشقۇرۇلۇش تۈزۈلمىسى، كۈندىلىك پائالىيەت دائىرىسى، تەپەككۇرى، ئەقىل ۋە زېھنى قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىش، تەربىيىلىنىش پۇرستى، باشقا تۇرمۇش، خىزمەت كاپالىتى، نورمىسى، ئىجادچانلىق روھىنىڭ بولۇشى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ باقتىم.

شۇنداق ھېس قىلدىمكى «ئوقۇتقۇچى بولماق تەس» دېگەن بۇ چۇقاننىڭ راستىنلا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىي ئالەمىدىن زىلزىلە قوزغاپ پارتلاش خاراكتېرىدە چىققانلىقىنى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شۇنداق دەيدىغان يەرگە ئاللىقاچان بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئوقۇتقۇچىنى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنىرى»، «يەتتە قەدەم يىراقتىن سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر» دەيدىغان گەپلىرىمىز بار. (ھازىر ئۇنچە كۆپ ئېيتىلمايدىغان بولدى) بۇنداق مەدھىيە سۆزلىرىمۇ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان

ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنىڭ، غورىگوللا رەسمىيەتكە ئېچىلغان تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە ئاندا ــ مۇندا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈپ كېتىلىدۇ. يىغىن تۈسىنى ئالغان بۇنداق پائالىيەتلەردە، سەھنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالىدىغىنى ئوقۇتقۇچىلار ئەمەس، سۆزگە چىققانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىگە ھېس قىلدۇرۇپ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى بايرىمىنىڭ مۇنچىلىك بولسىمۇ، نەزەرگە ئېلىنغىنىغا خۇشال بولۇپ كېتىپ، چاۋىكىنى ئايىماي چېلىپ ئولتۇرغىنى ئوقۇتقۇچىلار.

ئادەمنى ھاياجانغا سالغۇدەك تەبرىكلەر، چىن يۈرەكتىن چىققان سەمىمىي سۆزلەر بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ قەلبىنى ئۆزلىرى تىڭشاپ، ئۆز خىزمىتىدىن ئۆزى سۆيۈنۈپ، قەلبىگە يەنە ئۆز روھىدىن، ئۆز رىغبىتىدىن چىراغ ياققۇچىلار يەنە ئوقۇتقۇچىلار، ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەرگۈچىلەر، ئۆزىگە ئۆزىدىن تەسەللى ئىزدىگۈچىلەر يەنىلا ئوقۇتقۇچىلار! «شۇنداق چوڭ شەھەرلەردە قانداقكىن، بىزنىڭ بۇ رايونلىرىمىزدا ئوقۇتقۇچىلار تەر تۆكۈشكە، چۈمۈلىسىمان ئۇزۇق توشۇشقا تېگىشلىك بوشلۇقلار شۇنچىلىك كۆپ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھارغان ــ ئاچقان يېرىگە بېرىپ، ئۇلارنى بىردەمگىنە ئۆز مېھنىتىگە يارىشا ئىگە بولۇپ سايداشقا، ھاردۇق ئېلىشقا بوشىتىلغان بوش ئورۇن، بوشلۇق دائىم بۇلاڭ ــ تالاڭ ۋە قىسىلچىلىق تۇپەيلىدىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايىغى چىقماس كۈتۈشنى سەۋرچانلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇشقا تەشنا. تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە بىر يەرلەردىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا، ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش يىغىلىشلىرىدىكى كۆپرەك ئادەم تەلەپ قىلىدىغان شەكىل مۇلازىمەتلىرىدە، مائارىپتىن ئىبارەت بۇ مول ئادەم زاپىسىغا ئىگە قوشۇن ئەڭ ئالدىدا ئويلىنىلىدۇ.

«ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلار يولىنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ گۈلدۇراس ئالقىش» ياڭرىتىپ تۇرسۇن، چاۋاكىنىڭ رىتىمى ئوخشاش، ۋاقتى ئۇزۇن بولسىمۇ، كىيىملەر ئوخشاش، ھەممەيلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرسۇن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار قوللىرىدا گۈللەرنى پۇلاڭلىتىپ، چاڭ ــ دۇمباقلارنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ تۇرسۇن. ئوقۇتقۇچى

ئوقۇغۇچىلار سەپ بولۇپ رىتىمغا كېلىشتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىسۇن،
شەنبە ـ يەكشەنبە مەكتەپلەر دەم ئالماي ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى
تەشكىللەپ كوچىغا تەشۋىقاتقا چىقسۇن، ھەربىر ئايدا كېلىدىغان تۈر-
لۈك ئات قويۇلغان پائالىيەت مەزمۇنلىرىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئو-
قۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار تۈرلۈك مەزمۇندىكى تەشۋىقات ئۇسۇللىرىدىن
پايدىلىنىپ جەمئىيەتكە يۈزلەنسۇن، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە دەم
ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، زۆرۈر تېپىلسا نورمالنى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش
ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۈغۈت تەشۋىقاتى، باج تەشۋىقاتى،
كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش تەشۋىقاتى، سۇ قانۇن تەش-
ۋىقاتى... قاتارلىق تۈرلۈك تەشۋىقاتلارنى تۈرلۈك شەكىللەردىن پايد-
لىنىپ جانلىق ئېلىپ بارسۇن. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن مۇۋاپىق
كۈچ تەشكىللىنىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلسۇن. كىمكى سەل
قارايدىكەن، ئۆز خىزمىتى ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار، خىزمەتتە
سەۋەبسىز قالغانلار قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار مەك-
تەپ بالىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئولاش ـ چولاش بۇ يەرلەرنى
پاك ـ پاكىز تازىلاپ سۇ چېچىۋەتسۇن، بۇمۇ ياخشى بولغان ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى تەربىيىسى، بۇنداق قىزىق بازارنىڭ كۆ-
نۈشنى پەيدا قىلىپمۇ بولدى. تۈرلۈك ھۆججەت يىغىنلار روھىنى
يادلىتىشچۇ تېخى!؟

ئۇنىڭدىن سىرتمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسى چەتتە قې-
لىپ يۈكلەنگەن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشۋىقاتچانلىق
ۋەزىپىسى، توشقۇزۇلىدىغان مەزمۇن ئەمەس شەكىل تەلەپ قىلىدىغان
30 دەپتەر توققۇز خاتىرىسى، رايون خاراكتېرىدىكى يۈگۈر ـ يېتىم
ۋەزىپىلىرىمۇ ئۇلارنى ئوقۇتقۇچىغا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ قىزىق پارد-
ىگىغا ياندىشىپلا يۈگۈر يېتىم ئىشلىرىغا سالىدىغان ئىشچىلىرىغا،
ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ سابىق غالچىلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغىلى
تاس ـ تاسلا قېلىۋاتىدۇ. گويا ئۇلار ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتىن
ئىبارەت مەركەزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك. ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت-
مۇ ئۇلاردىن ئەۋلادلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ سوقۇۋاتقان يۈرەكنى
سىقىپ، دىققىتىنى، كۈچىنى چېچىپ، ئۇلاردىن بىر مەركەزنى ئا-



www.uyghurkitap.com

ساس قىلىپ تۇرۇپ باشقا تەرەپلەردىن ۋاستىلىك پايدىلىنىشنى ئويلىماي، قايسى ئىشنىڭ بازىرى چىقسا شۇنىڭغا يۈگۈرتۈپ، روھنى يوقىتىشقا، ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ئەخلاق ۋە پەزىلىتىنى سۇسلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئىگىلەشنىڭ، مەرىپەتنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى بولماستىن، قىزىق بازارنىڭ تەشۋىقاتچىلىرى بولۇشقا يۈزلىنىپ، شەكىلگە ئېتىبار بېرىپ، سۈپەتكە ئېتىبارسىز قارايدىغان بىر خىل كېسەل مائارىپ قوشۇنىمىزغا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ.

ۋەزىپىگە قويۇشتا، كەسىپ ئەھلىلىرىنى شۇ كەسىپكە مەسئۇل قىلىپ بېكىتمەستىن، خارەتنى ئەكىلىپ ئاشپەزچىلىككە، قاسساپنى تىككۈچىلىككە قويۇشتەك تەقسىمات ئۇسۇللىرىنىڭ ئانچە - مۇنچە كۆرۈلۈپ تۇرۇشى شۇ كەسىپنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدۇ. باشقۇرغۇچى چوقۇم ئۆزى مەسئۇل بولغان ساھەنى مەمۇرىي جەھەتتىن جانلىق باشقۇرۇش، كەسپىي جەھەتتىن ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن چوقۇم شۇ كەسىپنى چۈشىنىشى، قانۇنىيىتىنى بىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، كەسپىي خادىملاردىن توغرا پايدىلىنىش، ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ چىقىشلا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ - دە، ئۆز كەسپىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان، كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

دەرۋەقە، مۇھىتىمىزدا مانا مۇشۇنداق ئىشلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىزنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. يەنە كېلىپ مائارىپ قوشۇنىمىزغا نىسبەتەن بۇ خىل مېخانىك باشقۇرۇلۇش، قائىدە - قانۇنىيەتكە، كەسىپكە، ماھىيەتكە ھۆرمەت قىلماي، شەكلەنلىككە ئېسىلىۋېلىش بىز ئۈچۈن، تەرەققىيات ئۈچۈن، كەلگۈسىمىز ئۈچۈن بېسىلغان نادانلىقتىن باشقا قەدەم ئەمەس.

مائارىپ كۆپرەك سىڭىنىما تەلەپ قىلىدىغان، ئۇزاقتا ئۈنۈم بېرىدىغان، شۇنداقلا بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالمايدىغان ساھە بولۇشى بىلەن سەۋرچانلىق بىلەن كۆيۈنۈشنى، پەرۋىش قىلىشنى ۋە كۈتۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياخشى تۈزۈلمە، ئاكتىپ ماسلاشقۇچىلار ۋە

www.uyghurkitap.com



ئاقىل ۋە قابىل باشقۇرغۇچىلار قوشۇنى، شۇنداقلا مول بىلىم مەنبە زاپىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئون نەچچە يىل كۈتۈش ۋە ئۈزلۈكسىز ئاساسنى ياخشىلاش كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇنۇمى ۋە ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماسلىقتەك ئالاھىدىلىكى، قاچان تەختتىن چۈشۈپ كېتىشنى بىلەلمەي، تېز - تېز ئۇنۇملۇك ئىشلىرىنى ئاۋامغا كۆرسىتەلمەي، پالاق - پۇلۇق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەن مەنسەپدارلارنى قىزىقتۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭا ئالمىشىپ تۇرغان رەھبەرلىك ۋە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقىنىمىزدا، مائارىپقا كۈچەش، ئۇلارغا نىسبەتەن دېگىنىمىزغا تالقان چالغاندەكلا زېرىكىشلىك ئىش بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان «ئېتى بار، ئۆزى يوق» ، «ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق» بىر ئىش. پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق، نۇر تېزلىكىدە پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىۋاتقان، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى، قاتلىنىشى، يىلدىن - يىلغا تېزلىشىۋاتقان بۇ دەۋرگە نىسبەتەن، ئوقۇتقۇچىلار ئۈزلۈكسىز بىلىم يېڭىلاپ، ئۆزىنى ۋەزىيەتكە ماس ھالدا قوراللاندۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە بۇنداق پۇرسەتكە بىرەر قېتىم ئېرىشەلەيدۇ، بولمىسا يوق. بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنىمىز ئىشتىن ئايرىلىپ، بىلىم يېڭىلاش ياكى تولۇقلاشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىشى ناھايىتىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. تۇرمۇشىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، خىزمەتتىكى رەسمىيەتلىك ئىشلارنىڭ ھالسىرىتىشى بىلەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم تولۇقلىيالايدىغان ئۆزى ئاجراتقان ۋاقتى، خىزمەت قىلىۋاتقان شارائىتتا ئاساسەن يوق دېيەرلىك.

ھازىر ئەسلىي ھەربىر ئادەم تەخمىنەن ئالتە يىلدا بىلىمنى يېڭىلاپ تۇرغاندىلا جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ، بىراق بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى كىگىز كىتابلارنى، قۇرۇق نەزەرىيەلەرنى دۇم يېتىپ يادلاپ ئۆگىنىۋالغان بىچارە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىن، مائارىپ سېپىمىزدە ھازىرمۇ بىر قىسىملىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم

ئاشۇرۇپ كېلەي دەيدىغانلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەن تەۋەلىك تۆلەپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئوقۇشقا بارغۇچىنىڭمۇ مائاشىدىن مانچە پىرسەنت دەپ تۇتۇشى، ئادەمنى راستىنلا ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار ئەسلىدە پەن ـ مەدەنىيەتتىكى ھەربىر يېڭىلىقنى، ھەربىر بىلىم سىستېمىسىنى ئەڭ بۇرۇن ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق ھازىرقى ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. بىلىمنىڭ، ئىدىيىۋى ساپاسىنىڭ تولۇقلىنىپ تۇرۇلماسلىقى، بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى ۋە شارائىتلىرىنىڭ يوقلۇقى، خىزمەتتىكى سۇسلۇق، يېڭىلىق يارىتىش، ئىزدىنىش روھىنىڭ بولماسلىقى، ئەسلىدىكى پەۋرىشكار، ئۈمىدلىك، ئوخچۇغان روھىنىڭ قاششاق كۆنۈكمىلىككە، بېكىنمىلىككە ئاسسىمىلياتسىيىلىنىشى، باشقۇرۇلۇش ۋە ئىچكى تۈزۈلمىدىكى شەكىللۋازلىق، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماقتا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرسلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ بولالماسلىقى سەۋەبىدىن، دەرسلىكلەرنىڭ قاتماللىقى، تەكرار ـ تەكرار ھەر يىلى ئوخشاش رەۋىشتە ئۆتكۈزۈلۈۋەرگەن دەرسلىك كىتابلار، جەمئىيەت ۋە ئۆز ساھەسىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان مۇئامىلىسى، ئۇلارغا بولغان تونۇش، مۇئامىلىلەرنىڭ ياخشى بولماسلىقىمۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھورۇنلاشتۇرۇپ، چۈشكۈن كەيپىياتقا سۆرىمەكتە.

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك ھەم تولۇق كەسىپلىشىپ بولالماسلىق سەۋەبىدىن دەرس سائىتى كۆپ، خىزمەت مىقدارى ئېغىر بولۇپ قالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىراش كۈنلىرىگە ياندىشىپلا كەلگەن، تۈرلۈك سىياسىي، تەشەببۇس خاراكتېرلىك ئۆگىنىشلەر، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشۋىقاتلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا چۈشۈرۈلگەن ئالۋاڭلار، توشقۇزىدىغان نەچچە خىل رەسمىيەتلىك، شەكىللۋازلىق قىلىنىدىغان خاتىرىلەر، يېزىلاردا تېخى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيىدىن يىغىپ ئەكىلىپ دەرس ئۆتۈشلەر، كەچتىكى ئۆيگە بىللە كېلىدىغان دەستە ـ دەستە تاپشۇرۇقلار… ئوقۇتقۇچىنى ئاجايىپ ھار-

www.uyghurkitap.com



غۇزۇۋېتىدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە، يىل بېشىدىن ئاخىرىغىچە، مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىلىقىدىلا پالاقشىپ، مۇكچىيىپ تېتىك قەددىنى، زېھنىي قۇۋۋىتىنى، ۋاقتىنى، ئۆمرىنى، كۆز قۇۋۋىتىدىن باشلاپ قەدەملىرىگىچە شۇ كىچىككىنە ئارىلىقتا خوراپ تۈگىگەن بىچارە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈن - تىنسىز، غورىگۇل ھاياتى، خۇددى كىشىلەر ئوقۇتقۇچى دېسە كۆز ئالدىغا كېلىدىغان، كونا ۋېلسىپىتىنى غىچىرلىتىپ تېپىپ كېلىۋاتقان ھارغىن، ۋىجىككىنە گەۋدىسىدەكلا، پەرىشان، ئېتىبارسىزلا غايىب بولىدۇ... ئۆي بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدىلا باغلانغان ھايات، چىرمالغان تەقدىر، مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىن بوشىنىشقا ئامالسىز، ھالسىز، ۋاقىتسىز قالغان نەزەر دائىرە، ئوقۇتقۇچىنى، دۇنيانىڭ يەنە نۇرغۇن چوڭ كۆزنەكلىرىدىن خەۋەرسىز قالدۇردى. ئۆز كەسپى ۋە سەبىلەرگە باغلانغان رىشتە ئوقۇتقۇچىلارنى دۇنيانىڭ يەنە نۇرغۇن ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە مەئىشەتلىرىدىن مۇستەسنا قىلدى.

كىچىك بالىلارنى ئاشۇ ئۆيلىرىدە باشقۇرالماي، گەپ ئاڭلىتالماي، بىر نەرسە ئۆگىتىش تۈگۈل، جېدەل چىقارماي ئويناشقىمۇ كۆندۈرەلمىگەن ياۋا بالىلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاڭا ئىنسانلىق سۈپەت ۋە ياشاش ئىقتىدارى ئۈچۈن ساۋات، بىلىم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاشۇ بالىلارغا باغلىنىپ كەتكەن جىمى تەئەللۇقاتى، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تاۋلىدى. گويا قاچانلا قارىسا ئۇ پارچە - پۇراتلار ئۈچۈن تىرمىشىپ يۈرگەندەك، قاچانلا قارىسا خىيالچاندەك، چۈشكۈندەك، قاچانلا نېمىگىدۇر سېزىمچانلىقى، ئەستايىدىللىقى ئېشىپ كەتكەندەك، ھېلىلا كىچىك بالىلارغا تەربىيە بەرگەن كەبى سۆزلەپ كېتىدىغاندەك تەسىر ۋە ئوبراز بىزنى قاماللاپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئوقۇتقۇچى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئاشۇ كەپسىز، كىچىك بالىلارغا تەربىيە ئىشلەپ، ئۇلاردا ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرگەچكە، ئۇلاردا ئاجايىپ ئىنچىكە نازۇك ئەستايىدىللىق ۋە ئىلمىيلىك ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. كىشىلەرگە دەل ئۇنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرى بىنورمال تۇيۇلىدۇ. چۈنكى باشقا كەسىپتىكىلەر بۇنداق ئەستايىدىل ۋە سەۋر-

چان، ئىنچىكە ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، ئوقۇتقۇچى، باشقىلارغا كەچكىچە كىچىك بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ مىجەزى، دۇنيا قاراش، تەپەككۇر جەھەتتە، مەكتەپتىن ھالقىيالمىغاندەك، پىششىق ھەم ئەخمەقلەرچە ئەستايىدىلدەك تۇيغۇ بېرىپ، كىشىلەر نەزىرىدىكى ئوقۇتقۇچى ئوبرازىنى بىچارە ھالدا گەۋدىلەندۇرۇپ قويىدۇ.

ئەمەلىيەتتە كىم، نېمە بىچارە؟

ئوقۇتقۇچىلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمىگەن، ئۇلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالمىغان، مائارىپ ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتالمىغان، مائارىپنىڭ كۈچى ۋە ئىمتىيازىغا سەل قارىغان توپ، كىشىلەر بىچارە بولۇشقا ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك.

ئوقۇتقۇچىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېتەرلىك ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆز -ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئەركىن قويۇۋېتىپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىش، جەمئىيەت ۋە خەلقنى ياخشى، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدۇ.

خىزمەت ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇرى، ھەتتا دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى، نەزەر - دائىرە قاراشقىچە مونوپول قىلىنغان جەمئىيەتتە ۋە ۋەزىيەتتە قاچانلا بوران چىقسا ئەڭ بۇرۇن كالتەكنىڭ چوڭى بېشىغا تېگىدىغان، ھەم ئەڭ بۇرۇن تارتىپ چىقىرىلىدىغان دائىم پاداباققاندا ئالدىدا، ياڭاق چاققاندا كەينىدە قالىدىغان بىچارە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرىكى، قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا زەردىگۈش، قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن. دەرىجىدىن تاشقىرى ئىلمىيلىكى ياۋاشلىقىنى، يۇمشاق باشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قانداقلا كالتەك بولسا، مائارىپتىن ئىبارەت بۇ تەربىيىلىنىش دائىرىسى كەڭ چېتىلىدىغان ساھەگە ئەڭ دەسلەپتە تېگىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تېخىمۇ ئېھتىياتچان، قورقۇنچلۇق روھسىز قىلىپ قويىدى.

ئەرزىمەس جىددىيەتلىكلەر ئۈچۈن، پالاقشىلار، ئەۋلادلار ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك تەربىيىلىنىش پۇرسەتلىرى سەرپ بولۇپ كېتىۋاتقان، زاپاس زېھنىي كۈچلەر ئېچىلماي داتلىشىپ قېلىۋاتقان،

www.uyghurkitap.com

روھىي كىشەن تۇپەيلىدىن تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقان، فۇنكسىيىسى تولۇق قوزغىتىلمىغان، روھىي زەئىپلىك، دات بېسىپ كېتىۋاتقان بايلىقلار...

ھەممىنى يىغىپ ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئوقۇتقۇچىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۆيغىتاتتى. ئەپسۇس، رەسمىيەتلەر، شەكىللەر، سۇپەت ئەمەس سان، مائارىپنى چىرمىۋالدى. ھەممە نەرسە روھىدىن ئاجرىغاندەك شەكىل، مودىل، قاسىراق...

ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بەلگىلەنگەن، باشقۇرۇش مۇتەئەسسىپ، جانلىق قوزغىتىش ئەمەس، بىلىم يېڭىلاش، ئالماشتۇرۇش، تەجرىبە يېڭىلاش، ئۆگىنىش پۇرسىتى يوق. ئوقۇتقۇچى پەقەت باغلاقتىكى قويغا ئوخشاشلا مەكتەپكە قاتتىق نازارەتتە جىنايەتچى كەبى مەھكۇم قىلىنغان!

ئۇنىڭ ئىزدىنىش ئىشقى، نە جانلىقلىقى يوقالغان. سىقىلغان، يەكلەنگەن، قاغجىرىغان، قۇرۇق مۇھىتىدىكى يېتىم فۇنكسىيىسى ياتسىرىغان، ھارغان ئېچىرقىغان، مايسىرىغان. ئۇنىڭ تەپەككۇرى مەغلۇپ بولغان، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە روھىنىڭ ھالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي بېسىمى ئۇنىڭدىن ئارتۇق. ئۇ ئىزچىل ئۆزىنى، ئۆزگىنى ئېچىشى، قېزىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار، ئۇنىڭ گۈزەل ئارمانىغا ئايلىنىپ قېلىۋەردى. چۈنكى ئۇ تېخى ئۆزىنى ئۇنچىلىك كۆچەيتەلمىدى. جەمئىيەت تېخى ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك شارائىتنى بەرمىدى، ئامال قانچە؟ ئۇ نېمە ئىش قىلىشى كېرەك، نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ ھەممىگە ئۇن - تۈنسىز قارايدىغان، ئىپادىسىز بولۇپ قېلىۋاتقان، بەزىدەك نىگاھلاردا، گادايى مۇھىتقا قاراۋاتقىنى، گادايى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەڭ ئاداققى ھارغىن قاداقلىرىدۇر.

ئوقۇتقۇچى ئىقتىسادىي جەھەتتىن نامرات ئىدى، مانا ئەمدى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ پەرۋىشسىز ئۆزىنى قازاي، بېيىتاي دېسە، شارائىت يارىتىلماي بېكىنمە، نەزەر دائىرىسى تار بولۇش ھالىتىگە مەھكۇم بولۇۋاتىدۇ.

2002 - يىل. قاراقاش — تۈۋەت

# كەچ كۈز ھاسىلاتلىرى

كۈز ئايلىرى ئاخىرلىشىپ قىش كېلىۋاتىدۇ. قۇرغاق سوغۇق ھاۋادىن ئۇرۇلغان ئىس - تۈتەك، دىماغنى قۇرۇغداپ ئېچىشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. دېرىزەم تۈۋىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ، كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىكى غېرىبانە پۇراقلارنى ئىدراك قىلىۋاتىمەن.

ئېگىز بىنا دېرىزىسىدىن، يالىڭاچلىنىۋاتقان، قىشقا قەدەم قويۇۋاتقان كەچ كۈز ئاسمىنىدىكى تۇتۇقلۇق، قەلبىمگە بىر خىل تەنھالىق، مۇسىبەتلىك كەيپىياتنى چىللىماقتا. ئەنە بىر توپ قۇشقاچنىڭ، ئۇچقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك تۇيغۇدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يىراققا ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆردۈم. يالىڭاچلانغان سۆۋادانىنىڭ لەپەڭلەپ تۇرىدىغان شېخىدىكى ۋىجىك قاغىنىڭ، ئىنچىكىلىك بىلەن سوزۇپ - سوزۇپ قاقىلدىشى، قەلبىمگە قۇپقۇرۇق بىر يىقىمسىز ئېقىمنى باشلاپ كىردى.

سۈس ئىس - تۈتەك ئۆرلەۋاتقان سېمونت رەڭ ئاسماننىڭ چىرايى زادىلا ئېچىلىپ باقمىغاندەك ئىدى. قۇرۇپ، ئاللىقاچان چۈرۈك ھالىتىگە قايتقان غازاڭلارنىڭ كۈزدىكى ئالتۇنرەڭ، نەمخۇش ياپراقلاردەك ئاستا سىرغىپ، لەيلەپ چۈشۈشى يوق. چۈرۈك ھەم تۈرمەكلىشىۋېلىپ، خىياللىرىڭغا ئېغىرچىلىق قويۇپ «توككىدە چۈشىدۇ» ، يازدىكى ياپ - يېشىللىقى، يۇمران ۋە ئارامبەخشلىكى بىلەن كۆڭۈل رايىنى چاقىرىپلا تۇرىدىغان چىملىق، سوغۇق بىر ھۇۋلاشتا ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. مەجنۇنتاللار ئاستىدىكى تاش ئورۇندۇقتا، دىلخۇمار رىشتىلەر ئۆرغۈتقان شوخ كۈلكىلەر ۋە يەڭگىل شىۋىرلاشلار ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەك ئادەمسىراپ تۇرۇپتۇ··· ئۈششۈكتە شۈمشىيىپ، شاخلىرىمۇ ئاللىقاچان سۇنۇپ ئۆلگۈرگەن گۈللۈك ئوتتۇرىسىدىكى تار، پاكىزە پىيادىلىكلەر يولىدىكى، يازدا ئېتەكلىرىڭىزنى سۆيۈپ، رەڭدار كېپىنەكلەر ۋە ھەسەل ھەرىلىرى

سىزدىن قورىغان گۈللەر، ئۆتۈن رەڭگىدە قارىيىپ يەرگە چاپلىشىپلا قالغان، ئەتراپتىكى ئادەملەرنى، كۆزلەرنى ئۇنتۇغاندەك، ئۆز خىياللىرى بىلەن ئالدىراش، ئۆز پائالىيەتلىرى ئۈچۈن يول تېپىش، تور تېپىش ئۆرۈنۈشلىرىدىكى ئادەملەر، نېمىگىدۇر تەخىرسىز، يەنە نېمىگىدۇر پەرۋاسىز هالدا ئالدىراش. ئۇلارنىڭ چىرايىمۇ مۇشۇ مەنزىرىدەكلا تۇرغۇن ۋە تۇتۇق بولۇپ، ئىپادىگە باي تۇيغۇلاردىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇلار ئەزەلدىن ئەركىن - ئازادە، قېنىپ، ھەقىقىي تۇيغۇلىرى بىلەن ئوقچۇپ، كۈلۈپ باقمىغاندەكلا. ئۇھ... نېمىدېگەن هارغىن بايقاش بۇ!...

گويا، پروگراممىا قاچىلا قويۇپ بەرگەندەكلا، تېز - تېز ۋە مېخانىك قەدەملەردە، كۆندىلىك تۇرمۇشى ئالدىراش رىتىم ئىچىدە ئۆتىدىغان شەھەرلىكلەرگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

باغ - ۋارانلاردىن، تەبىئەتنىڭ ساپ، ئىللىق قوينىدىن ئايرىلغان، سۈنئىي يېمەكلىكلەرگە ئۆگىنىپ كەتكەن شەھەر كىشىلىرى ئۆزىنى شۇنچە ئاسىرىسىمۇ، تۈرلۈك مۇداپىئە دورىلىرى ۋە قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كېسەلگە يېقىن، يېزا كىشىلىرىگە قارىغاندا تېنى كۆپ ئاجىز، «يېزا كىشىلىرى...» تۇيۇقسىز تىلغا ئېلىنىپ قالغان بۇ سۆزدىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئىللىق ۋە بىغۇبار بىر ئىبقىم شۇررىدە ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىپ ئۆتتى... شەھەرلىكلەر نەزىرىدىكى قاتتىق قوپال، مەدەنىيەتسىز، كاللىسى ئاددىي، بىكار تەلەت، هاڭۋاقتى، ئەخمەق «يېزىلىقلار» بىردىنلا مەدەنىيەتلىك شەھەرلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرما بولۇشقا باشلىدى...

شەھەرلىكلەر ئىچىدە بىر بىنادا ئولتۇرۇپمۇ بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايدىغانلار، پەقەت ئالاقە قىلىشمايدىغانلار كۆپ. ئاستىنقى قەۋەتتە تۇرۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان مەلۇم بىرسىنى سورىسىڭىز تونۇمايمەن، دەپ جاۋاب بېرىدىغانلارنى خېلى ئۇچرىتىسىز. قولۇم - قوشنىلار كۈندە دېگۈدەك بىر يېرىم قاچىدىن قوشنىدارچىلىق تامىقى سۇنۇشۇپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئايلاپ قوشنىسى ئۆيىدە بولمىسىمۇ، كىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى هېچكىم بىلمەيدۇ. ئۆيدە ئادەم بارمۇ - يوق، ئىشىكنى تاقاپ ئىچىگە

بىر بېكىنىۋالسا، ھېچكىم بىلىپمۇ بولالمايدۇ. مۇئەللەقتىكى قەۋە-
دەك ئۆيگە ھىم بېكىنىۋېلىپ، مەدەنىيەتلىك ياۋايىلارغا ئايلانغان
شەھەرلىكلەر، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ، قېنىپ - قېنىپ مۇڭدى-
شىدىغان پاراڭلارنى ئۇلار گويا ئۇنتۇپ كەتكەندەك. تۇرلۇك رەسمى-
يەتلىك قائىدە - يوسۇنلارنىڭ، تەرتىپ ئىچىدىكى تەرتىپسىزلىك-
لەرنىڭ ھالسىرىتىشى بىلەن تېشى ھايھاي، روھى قوي - قي يۇرىدى-
غانلار بەك كۆپ. ئاشۇ پارقىراپ تۇرىدىغان چاڭ قونمىغان ئېسىل
كىيىملەرنى بەس تالىشىپ كىيىشىپ، سەندىن مەن قالارمەنمۇ» دې-
گەندەك تۇرلۇك يىغىلىشلار ۋە ئادەمگەرچىلىكلەرنى رېستوران، مەرى-
كە زاللىرىغا يۆتكىۋېلىشقان شەھەرلىكلەرنىڭ پارىڭى، كىمنىڭدۇر
خىزمىتىنىڭ يېقىندا ئۆستۈرۈلگەنلىكى، كىمنىڭدۇر موللاق ئەتكەن-
لىكى، يەنە كىمنىڭدۇر ئايالى، يەنە كىنىمىڭدۇر قىلغان مېھماندارچى-
لىقىنىڭ كاتتا ياكى «مەنەت» بولغانلىقى، كۆرىدىغىنى بىر - بىرى-
نىڭ كىيىملىرىگە ئاسرىتىن باھا بېرىشىپ دىمىقىنى قېقىشىش،
سۇنئىي ھېجىيىشلار، ئاۋۇي بىلەن چىداپ تۇرۇپ قىلىنغان خۇشامەت-
لىك مۇئامىلىلەر»، مەجبۇرىي سۇنئىي مۇئامىلىگە ئۆگىتىلگەن ئا-
دەملەرنىڭ چارچاپ كەتكەن روھى، دىققەتتىكى سىگنال بېرىش تەييار-
لىق ھالىتىدە تۇرغان بەدەن مۇسكۇللىرىنىڭ تارتىشىپ، تېلىپ ئاغى-
رىشى، ھارغىنلىقى، تۇرلۇك ناچار قاچىلىنىش بىلەن ئەسلىي ئىنتى-
لىش تۇيغۇلىرى ئىچىدىكى زىددىيەت ۋە ئارىلىقتا قىسىلىپ، كېرەك-
تىن چىقايلا دەپ قالغان نېرۋىنىڭ يەنىلا مۇشۇلارغا ماس ھالدا كونت-
روللۇقىنى ساقلاش جەريانى ئېلىپ كەلگەن بېسىم شەھەرلىكلەرنى
چارچىتىپ قويماقتا.

ئۇلارنىڭ يېنىك تىن ئېلىشقا ئۇلگۇرمەيلا يەنىلا ئۆزى ياشاۋاتقان
ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئۇچۇن، ئۇستىگە نۇرغۇن يۇكلەرنى
يۇكلەپ، قات - قات تاغ ئاستىدا بېسىلىپ ياشىماقتا. ھەممە ئادەم
نېمىگىدۇر ئالدىراش، كۆز نۇرىنىڭ قانداق كەيپىياتتا چاقنىغانلىقى-
نىمۇ پەرق ئېتىش تەس. بىر قارىساڭ ئۇلارنىڭ بارلىق مۇئامىلىلىرى
مەنپەئەتلىشىپ كەتكەن، ئەتراپىدىكى ئالاقە قىلىشىدىغان ئادەملىرى،
خۇددى ئۇلارغا بىرەر مەنپەئەت يەتكۇزۇلمىسە، ھەتتا ھال - ئەھۋال

www.uyghurkitap.com

سوراش، سالاملىشىشنىمۇ قىلىشمايدىغاندەكلا، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ گۈزەل، ھەقىقىي، ساپ مۇئامىلىلەر يوقاپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئاللىقانداق مەنپەئەتلەردىكى ئىجتىمائىي باغلىنىشلا قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئەتىگەندە، مايلانغان ئاياغلىرىنى قايتىدىن بىر سۈرتۈۋېتىپ چاچلىرىنى رەتلىك تاراپ، يۈگرەپ يۈرۈپ دېگۈدەك سۈنئىي ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان بىرەر تال پىرەنىك ئىستېمال قىلىپلا، كوچا ئاپتوبۇسىدىكى قىستاڭچىلىقتىن ئاران – ئاران ئۆزىنى يەر يۈزىگە ئاتقىنىچە پالاقشىپ ئىش ئورۇنلىرىغا يۈگۈرۈشكەن شەھەرلىكلەر، كۈندىلىك خىزمىتى، پائالىيىتىنى ئېلېكترلەشكەن ئۈسكۈنىلەر ياردىمىدە ئالدىراش تۈگىتىپ، شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپمۇ، شۇنچىلىك تەنھا. نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن جىسمى سالاملىشىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، كىملەر بىلەن سالام سائەت قىلىشقىنى ئېسىدە يوق. (گويا كونا، تەسىر قىلماس، مېخانىك بىر ھەرىكەتنى تەكرارلىغاندەكلا) كاللىسىدا يەنە ئاللىقانداق رېتىمدىكى لايىھىلەرنى تۈزۈپ، سېتىۋالماقچى بولغان سۈنئىي يېمەكلىكلەرنىڭ ھەرقايسى سېتىش ئورۇنلىرىدىكى باھاسىنى سېلىشتۇرۇپ، مەلۇم پىلان بىلەن شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ. ئۇنىڭ خىيال ۋە ئۇرۇنۇشلىرىدىكى مەركەز مەنپەئەتلەشكەن مەنزىل. خۇددى يىراقتىن بىر كۇنۇپكا بىلەنلا كونترول قىلىنىۋاتقان ماشىنا ئادەملەردەك، رېتىمدار سۈرئەتتە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

يېزىلاردا ۋاقىت، قۇياشنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى يۆتكىلىش ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. «ئاشۇ ۋاقتى، تىك چۈش، ناماز شام» دېگەندەك ئاتالغۇلار كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمى. ئەتىگەندە ئەرلەر ئۆي – ئۆيلەردىن چىقىپ ئەھۋال سوراشقاچ مەسچىتكە مېڭىشىدۇ. مەسچىتتە كىمنىڭ بار – يوقلۇقىغا ئاساسەن بىر – بىرىنىڭ ئىز – دېرىكىنى قىلىشىپ، مەسچىتكە كېلەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيىگە جامائەت توپلىشىپلا كىرىپ، تىنچ – ئامانلىق سوراپ، ئاندىن خاتىرجەم بولۇشۇپ تارقىشىدۇ. كۈندىلىك ئۇششاق ئىشلارغىچە ئەھۋاللىشىپ تۇرىدۇ. ئاياللار ئەتىگەندە ھويلا – ئاراملىرىنى، ئۆيىنىڭ ئالدى ۋە يوللارنى سۈپۈرۈشكەچ، قىسقىچە ھال – مۇڭ بولۇشىدۇ. چۈشكە-

چە تالا - تۈزدە بىر - بىرىنى كۆرۈشمىگەن قوشنىلار، ئىسسىققىنا ئەتكەن بىرەر چىنە تامىقىنى ئېلىپ، قوشنىسىنى ئۆيىگە يوقلاپ كىرىپ، بىردەمگىنە ھال - مۇڭ بولۇشۇپ چىقىدۇ. ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە قىلىشىدۇ. ئاپارغان نان - ئۈزۈم، گۇلە - قاقلىرىنى بىر - بىرىگە سۇنۇشىدۇ. ئالتە - يەتتە ئايال بىر ئۆيگە جەم بولۇشۇپ چوڭ تونۇرغا نان يېقىشىدۇ.

بالىلار قوي - كالىلىرىنى بېقىشىدۇ. نارسىدىلەر، ئاتا - ئانىسىنىڭ غەم - ئەندىشىسىدىن خالى، ئېتىزلاردا، باغلاردا، يوللاردا، ئېرىقلاردا كۈن - كۈنلەپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئوينىشىدۇ. قۇرت - قوڭغۇزلارنى، قۇشقاچلارنى تۇتۇپ ئوينايدۇ. چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىنى كولاپ، شاخ - شۇمبىلار ئارىسىدىكى قۇشلار ئۇۋىلىرىنى ئاختۇرۇشۇپ، ئوت - چۆپلۈكلەردە ئېغىناپ، قورسىقى ئاچسا كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ بېغىدىن خالىغانچە مېۋىلەرنى ئۈزۈشۈپ يەپ خاتىرجەم ئوينىشىدۇ. ئۇلارنى شەھەردىكى بالىلارغا ئوخشاش ئاتا - ئانىسى ئاللىقانداق ۋەھىمىلىك خىياللار بىلەن ئەندىشە قىلىپ، باغچە ۋە مەكتەپلەرگە ئۆزى ئاپىرىدىغان سىرتتا خاتىرجەم ئوينىغىلى قويمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئەمەس.

بالىلار مەكتەپلىرىدىن قايتىپ ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنى ئاداش تارتىشىپ قىلىپ بولۇشقاندىن كېيىنلا، ئاتا - ئانىلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، ئولاش - چولاش ھالدا ئويۇنغا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. قۇم - توپىلاردا ئەركىن - ئازادە دومىلاپ، ئېتىز - قىرلاردا يېتىشىپ، گاھ ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە سەكرىشىپ، تەبىئەتتىكى جانلىقلارنى گاھ تۇتۇۋېلىشىپ، گاھ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوينىشىپ، بالىلىقتىكى ھەربىر نەزىرى ۋە تۇيغۇسى تەبىئەتكە سىڭىپ ۋە ئۇنىڭدا يېتىلىپ ماڭىدۇ.

شەھەر بالىلىرى تەبىئەتنى ئاتا - ئانىلىرى يازدا ئانچە - مۇنچە ئاپىرىدىغان باغچىلاردا، تېلېۋىزورلاردا كۆرىدۇ. نۇرغۇن ھادىسە ۋە جانلىقلارنى بىۋاسىتە سېزىم ئارقىلىق ھېس قىلالماي، كىتابلاردىن ياكى باشقىلارنىڭ نەزەرىيىۋى چۈشەندۈرۈشلىرىدىنلا ئاڭلايدۇ. ئۆزى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغان هايۋان ۋە جانلىقلارنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن قورقىدۇ. يېزا بالىلىرىنىڭ چوڭراق هايۋانلارغا مىنىپ ياكى يېتىلەپ، كىچىكلىرىنى تۇتۇپ ئوينايدىغان، يەۋاتقان ئاش ـ نانلىرىدىن بېرىپ باقىدىغان، ئۇلارنى كەينىدىن كۆنبويى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىشلىرى، شەهەر بالىلىرىغا هېكايىدەكلا بىلىنىدۇ.

ئۆتكەندە ئۇرۇمچىلىك بىر دوستىمىزنى تاماققا چاقىرىشتۇق. ئۇ، دوستلارنىڭ سەممىمىي يېقىنچىلىقلىرىدىن ۋە مېهماندوستلۇقىدىن تەسىرلىنىپ خىجىل بولۇش تۇيغۇسى ئىچىدە: «مەن كەلسەم داۋاملىق مۇشۇنداق قىزغىن كەيپىياتتا، تالىشىپ تۇرۇپ مېهمانغا چاقىرىسىلەر، ئوينىتىسىلەر. بىراق سىلەر ئۈرۈمچىگە چىقساڭلار مەن ئۇنداق قىلىپ بولالمايمەن، مېنى بەكمۇ كۆپ مېهىر ـ قەرزىگە بوغۇۋەتتىڭلار. راست گەپنى قىلغاندا ئۈرۈمچى ئادەمنى بۇزىدىغان شەهەر ئىكەن. سىلەرگە ئۆزۈمنى سېلىشتۇرسام، سىلەرگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغاندەك هېس قىلىپ قالىمەن. بۇ يەرگە كەلسەملا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مېهىر ـ مۇهەببەتنى، ئادەملىكنى باشقىدىن ئۆگەنگەندەك تۇيغۇغا كەپ قالىمەن» دېدى. ئويلاپ قالدىم. رايونلار قانچە شەهەرلەشكەنسېرى شۇنچە مەدەنىيلىشىپ، ئىقتىسادىمۇ شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش رېتىمىمۇ شۇنىڭغا ماس هالدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. قارىسىڭىز شەهەر كىشىلىرى شۇنچە ئالدىراش ۋە جىددىي، يېزا كىشىلىرى شۇنچە بىكار تەلەت ۋە خاتىرجەم كۆرۈنىدۇ. شەهەرلىكلەرنىڭ كۆرۈشىدىغان، مۇناسىۋەتلىشىدىغان ئادەملىرى كۆپ. كۈن، هەپتە، ئايلىرى بىردەمدە ئۆتۈپ كەتكەندەك، يېزىدا بولسا گويا ۋاقىت توختاپ قالغاندەك... نۇرغۇن ئىشلار بېسىم پەيدا قىلىپ روهىمىزنى سىقماقتا...

تەرەققىيات جەريانىدا قولايلىقلاشقان نۇرغۇن مەشغۇلاتلار، بىزنىڭ ئەسلىدىكى هەرىكەت شەكلىمىزنى، بۇنىڭغا ماس هالدىكى تەپەككۇرىمىزنى، ئاندىن خاراكتېرىمىزنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىدۇ. مېڭە ئىشلىتىلىپ، كونكرېت قول سېلىپ ئىشلىنىدىغان نۇرغۇن ئىشلار ماشىنىلاشقانسېرى، زېمىن، ئەقىدە ۋە سەنئەت تۇسىنى ئالغان روهى پائالىيەتتىن يىراقلىشىپ ماشىنا ـ ئېلېكترون بىلەن ئاپتوما-

تىك بېجىرىلگەنسېرى، ئەسلىدىكى ساپ تەسەۋۋۇرلاردىن، نەپىس، سەنئەتلىك پائالىيىتىمىزدىن ئۆز مېھنىتىمىزدىن ھوزۇرلىنىدىغان، ئوزۇق ئالىدىغان، قايناق، گۈزەل، ئىجادىي تۇيغۇمىزدىن، ئەركىن ـ ئازادە كەيپىياتىمىزدىن قانائەتچان، ئىشچان، مېھرىلىك ھەرىكەت شەكلىمىزدىن ياتلاشتۇق. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە، بىر خىل مەنىۋى بوھراننىڭ چۆكمىلىشىش جەريانى بولۇپ، يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا سايە تاشلىدى. يېنىڭدا كىم بار؟ — كومپيۇتېردا تونۇشقان دوستۇم، كۆزلىرىدىن مېھىر ۋە مۇھەببەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ئىسسىق ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالىقانلىرىڭنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ ساڭا، سەمىمىي يۈرەك سۆزلىرىنى يەتكۈزىدىغان دىلكەشلىكىنى، دىلكەش دوستلىرىڭنى سېغىنىۋاتامسەن! ؟... زامانىۋى ئۇچۇر ئامبىرىغا ئايلانغان كاللاڭدا، سوغۇق ھاۋا ۋە گۈگۈم قوينىدا تىترەۋاتقان ئۆزۈڭنى ئىدراك قىلغىنىڭدا، چىدىغۇسىز بىر تەنھالىق، تېزلىكى يوق بىر ۋاقىتتا سېنى تورمۇزلاپ قويماقتا. ھۇجەيرە ـ ھۇجەيرىلىرىڭدىن بۆسۈپ چىققان يىغلامسىراش تۇيغۇڭدا، تەنھالىق، نامەلۇم بىر نەرسىنى كۈتۈش، ئىنتىلىش بار. نېمىدۇر، دەپ ھەريان ئويلاپ باقىسەن ئەمما، ئۇ، نامەلۇم بىر كەملىك، نامەلۇم بىر كۈتۈش ۋە نامەلۇم تەلپۈنۈش... كەچ كۈزدىكى گۈگۈم كەبى بىر تۇيغۇ سەندە ئاچچىققىنە ساقلىنىپ قالغىنى يوق. ئۇ نېمە؟ ... سەن ئۆز قەلبىڭنى تىنچ ئارامىڭ ۋە ساپ تۇيغۇلىرىڭ بىلەن قانچىلىك تىڭلىيالايسەن. ئۆزۈڭنى قانچىلىك چۈشىنىسەن؟... شۇنىسى ئېنىق ئۆزۈڭنى تىللىغانسېرى ئۆزۈڭ ھەققىدە تېخى كىرىش سۆز قىسىمچىلىكمۇ چۈشىنىش يوقلۇقىنى، روھىي دۇنيارىڭنى، ئۆزلۈكۈڭنى چۈشەنمەي، چوڭقۇرلىماي، پەرۋىش قىلماي، قازماي تاشلىۋەتكەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەن.

بىرىنچى ساۋاتسىزلىق نېمە دېگەندە — ئۆزىنى چۈشەنمەسلىك دەپ جاۋاب بېرىمەن، مەن ئاجايىپ مۆجىزىدەك، ئەڭ يۈكسەك، گۈزەل سەنئەت بۇيۇمىدەك يارىتىلغان ئىنسانىنى، جىسمانىي ۋە مەنىۋى ياقتىن تولۇق قېزىپ چىقىپ، ئۇنى چۈشىنىش، ئاندىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە ئېچىنىشتىن ئارتۇق چوڭ كەشپىيات يوق دەيمەن، مەن.

ھەربىر ھۇجەيرىلىرىگىچە شۇ قەدەر سېزىمچان، ھەربىر ئەزالىرىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى ئادەم ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىلغار، روھى قېزىپ - قېزىپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مول ھاسىلاتلىق سەزگۈلىرى تەسەۋۋۇرىمىز، تەپەككۇرىمىز ئىدرەك قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ قىرلىق مۇرەككەپ ئادەمنىڭ، ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشى بارلىق ئىزدىنىشلەر ئىچىدە ئەڭ كاتتا ئىزدىنىش. ئۆزۈڭنى چۈشەنمىسەڭ، بايقىمىساڭ، قازمىساڭ، ئۆزەڭدىن قانداق پايدىلىنىپ ياشايسەن. ئۆزەڭدىن قانداق پايدىلىنىشنى، ئۆزەڭنى قانداق تۇتۇشنى بىلمىسەڭ قانداق ياشىيالايسەن زادى؟! ئۆزەڭدىن ئۆزەڭنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئۆزەڭگە توغرا دىئاگنوز قويالمىغۇدەك بايقاش ۋە ئىزدىنىش بولمىسا قەدەملىرىڭ شۇنداق ئېلىنىدۇ؟، ئۆزۈڭنى دوغا تىكىپ، قارىغۇلارچە، نىشانسىز ياشاۋەرمەكچى، بىرلا پۇرسەتنى سەن قانداق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلماقچى. بۈگۈنكى بىر كۈن تۈگىسە، بىر كۈن ئۆلۈمگە يېقىنلايسەن. ئەمما شۇ كۈنۈڭدە، سەن ئۆزەڭدىن رازى بولغۇدەك زادى قانچىلىك ئىش قىلالىدىڭ؟ ئۆزەڭدىن سۆيۈنەلىدىڭمۇ، ئەتراپىڭدىكى مۇھەببەت ۋە مېھىر بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنى بايقىيالىدىڭمۇ، ئۇلاردىن مەنا ئىزدىيەلىدىڭمۇ، ئۇلارغىمۇ مېھىر ۋە مۇھەببەتتە تىكىلەلىدىڭمۇ؟... سەن ئاۋارە بولۇپ پالاقشىپ يۈرۈۋاتقان ئىشلار كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، ئەرزىمدۇ؟، سەندە زادى باشقا تاللاش ياكى چېكىنىش يوقمۇ؟، كىم ئۇ سېنى شۇنچە بۇرۇختۇم قىلىپ قويغان!؟

شەھەردە ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈۋاتىدۇ. كوچا چىراغلىرى ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەيلا قالدى. خىلمۇ خىل ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرى، شاۋقۇن - سۈرەنلەردىن تالجىققان شەھەرنىڭ كېچىسىمۇ ئوخشاشلا تىنچسىز. ياشلار كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبىدىن ياڭراۋاتقان دىسكو مۇزىكىلىرى قۇلاق - مېڭەڭنى يېگۈدەك دەرىجىدە كۈچلۈك، چايخانىلارنىڭ، قاۋاقخانىلارنىڭ، كەمچىل تاماقخانا ۋە مېھمانلارنىڭ تىجارىتى كېچىدە باشلانغان. قايسىدۇر بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن، لەمپە ئاستىلىرىدىن يېتىملارنىڭ ۋە مەس - ئەلەسلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

بىر ئۆيدە كىچىك دەم ئېلىش بولۇۋاتقاندا، يەنە بىر ئۆيدە مەستلىك جېدىلى، يەنە بىر ئۆيدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشتىن قايتىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان بالىلارنىڭ نارازىلىق يېغىپ تۇرغان. بويىنى قىسقان ھالدىكى ئۇخلىغان قىياپىتى. يەنە بىر ئۆيدە ئېرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ قەلبىدىكى گۇمان، سېغىنىش، ئازاب، تەنھالىق، قېيداش ئارىلىشىپ كەتكەن يالغۇزلۇق... تۈن قاراڭغۇلۇقىنى سۇس پىلدىرلىشى بىلەن يورۇتۇپ تۇرغان شەھەرنىڭ، تىنچسىز ئەمما ئېغىر تىنىقلىرى، ئاشۇ قاراڭغۇلۇقىغا ھەممىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىسىمۇ، سۇس يورۇقلۇق ھامان ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. گەرچە قۇلاقلار شاۋقۇن سۈرەنلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن گاسقا ئايلانغان، كۆزلەر تېلىپ كەتكەن، قەلبلەر شۇنچە مېھىرسىراپ، مايسىراپ تالچىقىپ كەتكەن بولسىمۇ!...

بالكونغا چىقىپ كېچە ئاسمىنىغا قاراپ يۇلتۇزلارنى ۋە ئاينى ئېنىق كۆرەلمىدىم. قېلىن ئىس ـ تۈتەك قاتلىمى تۇمان ھاسىل قىلىپ، مەن بىلەن ئاي ۋە يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە سىزىمنى، گۈزەل تۇيغۇلىرىمنى توسۇپ قويىدى. «مۇشۇ تاپ يېزىدا بولغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە...» دەپ ئويلىدىم، ئارمان بىلەن. چۈنكى مەن يېزىدىكى ئۆيىنىڭ بېغىدا تۇرۇپ، كېچە ئاسمىنىنى كۆزەتكىلى بەك ئامراق ئىدىم. كېچە ئاسمىنىدا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇچۇپ يېنىڭغا، بېغىڭغا چۈشكەندەك تەسىر بېرىدىغان ئۇچار يۇلتۇز، يۈزىدىكى داغلىرىنىڭ سانىغىچە شۇنچە ئېنىق كۆرۈنىدىغان ئاي، شۇنچىلىك جەلىپكار ئىدى. سۈتتەك ئايدىڭدا باغدىكى مېۋىلەردىن ئۈزۈپ تېتىپ باققۇڭ، ناخشا ئېيتقۇڭ، كىتاب ئوقۇغۇڭ كېلىدۇ. ياز كېچىلىرى، چېكەتكە ۋە پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرىدىكى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى، قوي ـ كالىلارنىڭ مەرەش ـ مۆرەشلىرى، ھوقۇشلارنىڭ ھوۋلاشلىرى. يەنە ئاللىقانداقتۇر جانلىقلارنىڭ ھەرخىل ئاۋازلىرى، ئويغاق تەبىئەتنىڭ تىنىمسىزلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى... ھازىر قىش كىرىۋاتىدۇ. سۆگەتلەر، يېزىدىكى سۇۋادانلار، باغلاردىكى مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ھەممىسى يوپۇرماق تاشلىغان. يازدىنقى ئۇ

يەر - بۇيەرلىرى كىمدۇر بىر كىملەرنىڭ، تۇن قوينىدىكى قورقۇنچلۇق كۆلەڭگىسىگە ئوخشاپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان باغچىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىمۇ قورۇقدىلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر توپى ئاي يورۇقىدىكى بىردىنبىر قارا كۆلەڭگىلەرگە ئايلىنىپ قالغان. بېغىمىزنىڭ، ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۆتىدىغان كىچىك پىيادىلەر يولىدىكى سورتلىرى ئالاھىدە ياخشى گۈللەردىن مەنزىرە تېمى يېتىشتۇرۇلۇپ، ياز پەسلىدە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەل كۆرۈنۈشنى، بۇ نامرات مەنزىرىدە تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلماقمۇ تەس. ئىككى تەرەپتىكى قوشنىلارنىڭ بېغى بىلەن بىزنىڭ باغنى ئايرىپ تۇرىدىغان چىتان① ياكى تام يوق. پەقەت مېۋىلىك دەرەخلەر ياكى گۈل - گىياھلار ئارقىلىق تەبىئىي توسۇش رايونى شەكىللەنگەن. مېۋىلەرنىمۇ قورۇش يوق. كىم باغقا كىرىپ، خالىغان مېۋىدىن تويغۇچە يەپ چىقسا بولىۋېرىدۇ.

مەھەللىمىزدىكىلەر ئاساسەن دېھقان بولۇپ، ئىككى ياندىكى قوشنىلىرىمىزمۇ دېھقان. كەنت بويىچە 5 - 4 كادىر ئائىلىسى بار. ئەمما ھەممەيلەن ئىشلاردا شۇنداق ھەمقام. ئۆتكەن ھەپتە چوڭ ئۆيگە بارغانتىم. ئانام قوشنىلار ئىچىدىكى ھەربىر ئائىلىدىن بىر - ئىككىدىن ئادەم باشقا ۋىلايەتلەرگە پاختا تەرگىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى، چىقىپ كەتكىلى، ئۈچ - تۆت ئاي بوپقالغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى، قىش كىرىۋاتسىمۇ ئۇلارنىڭ سۇغوقتىمۇ پاختا تېرىپ تېخىچە كەپ بولالمىغانلىقىنى، مەھەللىدە ھېچكىم يوقتەك غېرىبانە تۇيۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنى ناھايىتى سېغىنغانلىقىنى، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئېيتىپ ئولتۇراتتى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئاقسۇغا پاختا تەرگىلى چىقىپ كەتكەن قوشنىمىز، ئىشىكتىن يىغلىغان پېتىلا كىرىپ، ئانامغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىشىپ بىر ھازا يىغلاشقاندىن كېيىن، خىتىلداپ تۇرۇشۇپ قىزغىن ئەھۋاللىشىپ كەتتى. بىر - بىرىنى شۇنچىلىك سېغىنىشقانلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. قوشنىمىز كىچىكىدىن قايتىپ كېلىپ، قوشنىلار بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ كېچىنى تەستە يورۇتقانلىقىنى، ئەتىگەندىلا قوشنى-

① چىتان — شاخ - شۇمبا ئايرىلغان پاسىل تام.

لار بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ بىر قۇر كۆرۈشۈپ مېڭىۋاتقانلى-
قىنى، قوشنىلارنىڭ ئۆزىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى، ئۆزىنى شۇنچە سې-
غىنغانلىقىدىن ناھايىتى تەسىرلەنگەنلىكىنى، قولۇم - قوشنىلارنىڭ
بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى بىلەن ئىللىقلىققا تولغان بۇ كەنتىمىزنىڭ
گويا جاننى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان جەننەت ئىكەنلىكىنى، كۆز يېشى
قىلىپ تۇرۇپ بايان قىلدى. بۇ قوشنىمىز ئىككى بالىسى بىلەن
ئاقسۇغا بىللە چىقىپ كېتىپ، ئالتە مىڭ يۈەنگە پاختا تېرىپ كىرگەن-
لىكىنى، مىڭ يۈەننى ئۆينىڭ خىراجەتلىرىگە ئايرىپ قويۇپ، قالغان
بەش مىڭ يۈەننى بانكىغا قويۇپ، كېلەر يىلى ئوغلىنى ئۆيلەشكە
ئىشلىتىدىغانلىقىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە سۆزلەپ بەردى. قوشنىمىز
چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دېھقانلار تۇرمۇشى ھەققىدە، ئۆيدە قىسقى-
چە مۇلاھىزە بولدى. بىر - ئىككى مىڭ يۈەن پۇل، ھۆكۈمەت
خىزمەتچىلىرىنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققى، بىر ئايدا بىر ئۆينىڭ
چىقىملىرىغا پىلانلىقراق خەجلىمىسە يەتمەيدۇ. دېھقانلارغا بىر -
ئىككى مىڭ يۈەن پۇل بىر ئائىلىنىڭ بىر يىللىق چىقىمىغا يېتىدۇ.

مەن خوتەن دېھقانلىرىنى چۈشىنىمەن، ئۇلارنى باشقا جايلاردىكى
دېھقانلارغا سېلىشتۇرۇپ بېقىپ، ئۇلاردىن ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كېتى-
مەن. خوتەن دېھقانلىرى تولىمۇ تىجەشلىك، ئاجايىپ ئەمگەكچان ۋە
چىداشلىق، ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا، مېھماندوست، قانائەتچان كېلىدۇ.
ئالدى بىلەن مەن خوتەن دېھقانلىرى بىلەن باشقا رايونلاردىكى دېھقان-
لارنىڭ يەر باشقۇرۇشىغا دىققەت قىلدىم. خوتەندە يەر كۆپ ئەمەس،
نۇرغۇن يەرلەر ئېچىلىشنى كۇتىۋاتىدۇ ۋە ئېچىلىۋاتىدۇ. مەيلى كۆپ
يەر تېرىيدىغانلار بولسۇن، مەيلى ئاز يەر تېرىيدىغانلار بولسۇن،
يەرگە شۇنچىلىك تۆجۈپىلەپ ئىشلەيدۇ. بۇ باشتىن ئۇ باشقىچە، كۆز
تەستە يېتىدىغان سالا - سالا ئېتىزلارنىڭ تەكشى باشقۇرۇلغانلىقىغا
قاراپ ئادەمنىڭ مەسلىگى كېلىدۇ. نەبىرەر تال ئـەخلـەتـمۇ يـوق،
ئوت - چۆپلەر تۆجۈپىلەپ يۇلۇۋېتىلگەن توپ، رەت، قۇر ئارىلىقى
ئوخشاش، ھەممىسى ئوخشاش مېۋە بەرگەن. قىرلىرى ئوخشاش چې-
پىلىپ، ئىككى تەرىپى ۋە ئۈستى تراپېتسىيە شەكلىدە چىڭداش
ماشىنىسى سالغاندەك تۇرىدىغان ئېتىز قىرلىرى. تاناپ تارتىپ تۈز-

www.uyghurkitap.com

لىگەندەك، پەقەت ئارتۇق ـ كەم توپا يوق تەپ ـ تەكشى ئېتىزغا قارىسىڭىز، بۇ ئېتىزلارنى بىر ئادەم ماشىنا ئارقىلىق باشقۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ، ئەجەپ رەتلىك باشقۇرۇپتۇ، دەپ قالىسىز. بىراق بۇ نەچچە ئون دېھقاننىڭ ئېتىزلىرى. «دېھقان» نىڭ مەنىسىنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدىسىڭىز بولىدۇ. «دېھقاننىڭ جېنى يەر» دەيدۇ ئۇلار. ئۆزىنىڭ دېھقانلىق خىسلىتىنى، يەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرى ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ ئۇلار. ئۇلارنىڭ يەر باشقۇرۇش شەكلى ۋە ھالىتى ئاجايىپ سەنئەتلىك بولۇپ، ھە ئەسلىي دېھقانلىق روھ، يەر بىلەن باغلانغان تەقدىرگە چىگىلگەن رىشتە مۇشۇنداق بولىدىكەندە، دەيسىز ئىختىيارسىز قايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتىزلارنى تۈزلىشى، سۇغۇرۇپ، باشقۇرۇشى، ئاخىرىدا مول ھوسۇل يىغىۋېلىشقىچە، شۇنچىلىك تۈجۈپىلەپ ۋە پەم ـ پاراسەت، زور ئىشتىياق بىلەن ئىشلىنىدۇ. ئېتىزدا بىرەر تال چالما، نە بىرەر تال تۇخۇم پاتقۇدەك رەتسىز گىيا، بىرەر تۇپ ئوت ـ چۆپ يوق. گويا كۆڭۈل قويۇپ تىكىلگەن كانۋاي گۈلىدەك ئىنچىكە ۋە سەنئەتلىك!

مەن باشقا رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ باشقۇرغان يەرلىرىگە قاراپ، قايسىسى قىر، قايسىسى ئېتىزغا يىغىلىپ قالغان توپا، قايسىسى ئېتىز يېنىدىكى ئېرىق، قايسىسى ئېتىز ئوتتۇرىسىدىكى ئازگال، زىرائەتلەر قايسى رەت، قانداق تەرتىپكە تىزىلىپ كۆچۈرۈلدى. بىلىگىلى بولمايدىغان، ئۆسۈشى، مېۋە بېرىشى تولىمۇ تەكشىسىز، ئېتىزلىرىنى كۆرۈپ، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ بىر رەتتىكى ئوخشاش ئارىلىق قالدۇرۇپ رەتلىك، تەكشى يېتىشتۈرۈلگەن، قاراپلا بىر ئېتىزدىكى، بىر قىر، بىر مودىكى زىرائەتنىڭ سانىنى بىردەمدىلا چىقارغىلى بولىدىغان ئېتىزلىرىنى سۆيۈنۈش ئىلكىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

ئاندىن يەنە باشقا رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ بازاردىكى سودا ـ سېتىقى، پۇل خەجلىشى بىلەن خوتەن دېھقانلىرىنىڭ سودا ـ سېتىق، پۇل خەجلىشىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. باشقا رايوندىكى دېھقانلارنىڭ يەنىلا خوتەن دېھقانلىرىدەك تېجەشلىك، رەتلىك، قانائەتچان، ئاق كۆڭۈل، ئاددىي ـ ساددا، قىيىنچىلىقلاردا تەدبىركار ئەمەسلىكىنى،

بەتخەج، پىلانسىز، چېچىلاڭغۇلىقىنى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى-
نىڭمۇ خوتەن دېھقانلىرىنىڭكىدەك يېقىشلىق، ئاددىي - ساددا، يەڭ-
گىل، رەتلىك، مېھرى ۋە كۆيۈنۈشكە، ئاق كۆڭۈل، ئىشچانلىقتا
تولغان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. خوتەن دېھقانلىقرىنىڭ ئاجايىپ
جاپاكەش ۋە ئىشچانلىقى، ئەمگەكچانلىقىنى، يەرنى سۆيۈشى، يەرگە
بولغان ئىنچىكە پەرۋىشى، مەندە خوتەن دېھقانلىرىغا بولغان ئاجايىپ
يۈكسەك ھۆرمەت ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى قوزغىدى. ئۆزگىچىلىككە
ئىگە بولغان «خوتەن دېھقانلىرىدىكى روھ» مېنى ئويغا سېلىپ،
خوتەننىڭ مەركىزىگە يېقىنلىگەن دېھقان ھەيكىلىنىڭ ناھايىتى جايىدا
ئورنۇتۇلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈردى. خوتەن شەھە-
رىدە كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز دېھقان ھەيكىلى يېنىدىن ئۆتكەن ۋاق-
تىمدا، ئاجايىپ بۈيۈك، ئۇلۇغ بىر روھنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندەك،
ئەتىدىن بىرى شەھەرنىڭ ساختىلىقتا تولغان مۇئامىلىلىرىدىن غەش
بولغان كۆڭلۈمنى بىئارامچىلىقلارنىڭ ئورنىغا يۈكسەكلىك، سېغى-
نىشچان، سۆيۈنۈشلۈك، ئاجايىپ ساپ ۋە يەڭگىل بىر تۇيغۇ قەلبىمە-
نى قاپلىۋالدىغان، مېنى ئاجايىپ ھاياجانلاندۇرىدىغان بولدى.

مەن يېزىدا چوڭ بولغان. شۇڭا دېھقانلارنى ئوبدان چۈشىنىمەن.
يېزىدىكى سەممىي قەلبلەرنى ئۆزلۈك تۇيغۇمدا تۇرۇپ، سۆيۈنۈش-
لۈك ھالدا ھېس قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىككىمدىن تارتىپلا
دادامنىڭ: «بىز دېھقاننىڭ بالىلىرى، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق
بولمايدۇ. ئاددىي - ساددا كىيىنىڭلار، دېھقانلارنى موتو ۋە ماشىنى-
نىڭ كەينىدىن ئۆرلىگەن چاڭ - توزانغا كۆمۈۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىدى-
غان ئىشنى پەقەت قىلماڭلار. ئۇلارغا خۇشچىراي، ئىللىق مۇئامىلە
قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەك كىرسىز، نازۇك، ئۇلارنىڭ نەپسىنى
ئىزا تارتقۇزىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار» دەيتتى. مەن شۇنداق
ۋاقىتلاردا دىققىتىمنى دادامغا مەركەزلەشتۈرۈپ، دادام ھەققىدە ئويلا-
پ كېتەتتىم.

دادام قارىماققا خېلىلا تەكەببۇر، بوسۇغىسى ئېگىز كۆرۈنىدىغان
ئادەم. ئەمما ئۇ، كىچىككە كىچىك، چوڭغا چوڭ، ھەق - ناھەق
قارىشى ئېنىق، قولى ئوچۇق، تولىمۇ ئىشچان ئەمما بەك جاھىل

ئادەم. سىرتتىن قارىغان ئادەم دادامنى، قاپىقى قېلىن ئىكەن، ئۆيدىمۇ بىرەر ئىشلارنى قىلىدىغاندەك ئەمەس دېيىشىدۇ. بىراق دادام ئۆيدە بىردەم بىكار تۇرمايدۇ. ئۆينىڭ كەينىدە بەش مو باغ، ئۈچ مو تېرىلغۇ ئېتىزىمىز بار بولۇپ، ئاللىقاچان پېنسىيىگە چىقىۋېلىشقان ئاتا ــ ئانام، قولۇم ــ قوشنىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشىشى، ئۆزلىرىنىڭ قىزغىنلىقلىرى بىلەن باغ ۋە يەرلەرنى ناھايىتى ياخشى باشقۇرىدۇ. بېغىمىزدىكى مېۋىلەر ۋە زىرائەتلەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلمىگىلى نەچچە يىل بولدى. دادام كۈنجۈرە، سۆڭەك تالقىنى دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئەي قىلغاچقا، بېغىمىزدىكى مېۋىلەرنىڭ تەمى ئۆزگىچە، سەي كۆكتات زىرائەتلىرىمىزمۇ ئوخشايدۇ.

دادام سەي ــ كۆكتات ۋە گۈل تېرىغىلى، تۈرلۈك مېۋىلىك كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرگىلى ئالاھىدە ئامراق. ياز كۈنلىرى بىزنىڭ ھويلا ئارام بېغىمىزغا كىرگەن ھەرقانداق بىر ئادەم سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. چىرايلىق سالا ئېتىزلىرىمىزدا رەتلىك پەرۋىش قىلىنغان تۈرلۈك سەي ــ كۆكتات تۈرلىرى، ئېتىز، يول، ئېرىق قىرلىرىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ھەرخىل گۈل ــ گىياھلار، بولۇق مېۋىگە كىرگەن رەڭمۇ رەڭ كۆزنى چاقنىتىپ، يالتىراپ تۇرغان مېۋىلەر، بۈك ــ باراقسان، خۇشھاۋا، ياپ يېشىل باغ مەنزىرىسى كىشىنى روھلاندۇرۇپ، تولىمۇ راھەت ھېس قىلدۇرىدۇ.

دادام بالىلارنىڭ ھەربىرىمىزگە يېتەرلىك گۆش، ئۇن، سەي ــ كۆكتات، مېۋە ــ چېۋە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى خىمىيىلىك ئوغۇت ئىشلەتمەي، ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ بېرىدۇ. «ھېلىمۇ بىزنى جاپا تارتىپ بېقىپ ئوقۇتۇپ، يارامىلىق تەربىيىلەپ، ھەممەيلەننى ئۆيلۈك ــ ئوچاقلىق قىلىپ قاتارغا قوشتىڭىز، ئەمدى دەم ئېلىش ۋاقتىڭىزدىمۇ جاپا تارتماڭ. ئانام بىلەن مائاشىڭلارنى خەجلەپ، ئۇ يەر ــ بۇ يەرلەرگە ساياھەتكە بېرىپ ئايلىنىپ، كۆڭلۈڭلار خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ ياشاڭلار، يەنە بىزنى باقماڭلار، بىز سىلەرنى باقايلى، يېنىمىزغا ئەكىلىۋالايلى» دېسەك، دادام قەتئىي قوشۇلمايدۇ. ئۇ: ئادەم ياشقا چوڭايغانسېرى ھەرىكەت قىلىپ تۇرمى-

سا، كالامپايلىشىپ، تېخىمۇ قېرىپ، ساقسىز بولۇپ قالىدۇ. مەن تېخى سىلەردىن ساغلام، بۇ كۆڭلۈمنىڭ بالىلىرى ئاران تۇرسىلەر، بىر تال چىۋىن يېنىڭلاردىن ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ ئاغرىپ قالغىلى، شەھەردە نېمە بار ماڭا، ئىچىم سىقىلىپ بىر كۈنمۇ تۇرالمايمەن. ئۇ يەردە، يېزا دېگەن جانغا ھۇزۇر، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى ساپ، بەرىكەتلىك جاي، قورساق ئاچسا باغنى بىر ئايلىنىپ چىقساڭ ئۈنۈمىڭ - بۇنىڭدىن بىرەر تالدىن يەپ قورسىقىڭمۇ تويۇپ كېتىدۇ، ھارغىنلىقىڭمۇ يوقاپ، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپلا قالىدۇ. ساپ، ئەركىن - ئازادە مۇھىت، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت، ساپ يېمەكلىك، كۆڭۈل ئازادىچىلىكى يېزىدا تۇرسا، نېمە بار ماڭا، قۇمدەك ئۆيگە سولىنىپ، بولغانغان، شاۋقۇن - سۈرەنلىك مۇھىت، سۈنئىي يېمەكلىكلەر قاپلاپ كەتكەن تىنىمسىز، مېھىرسىز شەھەردە!… مېنى ئۆزۈڭلار ئۆمۈر كۆرسۇن دېسەڭلار، مۇشۇ جەننەت ماكانىمدىن قوزغىماڭلار، ئۈنۈمىڭ ئۈستىگە ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ تۇرسام، قىلغىلىمۇ ئىش چىقىپ تۇرسا، باغ بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدا ئالدىراش كۈننى كەچ قىلسام، ئۆزۈممۇ كۈنلىرىمنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلىمەن. سالامەتلىكىممۇ ياخشى بولىدۇ. پېنسىيىگە چىققاندا قىلغىلى ئىش بولماسلىق ئادەمنى ئەڭ بۇرۇن كىرەكتىن چىقىرىدۇ، دەيتتى.

ئۆزىنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقىنى، دىل ئارامىنى، ساغلاملىقىنى، كىنىدىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ سەھرا بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، قان - قانلىرىغىچە سىڭدۇرۇۋەتكەن بۇ بوۋاي، سەھرادىكى ھەربىر مەۋجۇداتنى ئاجايىپ چوڭقۇر مېھىر بىلەن سۆيەتتى. بىز ئەتراپتىكى دېھقانلارغا قارىغاندا تۇرلۇك سەي - كۆكتاتلارنى خېلىلا كۆپ تېرىيتتۇق. پۇتۇن ياز بويى ئۇچ تۆت قېتىم بەسەي تېرىپ، ياش، يۇمران كىچىك بەسەي ئىستېمال قىلاتتۇق. باغنىڭ يارىشىقى بولىدۇ، دەيدىغان دادام، تۇرلۇك سەي كۆكتاتلارنى ئېھتىياجىمىزدىن خېلى كۆپ ئېشىپ قالغۇدەك تېرىيتتى - دە، ئەتراپتىكى قولۇم - قوشنىلارنىمۇ ياز بويى سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. دادام سورتلۇق كۆكتاتلارنى بېغىمىزدا پەرۋىش قىلىپ، سۇغارغان مەزگىلى-

دە تاقلاپ، يۇلۇپ، قوشنىلارغا بېرىپ، سۆيلەپ تۇرۇپ بېغىغا تىككۈزەتتى. ئەتراپتىكىلەرگە ياخشى ئۇرۇقلاردىن بېرىپ، ئۇلارنىمۇ يېڭى - يېڭى، خىلمۇ خىل كۆكتاتلارنى يېتىشتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلاتتى. ئۆيى يېزىدا تۇرۇپ، ئۆزى يېتىشتۈرمەي، بازاردىن سەي - كۆكتات سېتىۋالغاننى بەك يامان كۆرەتتى. ئۇلار دادامغا، خۇددى يېزىدا ياشاپ تۇرۇپ، ئۇ يەرگە ئۆزلىشەلمەي، ئۇ يەردىن پايدىلىنالماي، يېزىنى گۈللەندۈرۈشكە يەرنى پەرۋىش قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلغان، يېزىغا مېھىر بەرمىگەن، قارا يۈز تەييارتاپلاردەك، سەھرا بىلەن، ئانا زېمىن بىلەن، تەبىئەت بىلەن بىرگەۋدىلىشەلمەي تۇرۇپ، يەنە ئاسىيلارچە مۇشۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

يېزىدىكى ئۇ چوڭ ئۆيىمىزدە، ئاساسەن چوڭ - چوڭ ئادىمگەرچىلىكلەرنىڭ مەرىكىلىرىنى قىلمايمىز. شەھەرلىكلەر شەھەرلەردىكى مەرىكە زاللىرىغا كۆچۈشتى. بىزمۇ شۇنىڭغا كۆچتۇق. ئەمما دادام مەرىكىلەردە مېھمان ئۇزىتىشقا كېرەكلىك بولغان، تەخسە، لېگەن، چوكا، پىيالە، ساماۋەر، چوڭ داشقازان ۋە ئۇنىڭغا ماس چوڭ ئوچاق، ئاپتۇۋا - چىلاپچا دېگەندەك نەرسىلەردىن يۈز كىشىلىك مېھمانغا بىراقلا ئىشلىتىشكە بولغۇدەك سېتىۋېلىپ، ئۆيىمىزدە ساقلاپ قويغان. بۇنى يېقىن يىراقتىكى دېھقانلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئۆيىدە ئادىمگەرچىلىك بولسا، شۇ ئەكىتىپ، ئىشلىتىپ ئەكىلىپ قويىدۇ. داداممۇ يۇرت ئاقساقىلىدەك سۈپەتتە يۇرتداشلارنىڭ تۈرلۈك توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئادىمگەرچىلىكلىرىگە قاتنىشىپ مېھمان ئۇزىتىشىپ، ئىشلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈشۈپ بېرىدۇ. يۇرتداشلارمۇ دادام بولمىسا، نۇرغۇن مەسلىھەتلىرىنى سالالمىغاندەك، نۇرغۇن ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرەلمىگەندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. دادام چوڭ - كىچىك، باي - كەمبەغەل ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغاچقا، ئۇلارغا قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا ياردەم قىلغاچقا، ھەممەيلەن دادامغا بەك ھۆرمەت قىلىدۇ.

دادام قولۇم - قوشنىلارغا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. دادام ئۇستا چارۋا - مال دوختۇرى بولۇپ، يىراق يېزىلاردىنمۇ كىشىلەر ئەتىۋارلىق ئۆي - ھايۋانلىرىنى داۋالاتقىلى ئۆيىمىزگە ئىزدەپ كېلى-

دۇ. دادام قوشنىلارنىڭ ئۆي قوشى ۋە ھايۋانلىرىنى داۋالاپ بېرىدۇ. ھەر يىلى قولۇم ـ قوشنىلارغا 5 ـ 10 يۈەن قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى قەرز سۈيلەپ خىجىل قىلىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. ئۇلار قاچان بەرسە، پارچە ـ پارچە بەرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. دادام يەنە كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىدىغان، خەيرىخاھلىق قىلىدىغان، ئۆشرە ـ زاكات ئايرىيدىغان ئىشلارغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. كىشىلەر دادامنى مەرت، قولى ئوچۇق، كۆڭلى ياخشى، ئوغۇل بالىدارچىلىقى بار ئادەم دەپ تەرىپلىشىدۇ.

يوللىرىغا ئانچە ـ مۇنچە شېغىل تاش ياتقۇزۇلغان. بۇك ـ باراقسان دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان، يول بويىدىكى كىچىك ئېرىق بويلىرىدىكى قۇم ئارىلاش توپىدا، بەھۇزۇر ئولتۇرۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈشىدىغان، غۇبارسىز، ئادەمگە ئازادىلىك بېرىدىغان، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ماڭدامدا ئۇچراپ تۇرىدىغان، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يولنىڭ ئىككى چېتىدە ياغاچ، پاسار، قومۇش دۆۋىلىرى ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئۆي ـ ئۆيلەردىن بىر خىل خاتىرجەم، ئاسايىشلىق يېغىپ تۇرىدىغان، بۇ يېزىنى جاھىل ئەمما تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، مەسئۇلىيەتچان بۇ بوۋاي بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۆزىنى يېزىدىكى ھەربىر گىياھقا، ئېتىزلارغا ھەربىر مەۋجۇداتنىڭ تىنىقلىرىغا سىڭىپ، ئۇلار بىلەن يېڭىرلىشىپ، ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئوندىن كۈچ ـ مادار ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنى يېزىدىن، ئەمگەكتىن، قولۇم ـ قوشنىلىرىدىن، تىنچ، ساپ، ئارامبەخش يېزا مۇھىتىدىن ئايرىش، خۇشاللىقىدىن، سالامەتلىكىدىن، ئىنسانلىق، ئەرلىك قەددىدىن ئايرىلغان بىلەن باراۋەر ئىدى.

بارلىق خوتەنلىكلەرگە ئوخشاشلا، بىزنىڭ ئۆيدىمۇ، تۈرلۈك كېسەللەرنى تەبىئىي يېمەكلىك ۋە تەبىئىي دورا ـ دەرمەك بىلەن داۋالاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئومۇملاشقان بولۇپ، نۇرغۇن يەڭگىل كېسەللەرگە قارىتا دادام، ئۆزى يەرلىك ئۇسۇلدا دورا قىلالايتتى. سالامەتلىكىمىزنىڭ ياخشى بولالماي، تولا كېسەلگە يېقىن بوپ قېلىشىمىزنى يېمەكلىككە ۋە ئۆزىمىزنى كۈتۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىگەنلىكىمىزدىن كۆرۈپ، داۋاملىق بىزنى ئاگاھلاندۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ تۇراتتى.
دۇرۇس، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ساغلام بولۇشى، ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرۈشى پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى 2003 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلغان
ئىكارى كوئىچ (ياپونىيە) ئەپەندىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلەر بىللە ياشاش
ساداسى «دادا ـ ئاپا، خۇشال ئۆتەيلى» دېگەن كىتابىدا، نۇقتىلىق
تۇردە ئىكارى كوئىچ ئەپەندىنىڭ تەتقىقات ۋە خىزمەت مۇناسىۋىتى
بىلەن خوتەنگە بىرقانچە قېتىم كېلىپ، يېزىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ
كۆرگەنلىرى بايان قىلىنغان. خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ياشاش، ئۇزۇق-
لىنىش ئادەتلىرى كۆزىتىلىپ، ئۇنى تەھلىل قىلىنغان. ئىكارى
كوئىچ ئەپەندى خوتەن يېزىلىرىنى ئارىلاپ، خوتەن دېھقانلىرىنى ۋە-
كىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روھى كەيپىيات، تۇرمۇش ئادىتى-
نى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش
سەۋەبىنى، ئۇلاردىكى كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، خۇش پېئىللىق
ھەمدە مۇئەييەن ئوزۇقلىنىش ئادىتى بىلەن، ئۇلاردىكى ئىنتايىن
ساغلام روھى كەيپىيات، يەڭگىل تۇرمۇش ئادىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ
ئەمگەكچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. ئىكارى كوئىچ
ئەپەندى خوتەن دېھقانلىرىدىكى ئاجايىپ سەممىيەت، مېھرىبانلىق
نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان روھىي كەيپىياتنى، ئۇلاردىكى ئالتۇندەك
ساپ قەلبىنى، گۈزەللىك ۋە مېھرىبانلىققا تولغان تۇرمۇش ئادىتىنى
ھەۋەس بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇلار ئارىسىدا ئۇ، ئۆزىنى ئىنتايىن
ئازادە ۋە خاتىرجەم ھېس قىلغان. ئۇلارغا ئاجايىپ ھەۋەس قىلغان.
ئەمەلىيەتتىمۇ ساپ ئۇيغۇرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، مىجەز ـ خاراك-
تېرىنى كۆرمەكچى، بىلمەكچى بولغانلار چەت يېزىلارغا بارسا، ئاندىن
ھەقىقىي ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋە خاراكتېرىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى كۆرە-
لەيدۇ. ئاشۇ تۇرلۇك مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرى-
ماي، ئىپتىدائىي ھالدا، ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغان «يېزىلىق-
لار» نىڭ جاھىل، قوپال مىجەزى، بىزنىڭ نۇرغۇن مىللىي مەدەنى-
يەت ئەنئەنىلىرىمىزنى ساقلاپ قالغان. ئۇلاردىكى زامانىۋىلىكنى ئا-
سانلىقچە قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايدىغان جاھىللىق، ئەسلىدىكى مىجەز

ۋە خاراكتېرىمىزنى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە مىللىي ئەنئەنە، ئىشلەپچە-قىرىش شەكلىمىزنى، تەپەككۇرىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ تۇ-تۇپ تۇرالىغان. يىللار ئېلىپ كەلگەن تۇرلۇك بوران - چاپقۇنلاردا، جاھىللارچە ئەڭ پاكىزە ئېتىقادتا نۇرغۇن قىممەتلىك، مەنىۋى ۋە ماددىي مىراسلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا تۆرتكە بولغان. ئۇلارنىڭ «قالاقلىقى» مىللەتنىڭ گۆھىرىنى ساقلىماقتا. يەكشەنبە كۈنى دېھ-قان بازىرىنى توپا، قىستاڭ كۆرمەي ئايلانسىڭىز، ئۇلاردىكى ئەرزان، يەڭگىل كەيپىياتتا ئالماشتۇرۇلۇۋاتقان تاۋارلارغا، ئۆزلىرىنىڭ قول - ھۈنەرۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىۋاتقان «يېزىلىقلار» نىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلسىڭىز، ئۇلاردا يالقۇنجاپ تۇرغان، ھاياتلىققا ئاجايىپ سەمىمىي ئىخلاس، ئېتىقادى بىلەن بېرىلگەن بىر پاك يۈرەكنى ھېس قىلىپ، گۈزەل، يەڭگىل تۇيغۇ ئىچىدە، ھەيۋەتلىك غەلە - غەش ھارغىنلىقنى ئۇنتۇغاندەك، ئۆزىڭىزنى، مىللىتىڭىزنى قايتا چۈشەنگەندەك بولىسىز.

ياشنىپ قالغان، كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ قالغان موماي ئۆزى يېتىشتۈرگەن سەي - كۆكتاتلىرىنى بازاردا ئەرزان باھادا يېيىپ ئولتۇرۇپ، كۈنبويى ئۇن يۈەنگىمۇ سودا قىلالمايدۇ. بۇنداقلار ئىنتا-يىن كۆپ. بىراق ئۇلارمۇ يەنىلا بىزگە ئوخشاش ئۇزۇۋۇقلىنىپ، كىيىم - كېچەك كىيىپ، تۇرلۇك ئادىمىگەرچىلىكلەردىن قالماي، پەرزەنتلىرىنى قاتارغا قوشىدۇ. يىللىق ساپ كىرىمى مىڭ يۈەندىن ئاشمايدىغان دېھقان ئائىلىلىرى خوتەن يېزىلىرىدا خېلى بار. ئۇلارمۇ يەنە ياشايدۇ. قانائەت قىلىدۇ، خۇداغا شۈكۈر سانا ئېيتىپ، يۇرتقا ئاسايىشلىق تىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار بىزگە قارىغاندا تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ شەپقەتلىك ۋە كەڭ قورساق، خۇش پېئىل ۋە يەڭگىل كەيپىياتتا ياشايدۇ. پارنىك مەھسۇلاتلىرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان، سۈنئىي، خىمىيىلىك تەركىبلەردە ئۆزىمىزگە ئوخشىمايدىغان بىر كىملەردەك ياشاۋاتقان شەھەرلىكلەرچۇ؟...

تەرەققىياتنىڭ ئۇچقاندەك تېزلىكى ۋە شەھەرلىششنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە قاپلىنىششنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، بىزنى پىسخىكا، تۇرمۇش ئادىتى جەھەت-

تىن مەنىۋى بوھرانغا سۆرىمەكتە. بۇ قىلىنىۋاتقان گۈزەل خىسلەتلەر، يوقىلىۋاتقان ئادەملەر ۋە روھ، قەلبلەرنىڭ، رىشتىلەرنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا...

كۆز ئالدىمدا ئاللىقاچان كېچە قاراڭغۇلۇقىغا چۆمۈلگەن شەھەرنىڭ كېچە مەنزىرىسى، ئاسماننى ئىس - تۈتەك قاپلىغان، گاللاستۇكلىرىنى ئاپئاق كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىسىغا كىلىشتۈرۈپ تاقىۋالغان، ئېسىل كىيىملەرگە ئورىنىپ، بىر - بىرىگە سوغۇق نەزەر تاشلاپ مېڭىشىۋاتقان شەھەرلىكلەر، ئۇلارنىڭ ھەربىر نەزەر تاشلاشلىرىدىن، بىر خىل قانائەتسىزلىك ۋە ھارغىنلىق، نېمىلەردىندۇر نارازى بولۇش ۋە يەنە ئاللىقانداق مۇرەككەپ خىياللاردا بولۇش روھى ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئېتىز - قىرلارنى، باغ - ۋارانلارنى غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئارىلاپ، خالىغان مېۋىلەردىن ئانچە - مۇنچە ئېغىز تەگكەچ، ھېرىپ قالسا، ئېتىز قىرى، يول بويلىرىدىكى توپىدىلا بەھوزۇر ئولتۇرۇپ، خۇش چاقچاقلىق ۋە دىل كۆيەرلىك بىلەن پاراڭغا چۈشىدىغان يېزىلىقلار سۈرگەن ھۇزۇرنىڭ بىرىنىمۇ سۈرەلمەي، تاش شەھەرلەردىكى تاش بىنالار ئارىسىدا، يۈرىكى شۇ خىل تۇيغۇغا بىرەر قېتىم چۆمۈلەلمەي، راۋانمۇ نەپەس ئالالماي، كىيىملىرىنى دەزماللاپ قېتىپ، قىينىلىپ يۈرۈۋاتقان، سۈنئىي ھىجىيىشىپ، سۈنئىي مۇئامىلە قىلىشىپ، ئىچىدە روزا تۇتسىمۇ، تېشىدا ھېيت قىياپىتىگە كىرىۋېلىشقان مەجبۇر مەدەنىيەتلىك شەھەرلىكلەرنىڭ، مېخانىك رېتىمدا ئېلىنىۋاتقان قەدەملىرى، قەلبىمدىكى كەچكۈزدىكى تەنھالىق، نېمىدۇر كەملىك، غېرىبلىق تۇيغۇلىرىنى كۈچەيتىۋەتتى.

يوقىلىۋاتقان بىر روھ ئۆزىنىڭ مۆڭلۈك كۈيلىرىنى غۇۋا چىراغ يورۇقلىرىدىكى تاتارغان چىرايلارغا ھەسرەت بىلەن پەس ئاۋازدا تۆكۈپ بېرىپ، ئاستا - ئاستا تۇمان ئارىسىدىن، بۇ تۇپراقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ، شەھەرنى قۇچاقلاپ تۇراتتى... ئەرشكە كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك پەرىشتە كەبى ئۇ روھنى تۇتۇۋېلىش ياكى ئاڭا مىنگىشىۋېلىش مېنىڭ تولىمۇ ئاجىز ۋە غېرىبانە قۇربىمدىن كەلمەيتتى... مەندە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن، جان - جىگەر قېرىندىشى ياكى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ

كېتىۋېتىشىغا قاراپ تۇرغاندەك، ئىچ ـ ئىچىمگە پاتمىغان، پارتلاش ئالدىدىكى تولىمۇ ئامالسىز ۋە بىچارە روھىي ھالەت ھۆكۈمران ئىدى. مىڭ ـ مىڭ ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ئىچىدىكى بۇ شەھەر- دە، شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ، ئادەمسىراۋاتىمەن. شە- ھەردىكى جىسمى بىر يەرلەرگە جەم بولۇپ، پەداز بىلەن، سالاپەت بىلەن ھە ـ پە دېيىشىپ، ئۆزئارا دىپلوماتلارچە پاراڭلىشىۋاتقان، ئەمما روھى ئاللىقاياقلاردا يېتىمسىراپ لەيلەپ قالغان، قىسىلىۋاتقان شەھەر ئادەملىرىنىڭ سوغۇق، نۇرسىز جىلۋىلىرى سوغۇقتا قېتىپ قالغاندەكلا ھارارەتسىز، كەچكۈزدىكى ئۈششۈكتە شۇ پېتى قېتىپ قالغان پاختا غوزىسىدەك غېرىبانە تۇيغۇدا، ئادەمنى ھەسرەت، نېمە- نىدۇر سېغىنىش، ئۈھسىراش ئىچىدە يېقىمسىزلاندۇراتتى...

# كەل، «ئىلاھە چوققىسى» دا، ئۆزىمىزنى تىڭشايلى…

(ئوبزور)

ئىچكى شاۋقۇنلىرىمدىن ئۆزۈمنى ئىزدەپ، تىلسىملىرىم ئارا، ساماۋى ئاۋۇنۇشلار ئىچىدە قەلبىمگە يېقىلدىم… ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدلىرىمدىكى ھەربىر ھۈجەيرىلىرىم پارچىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەركىن دۇنياسىدا، روھىمنىڭ ماكان ۋە زامانىدىن، تىل ۋە بارلىق توسالغۇدىن خالىي جەننىتىنى قۇرماقتا… مەۋجۇداتلىقىم، ئۆزىنىڭ بارلىق مەنىۋى كۈچى بىلەن تولۇق ئىمكانىيەتلەنگەن، چۈش ۋە رېئاللىق سۆيۈشكەن «ئىلاھە چوققىسى» دا ئۆزىنى تېپىۋالدى!… مەن گىرىمسەنلىك ئىچىدە، زىلۋا ۋە مەردانە قەد كۆتۈرگەن چوققىنى سۆيگەن قۇياشنىڭ نۇر نۇقتىسىدا ئېرىپ، سۇس تۇمان ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن چوققىغا تامچىلاشقا باشلىدىم… گاھ چوققا ئاستىدا كۆپچۈپ ئېقىۋاتقان دەريا دولقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ، گاھ چوققا ئاراچلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان ياۋا گۈللەر بەرگىدە يوشۇرۇنۇپ ئەسلىمگە قايتقان بۇ دەملەردە، ئۆزۈمنىڭ قايناق ۋە رەڭدار تۇيغۇلارغا بۆلەنگەن ئادەملىكىدىن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ سۆيۈندۈم. چۈنكى «ئىلاھە چوققىسى» ماڭا ئەڭ تونۇش جايدا، ئەڭ تونۇش رەڭدە، ئۆزۈمنىڭ ھېسلىرىمنى ئۆزۈمگە ئەپكېلىپ، مېنى ئۆزلۈك بەختىيارلىقىدا مەست قىلغانىدى. ئۇ ، بارلىق مەنىۋى تۈگۈنلىرىمنى ئۆز تىلىمنىڭ ئەڭ تاتلىق ۋە چۈچۈك پىچىرلاشلىرى ئىچىدە شەكىلسىز ، تۇيدۇرماستىن يەشمەكتە ئىدى.

شۇنداق «ئىلاھە» دە، بارلىق ئاياللارنىڭ ئۇلۇغ ۋە گۈزەل ئوبرازى، بارلىق ئەركەكلەرنىڭ ئارمانلىق تەلپۈنۈشلىرى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ شىردەك سۈلكەتچان تەسەددۇق ئەيلەپ تاشلىنىشلىرىد-

كى ئەرلىك قەدىنىڭ، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان تەسەۋۋۇرلىرى بار. چۈنكى ئۇ، ئاياللار ئىلاھى ھەم ئۇنىڭ چوققىسى، ئەۋجى!

ئاستا ــ ئاستا گۈزەل چوققا ئاتا قىلغان ئىلاھى تۇيغۇدىن رېئاللىقىمغا قايتىپ، چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ــ يىلى 5 ــ ئايدا نەشر قىلغان دۇنيا ھازىرقى زامان نادىر شېئىرلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلگەن «ئىلاھە چوققىسى» غا قايتىدىن نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم.

ئۇيغۇر يېڭىچە شېئىرىيىتىنىڭ قان ــ تەر تۆككۈچىلىرىدىن بىرى، يېڭىچە شېئىرىيىتىمىزنى كۆپ قىرلىق تىرەن شېئىرىي تۇيغۇلىرى ۋە بايقاشلىرىدا، يېڭىچە نەزەرىيە ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن، ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن بولۇپمۇ، شېئىرىيەتكە بولغان ئوتتەك سەممىي ساداقىتى ھەم يېڭى، ئۆزگىچە سوۋغىلىرى بىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكى كېلىشىگە ئىزچىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان كۆپكە قادىر ئىجادىيەتچى، شائىر مۇختار مەخسۇتنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ چىققان بۇ كىتابىنى تولىمۇ كېچىكىپ كۆرگىنىمگە راستىنلا ئۆكۈندۈم. چۈنكى توپلامدىكى رەڭدار، بالاغەتكە يەتكەن شېئىرىي مەنزىللىرىگە ئورتاقلىشىپ، تەسەۋۋۇرۇمنى، شېئىرىي تۇيغۇلىرىمنى قويۇۋەتكىنىمدە، ئۆزۈمنى ئاجايىپ يەڭگىل، ئازادە ۋە ئۆزلۈك تۇيغۇلىرىدا بەختىيار ھېس قىلدىم. قەلبىمدىكى دېيىلمىگەنلىكتىن يىغىلىپ تىلسىمغا ئايلىنىۋاتقان پىچىر ــ پىچىرلار، كەيپىياتىمدا بېسىم پەيدا قىلىپ يەلكەمنى نېمىشقىدۇر بېسىپ تۇرغان يۈكۈم يەڭگىللەپ قالغاندەك يېنىك تىن ئالدىم.

تەرجىمە قىلىنغان شېئىرلارنىڭ كەم بولۇشى، بولغاندىمۇ، سەۋەب ــ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى قاپىيە شەكىللىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك، ياكى گۈزەل سۆزلەر تىزمىسىغا ئايلاندۇرغان ۋە ياكى پەلسەپىۋىلىكى، مەنتىقىلىقىنىڭ ئاجىزلىقىدىن چۇۋالچاق، ئادەتتىكى گەپتەكلا تەسىر بېرىدىغان ئەھۋاللار، تەرجىمە قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش پائالىيىتىمىزنى ئىزچىل، بىمالال داۋاملاشتۇرۇشقا، توسالغۇ پەيدا قىلاتتى. تەرجىمە جەريانىدا شېئىرىي

لەززەتنى ئۆزى يەپ كېتىپ، بىزگە يەتكۈزىدىغىنى نوقۇل ھالدا ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى، پەلسەپۋى پىكرىنى شېئىرغا يۆكلەپ، ئۇنى نازۇكلۇقىنى يوقىتىش، قاتماللارچە شېئىرنىڭ يوپۇرماق، نوتىلىرىنى قىرىپ تاشلاش بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار تەرجىمە شېئىرلاردا ئېغىر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا بىزنىڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىمىز بىلەن مۇئەييەن ئارىلىق، تام پەيدا قىلىپ، دىل تارىمىزنى يەڭگىل زەخمەك بىلەن چېكىپ ئۆتەلمەي، چاڭقاقلىقىمىز قانماي ئىخمۇ شېئىرسىراپ كېتەتتۇق.

ئەڭ مۇھىم تەرىپى، شېئىرنى تەرجىمە قىلغۇچىدا چوقۇم شۇ شېئىرنى قەلبىنىڭ ئاۋازلىرى، شاۋقۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ھەربىر ئىرىپلىرىغىچە ئاجايىپ نازۇك سېزىمچانلىق بىلەن ھەزىم قىلىشلا ئەمەس، شېئىرنىڭ كەيپىيات ۋە شەكلىگە مۇناسىپ ئىپادىلەشنى، ئۇنىڭغا جان ۋە قان بېرىشنى بىلىدىغان يۇقىرى بەدىئىي دىت بولۇشى كېرەك. چۈنكى شېئىر تەرجىمە قىلىش، شېئىرنى يېزىشتىن بەكرەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئەستايىدىللىقنى، ئىنچىكىلىكنى، كەڭ دائىرىلىك بىلىم قۇرۇلما، ئويناق تەسەۋۋۇر، يۈكسەك پەلسەپۋى پىكىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شېئىر يېزىشتا، بىز ئۆزىمىزنىڭ شېئىريي پىكرىمىزنى سادىقلىق بىلەن مۇۋاپىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلىسەكلا بولىدۇ. ئەمما شېئىر تەرجىمە قىلىش مۇرەككەپ ۋە تەكرار جەريان بولۇپ، ئالدى بىلەن ئەسلىي ئاپتورنىڭ قەلبىنى تىڭشايمىز، ئورتاقلىشىپ، قەلبىمىزدىكى قايتقان ئەكس سادانىڭ ئىلھامى بەرگەن شېئىريي بوشلۇقتا، مەن ۋە ئۇنىڭ شېئىريي دۇنياسىدىكى ئارىلىقتا، ئىخمۇ ئىخچام ۋە گۈزەل بىر يول ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە ماڭىمىز. ئەڭ مۇۋاپىق ۋە توغرا يول تاپمىساڭ، مەنزىلگە يېتەلمەيلا قالماي، قاتتىق يېقىلىسەن. ئېھتىيات قىلىش كېرەككى، ئەگەر سەن ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئىخمۇ گۈزەللىك ۋە سېھرىي كۈچ بېرەلمىسەڭ، ئۆز ئاۋازىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، بىزنىڭ ئاڭلاش سېزىملىرىمىزنى، زوقلىنىش ئىزچىللىقىمىزنى جەلپ قىلالىغۇدەك تونۇش، يېقىملىق ئاۋازدا بىزگە يەتكۈزەلمىسەڭ، بولدى قىل، ئاپتورنى خۇنۇكلەشتۇرمەي، نېمە قىلىسەن ئۆزۈڭنىڭ ئاۋارىچىلىقىنى، بىزنى ئەخمەق قىلىشنىڭ

بەدىلى قىلىپ، «ئىلاھە چوققىسى» دىكى ھېسسىياتنىڭ ساپ ۋە قويۇقلۇقى، تىلىنىڭ يۇگەنسىز ئوبناقلىقى، شېئىردىكى كەيپىياتنىڭ ئىزچىللىقى، شېئىرىي پەللىنىڭ يۇقىرىلىقى ئادەمگە، بۇ شېئىرلارنىڭ تەرجىمە ئەسەر ئەمەس، ئاپتورنىڭ ئوخچۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنىڭ، كۆۋەجەپ تۇرغان كەيپىياتىنىڭ بىۋاسىتە تېز سىزمىسىدەك ساپ، چىن ۋە سەمىمىي تەسىر بېرىپ، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىكى غەزەپمۇ، خۇشاللىقمۇ، ئاغرىنىشمۇ، سۆيۈشمۇ، سۆيۈلۈشمۇ شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە ئوماق. چۈنكى بۇ شېئىرلاردىكى ھېسسىيات بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزنى قامال ۋە تەسلىم قىلالايدۇ. تىلى تىلىمىزغا جان كىرگۈزۈپ، قەلبىمىزدىكى ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكى بولمايۋاتقان ئەڭ ـ ئەڭ نازۇك، مۇرەككەپ تۇيغۇلىرىمىزنى، ئۆزىمىزنىمۇ ھېس قىلدۇرمىغان ھالەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولغان ئىمكانىيەتلىنىش دەرىجىسىدە، قايىل ۋە مايىل قىلىپ پىچىرلاتقۇزىدۇ. شۇندىلا بىز تىلغا نامراتلىقىمىزدىن گويا گاچىغا ئايلانغانلىقىمىزنى خىجىل ئىچىدە ھېس قىلىپ، ئانا تىلىمىزنىڭ قۇدرىتىنى، يۇمران، ئەۋرىشىم ۋە مەناغا بايلىقىنى قايتىدىن يەنە بىر قېتىم بايقايمىز. ئاندىن يەنە بىز كۆپ خىل كۆزىتىش نۇقتىسىدىن كۆزەتسەكمۇ، ھاسىلاتلىرىمىزنى ئويناق تىل، بىمالال پەلسەپىۋى پىكىر ئارقىلىق ئىپادىلىشىمىزنىڭ تولىمۇ قىلىپباز ۋە چولتا ئىكەنلىكىمىزدىن، نامراتلىق يېغىپ تۇرغان بەدىئىي دىتىمىز ۋە تىل ماھارىتىمىزدىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز.

«ئىلاھە چوققىسى» بىزنى ئۆزىنىڭ جەزبىدار سىماسى، سىرلىق باغرى، سەمىمىي ئۇخچۇشلىرى ۋە چۇچۇك تىللىرى بىلەن ئويغىتىپ قويىدى.

«كەچقۇرۇن»

تۇرخۇنلار قاتار ـ قاتار،
سوزۇك كۆكنى تۇرىدۇ تىرەپ.
تولۇن ئاي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بەللىرىگە پايتىما ئوراپ
نازلىنىدۇ تۇرخۇنلار ئارا
سۇلكىتى يوق ۋىناستەك تىترەپ.

«جەنۇب قايغۇسى»

بىر سەۋدا بولدۇمغۇ يۇرتنىڭ ئىشقىدا،
سۆيگۈسىز سۆيگۈدىن باغرىم مىڭ كاۋاپ.
ئېيتىمەن بىر ئاچچىق بىر لەزىز كۈينى،
قەدىرلىك ئىنسانلار سىلەرگە ئاتاپ.

قاراڭ بۇ شېئىرلاردىكى شېئىريي مۇھىت، «مەن» نىڭ كەيپىياتى، تىلىنىڭ ماس ۋە يېقىشلىقىنى، كەچكۈزدىكى ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان تۇرخۇنلار ئاراچلىرىدا، نازۇكلۇقىنى يوقاتقان ئاينىڭ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان سۇس تۇمان ئىچىدە قۇلايسىز ئىغاڭلىغاندەك تولىمۇ غېرىبانە كۆرۈنۈشى، ئادەمنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمەيدىغان تىل تەسۋىرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ ئادەمسىرايمىز، ئادەملەر ئۇچۇن يۇرىكىمىزنى گۈلخان كەبى كۆيدۈرىمىز يۇ، بىزمۇ بىر ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىنسانلار ئارىسىدىكى تېگىشلىك نىسىۋىمىزگە ئىگە بولالماي، ئاجايىپ مېھىرسىرايمىز. «جەنۇب قايغۇسى» دىكى باشقا كۇپلېتلاردىمۇ تەسەۋۋۇرلار قوينىدىكى، سۇزۇك ھېسسىيات، يۇگەنسىز تەپەككۇر بوشلۇقى، ئاجايىپ يېقىشلىق يەڭگىل تىل بىلەن يۇرت سۆيگۈسىدىن ھالقىپ ئۆزىنىڭ شېئىريي مەنزىلىگە يەتكەن.

«سوۋۇماقتا كۈندۈز»

سوۋۇماقتا زاۋالدا كۈندۈز...
قوللىرىمدىن ئىزدە ھارارەت.
ئۇندا باھار تىنىقى ئاتەش،
باغرىڭغا ئال بىلەكلىرىمنى،

سۆزلەيدۇ ئۇ تىلەكلىرىمنى،
تەنلەر ئارا قۇترايدۇ تۇيغۇ،
قۇچىقىمغا ئاشلا بېشىڭنى،
نەقەدەر ئۇز، سۆيۈملۈك بۇ كەچ.»

ئاندىن يەنە «ساختا يېشىللىق ۋە چىن يېشىللىق» تىكى ئىنچىكە پىسخىك تەسۋىرلەر، ئاجايىپ كۆپ قىرلىق، نازۇك تىل بىلەن ئىپادىلىنىپ، بىر ئاشىقنىڭ تەبىئەت ۋە ئۆزلۈكتىن، مەغرۇر تەنھالىقتىن چىقىپ يارىنى كۆزلىتىشى، ئاندىن ئۆزىنى كونكرېت تەسۋىر، ئىخچام تىل بىلەن سەممىي ئىپادىلىشى، ئوتتەك ئەمما مەغرۇر، ئىشىقچى «مەن» نىڭ سۆيۈملۈك ھالىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

«كەل ئامرىقىم سۆي مېنى» دىكى:

كەل، ئامرىقىم، سۆيگىن، سۆي مېنى،
چىڭداپ سۆيگىن، قانسۇن لەۋلەر.
قانماي كەتسۇن يۈرەك – يۈرەككە،
بىھۇش بولۇپ ئېرىسۇن تەنلەر.

ئارمىنىم يوق قۇچاقلىرىڭدا،
جان بەرسەم مەن لېۋىڭنى چىشلەپ.

پەقەت بىر رەت قالىمىز ياشاپ!

لاۋۇلداپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ ئەسەبىي چۇقانى. جان ئالغۇچى سۆيگۈ مېلودىيىسى ئىچىگە كىرىپ، ئوتلۇق پىچىرلاشلار، ئۇماچ لۇكچەكلىك لەززىتى بىلەن روھىڭىزنى بىردەمگىنە قويۇۋەتكىنىڭىزدە، قانائەتلىنىش، سۆيۈنۈش ۋە خىجىل بولۇش تۇيغۇسىدا، ئاتلىققىنە كۆلۈمسىرەيمىز... چۇنكى چۇچۇك تىل سىزگە سەممىي كەيپىياتتا پىچىرلايدۇ.

ئەسلىي ئاپتورنىڭ ئىپادىلىشى قانداق، بۇنىسى نائېنىق. ئەمما

تەرجىمە ئاپتورىنىڭ بۇ شېئىرلارنى قويۇق ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا، گويا بىزگە ئۆزىمىز پىچىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلغۇزغىنى، بىزگە ئەڭ يېقىشلىق تىل مۇھىتىدا ھېسسىياتىمىزغا ئۆزلۈك ھېسسىيات بەرگىنى ئېنىق. لاۋۇلداپ تۇرغان، يىراقلارنى كۆزلىگەن، ھاياتنى قەدىرلەيدىغان، پىششىپ يېتىلگەن لۈكچەك بىر ئۆزلۈك روھنىڭ، تىرەن قەددى بىزنى قايىل، ئۆتتەك سۆيگۈسى بىزنى مايىل قىلماي، بىزنى ئەگەشتۈرۈۋالماي تۇرالمايدۇ. بۇ دەل بىزنىڭ غايىمىزدىكى مەردانە، پىشقان، لاۋۇلداپ تۇرغان ھاياتلىق، مۇھەببەت ھەققىدىكى غايىۋى سۆيگۈ مەبۇدىسى ئەمەسمۇ؟

«قۇلۇلە» دە

مېنى كېرەك قىلمايسەن بەلكى،
كائىناتنىڭ يانچۇقلىرىدىن.

دېگەندەك مىسرالاردا، تىلدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىدىكى ئەڭ ئاز، ئەڭ تۆۋەن مۇمكىنلىكمۇ چەتتە قالمىغان.

«ئاق دالىدا يالغۇز بىر سۆگەت،
پىچىرلىشىپ تۇرار كۆك بىلەن.
شۇكۇر دەيمەن ھېلىمۇ مىڭ رەت.
ساڭا خوتۇن بوپ قالماپتىمەن.»

تەبىئەتتىكى ئاددىي بىر مەۋجۇدىيەتمۇ ئاجايىپ نۇقتىدىن كۆزىتىلگەن. تەپەككۇرنى، تەرەپ ـ تەرەپكە ھالقىتقان تىل بىلەن كەيپىياتنى ياخشى ماسلاشتۇرغان.

«قالدۇق يىللار» دا

ئالمىشىدۇ كۈنلەر ۋە تۈنلەر،
رېئاللىققا ئايلىنىپ بىر ـ بىر.
ئۈنى ياشاپ تۈگىتىپ قويدۇق،
بوپ قالامدۇ يازمانا ئاخىر.

بىز يىلىنىڭ تۆگەتتۇقمۇ ياكى ئۇلار بىزنى تۆگەتتىمۇ؟، زامان ئاخىر
كىمگە بولۇۋاتىدۇ؟... ھاياتلىق قانۇنىيىتى، پەلسەپۋىلىك ئىچىدىن
ئۆزىمىزگە نەزەر سالدۇرىدىغان چوڭقۇر پىكىرنى ئىپادىلەۋاتقىنى،
شۇنچىلىك ئاددىي ـ ساددا تىل.

«ئىلاھە چوققىسى» دا، مەيلى تەبىئەت مەنزىرىسى بولسۇن،
مەيلى «مەن» نىڭ كۆپ قىرلىق، مۇرەككەپ، نازۇك تۇيغۇلىرى
بولسۇن، ۋە مەيلى سۆيگۈ ھىجرانىدىكى ئىسيانكار يۈرەكنىڭ ئۆز
ئۈستىدىن غالىب كېلىش جەريانلىرىدىكى پىسخىك تەسۋىرلەر بول-
سۇن، مۇھىت، شېئىرىي كەيپىيات ماھىرلىق بىلەن ئەڭ ئۈنۈملۈك
شېئىرىي تىل كاپالىتىگە ئىگە قىلىنغان. بارلىق مۇمكىنچىلىكلەردىن
تولۇق پايدىلىنىپ، تۇيغۇ دەل، سەمىمىي، مەردانە، چىن ئىپادىلەي-
دىغان تىل شارائىتىغا ئىگە قىلىنغان. پەلسەپۋىلىككە تويۇنغان پە-
كىرلەر خۇلاسە كالام، ئەقلىي يەكۈن شەكلىدە ئەمەس، بىزدىكى
شېئىرىي كەيپىياتنى قوغلىشۋەتمەي تۇرۇپ، شېئىرىي مەستخۇشلىقى-
مىزنى چالغىتماي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە، بىزنى تەبىئەتكە،
چەكسىزلىككە قايتۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىي بوشلۇقتىكى
مەستخۇشلۇق ئىچىدە، يەڭگىل شېئىرىي تىلدا پىچىرلاپ تۇرۇپ،
بىزنى ئاستا ـ ئاستا پەپىلەپ تۇرۇپ، چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان.

«ئىلاھە چوققىسى» نىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا، «قوشۇمچە»
تەرجىمە قىلىپ بېرىلگەن بىر قانچە شائىرنىڭ، نوبېل ئەدەبىياتى
مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىدىكى شې-
ئىر ۋە شائىرلىق ھەققىدە، شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ
بېرىش ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ ئاجايىپ مەردانە نۇتۇقلىرى، شائىرلىق-
تىن پەيلاسوپلۇققىچە باشلاپ ئاپىرىدىغان يۈكسەكلىك ئىچىدە كىشىنى
تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

برودىسكى ئۆز سۆزىدە ئېيتقاندەك: «شائىر دېمەك تىلغا تايىنىپ
ياشايدىغان كىشىلەردىن ئىبارەتتۇر.» تىل شېئىرنىڭ بىردىنبىر ۋا-
ستىسى. ماھىيەتتە ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن شائىرلار ئىپا-
دىلىنىشنى كۈتۈپ ياتىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇلار شائىرلار قولىدا شېئىر
سىياقتا، رەسساملار قولىدا رەسىم شەكلىدە، مۇزىكانت قولىدا مۇزى-

www.uyghurkitap.com



كا تىلىدا، ھەربىر ھۈنەر كەسىپ ئەھلىنىڭ، سەنئەتلىك قولى ۋە ھۈنىرىدە، ھېچبولمىغاندا ئىنتىلىش ۋە يوقىتىش تۇيغۇسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. شائىرلار شۇ خىل تۇيغۇلىرىنى پەقەت ئوبرازلىق تىل سەنئىتى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. تىل شېئىرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتىدىكى بىرىنچى ئامىل. يەنە كېلىپ پۇخادىن چىققۇدەك ئېتىملىق شېئىرلار ساپ، قايناق تۇيغۇنى ماس تىل بىلەن بېزىيەلىگەن، سۆيۈملۈك شائىرلارنىڭ ئوتلۇق تىنىقى، قېنىدۇر!

ئەڭ سەزگۈر ھېسسىي تۇيغۇلىرى بىلەن پۈتكۈل كائىناتقا سەنئەتلىك تىكىلىدىغان، نازۇك تۇيغۇلار بۇلىقى بولغان ئايال بىلەن شېئىر ئوتتۇرىسىدا، زەنجىرسىمان باغلىنىش بار. ئاياللار دۇنيانى ئەرلەرگە قارىغاندا، بەكرەك ھېسسىي نۇقتىدىن چۈشىنىدۇ. ھېسسىي يۈكسەكلىكتىن تۇرغۇزۇلغان «ئىلاھە چوققىسى» ئۆزىنىڭ تاغ سۇلىرىدەك ئويناق، تەبىئەتتەك سەممىي ۋە ئوماق، تىك قىيادەك مەردانە ئۈنى، سېنى بىلەن قەلب تىلسىملىرىمىزنى، سېھىرگە تولغان يېقىشلىق چۈچۈك تىلى بىلەن ئېچىۋەتتى!...

تىلنىڭ قاتماللىقى توسۇپ قالىدىغان تۇرغۇنلۇقتىن خالى ھالدا، ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئورتاق ئاۋازىغا ھەمجۈر بولۇۋاتقان بۇ بەختلىك ئەسنالىرىمىزدا، شۇنچىلىك ئەستايىدىل، تۈجۈپىلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ «ئىلاھە چوققىسى» نى كۆز ئالدىمىزدىلا ئاجايىپ يارقىن نامايەن قىلىپ بەرگەن مۇختار مەخسۇتنى سۆيۈنۈشلىرىمىزدە، ئۆزىمىز بىلەن تەڭلا قۇتلۇقلىماي، ئۇنىڭ بۇ پىشقان شېئىرىي تىل تەرجىمىسىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز!!...

| | |
|---|---|
| ئورۇقلاش جىڭى | 19.8(يۈەن) |
| ۋېناسچە ئىستىراتېگىيە | 13(يۈەن) |
| باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ | 13(يۈەن) |
| ئاياللار ئاجىزلىقى | 16(يۈەن) |
| ئەرلەر داۋائىي غىزالىرى | 12(يۈەن) |
| ئاياللار ۋە قان تىپى | 7(يۈەن) |
| ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان سىرلىرى | 15(يۈەن) |
| ئەرلەر دەستۇرى | 17.6(يۈەن) |
| سىز نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل بولۇپ قالدىڭىز | 10(يۈەن) |
| مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى | 20(يۈەن) |
| توزانلىق يوللار (پوۋېست) | 10(يۈەن) |
| كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى | 16.8(يۈەن) |
| ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆز ئەتراپى قورۇقىنى يوقىتىش | 10(يۈەن) |
| 100 كېسەلگە 1000 رېتسېپ | 16(يۈەن) |
| 100 كېسەلگە 1000 رېتسېپ (2) | 16(يۈەن) |
| ئاياللار بىلىشكە تېگىشلىك پەرھىزلەر (4، 3، 2، 1) | 40(يۈەن) |
| ئەقىل ـ پاراسەتكە دائىر چۆچەكلەر (1ـ2) | 24(يۈەن) |
| قىز ـ ئاياللار مەخپىيىتى | 14(يۈەن) |
| مىڭ دەردلەر دەۋاسى | 15(يۈەن) |
| لابى شاۋشىن (ياپونىيە باللار كارتون كىتابى) (1—32) | 196(يۈەن) |
| ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش | 16(يۈەن) |
| ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى | 12(يۈەن) |

# ئەمىن كىتابچىلىقى نەشرگە تەييارلىغان كىتابلار

| | |
|---|---|
| ئەدەب ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر | 12(يۈەن) |
| ئەدەب ـ ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر(2) | 12(يۈەن) |
| مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر | 25(يۈەن) |
| شاراب بالاسى | 30(يۈەن) |
| مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى | 34(يۈەن) |
| مۇسۇلمانلار دۇنياسى | 19.8(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (1) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (2) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ياشلىق دەۋرى (3) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(1) | 22(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ قىران دەۋرى(2) | 22(يۈەن) |
| ئەتراپىمىزدىكى شىپالار | 12(يۈەن) |
| سەھىھ ھەدىسلەر | 13.5(يۈەن) |
| ئىسلامىيەتنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى | 18(يۈەن) |
| تالانتلىق بالا مۇنداق تەربىيىلىنىدۇ | 20(يۈەن) |
| بۈركۈت سايىسى | 15(يۈەن) |
| ئۆمۈرلۈك دەسمايە | 15(يۈەن) |
| سۆيگۈ ۋە قىساس | 13(يۈەن) |
| ئارتىلىق ھەققىدە قىسسە | 18(يۈەن) |

| | |
|---|---|
| ياقىدىغان ۋە ياقمايدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەر | 12(يۈەن) |
| مائارىپ ۋە كەلگۈسىمىز | 18(يۈەن) |
| قىزلىق دوقمۇشىدىن ئاتلىق سەپىرىگىچە | 19(يۈەن) |
| ئۇيغۇر تېبابەت داۋالاش دەستۇرى | 72(يۈەن) |
| پايدىلىق كۆرسەتمىلەر(1 ـ 2) | 32(يۈەن) |
| سەرخىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر | 42(يۈەن) |
| نەۋائىي دەۋرى تېبابىتى | 18(يۈەن) |
| ئاياللارنىڭ 10 خىل تۇرمۇش ھەقىقىتى | 18(يۈەن) |
| ئاياللار گۈزەللىك رېتسېپلىرى | 16(يۈەن) |
| تېببىي ھېكايەتلەر | 14(يۈەن) |
| تېببىي خۇلاسىلەر | 16(يۈەن) |
| ئەجدادلاردىن قالغان مەخپىي رېتسېپلار | 12(يۈەن) |
| تەربىيەتلىك بايانلار | 14(يۈەن) |
| كىشىلىك ھاياتتىكى 120 ئاگاھلاندۇرۇش | 18(يۈەن) |
| بوۋام ئېيتقان ھېكمەتلەر | 16(يۈەن) |
| بالىلار تەربىيىسىگە دائىر 1001 ھېكمەت | 16(يۈەن) |
| مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم | 14(يۈەن) |
| ئىزگۈلۈك مالائىكىسى | 14(يۈەن) |
| مەن ئۆزۈمنىڭ دوختۇرى | 16(يۈەن) |
| ياش ـ ئۆسمۈرلەر بىلىشكە تېگىشلىك 100 ھەقىقەت | 16(يۈەن) |

ئالاقىلەشكۈچى: ھەسەنجان 8218823—0991

# قىزلىق دوقمۇشىدىن ئانىلىق سەپىرىگىچە

ئاپتورى: ھاياتنىيۇس مۇھەممەت
پىلانلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: پەتتار مەھمۇت تۇرگۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئامانگۇل تۇردى

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
نەشرىيات ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830004 تېلېفون نومۇرى: 2832440 (0991)
باسقۇچى: شىنجاڭ «توققۇز بۇلاق» مەتبەئەچىلىك تەرەققىيات شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى ۋە بېسىلىشى: 2006 ـ يىل 3 ـ ئاي
ئۆلچىمى: 850×1168 مىللىمېتىر، 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 13.5
سانى: 0001—3000
ISBN 7—5372—4064—7
باھاسى: 19.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com